# تۈرك تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لىن گەن

# تۈرك تارىخى

تەرجىمە قىلغۇچى: يۇنۇسجان ئېلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
突厥史/林斡著;尤努斯江译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.12
ISBN 7-228-06833-5/K.971
Ⅰ.突… Ⅱ.①林…②尤 Ⅲ.突厥—民族历史
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K289
中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第088135号
责任编辑:艾尼帕·阿布都拉
封面设计:艾克拜尔·沙里

# 突厥史(维吾尔文)

林幹 著
尤努斯江·艾力 译

新疆人民出版社
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐华清科技印务有限公司印制
850×1168毫米 1/32开本 18.375印张:
2002年1月第1版 2002年1月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-06833-5/K·971 定价:30.00元

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................ 1
قىسقىچە مەزمۇنى ........................................ 1
بىرىنچى باب مۇقەددىمە ـ تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ............................................ 1
ئىككىنچى باب تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ...... 17
(1) دىڭلىڭلار ............................................ 19
(2) قاڭقىللار (چىلېلار) ................................ 25
ئۈچىنچى باب تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى ............................ 48
(1) تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى ۋە تۇمەنىنىڭ دۆلەت قۇرۇشى ............................................ 48
(2) تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ................ 56
(3) تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ................. 69
(4) تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى ............................................ 90
(5) تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي رولى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇللۇققا قارشى كۆرەشلىرى .............. 110

**تۆتىنچى باب تۈركلەرنىڭ گۈللىنىپ زاۋاللىققا يۈزلە-نىشى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى** ........................ 120
(1) مۇقان، تابار قاغان دەۋرىدىكى تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىمالىي جۇ، چى پادىشاھلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋە-تى ........................................ 120
(2) تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى ۋە ئىشبارا قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشى ........................................ 125
(3) دۇلان، بۇمىن قاغان دەۋرىدىكى تۈركلەر: تۈركلەر-نىڭ سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ··· 138
(4) سىۋار، چۇرلۇق دەۋرىدىكى تۈركلەر: سۈي ياڭدىنىڭ تۈركلەرگە قاراتقان خاتا سىياسىتى؛ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى يەرلىك كۈچلەرنىڭ تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى ........................................ 147
(5) ئىلىك قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىغا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشى ۋە شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشى ........................................ 154
(6) تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇ-شى ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشى ........................ 169
**بەشىنچى باب كېيىنكى تۈركلەر** ........................ 183
(1) تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى ۋە كېيىنكى تۈرك تەپرىقچى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ··· 183

(2) كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ···· 190
(3) كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى····197
ئالتىنچى باب غەربىي تۈركلەر ·························· 205
(1) غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغانىنىڭ غەربىي تۈركلەرنى قىسقا مۇددەت بىرلىك-كە كەلتۈرۈشى ······································ 205
(2) غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆچمىشى ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلى-نىشى ·············································· 212
(3) غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ····222
(4) ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى غەربىي تۈركلەر ـ تۈرگەشلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئاشنا ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى ········· 232
(5) غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ······· 242
(6) غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تارقالغان جايلىرى················ 251
(7) غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىن ۋە تەۋە بەگلىكلىرى····261
يەتتىنچى باب تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاتارلىق رايونلاردا تەسىس قىلغان مەھكىمە، ئايـ-ماق، قورغانلىرى ···································· 271
(1) شەرقىي تۈرك رايونىدا تەسىس قىلىنغان تەڭرىقۇت، ئەنبىي قاتارلىق مەھكىمە ئايماقلار ····················· 271
(2) سىرتاردۇشلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇن-قەرز بولۇشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇشلار رايونىدا

تەسىس قىلغان يەنرەن (دەشتى ماكان) قاتارلىق ئايماق مەھكىمىلىرى ........................................ 275
(3) «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ رايونىدا تەسىس قىلىنغان ئەنشى، بېشبالىق قاتارلىق مەھ-كىمە ئايماقلار ........................................ 286
(4) تۈركلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆجۈمىنىڭ تاڭ سۇلا-لىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ... 304
سەككىزىنچى باب تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ........................................ 312
(1) يېزىق ۋە مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى .................. 312
(2) ئۆرپ - ئادىتى ........................................ 332
(3) دىن ........................................ 342
توققۇزىنچى باب تۈركلەردىن كېيىن باش كۆتىرىپ چىققان تۈركىي مىللەت ئۇيغۇرلار ........................ 356
(1) ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى ۋە جەمئىيەت قىياپىتى...356
(2) ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ... 370
(3) ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ... 402
(4) غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ...... 413
قوشۇمچە: ........................................ 461
تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى .................. 461
كېيىنكى تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى ...... 463
غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى (1) ... 464

غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى (2) ··· 466
تۈرگەش قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى ······ 467
كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى (خەنزۇچە قىسمى) ······ 468
قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەرجىمىسى ··· 471
(1) تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ······························ 471
(2) كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى ······························ 483
(3) بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ······························ 499
(4) ئۆنگىن مەڭگۈ تېشى ······························ 510
(5) كولىچۇر مەڭگۈ تېشى ······························ 513
(6) بايانچۇر مەڭگۈ تېشى (ئۇيغۇر) ················ 517
تۈرك تارىخىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يېقىنقى 60 يىل
(1919 ـ 1984) دىن بۇيانقى تەتقىقات ئەھۋالىغا باھا ··· 527

# كىرىش سۆز

تۈركلەر قەدىمكى دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى بىر كۆچمەن ئۇلۇس ئىدى. ئۇلار مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان، كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيىپ، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، مەملىكىتىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە 200 يىلغا يېقىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا قارىتا زور تەسىر پەيدا قىلغان.

قولىڭىزدىكى بۇ «تۈرك تارىخى» دا ماركسىزملىق تارىخ قارىشىنى تەتبىقلاپ، جۇڭگونىڭ تارىخ سەھنىسىدە 200 يىلغا يېقىن سەلتەنەت سۈرگەن تۈركلەرنىڭ ئىگىلىك تۇرمۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ھاكىمىيەت تەشكىلى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى، ئۇلۇسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىشىنى، سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىپ، تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بەرمەكچى.

قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەر كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، شەرقىي شىمال، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەم غەربىي شىمالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇلار

تۆۋەندىكى بەش خىل سىستېمىدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) هۇن سىستېمىسىدىكىلەر — هۇن، شىمالىي هۇن، جەنۇبىي هۇن، تۇغا (تۇغا غۇزلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، لۇشۇي غۇزلىرى توبالار؛

(2) تونغۇس سىستېمىسىدىكىلەر — تونغۇس، ئۇغان، سىيانپى، جۇرجان، قىتان، قۇمۇق، شىرۋىي، موڭغۇللار؛

(3) تۈركىي سىستېمىسىدىكىلەر — دىڭلىڭ، قاڭقىل (چىلېي)، تېلى (تۇرا)، تۈرك، ئۇيغۇر (خۇيخې ياكى خۇيخۇلار)، سىرتاردۇش، قىرغىزلار؛

(4) سۇجىن سىستېمىسىدىكىلەر — سۇجىن، يىلەي، ۋۇجى، موغال، جۇرجىتلار؛

(5) غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «36 بەگلىك» ۋە ئۇلاردىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر.

تارمەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى دەۋردە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەر، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى (يەنى كېيىن جۇغراپىيىلىك جەھەتتە موڭغۇل ياپلىقى دەپ ئاتالغان رايونلار) دا پائالىيەت ئېلىپ بارغان هۇن، تونغۇس ۋە تۈركتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مىللەت سىستېمىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى دىڭلىڭلار ھەم دىڭلىڭلار ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاڭقىل (چىلېي) دەپ، چىلېلار سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تېلى دەپ ئاتالغاچقا، تۈرك، ئۇيغۇر، سىرتاردۇشلارنىڭ ھەممىسى تېلىلارنىڭ تارماقلىرىغا تەۋە ئىدى. دىڭلىڭ، قاڭقىللارنىڭ تۈركلەر بىلەن ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتى بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر، سىرتارۇشلارنىڭ تارىخى بىلەن تۈركلەرنىڭ تارىخى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانلىقتىن، بۇ كىتاب دىڭلىڭ، قاڭقىل، ئۇيغۇر،

سىرتاردۇشلارنىڭ تارىخىغىمۇ ئاز - تولا چېتىلىدۇ، شۇ ئارقى-
لىق تۈركلەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ تەس-
ۋىرلەپ بەرمەكچى.

بۇ كىتاب قاملاشمىغان ئەسىرىم «هۇن تارىخى» (ئىچكى
موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى، 1977 - يىل
قايتا نەشرى) دىن كېيىن يېزىلغان، قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ
شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرگە ئائىت ئىككىنچى ئەسىرىم بولۇپ،
تۈزۈلۈش تەرتىپى ئاساسەن ئالدىنقى كىتابىم بىلەن ئوخشىشىپ
كېتىدۇ.

تۈرك تارىخى — هۇن تارىخىغا ئوخشاش، بىر تۈرلۈك
«دۇنياۋى خاراكتېرلىك» ئېلىم بولۇپ، دۇنيادىكى بىر قىسىم
ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدى-
غانلار بار ھەم دۇنيا تۈركولوگىيىسىنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلان-
غان. لېكىن ئەنئەنە جەھەتتە، چەت ئەل تۈركولوگىيىسىنىڭ
ئاساسلىق تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى كۆپرەك تۈرك تىل - يېزىقىغا
قارىتىلغانلىق سەۋەبلىك، تۈرك تارىخىغا قارىتا، بولۇپ-
مۇ VI — VIII ئەسىرلەردە مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە
پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى، يەنىلا تۈرك
تىل - يېزىقى تەتقىقاتىغا ئوخشاش جانلىنالمىدى، تەتقىقات نەتى-
جىلىرىمۇ تۈرك تىل - يېزىقى جەھەتتىكىدەك كۆپ بولمىدى.

XIX ئەسىردىن ئىلگىرىلا بەزى دۆلەتلەردە تۈرك تىل - يېزىقى-
نى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، پەيدىنپەي بىر خىل ئىلىم تۈركو-
لوگىيە شەكىللەنگەنىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى
ئورقۇن دەرياسى بىلەن يېنىسەي دەريا ۋادىلىرىدىن «كۆل تېگىن
مەڭگۇ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» قاتارلىق قەدى-
كى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار تېپىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ
1893 - يىلى دانىيە ئالىمى تومسىن تۈرك يېزىقىدىكى بۇ مەڭگۇ
تاشلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىنى

زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەرنىڭ
تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىمۇ تۈركولوگىيىنىڭ دائىرىسى-
گە ئېلىپ كىرىلدى، بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە ھەرقايسى دۆلەتلەردى-
كى تۈركولوگىيە تارىختىكى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشى-
دىغان مىللەتلەر (ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ تىلى، يېزى-
قى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئىلىمگە ئايلاندى.
1910 - يىلى تۈركىيىدە «ئوسمان تارىخى ئىلمىي جەمئىيى-
تى» قۇرۇلدى. مەزكۇر جەمئىيەت تۈركىيىنىڭ تارىخىنى تەتقىق
قىلىشتىن سىرت، يەنە تۈركلەرنىڭ تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىنىمۇ
تەتقىق قىلدى. 1931 - يىلى يەنە «تۈركىيە تارىخ ئىلمىي جەمئى-
يىتى» قۇرۇلۇپ، تۈرك تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى تېخىمۇ كەڭ
كۆلەمدە ئىلگىرى سۈردى ۋە قانات يايدۇردى. رۇسىيىدە تۈرك
تىل - يېزىقى بىلەن تارىخىنى تەتقىق قىلىش خېلى بالدۇر
باشلانغان بولۇپ، ھېلىھەممۇ تەتقىق قىلىشقا ئاجرىتىلغان كۈچ
يەنىلا زوردۇر. 1863 - يىلى پېتربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا شەرق تارىخى كافېدراسى قۇرۇلغان-
دىن كېيىن، تۈرك تارىخىغا بولغان تەتقىقات تۈرك تىل -
يېزىقىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا باشلاپ، مۇستەقىل ئېلىپ بېرىل-
دى. 1935 - يىلى نەشر قىلىنغان ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا
ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى 12 لېكسىيە» (1926-
سۆزلىگەن لېكسىيىلىرى) سىگە ئەھمىيەت بېرىشقا ئەرزىيدۇ.
1946 - يىلى نەشر قىلىنغان ئا. ن. برنشتامنىڭ «VI — VIII
ئەسىرلەردىكى ئورقۇن - يېنىسەي دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈركلەر-
نىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى» ناملىق كىتابى سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئارىسىدا
يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۈرك تارىخىغا
ئائىت مەخسۇس بىر ئەسەر بولغانلىقتىن يەنىلا پايدىلىنىشقا بولى-

دۇ. نۆۋەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيىسىنىڭ ۋە-
كىللىك ئادىمى س. گ. كلياشتورنىي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لې-
كىن ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسەن تۈرك يېزىقىدىكى
مەڭگۈ تاشلارغا ئائىت بولغاچقا، ئۇمۇ تۈرك تارىخىنى تەتقىق
قىلغان بولسىمۇ، بىراق تۈرك تارىخىغا ئائىت مەخسۇس ئەسىرى
ھازىرغىچە تېخى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ياۋروپادىكى باشقا دۆ-
لەتلەرنىڭ تۈرك تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر ئاز بو-
لۇپ، فرانسىيە ئالىمى چاۋانىسنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ خەنزۇچە
يېزىقتىكى ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن تەھرىرلەپ چىققان «غەربىي
تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» (1903 - يىلى) نام-
لىق ئەسىرىلا بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسەر يەنىلا بىر ئېھتى-
ياجلىق ئەسەردۇر (ئېلىمىزدە فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان
خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بار). ئامېرىكىدا تۈرك تارىخىنى
تەتقىق قىلىش بىر قەدەر كېيىن باشلانغان (مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-
يىللىرى باشلانغانىدى). ياپونىيىدە تۈرك تارىخىنى تەتقىق قى-
لىش ئۇزاق تارىختا ئىگە، ئەمما، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە
توختاپ قالغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن يەنە قايتا ئەسلىگە كەلدى.
يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەردىن مورى
ماساۋنىڭ «قەدىمكى تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقى-
قات» (1967 - يىلى) ناملىق ئەسىرى بىلەن نېيتىيەن خەنفېڭ-
نىڭ «شىمالىي ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات - سىيانپى،
جۇرجان، تۈركلەر ھەققىدە» (1975 - يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەر
بار.

دۆلەت ئىچىدە تۈركلەر ھەققىدىكى تەتقىقات، مەيلى مەڭگۈ
تاش، تىل، يېزىق ۋە تارىخ جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە چەت
ئەللەرنىڭكىدىن ئارقىدا ئىدى. 1919 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە
بولغان 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، تارىخىي جەھەتتىنلا،
خەنزۇچە يېزىقتىكى ماتېرىياللاردىن سېنى جوڭمىيەن يازغان

«تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (1958 ـ يىلى) «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» (1958 ـ يىلى، چاۋانېسنىڭ «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دىكى كەمتۈكلەرنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىلغان) نەشر قىلىندى. ماقالىلەردىن 100 پارچىدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىلارغا ئائىت ماقالە ئېلان قىلىندى (ماقالىلەرنىڭ كاتالوگىنىڭ تەپسىلاتىنى «مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى قاملاشمىغان كاتالوگىم، 1919ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «تۈرك، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر كاتالوگى» دىن كۆرۈڭ). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماچاڭشۇ يازغان مەزمۇنى قىسقا «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» (1957 ـ يىلى) ناملىق كىتابتىن سىرت، تۈرك تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر كۆرۈلگىنى يوق. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشى بولسا، قوم ـ شېغىللار دۆۋىسىدىن ۋاقتىنچە بىر تال ئۈنچە ـ مارجان ئالغاندەكلا ئىشتۇر.

تۈرك تارىخى مەخسۇس تارىختۇر، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ماركسىزملىق تارىخ قارىشى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىرى يەنىلا ئاز نىسبەتنى تەشكىل قىلىدۇ؛ تۈرك تارىخىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار يەنىلا ھەل قىلىپ كەتكىنى يوق، ھەتتا بەزىلىرى تېخىچىلا قولغا ئېلىنمىدى ياكى مۇھاكىمىگە قويۇلۇپ باقمىدى. مەسىلەن، تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى بىلەن جەمئىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق مەسىلە توغرىسىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارمۇ كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانىدى، ئەمما ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم قاراشلىرى بولغانلىقتىن، قاراشلاردىكى

ئىختىلاپلارمۇ ئىنتايىن زور ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش خىل قا-
راشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
(1) ماچاڭشۇ مۇنداق دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ: «مىلادى VI
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن تۈرك-
لەر قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە ئىدى، VII ئەسىردە قايتا
قۇرۇلغان «كېيىنكى تۈرك» ھاكىمىيىتىدىن كېيىن ئاندىن فې-
ئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان؛ غەربىي تۈركلەر قۇلدارلىق
تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەيلا قالماي، بەلكى بىۋاسىتە
ھالدا ئىپتىدائىي جامائەدىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قوي-
غان» («تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ جەمئىيىتىدىكى ئۆزگە-
رىشلەر توغرىسىدا»، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1958 - يىللىق 3-
4- سانلىرىغا بېسىلغان)
(2) خۇشاڭجى مۇنداق دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ: «تۈركلەر-
نىڭ جەمئىيىتى، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، قۇل-
دارلىق تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەس، ئۇلار VI
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلاپ، تاكى
شەرق، غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەم-
ئىيىتى پۈتۈنلەي فېئودالىزمنىڭ خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولۇپ
بولغانىدى» («تۈرك خانلىقىدا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ شەكىل-
لىنىشى — قوشۇمچە ماچاڭشۇ ئەپەندى بىلەن مەسلىھەت» «لەنجۇ
داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1959 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىل-
غان).
(3) جاڭ جىيى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىمى ئا.
ن. بېرنشتامنىڭ تەشەببۇسىنى نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەي-
دۇ: «VI ئەسىردىن ئىلگىرى تۈركلەر ئۇرۇق جامائە تۈزۈمىنى
باشتىن كەچۈرەتتى. VI — VII ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن پەي-
دىنپەي بىر خىل دەسلەپكى باسقۇچتىكى فېئوداللىق جەمئىيەتكە

قەدەم قويدى (قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمى-
گەن)، ئەمما بۇ جەمئىيەتتە يەنە ئاز ساندىكى چارۋىچى قۇللارنىڭ
تەركىبلىرى بار ئىدى» («كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ فېئوداللىق
جەمئىيىتى»، «ئىلىم - پەن خەۋەرلىرى» نىڭ 1950 - يىلى
12 - ئايدىكى 1 - جىلد، 8 - سانىغا بېسىلغان).
(4) سەي خوڭشىڭ مۇنداق دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ:
«تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈم مەۋجۇت ئىدى.
ئەمما قۇللارنىڭ تۈركلەرنىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆپ
ئەمەس ئىدى، بەلكى «ئىچ كۈيئوغۇل» ياكى ئائىلە ئەزاسى دېگەن
سالاھىيەت بىلەن چېلىقىپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئاتىلىق
ھوقۇقىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى شەكىللەنگەن» («تۈركلەرنىڭ
قانۇنى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ
1965 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان).
(5) مەن تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمنى باش-
تىن كەچۈرگەن دەپ تەشەببۇس قىلىمەن. ئەمما «كېيىنكى
تۈركلەر» نىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قەدەم قويغانلىقى بىلەن غەر-
بىي تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرمەي، بىۋا-
ستە ھالدا ئىپتىدائىي جامائەدىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم
قويغانلىقىدىن ئىبارەت بۇنداق قاراشنىمۇ قۇۋۋەتلىمەيمەن. مەن
مەيلى شەرقىي تۈركلەر بولسۇن ياكى كېيىنكى تۈركلەر بىلەن
غەربىي تۈركلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى بىلەن
جەمئىيەت تۈزۈمى باشتىن - ئاخىرغىچە پۈتۈنلەي قۇلدارلىق
تۈزۈم باسقۇچىدا توختاپ قالغان، فېئوداللىزمغا زادىلا قەدەم باس-
مىغان دەپ قارايمەن (ئىلگىرى يازغان «قەدىمكى دەۋردىكى شى-
مالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرى — قوشۇمچە «كېيىنكى تۈركلەر بىلەن غەربىي
تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى» ناملىق ماقالەم، «غەربىي
شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» نىڭ 1985 - يىللىق 4 -

ساندا ئېلان قىلىنغان).

مۇشۇنداق بىر كەسپىي خاراكتېردىكى تارىخىي كىتابنى يېزىش بىر قەدەر قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى بىلەن كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك، يېتىشسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كېيىنكى نەشرىدە ئۆزگەرتىشىم ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن خاتا ئورۇنلىرى بولسا تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، موڭغۇل، تۈرك تىللىرى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور گىڭ شىمىننىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستتىن بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەرجىمىسىنى قوشۇمچە قىلىپ كىتابىمغا كىرگۈزدۈم؛ خەتتات، دوتسېنت ئەن لىڭو كىتابىمنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ خېتىنى يېزىپ بېرىپ، بۇ قاملاشمىغان ئەسىرىم ئۈچۈن ئاز كۈچ چىقارمىدى، بۇ يەردە ئۇلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

لىن گەن

ئىچكى موڭغۇل داشۆسى موڭغۇل تارىخى تەتقىقات ئورنى

1984 - يىلى قىش

# قىسقىچە مەزمۇنى

تۈركلەر تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى، تېلىلار يەنى يېغىلىق، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى چىلېلار (يەنە بىر نامى قاڭقىلىلار) ئىدى.
تۈركلەر مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئاپىرىدە بولغان ئورنى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي، تەخمىنەن ھازىرقى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولۇپ، كېيىن قوچۇ (ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپان) نىڭ شىمالىدىكى تاغ (ھازىرقى بوغدا تېغى) غا كۆچۈپ بارغانىدى. مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇرجانلار قوچۇنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، تۈركلەر جۇرجانلارنىڭ ئىرقىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولدى ۋە جۇرجان قۇلدار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىدى، جۇرجان قاغانى ئۇلارنى كەمسىتىپ، «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتىدى.
V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، جۇرجان ھاكىمىيىتى ئۆز قارىمىقىدىكى قۇل قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، پەيدىنپەي ئاجىزلىدى، تۈركلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەيدىنپەي قۇللۇق ئورنىدىن قۇتۇلدى. مىلادى 546 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى ئاشىنا تۇمەن قوۋملىرىغە باشچىلىق قىلىپ، تېلى قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن

ئارتۇق ئادەمنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۈ-
چەيدى. مىلادى 552 ـ يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ فېيدى
تۇنجى يىلى) باھاردا تۈمەن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، جۇرجانلارنى
مەغلۇپ قىلدى، جۇرجان قاغانى ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
بۇنىڭ بىلەن تۈمەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا، چۆللۈكنىڭ
شىمالىنى مەركەز قىلغان تۈرك ھاكىمىيىتى — تۈرك خانلىقىنى
قۇرۇپ، ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ ئاتىدى. مۇقان قاغاننىڭ دەۋرى
(مىلادى 552 ـ يىلدىن 572 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان،
غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئاخىرى، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقىنىڭ
دەسلىپىدە) دە تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ كۈچىيىپ،
جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ غەربتە ئېفتالىتلارنى تارمار قىلدى،
شەرقتە قىتان ۋە تاتابىلارغا يۈرۈش قىلدى. شىمالدا قىرغىزلارنى
ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭ
ھەممىسىنى تىز پۈكتۈردى. بۇ ۋاقىتتا تۈرك ھاكىمىيىتىگە
قاراشلىق زېمىنلار كېڭىيىپ، شەرقتە لياۋشۇي دەرياسىدىن،
غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا
بايقال كۆلىگىچە يېتىپ باردى. قاغاننىڭ بارگاھى (قاغان ئوردى-
سى) ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) دا ئىدى.

تۈركلەر ئاساسلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار
«سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ» ، كۆچمەنلىك
تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئاسا-
سەن ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. تۈركلەرنىڭ چار-
ۋىچىلىقى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. چارۋىچىلىق تۈركلەر-
نىڭ ئىگىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق ئۇلى ئىدى. ئوۋچىلىقمۇ
بەلگىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە
تۆمۈر تاۋلاش بىلەن قۇيمىچىلىق كەسپى بار ئىدى؛ ياغاچ ئەسۋاب-
لارنى ياساش، بولۇپمۇ هارۋا ياساش كەسپى بىر قەدەر ئۇزۇن

تارىخقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېلىق يېلىمى (نەپىس ياغاچچىلىقتا ئۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە) نى ياسايتتى ۋە ئەمەن رەختى (بىر خىل «شىۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكتىن توقۇلىدىغان قوپال رەخت) نى توقۇيتتى. تۈركلەر ئات بېقىشقا ماھىر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى كىمخاپ ۋە توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى تۈركلەرنىڭ كۆپلىگەن نەسىللىك جەڭ ئاتلىرىغا ئالماشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئات سورتىنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغانىدى.

تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇللىرىنىڭ مەنبەسى ئاساسەن، ئۇرۇش ۋە بۇلاڭ - تالاڭدا قولغا چۈشكەن ھەر مىللەتتىن بولغان ئاھالىلەر ئىدى. تۈركلەرنىڭ قۇللىرى مەيلى ھۆكۈمران سىنىپلارغا تەۋەلىرى بولسۇن ياكى ئاددىي خەلقلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە قاراشلىقلىرى بولسۇن، ھامان قۇل ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلانغاچقا، «نەرسە» («سۆزلىيەلەيدىغان قورال») قاتارىدا، باشقىلارغا سوۋغىمۇ قىلىۋېتىلەتتى. قۇللار قۇللۇق سالاھىيىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن، خالىغانچە كېتىپ قالالمايتتى؛ ئەگەر كېتىپ قالسا، چوقۇم ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلار بەدىلىگە ئۆز - ئۆزىنى سېتىۋالغاندىلا ئاندىن ئەركىنلىكى ئەسلىگە كېلەتتى. تۈركلەرنىڭ ئاددىي خەلقلىرى دائىم قۇللارغا ئىگە بولۇپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇلار قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر بىلەن زادىلا ئوخشاشمايتتى، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ تۇراتتى. چۈنكى تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى، ھونلارغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقانىدى، يەنى چارۋىچىلار تىنچلىق مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىدۇر، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭ مەيدانىدىكى چەۋەندازلار ئىدى.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىنىپىدا، ئەڭ چوڭ باشلىق

قاغان دەپ ئاتىلىدۇ، قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئىنىلىرى «تېـ
گىن» دەپ ئاتىلاتتى. تۈرك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق رايونلىـ
رىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن بولۇپ، قاغان ئوردىسى ھاكىمىيەتـ
نىڭ باش قىسمى، سىياسىي مەركىزى بولغاندىن سىرت، قالغان
رايونلار شەرق، غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان، ھەر بىر
قىسىمغا «شاد» (ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارى) بەلگىلەپ، قوشۇن
تۇرغۇزۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شەرقىي قىسىمدا تۇرۇشلۇق
«شاد» نىڭ قارار گاھى ياۋجۇ ئايمىقى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھـ
رى) نىڭ شىمالىدا، غەربىي قىسىمدا تۇرۇشلۇق «شاد» نىڭ قاـ
رارگاھى ۋۇيۈەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيـ
سى) نىڭ شىمالىدا ئىدى. شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىدىكى جايلار، قاغان ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىدى.
تۈركلەردە چوڭراق ئەمەللەردىن يەنە يابغۇ، ئېلتەبىر، چور،
ئېركىن ۋە تۇدۇن قاتارلىق ئون نەچچە دەرىجىدىكىلىرى بار
ئىدى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ 28 دەرىجىگە يەتكەنىدى. ھەر
دەرىجىلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئاقـ
سۆڭەكلەر ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ
مۇقىم سانى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «كۆك تۈركلەر»
يەنى ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بەگلىرى
(يەنى چارۋىدار ئاقسۆڭەكلەر) مۇ، شۇنىڭدەك مانا مۇشۇ چوڭـ
كىچىك بەگلەردىن تەيىنلەنگەن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارـ
لارنىڭ ھەممىسىمۇ، ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا مەنسۇپ ئىدى. قاـ
غاندىن، ئاقسۆڭەكلەردىن ۋە ھەر دەرىجىلىك چوڭ ـ كىچىك
بەگلەردىن ئاقسۆڭەكلەر يىغىنى تەشكىللەنگەنىدى، ئاقسۆڭەكلەر
يىغىنىنىڭ سولىھى تۈزۈش، ئۇرۇش قىلىش، قاغاننىڭ ۋارىسلىـ
رىنى سايلاش ۋە باشقا زور مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقى
بار ئىدى. قۇل، قارا بۇدۇن (ئۇرۇشتا ئىتائەت قىلغانلار) ۋە

ئاددىي چارۋىچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار جۈملىسىدىن ئىدى.

تۈرك ھاكىمىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىي فۇنكسىيىسىنى ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا، بىرىنچىدىن، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇراتتى؛ ئىككىنچىدىن، قۇلدارلارنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداپ، ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرتىپىنى ساقلايتتى؛ ئۈچىنچىدىن، (سىرتقا قارىتىلغان سىياسىي فونكسىيىسى) بويسۇندۇرۇلغان ھەرقايسى ئۇلۇس ۋە قەبىلىلەرنى ھەدەپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى ۋە باستۇراتتى.

تۈرك ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ (مىلادى 552 - يىلى) ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈمەننىڭ ئىنىسى ئىستەمى ئون چوڭ قەبىلە ئاقساقىلى بىلەن 100 مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى قاغان (562 - 576 - يىللار) دەپ جاكارلاپ، نامىنى «ئون ئوق قەبىلىلىك قاغان» دەپ، يۇلتۇز ۋادىسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىچىك يۇلتۇز دەرياسى) دا قارارگاھ قۇرۇپ، ئۇنى قىشلىق پايتەخت (جەنۇبىي ئوردا) قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سۇياب دەرياسى ۋادىسىدىكى مىڭ بۇلاق (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى) دا قاراگاھ قۇرۇپ، ئۇنى يازلىق پايتەخت (شىمالىي ئوردا) قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ غەربىي قىسمىدا يېرىم مۇستەقىل بىر كۈچ شەكىللەندى. ھالبۇكى، تۈركلەرنىڭ شەرقىي قىسمى، مۇقان قاغان (553 - 572 - يىللار) ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى تابارقاغان (572-581 - يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە تېخىمۇ قۇدرەت تاپقانىدى.

مىلادى 583 - يىلى تۈركلەر رەسمىي ھالدا غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي

تۈركلەر سۈي سۇلالىسى بىلەن ياراشتى، ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى (585 ـ يىلى) ئىشپارا قاغان قوۋملىرىگە باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، بەيداۋچۈەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي) دە ئولتۇراقلىشىپ، سۈي سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي تۈركلەر سىۋارقاغان (609 ـ 619 ـ يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يەنە قايتا كۈچەيدى ھەمدە 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن سۈي ياڭدىنى يەنمىن (ھازىرقى سەنشىدىكى دەيشيەن ناھىيىسى) دە قورشىۋالدى. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى داۋاملىق تۈردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئىلىك قاغان تەختكە چىققان (620 ـ 630 ـ يىللار) دىن كېيىن، شەرقىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىپىي زىددىيەتلەر ئالاھىدە ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۈرك «بەگلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى سۇ بىلەن ئوتتەك ئىدى». مىلادى 628 ـيىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 2 ـ يىلى)، چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان، ئەسلىدە تۈركلەرگە قاراشلىق بولغان سىرتاردۇشلار، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا سىرتاردۇشلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، تۈركلەردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ «ئىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ قالايمىقانلاشقان، ھەر خىل ئاپەتلەرنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ يۈز بېرىۋاتقان» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شىمالدا سىرتاردۇشلار بىلەن بىرلىشىپ، زور قوشۇن ئەۋەتىپ، قايتۇرما زەربە بەردى. 630 ـ يىلى (جېنگۈەننىڭ 4 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن ئىلىك قاغان

ئەسىرگە چۈشۈپ، شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتى گۇمران بولدى. قوۋملىرىنىڭ بەزىلىرى غەربىي يۇرتقا كەتتى، بەزىلىرى سىرتاردۇشلارغا بېقىندى، 100 مىڭغا يېقىن ئادەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تەخمىنەن 50 نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

تاڭ سۇلالىسى بەيئەت قىلغان تۈركلەرگە قارىتا ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى ياۋجۇ ئايمىقىدىن لىڭجۇ ئايمىقىغىچە (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدىن نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىگىچە) بولغان دائىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەمدە ئىلىك قاغانىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق رايونى (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي) نى ئالتە ئايماققا ئايرىپ، دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن يۇنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (پۈتۈنلەي خېتاۋ ئەتراپىدىكى رايونلاردا) نى تەسىس قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ، تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادەتلىرى بويىچە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرگە قارىتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەنگە 10 مىڭ ئائىلىگە يېقىن تۈرك كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

مىلادى 682 - يىلى (گاۋزۇڭنىڭ يوڭچۇن تۇنجى يىلى) جەنۇبقا كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بارغان شەرقىي تۈركلەر، قۇتلۇقنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن بىر تۈرك ھاكىمىيىتىنى قۇردى (ئادەتتە «كېيىنكى تۈرك» ھاكىمىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان، بىر تەپرىقچى بۆلۈنمە ھاكىمىيەت ئىدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا،

غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى شېئىر قاغان بىلەن باش يابغۇ قاغان (619 ـ 628 ـ يىللار) نىڭ دەۋرىدە ئىنتايىن قۇدرەت تاپقاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي يۇرتتىكى رايونلىرىنىڭ ھەممىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا باج تاپشۇردى. غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ غەربتىكى چېگراسى تاكى ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئامۇ دەرياسى) نىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر قاپقىغىچە يېتىپ بارغانىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىدە ئون ئاساسلىق قەبىلىسى بار ئىدى. يەنى سۇياب دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى) نىڭ شەرقىگە ماكانلاشقان سول قانات بەش تۇغلۇق قەبىلىسى بىلەن سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىگە ماكانلاشقان ئوڭ قانات بەش ساداقلىقلار قەبىلىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئون قەبىلە (يەنە «ئون ئوقلار» مۇ دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەينى-كەينىدىن توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇ ئون قەبىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ پەيدىنپەي بوشىشىپ كەتتى. مىلادى 638-يىلى (تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 12 ـ يىلى) ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان، بۇ ئون قەبىلىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، بەش تۇغلۇق قەبىلىسىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئېركىن تەسىس قىلىپ، ئون قەبىلىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە تېزگىنلەشنى كۈچەيتتى. ئەمما ئېلتېرىش قاغان خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، شۇ يىلى باش ۋەزىرى توئۇناتۇدۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكىلەر يەنە يوقۇق شادنى ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئىككى قاغاننىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشىدا، ئىككىلا تەرەپتىن تالاپەتكە ئۇچرىغانلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ھەرقايسىسى ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشىۋالدى، ئىلا دەرياسى (ھازىرقى ئىلى دەرياسى) نىڭ شەرقى ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا،

غەربى ئېلتېرىش قاغانغا تەۋە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي تۈركلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى.

مىلادى 640 — 648 — يىللار ئارىلىقى   دا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلار بىلەن ئاگنى، كۇسەننى ئىشغال قىلدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا، كۇسەن (هازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچار ناھىيىسى)، ئاگنى (هازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى) سۇلى (هازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرى) دىن ئىبارەت تۆت ھەربىي قورغاننى تەسىس قىلىپ، ئۇنى «تۆت قورغان» دەپ ئاتىدى، بۇ تۆت قورغان ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغاچقا، كېيىنى ۋاقىتتا يەنە «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپمۇ ئاتالغانىدى.

مىلادى 651 - يىلى (گاۋزۇڭنىڭ يوڭخۇي 2 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەردىن بولغان تۇتۇق بېگى ئاشىنا قول، تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ جاكارلىدى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى قوغداش ۋە غەربىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 651 - يىلدىن 657 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا توپىلاڭنى تىنجىتىشقا بىرقانچە قېتىم كەينى - كەينىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئاخىر 657 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى)، ئىشبارا قاغاننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بىلەن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى) دا ئىسسىق كۆل بىلەن تىنىقنۇردىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، ئىسسىق كۆل قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىدە

ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇغلۇقلار بىلەن ساداق قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان رايونلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان مەھكىمە ۋە ئايماقلارنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي جەھەت-تىكى باشقۇرۇش ھوقۇقى تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلى-نىڭ غەربىدىكى كەڭ جايلارغىچە يېتىپ باردى. مىلادى 679-يىلى (دياۋلۇنىڭ تۇنجى يىلى) يەنە سۇياب قەلئەسىنى ياساتتى (خارابە ئورنى ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا يېقىن)، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاگنى-نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، غەربىي چېگرىدىكى تۆت چوڭ قورغاننىڭ بىرىگە ئايلاندى. سۇياب قورغىنى ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ئىچىدە ئەڭ غەربكە جايلاشقان بىر ھەربىي قورغان بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىنى قوغداشتا، ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

تۈركلەر قەدىمكى دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، شۇنىڭدەك يەنە بىر قەدەر بۇرۇن ھايۋانات-لارنىڭ ناملىرى بويىچە يىل تەرتىپلىرىنى ھېسابلىغان مىللەت. تۈرك يېزىقى تەخمىنەن مىلادى V ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىنىپ ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. X XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئور-قۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» ۋە «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» قاتار-لىق تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا، تۈرك يېزىقى تەرەققىي قىلىپ، VIII ئەسىرگە كەلگەن-دە، قۇرۇلمىلىرىمۇ خېلىلا تاكامۇللىشىپ، سۆزلۈكلىرىمۇ خې-لى تولۇقلانغانىدى. بۇ بىرنەچچە مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىدە ئاسا-سەن دېگۇدەك قاغان ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلى-رى بىلەن تۆھپىلىرى مەدھىيىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تۈركلەر-نىڭ گۈللىنىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بىلەن تۈرك قۇلدار ھاكى-

مىيتىنىڭ گۈللىنىپ ۋە مۇقەرز بولۇش جەريانىمۇ خاتىرىلەن-
گەن بولغاچقا، كېيىنكىلەرگە ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار-
نى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.
تۈركلەردە ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىشتا، جۆرىسىنىڭ ھەمراھ
بولۇپ بېرىش نىكاھ ئادىتىمۇ تاللىنىپ، يايلاق رايونلىرىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تۈركلەردە يەنە نىكاھنى دا-
ۋاملاشتۇرۇش ئادىتى بار ئىدى. يەنى ئاتىسى، ئاكىسى، چوڭ
دادىسى، تاغىسى ئۆلسە، ئوغلى، ئىنىسى ۋە جىيەنلىرى ئۆگەي
ئانىسى (ئۆز ئانىسى ئەمەس) نى، يەڭگىسىنى، چوڭ ئاپىسىنى،
كىچىك ئاپىسىنى خوتۇنلۇققا ئالاتتى. تۈركلەرنىڭ دەپنە ئۆرپ-
ئادىتىدە ئۆلگۈچىنى چېدىرغا قويۇپ قوياتتى، ئۇنىڭ پەرزەنتلى-
رى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئات - قويلارنى ئۆلتۈرۈپ،
چېدىرنىڭ ئالدىدا نەزىر قىلىپ، چېدىرنى يەتتە قېتىم چۆرگىلەپ
چىقاتتى (يەنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقاتتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
بىرەيلەن چېدىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا چېكىسىنى تىلىپ ئۆك-
سۈپ يىغلايتتى، قان بىلەن ياش قوشۇلغانغا قەدەر، يەتتە قېتىم
شۇنداق قىلىپ، ئاندىن بولدى قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋا-
پىق كۈن تاللاپ، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلاتتى. دەپنە
قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تاش تىزىپ ۋە
ياغاچنى بەلگە قىلىپ قوياتتى (يەنى ياغاچ تۇۋرۇكنى). قەبرى-
نىڭ ئالدىدىكى تاشنىڭ قانچە بولۇشى، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا
ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىنىڭ سانى ئىدى. تۇۋرۇككە يەنە ئۆلگۈچى-
نىڭ قىياپىتى بىلەن ئۇ ھايات ۋاقتىدا قاتناشقان جەڭنىڭ ئەھۋا-
لى تەسۋىرلىنىپ سىزىپ قويۇلاتتى.
تۈركلەر دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، شامان دىنى، ئاتەشپەرەس-
لىك، نەستورىيان ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغانىدى.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# بىرىنچى باب مۇقەددىمە — تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر

مىلاد VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچى بىلەن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يايلاقلار ئەزەلدىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ئۆتكەن شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭدەك يەنە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان، ئۆزئارا ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۆزئارا قوشۇلىدىغان سورۇنى ئىدى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرى V — III ئەسىرلەر (يېغىلىق دەۋرى) دىن بۇرۇن، بۇ جايلاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، شۇنبى (شۇنيۇ دەپ ئوقۇلىدۇ، شيا سۇلالىسى دەۋرى)، گۈيفاڭ (يىن، شياڭ سۇلالىلىرى دەۋرى)، شيەنيۈن (شيەنيۈن دەپ ئوقۇلىدۇ، غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرى) ۋە روڭدى دەپ ئاتالغان ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى.

يېغىلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا «يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ تىركىشىشى» كېلىپ چىققاندا، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىمۇ ھۇنلار بىلەن تۇنغۇسلار (شەرقىي غۇزلار) دىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك قوۋم

مەيدانغا كەلگەنىدى. تونغۇسلار ھۇنلارنىڭ شەرقىدە، ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغانىدى؛ ھالبۇكى ھۇنلارنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا دىڭلىڭ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللەت بار ئىدى.

ھۇنلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ خېتاۋ رايونى بىلەن چوغاي تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغى) نىڭ ئەتراپى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جاۋ، چىن، يەندىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىكنىڭ زېمىنلىرى بىلەن تۇتىشاتتى. ھۇنلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى دائىم جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاچقا، چېگرىدىكى خەلقلەر «يەر تېرىيالماي، چارۋا باقالماي قالغانىدى»،[1] كېيىن سانغۇن لى‌مو تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدى. چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلى) دىن كېيىن سانغۇن مىڭ تيەننى ئەۋەتىپ ئۇلارنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتتى، ھەمدە «سەددىچىن سېپىلى» نى ياسىتىپ مۇداپىئە كۆردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «غوزلار جەنۇبقا كېلىپ يىلقىلىرىنى بېقىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى».[2] مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى (چىن I نىڭ تۇنجى يىلى) ھۇنلاردىن بولغان مودۇن (مودۇ دەپ ئوقۇلىدۇ) ئۆزىنى تەڭرىقۇت (چانيۇ دەپ ئوقۇلىدۇ، ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقىنىڭ ئاتىلىشى) دەپ جاكارلىدى. بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ كۈچى پەيدىنپەي كۈچەيگەنىدى. مودۇن تەڭرىقۇتنىڭ باشچىلىقىدا شەرقتە تونغۇسلارنى تارمار قىلدى، غەربتە توخرىلار (جى دەپ ئوقۇلىدۇ) نى مەغلۇپ قىلىپ، كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى، جەنۇبتا لوفەن بەيياڭنى ئەل قىلدۇردى،

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر» 81 ـ جىلد، «لىيەنپو، لىن شياڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى» قوشۇمچە «لى مۇنىڭ تەرجىمىھالى».

② جىيابى «يېڭى كىتاب» 1 ـ جىلد، «چىن بەگلىكىگە جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا».

شىمالدا دىڭلىڭلار بىلەن خاككەس (گې دەيمۇ ئوقۇلىدۇ) قاتار-
لىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن
غەربتە كۆكئارتنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە،
جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىگىچە بولغان كەڭ رايونلارنى كونترول
قىلىپ، ئاۋۋال چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي، كېيىن شىمالىنى مەركەز
قىلغان، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
تۇنجى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 60 -
70 يىل ئىچىدە، ھۇنلار تازا كۈچەيدى، «300 مىڭدىن ئارتۇق
يالىق ئادەم (ئوقيالىق قىسىم) نى تېزگىنلەپ»، ئۈزلۈكسىز
ھالدا جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا
بېسىپ كىرىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنى بۇلاپ، بايلىقلارنى تالان-
تاراج قىلىپ، زىرائەتلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ، ئىشلەپچىقىرىش-
قا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ فېئودال-
لىق ئىگىلىكى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئېغىر
توسقۇنلۇق قىلدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىلى (خەن
گاۋدىنىڭ 7 - يىلى) ليۇباڭ پىڭچىڭ شەھىرى (ھازىرقى سەنشى-
دىكى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي) دىكى جەڭدە مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن لۈخۇ، ۋېندى، جىڭدىلارنىڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىشقا مەجبۇر بولدى. خەن سۇلا-
لىسى مەلىكىلەرنى تەڭرىقۇتقا ئالچى (يانجى دەپ ئوقۇلىدۇ، ھۇن
تىلىدا خوتۇن، توقال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) لىققا بەرگەندىن
تاشقىرى، ھەر يىلى ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىگە نۇرغۇنلىغان
بايلىقلارنى ھەدىيە قىلىپ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ خەن سۇلالىسى-
نىڭ قۇدىلىشىش سىياسىتى ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن-
دى. ھۇنلار داۋاملىق خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ھۇجۇم
قىلىپ تۇردى، خەن ۋۇدى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 87- 140-
يىللار) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ نۆۋەت

زور كۆلەمدىكى ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشىنى قوزغىغانلىقتىن، هۇنلار ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقاندىن كېيىنلا، هۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تېزگىنلەنگەنلىكتىن، چېگرا رايونلاردىكى خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ساقلاپ قېلىنىپ، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قوغداپ قېلىندى.

مىلادىدىن ئىلگىرى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، هۇن هۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «تەڭرىقۇت» لىقتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىي هوقۇقنى تالىشىشتىن ئىبارەت كۈرەش يۈز بېرىپ، بەش تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئارا تەخت تالىشىش ۋە قالايمىقان ئۇرۇش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. بەش تەڭرىقۇتنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە، بەزىلىرى تەسلىم بولدى، بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتى؛ هالبۇكى، هۇن خەلقىدىن بولسا «نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، چارۋا ماللاردىن ئوندىن سەككىز-توققۇزى چىقىم بولدى». ئەڭ ئاخىرىدا قۇتىنۇش تەڭرىقۇت (جى خېتى 侄 دەپ ئوقۇلىدۇ) قوغۇشار تەڭرىقۇت (شي خېتى 耶 دەپ ئوقۇلىدۇ) نى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىقۇت ئوردىسى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت جەنۇبقا بېرىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51 - يىلى (شۈەندىنىڭ گەنلۇ 3 - يىلى) شەخسەن ئۆزى پايتەخت چاڭئەن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەهىرىنىڭ غەربىي شىمالىي) گە بېرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغاتىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەنزۇلار بىلەن هۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ 150 يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىلدىن 51 - يىلغىچە) دىن بۇيانقى دۈشمەنلىك هالىتى ئاخىرلىشىپ، تىنچلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە ئۆتتى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايون ھاكىمىيەتلىرىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر-

نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش باشلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەنزۇلار بىلەن ھۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ياردەم بېرىشى، قوغدىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ كۈچى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرگۈدەك ماجالى بولمىغاچقا، داۋاملىق غەربكە سۈرۈلۈپ، ھازىرقى ئىلى دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ باردى. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 36 - يىلى (يۈەندىنىڭ جيەنجاۋ 3 - يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ھىمايە قىلغۇچى چەۋەندازلار كاھىبىكى گەن يەنشو ۋە ۋە مۇئاۋىن چېرىكى بەگ چېن تاڭ تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ يوقىتىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 33 - يىلى (جىنىڭنىڭ تۇنجى يىلى) قوغۇشار تەڭرىقۇت قايتا يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن پادىشاھ يۈەندى ئوردىدىكى كېنىزەك ۋاڭ چياڭ (تەخەللۇسى جاۋجۈن) نى، ئۇنىڭغا ئالچىلىققا بەردى. مانا بۇ تارىختا مەشھۇر بولغان «ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىقىشى» ئىدى. ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىقىشى بىلەن خەنزۇلار بىلەن ھۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى پەيدىنپەي مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت تاكى 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە داۋاملىشىپ، «چېگرا — قورۇللاردا ئەمىنلىك ئورنىتىلغان، ئات - كالىلار كەڭ دالىلارنى قاپلىغان» گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.①

① يۇقىرىقىلارنى «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «خەننامە» 94 - جىلد، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) گە كەلگەندە، ھۇنلار يەنە پارچىلىنىپ، جەنۇب، شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، شىمالىي ھۇنلار داۋاملىق قارشىلاشتى. كېيىن شىمالىي ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بىراقلا قوزغالغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، مىلادى 89 - يىلى بىلەن 91 - يىللاردا، ئۇلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. شىمالىي ھۇنلار ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە شەرق تەرەپتە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئوغانلار بىلەن سىيانپىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى، بىر بۆلۈملىرى ئۇزلۇكسىز جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ، جەنۇبىي ھۇنلارغا بەيئەت قىلدى. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا غەربكە كۆچۈپ، يىراق غەرب تامان كەتتى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېپ قالغان 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمى (ئۆي يەنى تۇتۇننى كۆرسىتىدۇ) بولسا، سىيانپىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، سىيانپىلارنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى مودۇن تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت قۇرغان ۋاقتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ھۇنلارنىڭ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىكى پائالىيىتى، تاكى مىلادى 91 - يىلغىچە توپتوغرا 300 يىل داۋاملاشقان بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا قارىتا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى.①

① يۇقىرىقىلارنى «كېيىنكى خەننامە» 89- جىلد، «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

هۇنلارنىڭ كۈچى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ چىققاد-
دىن كېيىن، ئارقىدىنلا باش كۆتۈرۈپ چىققانلار تۇنغۇسلار سىس-
تېمىسىغا مەنسۇپ ئوغانلار بىلەن سىيانپىلار بولدى. تۇنغۇسلار
هۇن تەڭرىقۇتى مودۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ قوۋملىرى ئوغان ۋە سىيانپىلار دەپ ئىككى قىسىمغا
بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. مىلادى I ئەسىردە ئوغانلار بىلەن سىيانپى-
لار بىرلا ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئوغانلار سىيانپىلارنىڭ
جەنۇبىغا، هازىرقى لاۋخا دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغانىدى، سىيانپى-
لار بولسا، شىرا مورۇن دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغانىدى. ئوغانلار
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى بىر قە-
دەر بۇرۇن، سىيانپىلارنىڭ بولسا بىرقەدەر كېيىن ئىدى.

ئوغانلار بىلەن سىيانپىلارنىڭ هەر ئىككىلىسى كۆچمەن
چارۋىچى ئۇلۇس ئىدى. ئۇلار باش كۆتۈرۈپ چىققان مەزگىلدە،
جەمئىيەت قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدىنپەي قۇلدارلىق تۈ-
زۈمگە يۈزلىنىش كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما تېخى شەكىل-
لەنمىگەنىدى.

هۇنلار قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە، ئوغانلار هۇنلارنىڭ قۇل
قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. هۇن هۆكۈمرانلىرى دائىم بەلگىلەنگەن
قەرەل ئىچىدە ئۇلاردىن مەجبۇرىي رەۋىشتە چارۋا - مال ۋە تېرە-
ئەلتىر بېجى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە هەمىشە ئوغانلارنىڭ
ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىما-
لىدىكى چېگرىلىرىغا هۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مىلادى I
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا هۇنلار جەنۇب، شىمال دەپ ئىككى
قىسىمغا بۆلۈنگەن مەزگىلدە، ئوغانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى
بىلەن ئالاقە ئورناتتى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى خاۋدەن قاتارلىقلار
شەخسەن ئۆزى پايتەخت لوياڭ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ
لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي) غا كېلىپ، ئوردىنى زىيا-

رەت قىلدى. ھەممە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغاتىنى قوبۇل قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قوۋملەرنى باشلاپ سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جايلاردىن ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، خېبېي، سەنشىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ جىنىڭ شەھىرىدىن خېتاۋغىچە بولغان جايلاردىكى قورۇل - توساقلارغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭدەك شياڭگۇدىكى نىڭچېڭ شەھىرى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي) دە ئوغان چېرىكچىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى باشقۇردى. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ۋە سودا قىلغانلىقتىن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەپلەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەندى.①

سىيانپىلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتكەندى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، دائىم ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئىشقا سېلىنىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ۋىلايەتلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى. كېيىن جەنۇبىي ھۇنلار ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغاندا، ئوغانلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ياراشتى. سىيانپىلارمۇ مىلادى 49 - يىلى (گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ 25 - يىلى) دىن باشلاپ، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا سىيانپىلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن يۈچوفېن، مەنتۇ قاتارلىقلار پايتەخت لوياڭغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، خەن سۇلالىسى ئۇلارغا ۋاڭ، بەگلىك ئوتتۇغاتىنى بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 30 ـ 40 يىل ئىچىدە سىيانپىلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ئىزچىل تۈردە دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى.

---

① يۇقىرىقىلارنى «كېيىنكى خەننامە» 90 - جىلد، «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچكەن (مىلادى 91 - يىلى) دىن كېيىن، سىيانپىلار شىمالىي ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى ۋە بۇ جايدا قېپ قالغان ھۇنلارنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈك (تۈتۈن) تىن ئارتۇق ئادىمىنى قوشۇۋېلىپ، تەسىر كۈچىنى پەيدىنپەي زورايتتى. سىيانپى ھۆكۈمرانلىرى ھەمىشە دېگۈدەك چېگرا ياقىسىدىكى ۋىلايەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ كۆپ قېتىم توقۇنۇشتى. ئەمما شۇ مەزگىلدە، ئىككى مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، بولۇپمۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئالاقە زادىلا توختاپ قالمىدى، سودىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. پادىشاھ ئەندىنىڭ يۇڭچۇ يىللىرى (مىلادى 107- 113- يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سىيانپىلارغا شياڭگۇدىكى نىڭچىڭ شەھىرى (ھازىرقى ئورنىنى باش قىسمىدىن كۆرۈڭ) دە «سودا قىلىش» قا رۇخسەت قىلدى، ھەمدە «جەنۇب بىلەن شىمالدا ئىككى جايدا ۋاكالەتخانا قۇرۇپ» ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن سىيانپىلارنىڭ 120 قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قىلدى. پادىشاھ شۈندى (مىلادى 126- 114- يىللار) نىڭ دەۋرىدە، يالغۇز يۈنجۈڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسى) ئەتراپىدىكى سودا رەستىلىرىدىلا مىڭدىن ئارتۇق كالا ھارۋىسى بار ئىدى.①

مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى) دە، سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تەنشىخۇي شەرق بىلەن غەرب تەرەپتىكى قوۋملارنى بىرلىككە كەل-

① يۇقىرىقىلارنى «كېيىنكى خەنىنامە» 90 - جىلد «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن ۋاڭ شېن يازغان «ۋېينامە» دە نەقىل ئېلىنغان «ئۈچ پادىشاھلىق. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 30 - جىلد، «ئۇخۇان، سىيانپى، شەرقىي يىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى قېيى سوڭنىڭ ئىزاھلىرىدىن كۆرۈڭ.

تۇردى، جەنۇبتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەتراپىغا بېسىپ كىر-
دى، شىمالدا دىڭلىڭلارغا زەربە بېرىپ، شەرقتە فۇيۈلەرنى مەغ-
لۇپ قىلدى، غەربتە ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ
بۇرۇنقى زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىدى، كۆچى تازا قۇد-
رەت تاپقان مەزگىلدە، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا
زور بىر ھەربىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئوردى-
سىنى تەڭرىخان تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شاڭدۇ
ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا) دا قۇردى. ئىتتىپاق ناھايىتى نۇرغۇنلى-
غان قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كەڭ زېمىنلارنى
كونترول قىلغانىدى. تەن شىخۇي بۇ رايونلارنى شەرق، ئوتتۇرا
ۋە غەربتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ ھەر بىر قىسىمغا
بىردىن ئاقساقالنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەنىدى، تەن شىخۇي-
نىڭ ئۆزىمۇ ھەر قايسى قىسىملار ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق باشلى-
قىغا ئايلانغانىدى.

تەن شىخۇي ئۆلگەندىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادى 178 - 183 - يىللار ئارىلىقىدا ئۆلگەن)، سىيانپى ھۆكۈمرانلار سىنى-
پىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى، غەربىي قىسىم
سىيانپىلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىمۇ ئىتتىپاقتىن يۈز ئۆرۈپ
كېتىپ قالدى، ئوتتۇرا قىسىمدىكىلەر — تەن شىخۇينىڭ كېيىن-
كى ئەۋلادى بۇدۇگېن گورۇھى بىلەن «كىچىك سىيانپىلار نەس-
لى» دىن بولغان كې بىنىڭ گورۇھىدىن ئىبارەت ئىككى گورۇھقا
بۆلۈنۈپ كەتتى، شەرقىي قىسىمدىكىلەرمۇ بىرنەچچە بۆلەككە بۆ-
لۈنۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر قايسى گورۇھ، قەبىلى-
لەرنىڭ «ئۆز ئالدىغا يېرى، قوماندانلىرى، ئايرىم چېگرا -
پاسىللىرى بار ئىدى». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىيانپىلارنىڭ
ھەربىي قەبىلىلەر چوڭ ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، كۆچى ئاجىزلى-
شىشقا باشلىدى. كېيىن كې بىنىڭنىڭ كۆچى پەيدىنپەي زورايى-
دى، تەخمىنەن ۋېي ۋېندىنىڭ خۇاڭچو يىللىرىدىن مىڭدىنىڭ

تەيخې يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا (مىلادى 220 ـ 232 ـ
يىللار) ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ
ئاقساقاللىرىنى يوقۇتۇپ، سىيانپىلارنى قايتا بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، ئىلگىرى تەن شىخۈي قۇرۇپ چىققان ھەربىي قەبىلىلەر
چولڭ ئىتتىپاقىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. تارىخنامە-
لەردە «كې بىنىڭ سىيانپىلارنىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنىتىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈپ، دىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى
زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ بىلەن يۈنجولڭ
(ھازىرقى ئورنىنى باش قىسمىدىن كۆرۈڭ) ، ۋۇيۈەن (ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتو شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىن
شەرقتە لياۋشۈي دەرياسىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى سىياد-
پىلارنىڭ قارارگاھىغا قاراشلىق قىلىنغان» لىقى خاتىرىلەنگەن.
لېكىن بۇ نۆۋەتتىكى ئىتتىپاقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبىلىلىرى
بىلەن ئىلكىدىكى رايونلار، تەن شىخۈينىڭ ئىتتىپاقىغا قارىغاندا
ئاز ۋە كىچىك ئىدى، چۈنكى غەربىي قىسمىدىكى سىيانپىلار
ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغانىدى، بۇ چاغدا بىرلىككە كەلتۈ-
رۈلگەنلەرمۇ بۇرۇنقى ئىتتىپاقنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا ۋە شەرق-
تىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىكىلەر يەنى «يۈنجولڭ، ۋۇيۈەندىن
شەرقتە لياۋشۈي دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىگەن» سى-
يانپىلار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەربىي قىسمىدىكى سىيانپە-
لاردىن باشقا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىكى سىيانپىلار-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنىدى.

كې بىنىڭ سىيانپىلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن،
توختىماستىن چېگرىدىكى ۋىلايەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى،
بولۇپمۇ ياۋجۇ بىلەن يىجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماق (ھازىرقى
خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردا) نىڭ تارتقان
زىيىنى ئاز بولمىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋېي مىڭدى چىڭلوڭنىڭ 3-
يىلى (مىلادى 235 ـ يىلى) قىلىچۋاز ئەۋەتىپ، ئۇنى قىلىچلاپ

ئۆلتۈردى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي تەشكىلىي ئەسلىدىنلا ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ (بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تارقاقلىق ۋە ئاجىزلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى) ئىدى. ئۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقىچە بولغان جەرياندا؛ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باراتتى. شۇڭا كې بىنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا، سىيانپىلارنىڭ «ئۇرۇق، قوۋملىرى تارقىلىپ كېتىپ»، ئىككىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقمۇ يەنە پارچىلىنىپ كەتتى.①

مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، سىيانپىلار نۇرغۇنلىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر كۈچلۈكرەكلىرىدىن مورۇڭ قەبىلىسى، توغبات قەبىلىسى ۋە يۈۋېن قەبىلىسى بار ئىدى.

مورۇڭ سىيانپىلىرى لياۋدوڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئالدىنقى يەن (مىلادى 352- 370- يىللار)، كېيىنكى يەن (مىلادى 384- 409- يىللار)، جەنۇبىي يەن (400- 410- يىللار)، شىمالىي يەن (400- 436- يىللار) قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ چىققانىدى.

توغبات سىيانپىلىرى ئەسلىدە يۈنجوڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسى) بىلەن چوغاي تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغى) ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى، IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فەنشى (ھازىرقى سەنشىنىڭ فەنشى ناھىيىسى) دە «دەي» نامىدىكى ھاكىمىيەت (مىلادى 338- 376- يىللار) نى قۇردى. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پىڭچېڭ شەھىرى (ھازىرقى سەنشىنىڭ داتوڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى) نى مەركەز قىلىشقا باشلاپ، شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتى (386- 534- يىللار) نى قۇرۇپ چىقتى، شياۋېندىنىڭ تەيخې

---

① يۇقىرىقىلارنى «ئۈچ پادىشاھلىق. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. گوفان، سىيانپى، شەرقىي يىلار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

18ـ يىلى (494ـ يىلى) پايتەختىنى لوياڭ (ھازىرقى خېنەننىڭ
لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي) غا كۆچۈردى.

يۇۋېن قەبىلىسىنىڭ مەنبەسى ھۇنلار بولۇپ، ئۇلار ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا قېپ قالغان بىر قەبىلە ئىدى. ئىلگىرى چوغاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى. II ئەسىردە يۇۋېن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى شەرققە كۆچۈپ، لياۋشىنىڭ سىرتىدىكى شىرامو- رۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سىيانپىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تەن شىخۋېنىڭ ھەربىي قەبىلىلەر چوڭ ئىتتىپاقىغا قاتناشتى. كېيىن تەدرىجىي سىيانپىلىشىپ، يۇۋېن سىيانپىلىرى بولۇپ ئۆزگەردى. يۇۋېن سىيانپىلىرى كېيىن گۇەنجوڭدا شىما- لىي جۇ ھاكىمىيىتى (مىلادى 577 ـ 581 ـ يىللار) نى قۇرۇپ چىقتى.

سىيانپىلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ كۆچلىرى ھەدەپ جەنۇبقا سۈرۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا جورجان مىللىتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى. جورجانلار نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى قە- بىلىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران گۇرۇھى يۇجيۇلۇ ئۇرۇقى ئىدى. دەسلەپكى مەزگىلدە شىمالىي ۋېي سۇلا- لىسىگە بېقىنغانىدى. مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاقسا- قىلى سەللان چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇپ، كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. تۇلا دەرياسى (ھازىرقى تۇغلا دەرياسى) نىڭ قىرغىقىدا ئوردا قۇرۇپ (سىياسىي ھۆكۈمرانلىق مەركىزى)، قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى زور بىر ھاكىمىيەتنى قۇ- رۇپ چىقتى. مىلادى 402 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داۋۇدى تيەنشىنىنىڭ 5 ـ يىلى) سەللان ئۆزىنى توپاقاغان (تارى- خىي كىتابلاردا «چورتاغ» ياكى «چۆرتۇغ» دەپ يېزىلغان. بۇلا- رنىڭ ھەممىسى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»غا ئاساسلىنىلغان)

دەپ جاكارلىدى. بۇ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى «قاغان» دەپ ئاتىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. جورجان ھاكىمىيىتى تازا قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە، زې-
مىنى شەرقتە فويۇ، كۇرىيە ( 句 خېتى 勾 دەپ ئوقۇلىدۇ) بىلەن چېگرىلىناتتى. غەربتە تەڭرى تېغى بىلەن ئاگنى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى) غىچە باراتتى. شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇبتا چوغاي تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگىچە يېتەت-
تى.

جورجانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي كۆچمەن چارۋىچىلىق-
نى ئاساس قىلاتتى. چارۋىچىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە گۈللەنگەن-
دى. ئوۋچىلىقمۇ مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىكتە، كىگىز ياساش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ۋە هارۋا ياساشتىن تاشقىرى يەنە، تۆمۈر تاۋلاشنى بىلەتتى. «جۇنامە» 50- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاسا-
لانغاندا، ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ كۈنگەي تەرىپى-
دە ئولتۇراقلاشقان تۈركلەر، جورجان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۆمۈر-
چىلىرى ئىدى، جورجان قاغانى ئاناغاي (قاي دەپ ئوقۇلىدۇ) ، تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى تۇمەننى «تۆمۈرچى قۇل» دەپ ھاقارەت-
لىگەنىدى، بۇ جورجانلار ياشىغان رايونلاردا تۆمۈر تاۋلاش كەس-
پىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

جورجانلارنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت ئىدى. قۇلدارلار سىنىپىنى تەشكىل قىلىدىغان قاغان، سانغۇن، سەركەردە، ئاقساقال، ئېركىن، ئېلتەبىر، ئېركىن باغا قاتار-
لىق ئاقسۆڭەكلەر، ئات، كالا، قوي قاتارلىق زور مىقداردىكى چارۋىلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپلىگەن قۇللار-
نىمۇ قۇل قىلاتتى، ھەتتا بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىمۇ قۇل قىلىنىدىغان قەبىلىلەرگە ئايلاندۇرۇۋالاتتى. مەسىلەن، مەدەن تاۋلاشقا ماھىر بولغان تۈرك قەبىلىسى، جورجان قۇلدارلىرىنىڭ

مەدەنچى قەبىلىسى ئىدى.

جورجانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتىگە ئىنتايىن زور تەھدىت سالدى. تەيۋۇدى توغبات تاۋنىڭ دەۋرىدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى ئاشقانلىقتىن، جورجانلارغا قارىتا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىلادى 429 - يىلى (شېنجيانىڭ 2 - يىلى) دىكى بىر قېتىمقىسىنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور ئىدى. جورجانلارنىڭ قول قىلىشىغا ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقىمۇ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. جورجان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردە ئارىغا ئېلىپ قىلىنغان ھۇجۇملار نەتىجىسىدە، قاغان داتەن مەغلۇپ بولۇپ غەربكە قېچىپ كەتتى، شىمالىي ۋېي ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن قاتتىق زەربە يېگەن جورجان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە قول قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىسيان كۆتۈرۈش ۋە قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكتىن، كۈچى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى، شۇڭلاشقا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭراق ئۇرۇش بولمىدى، ئەكسىچە ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشى بىلەن قۇدىلىشىشى كۆپەيدى.

جورجانلار جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى سۇڭ، چىدىن ئىبارەت ئىككى پادىشاھلىققىمۇ ئەلچى ئەۋەتكەنىدى، ھەمدە چى پادىشاھلىقىدىن جورجانلارغا تىۋىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ماڭدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

جورجانلار VI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى مىلادى 552 - يىلىغا كەلگەندە تۈركلەر تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى. جورجانلار IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن تارتىپ، VI

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۇقۇتۇلغانغا قەدەر، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا بىر يېرىم ئەسىر پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن[1].

① يۇقىرىقىلارنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 - جىلد، «جورجانلار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

## ئىككىنچى باب تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا خىلمۇ - خىل قاراشلار خاتىرىلەنگەن:

(1) «جۇنامە» 50 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ، ئاشىنا نامىدىكى باشقا بىر قەبىلە ئىكەن» دېيىلگەن.

(2) يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» سىدە يەنە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى سەك دۆلىتىدىن، بۇ ئەل ھۇن دۆلىتىنىڭ شىمالىدا ئىكەن» دېيىلگەن.

(3) «سۇينامە» 84 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا ئىدى» دېيىلگەن.

(4) ھالبۇكى «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» دە بولسا پىڭلياڭ ئارىلاشما غۇزلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىنىڭ قوشۇلمىسى دەپ قاراپ، «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار، ئۇلار ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

(5) «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەر ئاشىنا ئۇرۇقىدىن، ئۇلار ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى بىر قەبىلە ئىدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ئىچىدە، «جۇنامە» دە كۆرسىتىلگەن، تۈركلەر يەنىلا ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى، تۈركلەر ھۇن سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولمىغان باشقا بىر

مىللەت دېگەن قاراشتىن باشقا، قالغان قاراشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئۆز تىل يېزىقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان، تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» گە ئاساسلانغاندا، «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى»①دېيىلگەن. بۇ تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى بولۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ تىللارنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر مىللەتتۇر، بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ تىللار سىستېمىسىغا مەنسۇپلىقىنى يەنى تىللارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تىللارنىڭ ئەجدادلىرى يەنى يېغىلىق ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار (چىلېلار) ئىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن:

«قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە دىلي دەپ ئاتالغان بولۇپ، شىماللىقلار ئۇلارنى چىلي دەپ ئاتىسا، شيالىقلار (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر) قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى.

① تۈرك يېزىقىدىكى كۆل تېگىن، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ ھازىر ئۈچ خىل تەرجىمىسى بار، بۇ يەردە خېن رولىسىنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى. سېن-جوڭمىيەن بۇنى «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ جەمەتىمدىن ئىدى» دەپ تەرجىمە قىلغان. گېلاڭ شېيىن بولسا «توققۇز ئوغۇز خەلقى ئەسلىدە مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى» دەپ تەرجىمە قىلغان. ۋۇخو (ئوغۇز)، ۋۇگوس (گوغۇز) دېگەنلەر يەنى ئۇيغۇرلار بولۇپ، پەقەت ئاھاڭ جەھەتتىكى تەرجىمىسىلا ئوخشاشمايتتى. تەپسىلاتىنى يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل تەرجىمە شەكلىدىن سىرت، مۇشۇ كىتابنىڭ سەككىزىنچى بابىنىڭ «يېزىق ۋە مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى» دېگەن پاراگرافتىن كۆرۈڭ.

ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە سەل ـ پەل پەرق قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ھونلار ياكى ھۇنلارنىڭ جىيەنلىرى دەپمۇ قارايدۇ. «يېڭى تاڭ-نامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلار، . . . . . . ئادەتتە چاقى ئېگىز، شادىسى كۆپ ھارۋىلاردا ئولتۇرىدۇ، يۈەن ۋېي دەۋرىدە قاڭقىل قەبىلىسى ياكى چىلبىلار دەپمۇ ئاتالغان، بۇ تېلى دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشىدۇر».

ئەمەلىيەتتە دىڭلىڭ، چىلې، دىلې، تېلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى «Tolos» دېگەن بىر خەتنىڭ ئوخشاش ئاھاڭنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى.

(1) دىڭلىڭلار

دىڭلىڭلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، ئەڭ بۇرۇن «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»[①] دە كۆرۈلىدۇ. «خەننامە» بىلەن «كېيىنكى خەننامە» دە بەزىدە ئارىلاپ ئۇلارنى «دىڭلېن» ياكى «دىڭلىن» دەپمۇ تىلغا ئالغاندى.

دىڭلىڭلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۇن مىللىتى بىلەن بىرگە باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇلار شىمالىي دېڭىز يەنى ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا، ھۇن مىللىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چارۋىچىلىق قىلىدىغان، قەدىمكى دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر كۆچمەن ئۇلۇس ئىدى.

---

① باشقا تارىخىي كىتابلاردا مەسىلەن، «تاغ تىزىملار قورغىنى» 110 ـ جىلد «ئىچكى تىزىملار قورغىنى») بىلەن «نەزىمنامە». ئەيسانە» («خەنشۇتالق مەجمۇئەسى» گە قاراڭ) قاتارلىق كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن دىڭلىڭلارغا ئائىت ئىشلارنى كېيىنكىلەر قوشۇمچە قىلغان بولغاچقا، ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

هۇنلار مودۇن تەڭرىقۇت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلدىن 174 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەۋرىدە كۈچى زورايغاندا، دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغاندى، بۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر هۇن رايونلىرىغا بۇلاپ ئاپىرىلىپ، هۇنلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ، «زىلو» (زى دەپ ئوقۇلىدۇ، يەنى بايلىق، مال ـ مۈلۈك دېگەن مەنىدە) لار دەپ ئاتالغاندى. بۇ دىڭلىڭ قۇللىرى، مىلاد I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى) دە، هۇنلارنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، باشقا مىللەتلەردىن بۇلاپ كېلىنگەن قۇللار بىلەن بىرلىكتە، قېچىپ كېتىش شەكلى بىلەن، هۇن قۇلدارلىرىنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىگە ئورتاق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، هازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى ئارىلىقىدىكى جايلارغا قېچىپ كەلگەنىدى. ①

دىڭلىڭلار مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىدىن مىلادى I ئەسىرگىچە بولغان 300 يىل مابەينىدە، هۇنلارغا قارشى قوراللىق كۆرەشنى ئۈزلۈكسىز توردە قانات يايدۇردى. مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 71 ـ يىلى (خەن شۈەندىنىڭ بېنشى 3 ـ يىلى) هۇنلارغا تەڭرىقۇت بولغان قويانىدى تەڭرىقۇت قوشۇن باشلاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان ئۇسۇنلارغا زەربە بېرىپ قايتىپ، چوڭ جۇدۇنغا يولۇقۇپ قالغاندا، دىڭلىڭلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەزەلدىن هۇن قۇلدارلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ئوغان ۋە ئۇسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، هۇنلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىپ، نەچچە يۈزمىڭ هۇن ئاتلىقلىرىنى ئۆلتۈردى. سانسىزلىغان ئات، نۇرغۇنلىغان قوي، كالىلارنى غەنىمەت ئېلىپ، هۇنلارغا قاتتىق زەربە بەردى.

① «ئۈچ پادىشاھلىق. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد «ئوغان، سىيانپى، شەرقىي يىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى فېي سوڭ نەقىل ئېلىپ ئىزاھلىغان يۈي خۇەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن كۆرۈڭ.

نەتىجىدە «ھۇنلار تېخىمۇ ھالسىراپ كەتكەچكە، ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن ئەللەرمۇ بارا - بارا پارچىلىنىپ كەتتى. بەزىدە بۇ ئەللەر ھۇنلارنى بۇلاپ- تالىسىمۇ، ھۇنلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى» .① قۇل قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى، ھۇن قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنى بىراقلا چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈش گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىلادى 87 - يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭدىنىڭ يۈەنخې 2 - يىلى) دىڭلىڭلار يەنە ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىش، تەسىر كۈچىنىڭ كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي ھۇن، سىيانپى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا شىمالىي ھۇنلارغا تۇشمۇ - تۇشتىن زەربە بەردى. شىمالىي ھۇنلار قاتتىق مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي، تېخىمۇ يىراققا (غەرب تامان) كېتىشكە مەجبۇر بولدى» .②

دىڭلىڭلار ھۇنلار بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق غالىبىلىك ئۇرۇش جەريانىدا، بارا - بارا كۈچەيدى. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تەن شىخۇي چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىكى «ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى» دا، ھەربىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرغاندا، ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن شەرق بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بولسى-

---

① «خەننامە» 99 - جىلد، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» (1) .
② «كېيىنكى خەننامە» 89 - جىلد «جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» .

مۇ، لېكىن دىڭلىڭلار ھەرگىز ئىتائەت قىلمىدى، ئەكسىچە تەن شىخۇينىڭ شىمالىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان دۈشمەنلىرىگە ئايلانغانىدى.①

ئالاھازەل غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئاز ساندىكى بىر بۆلۈملىرى پەيدىنپەي جەنۇبقا كۆچۈپ كەلدى ياكى غەربىي خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. بۇرۇن ۋاڭ ماڭنىڭ دەۋرى (مىلادى 9 ـ 23 ـ يىللار) دە دەيجۇن ۋىلايىتى (ھازىرقى خېبېينىڭ ۋېيشيەن ناھىيىسى ئەتراپى) دە تۇرغان قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلارنىڭ ئەسكەرلىرى بار ئىدى.②

ئۈچ دۆلەت مەزگىلى (مىلادى 220 — 265 — يىللار) گە كەلگەندە، كۆپ قىسىم دىڭلىڭلار داۋاملىق شىمالىي دېڭىز (ھازىرقى بايقال كۆلى) بويلىرىدىكى بۇرۇنقى جايلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى، بەزىلىرى غەربكە كۆچۈپ، ئۇسۇنلارنىڭ غەربىي ۋە كاڭگىيىنىڭ شىمالى يەنى ھازىرقى ئىلى دەريا ۋادىلىرى بىلەن ئالتاي تېغى ۋە تارباغاتاي ئەتراپلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. يۈي خۇەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا دېيىلىشىچە: ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي دېڭىزدىكى بۇرۇنقى جايلىرىدا ياشىغان دىڭلىڭلار «شىمالىي دىڭلىڭلار»، ئۇسۇنلارنىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق قىلغان دىڭلىڭلار «غەربىي دىڭلىڭلار» دەپ ئاتالغانىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرى

① «كىيىنكى خەننامە» 90- جىلد، «سىيانبىلار ھەققىدە قىسسە» دە «تەن شىخۇينىڭ ھەربىي كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، شەرق بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى ئىتائەت قىلغانىدى. جەنۇبتا چەت چېگرا ياقىسىدىكى جايلارنى بۇلاپ ـ تالايتتى، شىمالدا دىڭلىڭلارنى تاقابىل تۇراتتى» دېيىلگەن.

② يۇقىرىدىكى قىپ سۇلاڭ نەقىل ئېلىپ ئىزاھلىغان يۈي خۇەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن كۆرۈڭ.

( مىلادى Ⅱ — Ⅳ ئەسىرلەر ) دە، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى
مىللەتلەر كەلگ كۆلەمدە جەنۇبقا كۆچكەن مەزگىلدە، دىڭلىڭلار-
دىنمۇ خىلى نۇرغۇنلىرى تۇركۇم - تۇركۇملەپ سەددىچىنىنىڭ
ئىچىگە كۆچۈپ كەلدى. «بەش غۇز 16 پادىشاھلىق» مەزگىلىدە-
كى دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن دى بىن، دى تەن، دى جېن،
دى چىلگ، دى لياۋ، دى جېن ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى
( مىلادى 386 — 556 — يىللار ) دىكى دى تولگ، دى مېڭچۇ،
دى شۇ، دى چاۋ، شيەن يۇسىباۋ، شيەن يۇفەييالگ قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى جايلاردا بىر مەز-
گىل دەۋران سۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك كېيىن فەنيالگ ( ھازىر-
قى خېبېينىڭ شۇيشيەن ناھىيىسى ) دە دىڭلىڭنىڭ ئېتى-
سىنى،[①]لوگدوگنىڭ جەنۇبىدا دىڭلىڭ ئېرىقى ۋە دىڭلىڭ جىل-
غىسى قاتارلىق[②] يەر ناملىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. مانا بۇ
ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئۇزاقتىن بۇيان ماكان-
لىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ، «بەش غۇز 16 پادىشاھلىق» دەۋرىدىكى ھەر مىللەتتىن
بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان قالايمىقان ئۇرۇشىغا
قاتناشتى. ئەمما ئاتا - بالا دى لياۋلارنىڭ مىلادى 388- 393-
يىللاردا خۇاتەي ( ھازىرقى خېنەننىڭ خۇاتەي ناھىيىسى ) دە ئۆز-
لىرىنى ۋېي بەگلىكىنىڭ ساماۋى بېگى دەپ جاكارلىغانلىقىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆزگىلەرنىڭ بېقىندى-
سىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيە-
تىنى قۇرۇپ چىقالمىدى. ھالبۇكى، دىڭلىڭلارنىڭ ئادەتتىكى
ئاۋام خەلقى بولسا، شىمالىي ۋېي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېغىر كەم-

① يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياڭۇنجۇ يازغان «شۇيگىڭ دەرياسى بويىدا تەھسىل بولغان نەزمىلەر توپلىمى» ۷ جىلد «دىڭلىڭلار» تومىرىسىدىكى شەرھىگە بەرگەن ئىزاھاتى-سىن كۆرۈڭ.
② «دەريا - ئېقىنلار ئىزاھلىرى» نىڭ 12 -جىلد «دەنشۇي ئېقىنى بىلەن جياڭشۇي ئېقىنى» ماددىسى بىلەن گۇنسو ئۆلكىسى «چېڭشيەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن كۆرۈڭ.

سىتىش، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۈزمەي ئۇچراپ تۇر-
غانلىقتىن، ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. مەسى-
لەن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بويسۇندۇرۇلغان تۇتۇن
(پەسلەر)①لەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، كۆپلىگەن ئادەملەر
مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت
ئۆتىدى.② مەسىلەن يەنە، «سۇڭ پادىشاھلىقى تارىخى» 74-
جىلد «ساڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەنگەن، شىمالىي
ۋېي سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى لىيۇسوڭ ھاكىمىيى-
تى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان مەزگىلدىكى توغبات تاۋ بىلەن
ساڭ جىنىڭ مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ھازىر مەن ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەل-
نىڭ ئادەملىرى ئەمەس، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكىلەر دىڭ-
لىڭلار بىلەن غۇزلار، جەنۇبىتىكىلەر سەنچىنلىك دى، چاڭلار-
دۇر. مۇبادا دىڭلىڭلار ئۆلسە، ئەلۋەتتە چاڭشەن بىلەن جاۋجۈن
ۋىلايەتلىرىدىكى قاراقچىلار ئازايغانلىق بولىدۇ. غۇزلار ئۆلسە
بىڭجو ئايمىقىدىكى قاراقچىلارنىڭ سانى ئازىيىدۇ؛ دى، چاڭلار
ئۆلسە، گۇەنجوڭدىكى قاراقچىلار كېمىيىدۇ. شۇڭا، جانابىڭىز
دىڭلىڭلار بىلەن غۇزلارنى قانچە ئۆلتۈرگىنىڭىز بىلەن بىزگە
بەرىبىر.»

بۇنىڭدىن دىڭلىڭلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ.

«ۋېينامە» 33 ـ جىلد «گوڭ سۇنبىياۋ، قوشۇمچە زى
گۇينىڭ تەرجىمىھالى» دا يەنە بىر ئابزاس خاتىرە بار بولۇپ،
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭلارنىڭ توختىماستىن قار-

---

① «ۋېينامە» 19 ـ جىلد «جىڭجۇ پىللىرىدىكى 12 بەگ. يەن شۇنىڭ تەرجىمىھالى»دىن كۆرۈڭ.

② «ۋېينامە» 4 ـ جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»دىن كۆرۈڭ.

شىلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ
بەرگەن. «زى گۇيىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«شاڭداڭدىكى دىڭلىڭلار ئىسيان كۆتۈرگەن مەزگىلدە، ئۇ-
لارنى تىنجىتىشقا زى گۇي ئەۋەتىلگەنىدى. ··· زى گۇي ئۆلگەندە،
شىزۇ (توغبات تاۋ) سۇي خاۋغا: مەن شاڭداڭدىن ئۆتكىنىمدە،
ئۇ يەردىكى پېشقەدەملەر بىردەك: (زى گۇي مال - دۇنيانى دەپ
ئوغرى - قاراقچىلارغا يول قويدى، ئۇلار ھازىرغىچە تازىلانمى-
دى، زى گۇينىڭ ئۆزىمۇ جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ
دەسلەپ كەلگەندە سالتاڭ ئات بىلەنلا كەلگەنىدى، يېنىشىدا بولسا
يۈز هارۋىغا مال - دۇنيا قاچىلاپ جەنۇبقا قايتتى دەپ ئېيتىشتى
دېگەنىدى.»
شۇڭا، دىڭلىڭلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كەينى
-كەينىدىن قارشىلىق كۆرسىتىشى، پۈتۈنلەي ئېغىر سىياسىي
زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ مەھ-
سۇلى ئىدى.
(2) قاڭقىللار (چىلېلار)
دىڭلىڭلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاڭقىللار
(چىلېلار) دەپ ئاتالغانىدى.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قاڭقىللارنىڭ بىر قىسمى
داۋاملىق بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغانى-
دى، لېكىن كۆپ قىسمى بولسا پەيدىنپەي ھازىرقى تۇغلا دەريا-
سىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ، چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللاندى؛ كېيىنچە يەنە تەدرىجىي غەربكە قاراپ كېڭەي-
دى، روقۇن كۆلى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بورۇلتوقاي كۆلى)
نىڭ ئەتراپى ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلان-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالاھازەل خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدىن تارتىپلا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ماكانلاش-
قان خېلى نۇرغۇن قاڭقىللار (دىڭلىڭلار) بار ئىدى؛ V

ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشا-
ھى تەيۋۇدى توغباتتاۋ بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى قاڭقىللارنىڭ
نەچچە يۈز مىڭ ئۆيلۈك ئادىمىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈ-
رۈپ، «شەرقتە رويۈەن (ھازىرقى خېبېينىڭ فېڭنىڭ ناھىيىسى-
نىڭ غەربى) دىن، غەربتە ۋۇيۈەندىكى چوغاي تېغى (ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرى بىلەن داچىڭشىيەن تېغى) غىچە
بولغان دائىرىسى ئۈچ مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان»[1] كەڭ
رايونلارغا [ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ جەنۇ-
بىدىكى جايلار، قاڭقىللار توپلاشقان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

قاڭقىللار ناھايىتى چوڭ بىر ئۇلۇس بولۇپ، نۇرغۇنلىغان
قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارى-
خى» 98 ـ جىلد، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇلارنىڭ ئالتە
ئۇرۇق، 12 جەمەتىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئالتە ئۇرۇق مۇنۇلار:

دى ئۇرۇقى؛
ئۇيغۇر ئۇرۇقى؛
قوغۇرسۇ ئۇرۇقى؛
چۇبە ئۇرۇقى؛
قۇتلۇق غۇز ئۇرۇقى؛
ئىزگىل ئۇرۇقى.

12 جەمەتتىكىلەر:

بۆركلى جەمەتى؛
تۆرە جەمەتى؛
ئېلخان جەمەتى؛
تارلان جەمەتى؛

---

① «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

قۇغا جەمەتى؛
دابخان جەمەتى؛
ئارۇن جەمەتى؛
مويۇن جەمەتى؛
ئېركىن جەمەتى؛
پۇۋۇرغۇر جەمەتى؛
كىيان جەمەتى؛
يۇسفى جەمەتى (ئۇزۇبي جەمەتى).
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى، تۇرغىيىش قەبىلىسى، جىرۇق قەبىلىسى، دۇچېىن قەبىلىسى،[1] قوغۇر سۇ قەبىلىسى[2] قاتارلىق جەمئى 23 خىلدىن ئارتۇق ئۇرۇق قەبىلىسى بار ئىدى. دەسلەپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلىنمىغان مەزگىلدە، ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان «تۇتۇق قوماندانلىرى يوق ئىدى»، پەقەت ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا «پېشۋا» (ئاقساقال) سىلا بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جورجان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مىلادى V ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كۆنچىنىڭ باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم ئىسيان كۆتۈرۈپ، جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان مەزگىلدە، ھاكىمىيەت تەشكىلى بارلىققا كېلىشكە باشلاپ، ئاپۇرغۇر ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغانىدى، دۆلىتىدىكىلەر بولسا «كۆل بىلگە» (ئۇلۇغ تەڭرىزادە دېگەن مەنىدە) دەپ، كۆنچىنى بولسا «كۆل بىي» (نائىب ھۆكۈمران دېگەن مەنىدە)

---

① بۇ قەبىلە توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى «ۋېينامە» 2 ـ جىلد، «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن كۆرۈڭ.
② بۇ قەبىلە توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

دەپ ئاتىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتە خانلىق ئورۇنىنى تالىشىش ۋە قوشنا مىللەتلەرگە قارىتا توختىماستىن بۇلاڭچىلىق ئورۇشىنى قوزغىغانلىقىدىن ئالغاندا، قاڭقىللارنىڭ جەمئىيىتىدە ئاللىقاچان سىنىپىي بۆلۈنۇش مەيدانغا كەلگەن ھەمدە قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىر كۈچى بارلىققا كەلگەنىدى.

قاڭقىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە ئاللىقاچان خۇسۇسىي مال - مۈلۈكمۇ پەيدا بولغاچقا، «ھەر كىمنىڭ مال - چارۋىلىرىنىڭ ئايرىم ئەن - تامغىلىرى (يەنى بەلگىلىرى) بار ئىدى. دالىدا بېقىلسىمۇ، ھېچكىم بىر - بىرىنىڭكىنى ئېلىۋالمايتتى»① ئۇنىڭدىن باشقا توي - تۆكۈندە، كالا بىلەن قوي جەزمەن توي سوۋغىسى قىلىنىشى شەرت ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىن يەنە ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قىلىناتتى. مانا بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مال - مۈلۈككە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدىلا يۈز بېرەتتى.

قاڭقىللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئىدى، «ئۇلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى، تېرىنى يېپىنچا، گۆشنى ئوزۇق قىلاتتى» ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا ماللىرىنى يېتىشتۈرەتتى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تاپشۇرغان ئولپان بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوقيا، بۇلغۇن تېرىسى، تۆگە، ئات، قۇلان تۇرىدىكى بۇيۇملار ئىدى. قول - ھۈنەرۋەنچىلىكتە، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق قاتارلىقلاردىن باشقا، ھارۋا ياساش كەسپىمۇ ئىنتايىن داڭلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ياسىغان ھارۋىلىرىنىڭ «چاقى ئېگىز، شادىسى

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

كۆپ ئىدى»[1] دەل شۇنداق بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبتىكىلەر
ئۇلارنى «قاڭقىل» (ئېگىز هارۋىلىقلار) لار دەپ ئاتىغانىدى.
توغبات تاۋ تەرىپىدىن جەنۇبقا كۆچۈرۈلۈپ چۆللۈكنىڭ جە-
نۇبىغا ئاپىرىلغان قاڭقىللار، دەسلەپتە «ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردا
ئولتۇرۇپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ»، كۆچمەن چارۋىچى-
لىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ئوتتۇرا
تۇزلەڭلىكتىكى رايونلارغا يېقىن بولغاچقا، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ
بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. شۇڭا «بىر قانچە يىلدىن كې-
يىن ئاستا - ئاستا ئاشلىقنى چۈشىنىپ»، دېهقانچىلىق قىلىشنى
ئۆگىنىۋالدى.
قاڭقىللارنىڭ ئاھالىسى كۆپ، چارۋىچىلىق ئىشلىرى راۋاج
تاپقانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دېڭگو 4 - يىلى بىلەن
5 - يىلى (مىلادى 389 - يىلى بىلەن 390 - يىلى) دىكى،
داۋۇۋدى توغبات گۇينىڭ روقۇن كۆلى بويىدا قاڭقىللارنى مەغ-
لۇپ قىلىپ، جەمئىي 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋە ئات، كالا،
قوينى غەنىمەت ئالغانلىقى[2] بىلەن شېنجياڭنىڭ 2 - يىلى
(429- يىلى) تەيۋۇدى توغبات تاۋنىڭ شەرقىي قىسىم قاڭقىللا-
رنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈك ئادىمىنى ئەل قىلدۇرۇپ، بىر مىليون
تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوينى غەنىيمەت ئالغانلىقى[3] ۋە
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن ئاپۇرغۇر بىلەن كۆنچىنىڭ
باشچىلىقىدىكى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم
ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ هەر بىر ئۆي (ئۆي يەنى تۈتۈننى
كۆرسىتىدۇ) دە بەش جاندىن ئادەم بار دەپ هېسابلىغاندا، قاڭقىل-
لارنىڭ ئاھالىسى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، ئەسىرگە ئېلىن-

① ② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار هەققىدە قىسسە».
② «ۋېينامە. تىيېزۇ هەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار هەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.
③ «ۋېينامە. شىزۇ هەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار هەققىدە قىسسە» ۋە «جورجانلار هەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

غان، ئەل بولغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، 2 مىليوندىن كەم
بولماسلىقى كېرەك.

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، روقۇن
كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 100 چاقىرىملىق دائىرىدە. چارۋىد-
چىلىق قىلىدىغان قاڭقىللار پەيدىنپەي كۆچەيدى، «دائىم جور-
جانلار بىلەن قارشىلاشتى، شۇنىڭدەك يەنە شىمالىي ۋېي سۇلالى-
سىگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ» ، جورجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلا-
لىسىگە تەھدىت سالدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
داۋۇدى توغبات گۇي كۆپ قېتىم ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغى-
دى، ھەمدە شەخسەن ئۆزى زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، تۇغلا
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، روقۇن كۆلى بويىدا قاڭقىللارنى مەغلۇپ
قىلدى؛ ئارقىدىنلا يەنە بۆرى تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى
خېتاۋنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان
قاڭقىللارنىڭ باشقا بىر تارمىقىغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىمۇ
مەغلۇپ قىلدى. توغبات گۇي يەنە بوران دەرياسى (ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلدىكى جىنىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا؛ 校
خېتى 隶 دەيمۇ ئوقۇلىدۇ) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاڭقىللارغا
ئۈچ يول بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان زور ئۇرۇشقىمۇ قوماندانلىق
قىلىپ، قاڭقىللارنىڭ 30 دىن ئارتۇق قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىل-
دى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ۋېي بېگى يىمۇ قوشۇن
باشلاپ، قۇملۇقنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن مىڭ چاقىرىملاپ
ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قاڭقىللارنىڭ قېچىپ يۈرگەن يەتتە قەبىلى-
سىنى تارمار قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ بۇ بىر قاتار
ھۇجۇمىنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن، «قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا
زور داۋالغۇش يۈز بېرىپ، قەبىلىلىرى پىتىراپ كەتتى» . كۆپ-
لىگەن قەبىلىلەر ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا كەينى - كەينى-
دىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. مەسىلەن، تۇرا

تېگىن قاڭقىللارنىڭ 900 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىگە باشچىلىق قىلىپ بەيئەت قىلغانىدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۇر مەيۋەتلىك سانغۇن، جىسەكچى بەگ، ھەربىي مەسلىھەتچى ئوتتۇغاتىنى بەردى، ھەمدە «20 مىڭ پاتمان ئاشلىق تەقدىم قىلدى». (斛 خېتى 胡 دەپمۇ ئوقۇلىدۇ، ئون كۈرە بىر پاتمان بولىدۇ). ئارقىدىنلا يان تېگىننىمۇ قاڭقىللارنىڭ 30 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ بەيئەت قىلدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغىمۇ بەھەيۋەت سانغۇن، جىسەكچى بەگ، ھەربىي مەسلىھەتچى ئوتتۇغاتىنى بەردى ھەمدە «كىيىم - كېچەك ھەدىيە قىلىپ، ھەر يىلى ھۆكۈمەت سېڭىدىن ئاشلىق ئاجرىتىپ تەمىنلىدى». بۇنىڭ بىلەن توغبات گۆينىڭ دەۋرى (مىلادى 386 - 408 - يىللار) دە، روقۇن كۆلى، بۆرى تېغى، بوران دەرياسى قاتارلىق جايلاردىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى ھەمدە تۇرا تېگىن، يان تېگىن قاتارلىقلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تەۋە بىر قەبىلىگە ئايلاندى.①

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان جورجانلارمۇ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى سەللان قالدۇق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، «چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى»غا كۆچۈپ كەتتى. سەللان جورجانلارنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر كۈچىنىڭ سىياسىي ۋەكىلى ئىدى، قۇل ۋە بايلىق توپلاش ئۈچۈن، شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. «چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى»دا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بەگتىبلى سەللان-

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

ىنىڭ «ئەسكىرى ئاجىز، قوشۇنى كېمىيىپ كەتكەن» پۇرسىتى-
دىن پايدىلىنىپ، قەبىلىسىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، جورجاد-
لارغا زەربە بېرىپ، غەلىبە قىلدى ھەمدە سەللاننىڭ قوۋملىر-
ىنىڭ «تۇرالغۇلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ خوتۇن -
قىزىنى ئەمرىگە ئالدى»، لېكىن ئۇ «غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ»،
بىخودلۇق قىلدى، «ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىلىنىپ قالغان» بول-
غاچقا، سەللاننىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەر-
دى. سەللان پېتىراپ كەتكەن قوۋملىرىدىن مىڭ ئادەمنى توپ-
لاپ، قوغۇرسۇ قەبىلىسى دەل «خاتىرجەم ئۇيقۇدا ياتقان» بىر
سەھەرلىكى قاڭقىللارنى يوشۇرۇن چاپ - چاپ قىلدى، بەگتېلە-
ىنىڭ قوۋملىرىنىڭ ئوندىن يەتتە - سەككىزى ئۆلتۈرۈلۈپ،
ئاران دېگەندە ئوندىن ئىككى - ئۈچ ئادىمى قېچىپ قۇتۇلدى،
قوغۇرسۇ قەبىلىسى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بەگتېلىنىڭ ئۆزىمۇ
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. ①

توغبات گۈي قاڭقىللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئو-
رۇنداش ئۈچۈن، كېيىن يەنە سانغۇن يى ۋېينىڭ باشچىلىقىدا
20 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، شىمالىي تەرەپتە كۆچمەن
چارۋىچىلىق قىلىدىغان قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىگە تۇيۇق-
سىز ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى.
دېمەك، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمى-
دا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان قاڭقىللاردىن سىرت، قاڭ-
قىللارنىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى، ئاساسەن دېگۈدەك
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندى.

توغبات گۈينىڭ دەۋرىدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق كۆچمەن قوۋملەرگە قارىتا،
«تارقاقلاشتۇرۇپ، دائىرە بويىچە ئولتۇراقلاشتۇرۇش» سىياسى-

① ② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»

تىنى قوللاندى، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەبىلە تەشكىلىنى
تارقىتىۋەتتى، ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى مۇقىم
بىر رايونغا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا يەر - زېمىن
بۆلۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىق ياكى ئولتۇراقلىق ھالەتتىكى چارۋى-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلدى. ئەمما قاڭقىللار
«ئادەتتە جۇشقۇن، جەڭگىۋار كېلىدىغان بولغاچقا، مەجبۇرىيەت-
لەرنى ئۆتەشنى خالىمىدى» («دائىرە بويىچە ئولتۇراقلىشىش»
قا ماسلىشالمىدى) بولغاي، بۇرۇنقى قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ
قېلىپ، داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈردى. ①
بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قى-
لىدىغان قاڭقىللارنىڭ «ئادەم ۋە مال - چارۋىلىرى كۆپ»،
تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە
باشتىن - ئاياغقىچە بەيئەت قىلمىغانىدى. تەيۋۇدىنىڭ شېنجيا
2 - يىلى (مىلادى 429 - يىلى) توغباتتاۋ سول قول چەۋەنداز
ئەن يۈەن قاتارلىق سانغۇنلارنى شۇنىڭدەك يېڭىدىن بەيئەت قىل-
غان قاڭقىللارنىڭ قوشۇنلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي بىر تۈمەن
ئاتلىقنى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.
شەرقىي قىسىم قاڭقىللارنىڭ نەچچە يۈز مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي
ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
ئىشى ئاخىرى تاماملاندى، بەيئەت قىلىشنى خالىمىغان قاڭقىل
قەبىلىلىرى ئىنتايىن ئاز ساندا بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق جورجان-
لارنىڭ بېقىندىسى بولۇپ تۇرىۋەردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يېڭىدىن بەيئەت قىلغان شەرقىي
قىسىم قاڭقىللارنىڭ نەچچە يۈز مىڭ ئۆيلۈك ئادىمىنى بايقال
كۆلىنىڭ بويىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقتە روييۈەندىن

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»

غەربتە ۋۇيۇەندىكى چوغاي تېغىنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈردى. بۇ بىر
قانچە يۈز مىڭ ئۆيلۈك قاڭقىل خەلقىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك
قىلىشى بىلەن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ چارۋىچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ راۋاج تاپتى. ئۇلار شىما-
لىي ۋېي سۇلالىسىگە «ھەر يىلى سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم
قىلىپ» لا قالماستىن بەلكى شىمالىي ۋېي «دۆلىتىنىڭ ئات ۋە
كالا - قويلىرىمۇ، قاڭقىللاردىن يەتكۈزۈپ كېلىنىدىغان بولغاچ-
قا، كېگىز - تېرىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى». نەتىجىدە چۆل-
لۈكنىڭ جەنۇبىدا بىر مەھەللىك گۈللىنىش مەنزىرىسى بار-
لىققا كەلگەنىدى.[1] V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، شىمالىي ۋېي
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېن چىڭ توغباترۇينىڭ دەۋرى (مىلادى
452 - 465 - يىللار) دە، «قاڭقىللارنىڭ بەش قەبىلىسىدىن
نەچچە يۈزمىڭلىغان ئادەم چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بىرلىكتە
كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىپ، ئات بەيگىسى ئويۇش-
تۇردى، مال - چارۋا ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى، سەيلە ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى
قۇتلۇقلاشتى، ئۇلارنىڭ بۇ مۇراسىمى بۇ قېتىمقىدەك مىسلىسىز
بولۇپ باقمىغانىدى.» بۇ ھەقىقەتەنمۇ قاڭقىللارنىڭ تارىخىدىكى
مىسلىسىز بىر ئەھۋال ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا چۆللۈكنىڭ جەنۇبى-
دىكى رايونلار، ئاساسەن قاڭقىللارنىڭ توپلىشىپ ماكانلاشقان
ئورنى بولغاچقا، ئۇلار بۇ جايلارنى «تېلى ۋادىسى» دەپ ئاتىغانى-
دى. شۇ سەۋەبتىن ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان تېلىلارنىڭ بىر
كۇبلېت خەلق قوشىقىدا، دەل چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ
چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان مەنزىرىسى بىلەن
قاڭقىل خەلقىنىڭ تىرىشچان مەردانە خاراكتېرى ھەقىقىي سۈرەت-

[1] «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار».

لەپ بېرىلگەنىدى. قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

تېلى ۋادىسى، چوغاي ئېتىكى،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۇپسۇزۇك، چەكسىز تاغ - دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي - كالا. ①

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قاڭقىل خەلقىنىڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغانىدى.

لېكىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىل خەلقىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغانىدى. قاڭقىل خەلقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا، قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايتتى. شۇڭا، قاڭقىل خەلقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى، توختىماستىن قارشىلىق كۆرسەتتى. مىلادى 471 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شيەنۋېندى توغبات خوڭنىڭ خوڭشىڭ 5 - يىلى) ياز 4 - ئايدا، غەربىي قىسىمدىكى تېلىلار (قاڭقىللار)② قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربىي قىسىم تېلىلارنىڭ چۈجيەنشيەن ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ياساۋۇللىرى بىلەن زور مىقداردا پارە ئېلىپ، نۇرغۇن بايلىقنى قاقتى - سوقتى قىلىۋالغان ئوردا دىۋان

① «نەزمىلەر توپلىمى» 86 جىلد، «تېلىلار قوشىقى»دىن كۆرۈڭ.

② خۇسەنشىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئوبزور»نىڭ 133 - جىلد سۇڭ مىگدىشىنىڭ جىنشى 7 - يىلىدىكى ماددىسىغا: «ۋېي شىزۇ (توغباتاۋ) جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قاڭقىل دەپ ئاتالغان تېلىلارنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلدى. ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى سەددىچىننىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلاشتى. ۋۇجۇ قورۇلى (ۋۇجۇ قورۇلى يەنى ھازىرقى سەنشە- نىڭ سۈيشيەن ناھىيىسىدىن داتوڭ شەھىرىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلار) نىڭ سىرتىدىكىلەر غەرب يەنى غەربىي قىسىمدىكىلەر، شەرقىدىكىلىرى شەرقىي قىسىمدىكىلەر. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇ- راقلىشىپ قالغانلىرى شىمالىي قىسىمدىكىلەر دەپ ئاتالغان» دەپ ئىزاھ بەرگەن. يۇقىرىدىكى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى «تارقاقلاشتۇرۇپ، دائىرە بويىچە ئولتۇراقلاشتۇرۇش» مەزگىلىدىكى تېلې قەبىلە تەشكىللىرى تارقىتىۋېتىلمىگەن قەبىلىلەر ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارغانىدى.

بېگى قىبىلارقاننى ھەم گاۋپىڭ قورغىنىنىڭ سانغۇنى شى لېڭنى ئۆلتۈردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رۇيىن بېگى تيەن سى بىلەن باش غوجىدار لويۈننىڭ باشچىلىقىدا باستۇرۇشقا زور قوشۇن ئەۋەتتى. تېلى خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋېي قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭدىن تولىسىنى قىرىپ تاشلىدى، لويۈننىڭ ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، تيەن سى ئاران دېگەندە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.① شۇ يىلى 10 - ئايدا ۋۇيې قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۇلانچې خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) بىلەن توڭۋەن قورغىنى (ھازىرقى شەنشىنىڭ يۇلىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەيچېڭزىدا) دىكى تېلى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغانلىرى قايتا يەنە يى جۇ (ئايماق ئورنى شىندۇدا، ھازىرقى خېبېينىڭ يىشيەن ناھىيىسى)، دىڭجۇ (ئايماق ئورنى لۇنۇدا، ھازىرقى خېبېينىڭ دىڭشيەن ناھىيىسى) ۋە شياڭجۇ (ئايماق ئورنى يېشيەندە، ھازىرقى خېنەننىڭ ئەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى) ئايماقلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى. مىلادى 472 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ يەنشىڭ 2 - يىلى) 2 - ئايدا، شەرقىي قىسىمدىكى تېلىلار قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جورجانلاردىن پاناھ ئىزلەپ كېتىپ قالدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا، ليەنچۈەن (ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) دىكى تېلىلار «ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ»، قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن مەجبۇرىي چىڭجۇ (ئايماق ئورنى لىبەندا، ھازىرقى شەندۇڭ-

① «ۋېينامە» 6 - جىلد «شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن 19 - جىلدتىكى «رۇيەن بېگى تيەن سىنىڭ تەرجىمىھالى»دىن كۆرۈڭ.

نىڭ يىدۇ ناھىيىسى) شۈجۈ (ئايماق ئورنى پىڭچېڭ شەھىرىدە، ھازىرقى جياڭسۇنىڭ شۈجۈ شەھىرى)، جىجۈ (ئايماق ئورنى لىچېڭدا، ھازىرقى شەندۇڭنىڭ لىچېڭ ناھىيىسى) ۋە چۈنجۈ (ئايماق ئورنى شياۋچۈدا، ھازىرقى شەندۇڭنىڭ چۈنجۈ ناھىيىسى) لىرىغا كۆچۈرۈلدى. مىلادى 473 ـ يىلى (يەنشىڭنىڭ 3 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا روشۈەن قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىڭخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىكى تېلىلارنىڭ ئىككى قەبىلىسى، جورجانلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جورجانلارغا ماسلاشتى.① يۇقىرىدىكى بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمى بىلەن مىللىي زۇلۇمىغا ئورتاق قارشى ئېلىپ بارغان زور كۆرىشى (ئالتە قورغان قوزغىلىڭى) نىڭ سىگنالى بولغانىدى. مىلادى 523 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋمىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى)، ئالتە قورغان قوزغىلىڭى ئاۋۋال خۋەيخۇاڭ قورغىنى (ھازىرقى خېبېينىڭ جاڭبېي ناھىيىسىدە) دا پارتلىدى. ياندۇرقى يىلى گاۋپىڭ قورغىنى (ھازىرقى نىڭشيانىڭ گوبۈەن ناھىيىسىدە) دىكى خەلقلەر قولانئېبن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاۋاز قوشتى. تېلىلارنىڭ ئاقساقىلى قۇت تېگىن گاۋپىڭ بېگى قىلىپ سايلىنىپ، ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شەرقىي قىسىم تېلىلار بىلەن غەربىي قىسىمدىكى تېلىلارمۇ كېلىپ قوزغىلاڭغا پائال قاتناشتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن زور قوشۇنى، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئالتە قورغان رايونى پۈتۈنلەي قوزغىلا-

① «ۋېينامە» 7 ـ جىلد «گاۋجۈ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ بىرىنچى قىسمىدىن كۆرۈڭ.

ڭچى قوشۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، قوزغىلاڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى جورجان قولدار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ جورجان ئاقسۆڭەكلىرى جەنۇبقا ئەۋەتكەن 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئىككى يىل تۆت ئاي داۋاملاشقان بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بەرگەنىدى.①

قاڭقىل خەلقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئۇلارنى مەجبۇرلاپ جەنۇبىي سۇلالىلەرگە ھۇجۇم قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى تەدبىرگىمۇ قارىتا، قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە نارازىلىق بىلدۈردى. مىلادى 498 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 22 ـ يىلى) شىياۋۋېندى قاڭقىللارنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي سۇلالىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئەمما قاڭقىللار «جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى خالىمىدى» ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان شۇڭقارنى ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «كەينى ـ كەينىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا قايتىپ كەتتى.» شىمالىي ۋېي سۇلالىسى باستۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، دەسلەپ قاڭقىللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، كېيىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى تىنجىتالىدى.②

① «ۋېينامە» 9 ـ جىلد «سوزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 48 ـ جىلد «كىرجۇتيەنگۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن كۆرۈڭ.
② «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسى جورجان ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، جورجانلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. دۇلۇن بىئوكتۇن قاغانىنىڭ دەۋرى (مىلادى 485- 492- يىللار) دە، جورجان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، قەبىلىلىرى تارقاپ كەتكەندە، جورجانلار تەرىپىدىن قۇللۇقتا تۇتۇلغان قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كۆنچەنىڭ «قارمىقىدىكى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمى» نىڭ تەسىر كۈچى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. مىلادى 487 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11 - يىلى) جورجانلارنىڭ دۇلۇن قاغانى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئاپۇرغۇر قاتارلىقلار قەتئىي قارشى تۇردى. دۇلۇن قۇلاق سالمىغانلىقتىن، ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كۆنچى «ئىسيان كۆتۈرۈپ، قوۋملىرىنى باشلاپ غەربكە كەتتى». ئۇلار جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئالدى قۇس (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئەتراپى) نىڭ غەربىي شىمالىدا، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. «ئېلىدىكىلەر» بولسا «كۆل بىلگە» (ئۇلۇغ تەگرىزادە دېگەن مەنىدە)، كۆنچىنى «كۆل بىي» (نائىب دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى. ئىككىسى ئۆز ئارا پۇتۇشۇپ «ئايرىم تۇردى». ئاپۇرغۇر شىمالغا، كۆنچى جەنۇبقا جايلاشتى.① جورجانلار كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قوزغىغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدى. كېيىن ئاپۇرغۇر قوۋملىرىگە باشچىلىق قىلىپ شەرققە كۆچۈپ، مىلادى 490 - يىلى

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

(شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 14 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئىككى دانە ئالتۇن ئوق تەقدىم قىلدى». قاڭقىللار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە: «جورجانلار تەڭرىقۇتقا دۈشمەنلىك قىلغاندا، توسىغان بولساقمۇ، قۇلاق سالمىغانلىقتىن ئىسيان كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ يەرگە كېلىپ ھاكىمىيەت قۇردۇق، شۇڭا تەڭرىقۇت ئالىيلىرى جورجانلارنى جازالاپ بەرگەن بولسا» دېدى. بۇ مەزگىلدە قاڭقىللارنىڭ كۈچى خېلىلا قۇدرەت تاپقانلىقتىن، پىشامشان (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مىرەن ئەتراپى) نى ئىشغال قىلدى، مىلادى 491 ـ يىلى قوچۇنىڭ كەن جەمەت بېگىنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى قوچۇغا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى.① قاڭقىل ھاكىمىيىتى بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. ئاپۇرغۇر بىلەن كۆنچى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن مىئوتۇ، ئىلبەگ قاتارلىقلار ھەمىشە ئولپان بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ «سەمىمىيىتىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈرگەنىدى». شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەن ۋۇدىنىڭ دەۋرى (مىلادى 500 ـ 515 ـ يىللار) دە مىئوتۇ بارىسكۆل (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بارىكۆل كۆلى) نىڭ شىمالىدا جورجانلارنىڭ ئاقساقىلى بىئۇكدانى ئۆلتۈرۈپ، بىئۇكدانىڭ چېچىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مىڭ ۋېيگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىئوتۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، بەش تۇياق قۇلان، ئالتۇن ـ كۈمۈش، بۇلغۇن تېرىسى ۋە باشقا بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىمۇ قاڭقىللارغا

① «جەنۇبىي چې پادىشاھلىقى تارىخى» 59 ـ جىلد «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ۋېينامە» 101 ـ جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى» دىن كۆرۈڭ.

ئەلچى ئەۋەتىپ، «بىر تۈركۈم مۇزىكا ئەسۋابلىرى بىلەن 80 نەپەر ھاپىز، ئون توپ قىزىل يىپەك، 60 توپ ئاۋار - دۇر-دۇن»① ھەدىيە قىلدى.

جورجانلار بىلەن ئېفتالىتلار نىڭ② قاڭقىللارغا قاراتقان ھەربىي بۇلاڭ - تالىڭى، شۇنىڭدەك قاڭقىل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى جەھەتتە تەخت تالىشىشتىن ئىبارەت ئۆزئارا قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، قاڭقىللارنىڭ كۈچى پەيدىنپەي ئاجىزلىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭ دىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (مىلادى 516 - 528 - يىللار) دا، قاڭقىللار جورجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. مىتوتۇ جورجانلارنىڭ قاغانى تەننۇ تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلدى. قاڭقىللارنىڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ئېفتالىتلارغا بەيئەت قىلدى. كېيىن مىتوتۇنىڭ ئىنىسى ئىلبەگ ئېفتالىت دۆلىتىدىن قايتىپ كېلىپ، قاڭقىللارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتا قۇرۇپ چىققىتى ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە «ئەلچى ئەۋەتىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى». شىمالىي ۋېي سۇلالىسىمۇ جاۋابەن گوجى قاتارلىقلارنى قاڭقىللارغا ئەۋەتىپ، ئىلبەگكە غەربىي ئىنجىتقۇچى سانغۇن، بارسكۆل ۋىلايىتىنىڭ ئاتابېگى، قاڭقىل خانى دېگەن ئۇنۋانلارنى بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاڭقىللار كۆپ قېتىم

---

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

② ئېفتالىتلار «挹怛» دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دەسلەپكى نامى «خۇاگو ئېلى» (滑国) ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار: بىر خىل قاراشتىكىلەر توخرىلاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر قاڭقىللاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. لېكىن ئېفتالىتلارنى توخرىلاشقان ھۇنلار دېگەن قاراش بىر قەدەر ئومۇمىي قاراش ھېسابلىنىدۇ، ھىندىستان بىلەن شەرقىي رىمنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغانىدى. ئېفتالىتلار مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئامۇ دەرياسى) نىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. 484 - يىلى پىرسىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلەت نامىنى (ئېفتالىت) دەپ ئاتىغان، پايتەختى باداھىس شەھىرى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلىغ شەھىرى) ئىدى. كېيىن كانگىيە، بۇخارا، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. VI ئەسىردە، ئېلىمىزدىكى جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەردىن لياڭ، ۋېي پادىشاھلىقلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلغان. كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، قەبىلىلىرى تارقاپ كەتكەن. VI — VII ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىگە ئولپان تەقدىم قىلغان.

جورجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلبەگ ئىنىسى يۈجۈ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلبەگنىڭ ئوغلى بى شى، يۈجۈنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يۈجۈنىڭ ئوغلى چۇبىن بولسا شەرقى ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىق تىلىدى. شەرقىي ۋېي سۇلالىسى يۈجۈگە قاغقىل خانى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى.① قاغقىللارنىڭ نەسەبى مانا مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ مەزگىلدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاللىقاچان شەرق، غەرب (مىلادى 534 ـ يىلى شەرقىي ۋېي بىلەن غەربىي ۋېيگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، تۈركلەر پەيدىنپەي باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان مىللەتكە ئايلاندى.

قاغقىللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلى «ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە سەل ـ پەل پەرق قىلاتتى»②. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار قاغقىللارنىڭ زادى قانداق تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ھۆكۈم چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى ئۇلارنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، فېڭ چېڭجۈن مۇنداق دەپ قارايدۇ: «قاغقىللار . . . ئۇلارنىڭ تىلى بىر خىل تۈرك تىلىدۇر»②.

ئامېرىكىلىق مىككوۋېن مۇنداق دەپ قارايدۇ: «قاغقىللار بىلەن ھۇنلار بىر خىل نىسبەتەن قەدىمكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى»③.

---

① ② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە».

② ③ فېڭ چېڭجۈن يازغان «قاغقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قاغقىل، پىشامشان ئاھالىلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى» ناملىق ماقالە، «خۇرېن ئىلمىي مەجمۇئەسى» نىڭ XI جىلد، 1 ـ، 2 ـ بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان، 1942 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

③ ④ مىككوۋېن يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى». جاڭ شىبىن تەرجىمە قىلغان نۇسخا (جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958 ـ يىل نەشرى) 210 ـ بەت.

ئەنگىلىيىلىك پاركېر (E • H • Parker) مۇنداق ھېسابلايدۇ: «قاڭقىل (kankalis) دېگەن بۇ سۆز، ھۇن دەۋرىدە دىڭلىڭ، كېيىنكى ۋېي دەۋرىدە قاڭقىل (گاۋچې)، تۈركلەرنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان، يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە يەنە قاڭلى (Kenkly) دەپ ئاتالغان. قاڭلى تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇنىڭ «ھارۋا» دېگەن مەنىسى بار»①

ھالبۇكى، ياپونىيىلىك شىراتورى كۇراكىچىمۇ مۇنداق ھېسابلايدۇ: «ۋېينامە» 103 - جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئاپۇرغۇرنىڭ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغاندىكى نامى بولغان «候娄匐勒» (كۆل بىلگە) دىكى «候娄» دېگەن سۆز تۈرك تىلىدىكى ulu ياكى ulug دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ 匐勒 بولسا تۈرك تىلىدىكى Beglik دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «بەگ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا شىراتورى كۇراكىچى قاڭقىللارنىڭ تىلىنى تۈركىي تىل دەپ قارىغانىدى.②

ئۇنىڭدىن سىرت، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «ئىلىك باغا تۇراتېگىن»، «چۇبە باغا پان تېگىن» ۋە «باغا چۇفېن ئۇيۇرتېگىن» دېگەن سۆزلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى «莫弗» دېگەن سۆز «سۇينامە» 84 - جىلد «شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە» دە «باغادۇر» ياكى «باغا» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، «سۇينامە» 84 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «تېلىلار ھەققىدە قىس-

① پاركېر يازغان «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، شياڭدا قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان نۇسخا، (شاڭخەي سودا نەشرىياتى، 1937 - يىل نەشرى) 111 - بەت. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 130 - جىلد «بۇخامىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «قاڭلى يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىل دۆلىتىدۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن.

② شىراتورى كۇراكىچى يازغان «تۇڭغۇس مىللىتى توغرىسىدا»، فاڭ جۈنيۇ تەرجىمە قىلغان نۇسخا، (شاڭخەي سودا نەشرىياتى، 1934 - يىل نەشرى) نىڭ داۋامى «كېش غوزلىرى توغرىسىدا» 58 - بەت.

ـسە» دە «ئېل كۆلۈگ شاد باغا ئىشپارا قاغان» ۋە «ئېل ئېتمىش باغا قاغان» دېگەن سۆز بار. «莫弗» ياكى «莫何» دېگەن سۆز، يەنى ھازىرقى زامان تۈركىي تىلىدىكى Batur دېگەنلىك بولۇپ، كۈچلۈك ياكى باتۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى نويان تېغىدىكى 25 ـ نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىن چىققان ساقاللىق، كۆك كۆز كەلگەن ھۇن ئادىمىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە كەشتىلىك رەسىم بىلەن شەنشىنىڭ چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ قېڭشى يېزىسىدىكى 140ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان قاڭشارلىق كەلگەن ھۇن ئادىمىنىڭ ئوبرازى نەقىشلەنگەن ئىككى پارچە ئۈزۈنچاق شەكىلدىكى مىس ھەيكەل، ھۇنلارنىڭمۇ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.[①] شۇڭا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان قاڭقىللارنىڭ تىلى «ھۇنلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە سەل ـ پەل پەرق قىلاتتى» دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس.

ھۇنلار گەرچە تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئالاھەزەل يېغىلىق، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپلا يەنى دىڭلىڭلار بىلەن ھۇنلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم مىللەتكە ئايلانغانىدى، شۇڭا ھۇنلار قاڭقىل ـ تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئەمەس، بەلكى تۈرك ئىرقىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. باشتا نەقىل كەلتۈرگەن «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان «تۈركلەر ھونلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى» دېگەن بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان «قاڭقىللارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلارنىڭ جيەنىدۇر» دېگەندە، ھۇنلار

---

① «ھۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئىرقىي تەۋەلىكى ۋە ئۇلارنىڭ موڭغۇل مىللىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دېگەن پاراگرافتىكى «ھۇنلارنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق قاملاشمىغان ئەسىرىمگە قاراڭ (جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل دېكابىردا نەشر قىلغان «مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە» ناملىق كىتابقا بېسىلغان).

بىلەن قاڭقىلىلارنىڭ بىر ئىرقتىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئىكەنلىكى مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلىپ بېرىلگەندى.

قاڭقىلىلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا قاڭقىلىلارنىڭ «ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دېمەي ھەممىسى يىغىلىشقا قاتنىشىپ، قۇرامىغا يەتكەنلەر① ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ نەغمە قىلىدۇ» غانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىپ ئۆتۈلگەن V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاڭقىلىلارنىڭ بەش قەبىلىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلغاندا، «ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان» لىقىدىن ئىبارەت كاتتا يىغىلىشمۇ، ئۇلارنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلغا قەۋەتلا ماھىرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار مۇزىكا بىلەن ناخشا ئېيتىشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، كۆپ قېتىم شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن مۇزىكا ئەسۋابلىرى بىلەن نەغمىچىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى.②

قاڭقىلىلار (تېلىلار) نىڭ خەلق قوشىقى بولغان «تېلېلار قوشىقى» ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

قاڭقىلىلارنىڭ توي - تۆكۈن رەسمىيەتلىرىدە يەنە ئاز بولمىغان ئىپتىدائىي ئادەتلەرنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قېلىنغانىدى. مەسىلەن، توي مۆھلىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئەر تەرەپ چوقۇم ئات - كالىلارنى سوۋغا - سالام قىلىپ قىز تەرەپكە تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا شەرەپ ھېسابلىناتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەر تەرەپ يەنە ھارۋا بىلەن توساق ياساپ، يىلقا توپىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سولاپ، قىز تەرەپنىڭ خالى-

① بۇنى قۇرامىغا يەتكەنلەر دېپ چۈشۈنۈشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما بەزىلەر «مول - ھوسۇل يىلى» دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ.
② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىلىلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈلسۇن.

غانچە تاللىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. قىز تەرەپتىن «توساقنىڭ
ئىچىگە كىرىپ چىققانلار ئاتنى ياۋداق مىنىپ توساقتىن چىققان-
دا، ئاتنىڭ ئىگىسى توساقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ھەدەپ قولىنى
پۇلاڭلىتىپ ئاتنى ھۆركىتەتتى، ئەگەر ئات ئۈستىدىكى ئادەم
يىقىلىپ چۈشمىسە، شۇ ئات تاللىناتتى، يىقىلىپ چۈشسە ئورنىغا
باشقىسى كىرىپ تاللايتتى، سان توشقاندا ئاندىن بولدى قىلاتتى».
دەپنە مۇراسىم ئادىتى بولسا «يەرنى ئازگال قىلىپ كولاپ،
مېيىتنى ئۇنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، بېلىكىنى چىقىرىپ قوياتـ
تى» ھەم ئوقيا، خەنجەر، شەمشەر قاتارلىق بۇيۇملىرىنى قوشۇپ
دەپنە قىلاتتى، بىراق «ئازگالنىڭ ئوچۇق قويۇپ كۆمەيتـ
تى».① يۇقىرىدىكى تويـ تۆكۈن دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ
ھەممىسى ئىنىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
ئىدى.

قاڭقىللار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئالەمنىڭ ئوتتۇرـ
سىدا روھ بولىدۇ، دەپ قارايتتى، بولۇپمۇ چاقماق چېقىشىغا
چوقۇناتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قاڭقىللار
«گۇلدۇرمامىنى ياخشى كۆرەتتى، ھەر نۆۋەت گۇلدۇرماما چېقىلـ
نى چۈشكەندە، چوقان كۆتىرىشىپ ۋارقىرىشىپ، كۆككە قارىـ
تىپ ئوق ئۈزەتتى، ئاندىن بۇ جايلارنى تاشلاپ باشقا جايلارغا
يۆتكىلىپ كېتەتتى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە مال سەمرىگەندە،
قايتىدىن گۇلدۇرماما چېقىنى چۈشكەن جايغا توپلىشىپ، قارا
قوچقارنى كۆمۈپ گۈلخان ياقاتتى. شامان دىنىنىڭ ئايال پېرىخو-
نى قولىغا پىچاق ئېلىپ، خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر
بەختسىزلىكنى قوغلىغاندەك، دۇرۇت ئوقۇيتتى. بىر توپ ئاتـ
لىقلارمۇ مۇشۇ دائىرىدە ئايلىنىپ، يۈز قېتىمچە ئايلانغاندىن
كېيىن ئاندىن بولدى قىلاتتى. كىشىلەر تالنىڭ شاخلىرىنى تۆ-

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

تۇپ، ئۇچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ، ئۇستىگە قېمىز تۆكەتتى».[1]

قاڭقىل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئېچىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىغا تۆھپە قوشقاندى. ئۇلار شەرقتە بايقال كۆلىدىن غەربتە ئالتاي ۋە تارباغاتايغىچە بولغان جايلارنىڭ قەدىمكى يايلاق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. قاڭقىل خەلقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا مۇھىم روللارنى ئوينىغانىدى. قاڭقىل خەلقى يەنە مول كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت ئىدى. V ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى ۋە جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق سىياسىتىگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ئۈچۈن شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى.

[1] «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈلگ.

# ئۈچىنچى باب تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى

## (1) تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى ۋە تۈمەننىڭ دۆلەت قۇرۇشى

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇلار بىلەن بىر مىللەت بولغان تېلىلار غايەت زور بىر مىللەت سىستېمىسىغا ئايلىنىپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي ۋە شەرقتە بايقال كۆلىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقالغانىدى. «سۇينامە» 84 ـ جىلد، «تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىـ لەرگە ئاساسلانغاندا، تېلىلار نۇرغۇنلىغان تارماقلارغا ئايرىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا، بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، پۇۋۇرغۇر، مېڭچىن، تۇرغۇيىش (تۈرگەش)، ئىزـ گىل، ھۇن، قوشۇ قاتارلىقلار بار ئىدى؛

ئېۋۇرغول (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى) نىڭ غەربىي، ئاگنى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى) نىڭ شىمالىدا، ئاق تاغ (يەنى تەڭرى تېغى بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىدا) نىڭ ئېتەكلىرىدە، چۇبە، بۇلاق، چىگىل، سىۋات، ناغ، ئوغۇز («شىمالىي سۇلاـ

لىلەر تارىخى» دا 乌护 دەپ يېزىلغان) ، قىرغىز، گەرتىش،
ئورانقاي («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا 於尼护 دەپ يېزىل-
غان) قاتارلىقلار بار؛

ئالتۇن تاغ (هازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىرتاردۇش، چارۇق، زابىندىر، توخسى قاتارلىقلار بار؛

كانگىيە (هازىرقى سەمەرقەند) نىڭ شىمالىي بىلەن ئېدىل دەرياسى (هازىرقى ۋولگا دەرياسى) نىڭ قىرغاقلىرىدا ئاز، هازار، بولغار، پەچەنەك، قاي، قىپچاق، سابار («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا 何嵯苏 دەپ يېزىلغان) ، چاقار، ياماك، كوتۇگۇر قاتارلىقلار بار؛

دېڭىز دەرياسى (هازىرقى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرال دەرياسى) نىڭ شەرقىي بىلەن غەربىدە ساراغۇر ساكسالىن، موكشا، چىركەس («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا 萨忽 دەپ يېزىلغان) نىڭ قاتارلىقلار بار؛

رۇم (شەرقىي رىم) نىڭ شەرقىدە ئونگىر، ئالان، باشقىرت، ئورۇقۇن قاتارلىقلار بار؛

شىمالىي دېڭىز (هازىرقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاگنۇ ئورانقاينىڭ شەرقىدىكى كوسكۇپ كۆلى) نىڭ جەنۇبىدا توباسى قاتارلىقلار بار. جەمئىي 41 قەبىلە بولۇپ، «ئۇرۇغ - جەمەتلىرى هەر خىل بولسىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تېلى دەپ ئاتىلاتتى» . هالبۇكى تۈركلەردىن ئىبارەت بۇ تارماق «سۇينامە» نىڭ بۇ قىسمىغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن كىرگۈزۈلمىدىكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «سۇينامە» نى تۈزگەندە، تۈركلەر ئاللىقاچان باش كۆتۈرۈپ چىققان هەم قۇدرەتلىك تۈرك هاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، تېلى قەبىلىلىرى ئومۇميۈزلۈك بويسۇندۇرۇلۇپ، «ئايرىم - ئايرىم هالدا شەرقىي

تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرگە تەۋە» بولغاچقا، تۈرك ھاكى-
مىيىتىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.① شۇڭا «سۈينامە»
نىڭ ئاپتورى تۈركلەر بىلەن تېلىلارنىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتى
بىلەن ئىرقى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىۋالالمىغانلىقى
تۈپەيلى، شۇ كىتابنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» سىدە، تۈرك-
لەرنىڭ ئەجدادلىرىنى خاتا ھالدا پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار
دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭدەك تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېكىن
مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تېپىلغاندىن
كېيىن، تۈركلەرنىڭ تېلىلار بىلەن بىر مىللەت ئىكەنلىكى يەنە
كېلىپ تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكى ئاندىن ئېنىق بولغانى-
دى.

تۈرك دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن «جۇنامە» 27- جىلد «يۈۋېنسى-
نىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرۈلگەنىدى. «يۈۋېنسىنىڭ تەرجىمىھا-
لى» دا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ داتوڭ 8- يىلى
(مىلادى 542 - يىلى) دىن بۇرۇن، تۈركلەر ھەر يىلى دەريا
سۈيى مۇز توڭلىغاندىن كېيىن، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ شىمالىي
چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇرغانىدى.
بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئاپرىدە بولغان جايى، جۇڭغار
ئويمانلىقىنىڭ شىمالى بولۇپ، ئەسلىدە بۆرىنى توتېم② قىلىدىغان
بىر قەبىلە ئىدى. بۇ قەبىلە ئۇن ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

---

① «سۈينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دە «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان شەرق بىلەن غەربكە جازا يۈرۈش قىلىشتا، پۈتۈنلەي تېلىلارنىڭ بايلىقى بىلەن ئادەم كۈچىدىن پايدىلاندى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

② ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار تويى ھەربىر خىل تەبىئىي نەرسە (ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك) نى بەلگە قىلىپ، ئۇنى ھەربىر ئۇرۇقنىڭ قانداشلىق ئالامىتى قىلىپ، مۇقەددەس ھېسابلاپ، چوقۇناتتى، بۇ توتېم دەپ ئاتىلاتتى.

قەبىلە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تېخىچىلا ماترىئارخاللىق جەمئىيە-
تىنىڭ تارىخىي باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. «جۇنامە» 50 ـ جىلد،
«تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«تۈركلەر ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ... (ئۇلارنىڭ ئەجدادى) بۆرە بىلەن قوشۇلغاچقا، بۆرە ھامىلدار بولۇپ،①ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئون ئوغۇل چوڭ بولۇپ، سىرتتىكىلەردىن خوتۇن ئېلىپ، خوتۇنلىرى ھامىلدار بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ، ئاشىنا شىر شۇلاردىن بىرى ئىكەن».

يەنە شۇ كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«نار تىلەك شاد ئون خوتۇن ئېلىپتۇ، تۇغۇلغان باللىرى-نىڭ ھەممىسى ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قى-لىپتۇ، ئاشىنا شىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك خوتۇندىن تۇغۇل-غان بالىسى ئىكەن.»

ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى جەمەتلىرى بويىچە جامائە چېدىرلىرىدا تۇنەپ، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك، سىنىپ ۋە ئېكسپلاتاتسىيە بولمىغان ئىپتىدائىي ئۇرۇق جەمئى-يىتىدە ياشايتتى. قوچۇ (ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپان) نىڭ شىمالىدىكى تاغ (ھازىرقى بوغدا تېغى) غا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاھالىسى ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقى-رىشنىڭ كۈنسايىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرلەر ئىش-لەپچىقىرىشتا پەيدىنپەي ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ ئەتراپى، قەدىمدىن تارتىپ مىس، تۆمۈر، نۇشۇدۇر، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە يەنە «ھەربىي تۆشىنىڭ ئۆمتىگە زەردىن ئىشلەن-گەن بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلەتتى، ئادەتتە ياساۋۇلىنىڭ ئۆزىنى «بۆرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شىيالىق-لارنىڭ تىلىدا بۆرە دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقى قىسمىدىمۇ «قاراڭغا ھەمىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ياغاچقا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن زەر تۇغ ئېسىپ قويۇلۇپ، شەرققە قارىتىپ قويۇلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

مەشھۇر ئىدى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇ جاي — «كېچىسى ئوت يالقۇنى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان، كۈندۈزى ئىس - تۈتەك چىقىپ تۇرىدىغان، كىشىلەر ئۇنىڭدىكى ھاك ئېرىتمىلىرى بىلەن بۇ تاغدىن چىقىدىغان تۆمۈر رۇدىسىنى تاۋلاپ، ئۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى تەمىن ئېتىدىغان» مۇھىم تۆمۈر ئېرىتىش قول سانائەت رايونى ئىدى،① شۇڭلاشقا تۈركلەر مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئالاھازەل، مۇشۇ مەزگىلدە، تۈركلەر ماترىئارخاللىق جەمئىيەتتىن، پاترىئارخاللىق جەمئىيەتكە ئۆتتى. دەسلەپكى تۈرك جەمئىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: «باشقىلار بىلەن ئويناش قىلغان ئاياللار (ئېرى بار ئاياللار)» ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، «باشقىلارنىڭ قىزلىرىغا يامان نىيەتلىك قىلغانلار (ئېرى يوق قىزلارغا)» كۆپلەپ مال - مۈلۈك تۆلىتىۋېلىنغاندىن كېيىن يەنىلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قىز ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.② بۇ ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىكى ئىنكاسىنىڭ كاپالىتى بولۇپ، دەل تۈركلەرنىڭ ئەرلەرنى مەركەز قىلغان جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئىدى. تۈركلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا يەنە باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگەنلەر، ئۆزىنىڭ قىزىنى تۆلەم ۋاستىسى③ قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مانا بۇ ئاتىنىڭ ئۆز قىزىنى مال - مۈلۈك ھېسابىدا ئۆز جىنايى قىلمىشى ئۈچۈن تۆلەم ئورنىدا بېرىدىغانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، پاترىئارخاللىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى ئىدى. مىلادى V ئەسىرنىڭ

---

① «دەرىيالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» 2 - جىلد «ئېقىن سۇلار ئىزاھلىرى»، «شى جەمەتىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىسى»دە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.
② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
③ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

ئوتتۇرىلىرىدا جۇرجانلار قوچۇنى بويسۇندۇرغاندا، تۈركلەر جۇرجانلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئالتۇن تاغ (هازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كۆچۇرۇلۇپ، جۇرجان قۇلدارلار هاكىمىيىتى ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىدى، جۇرجانلارنىڭ قاغانى ئۇلارنى پەس كۆردى، ئۇلارنى «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتىدى. ئالتۇن تاغنىڭ شەكلى تۈركە (دومۇ دەپ ئوقۇلىدۇ، يەنى هەربىي تىغدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن باشقا كىيىدىغان دوبۇلغىنى كۆرسىتىدۇ) شەكلىدە بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئادىتىدە تۈركە «تۈرك» دەپ ئاتىلىپ، تۈركلەر شۇنىڭدىن باشلاپ «تۈرك» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى.① تۈركلەرنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايلىرىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان تارىخى «بۆشۈكى» مەملىكىتىمىزنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى هازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى ئىدى.

٧ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، جۇرجان هاكىمىيىتىنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى قۇل قىلىنغان هەرقايسى قەبىلىلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە قېچىپ كەتتى ۋە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاڭقىل (چىلى) لارنىڭ هەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقى ئەڭ كەسكىن بولدى. مىلادى 478 ـ يىلى، قاڭقىل قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈك (تۈتۈن) تىن ئارتۇق ئادىمى كوللېكتىپ هالدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن غەربكە كۆچۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، جۇرجان قۇلدارلىرىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلدى، كېيىن يەنە جۇرجانلارغا قارشى 30 يىلدىن ئارتۇق سوزۇلغان تىركىشىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى،② بۇ خىل قۇللۇقتا قارشى تۇرۇش كۈرشى، جۇرجان قۇلدار-

---

① «جۇنامە. تۈركلەر هەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «جۇرجانلار هەققىدە قىسسە» بىلەن «قاڭقىللار هەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

لار ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەت-
كەنىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەرمۇ پەيدىنپەي جۇرجان ھاكىمىيە-
تىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، قۇللۇق ئورنىدىن ئازاد بول-
دى. ئازادلىققا ئېرىشىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، تۈركلەر-
نىڭ چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن تۆمۈر تاۋلاش كەسپىنىڭ تەرەققى-
ياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلى-
رى بىلەن قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى غەربىي ۋېي خانلىقى
بىلەن غەربىي يۇرتقا سېتىشقا باشلىدى، شۇنىڭدەك VI ئەسىرنىڭ
دەسلەپكى يېرىمىدىن باشلاپ، غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن رەسمىي
سودا قىلىشقا باشلىدى.①

غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ داتۇڭ 11 - يىلى (مىلادى 545-
يىلى) دىن بۇرۇن تۈركلەرنىڭ يولباشچىسى ئاشىنا تۈمەننىڭ «قە-
بىلىسى سەل - پەل كۆچەيگەنلىكتىن، سەددىچىنىنىڭ سىرتىغا
كېلىپ يىپەك سودىسى قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلىشقا
باشلىغانىدى». داتۇڭنىڭ 11 - يىلى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ
پادىشاھى ۋېندى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتكەندە، تۈركلەر خۇرسەن
بولۇپ، «چوڭ ئەلنىڭ ئەلچىسى كېلىپتۇ، ئېلىمىز ئەمدى كۈ-
چىيىدىغان بولدى» دېيىشكەنىدى. داتۇڭنىڭ 12 - يىلى «تۈمەن
ئەلچى ئارقىلىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتكەنىدى».② بۇ خاتىرى-
لەر تۈركلەر جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇش-
تىن ئىلگىرىلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن مەلۇم
مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى (مىلادى 546-
يىلى)، تۈركلەرنىڭ يولباشچىسى ئاشىنا تۈمەن قوۋملىرىگە باش-

① «جوۋنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② يۇقىرىدىكى نەقىللەرنى «جوۋنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دىن كۆرۈڭ.

چىلىق قىلىپ، تېلىلارنىڭ قەبىلىلىرىدىن 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى مەغلۇپ قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاچقا، كۈچى تېخىمۇ روزىيىپ، جۇرجانلاردىن قۇدۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇرجانلارنىڭ قاغانى ئاناغاي (گۇي دەپ ئوقۇلىدۇ) قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تىل سېلىپ، «سەن مېنىڭ بازغانچى قۇلۇم تۇرۇقلۇق، قانداقلارچە بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلدىڭ» دېدى،[①] تۇمەنمۇ غەزەپلىنىپ، جۇرجان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جۇرجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، دەرھال غەربىي ۋېي خانلىقىدىن قۇدۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. داتۇڭنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 551ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، غەربىي ۋېي خانلىقى مەلىكە چاڭلېنى تۇمەنگە خوتۇنلۇققا بەردى. غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ فېيدى تۇنجى يىلى (552 ـ يىلى) باھار 1 ـ ئايدا، تۇمەن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. تۇمەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا، يەنى چۆللۈكنىڭ شىمالىنى مەركەز قىلىپ، بىر تۈرك ھاكىمىيىتى — تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ جاكارلىدى. مىلادى 553ـ يىلىنىڭ بېشىدا، تۇمەن ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى قارا تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى ئىشىگ قاغان دەپ ئاتىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئىنىسى يەندۇ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى مۇقان قاغان دەپ ئاتىدى. مۇقان قاغاننىڭ دەۋرى (553 ـ 572 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئاخىرى ۋە شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى مەزگىلى) دە تۈركلەرنىڭ كۈچى تېخىمۇ كۈچەيگەچكە، جۇرجانلارنى يوقىتىپ غەربتە ئەفتالىتلارنى

---

① جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە،

مەغلۇپ قىلدى، شەرقتە قىتان ۋە تاتابىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شىمالدا قىرغىزلارنى قوشۇۋېلىپ، [1] سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى قوۋۋملەرنى بويسۇندۇردى. بۇ مەزگىلدە تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىنتايىن كېڭەيگەن بولۇپ، «شەرقتە لياۋخەي (ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى پىنخەي ئەراپىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ غەربىدىن، غەربتە غەربىي دېڭىز (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىز) غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 5 مىڭ چاقىرىم دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى». [2] قاغان بارگاھى (ئوردىسى [3] ئۆتۈكەن تېغى يەنى ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) غا تەسىس قىلىنغانىدى.

### (2) تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى

تۈركلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار «سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ» كۆچمەنلىك تۇرمۇشى كەچۈرەتتى، كېگىزدىن ياسالغان قارا ئۆيلەرنى تۇرالغۇ قىلىپ، گۆش بىلەن قېتىقنى ئوزۇق، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىپ، كېگىزنى سېلىنچا قىلاتتى، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر

---

① قىرغىزلار يەنى «خەننامە» دىكى خاككەسلەر بولۇپ، «كونا تاڭنامە» دە قىرقىز، «يېڭى تاڭنامە» دە قىرقىز دەپ ئاتالغان، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا قىرغىز دەپ تىلغا ئېلىنغان، ھازىر قىرغىز دەپ ئاتىلىدۇ.

② «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

③ قەدىمكى دەۋردە ھەربىي قوشۇنلار يۈرۈشكە چىققاندا، چېدىرىنى بارگاھ تۇغى بولىدىغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، گازارما تەسىس قىلىنىپ تۇغ تىكلەنسە، قوشۇن قوماندانى دەپ قارىلىپ، بارگاھ ئىشىكى دېيىلەتتى. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يېزىلغان «جاۋ مىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار» دىكى جاڭ خىڭنىڭ «شەرقىي ئاستانە نەزمىسى» گە بېرىلگەن ئىزاھىدا: «قەدىمكى دەۋردە تەڭرىقۇتلار يۈرۈشكە چىققاندا، چوڭ بارگاھ بىلەن تۇغ ياسايتتى، يەنى گۈنى، چېدىر شەكلىگە كەلتۈرۈپ ياسايتتى، شۇڭا ئۇ بارگاھ تۇغى دەپ ئاتىلاتتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن فىڭ يەن يازغان «فىڭ يەننىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى» نىڭ 5- جىلدىدا، «قوشۇن قوماندانىدىكى چوڭ تۇغ ئادەتتە بارگاھ تۇغى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىي قوشۇندىكى ئەمىر - پەرمان، بويرۇقلار چوقۇم بارگاھ تۇغى ئاستىدا يەتكۈزۈلەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ سەۋەبلىك قاغان ئوردىسى «بارگاھ» دەپ ئاتالغاچقا، ئوردا قورۇشنى ئادەتتە «بارگاھ قورۇقى» دەپمۇ ئاتايتتى.

ئىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ دائىملىق ئىشلىتىدىغان قوراللىرىدىن ئەگرى دەستىلىك ئوقيا، ئاۋازلىق ئوق (يەنى ئاۋازلىق يا ئوقى بولۇپ، نەيگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىراتتى)، ساۋۇت، نەيزە (يەنى ئۇزۇن ساپلىق نەيزە)، خەنجەر، شەمشەر قاتارلىقلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئاساسەن ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.①

تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىقى ئىنتايىن تەرەققىي تاپقانىدى. تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقىدا، مۇقان قاغان «نەچچە يۈز مىڭ ئوقيالىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانىدى» (ئوقيالىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇش يەنى ئاتلىق ئوقيالىق قىسىملاردۇر)،② تابار قاغانمۇ بىر قانچە يۈز مىڭ ئوقيالىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانىدى؛ ئىشپارا قاغانىنىڭمۇ 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى،③ سىۋار قاغانىنىڭمۇ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى؛④ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىستەمىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بار،⑤ ناردۇ قاغان ئاپا قاغانىنىڭ باشقۇرۇشىغا 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بۆلۈپ بەرگەنىدى،⑥ تونيابغۇ قاغان نەچچە يۈز مىڭ ئوقيالىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانىدى، ئىشپارا قاغان (ئاشىنا قۇل) نىڭمۇ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى،⑦ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئېلىك قاغانىنىڭ بىر قېتىمدىلا چىقارغان ئاتلىق قوشۇنى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.⑧

---

① «سۈينامە» 84 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
② «جۇنامە» 9 ـ جىلد «ئاشىنا خانىشىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.
③ «سۈينامە» 89 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
④ «سۈينامە» 4 ـ جىلد «ياڭ دى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.
⑤ «كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغان قاراڭ.
⑥ «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.
⑦ «كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.
⑧ «يېڭى تاڭنامە» «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاپاغان قاغانىنىڭمۇ 100 مىڭ كىشىـ
لىك ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى.[①] ئەگەر ھەر بىر ئەسكەردە بىر
ئات بار دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇ ھالدا جەڭ ئاتلىرىنىڭ سانىمۇ
مىليون تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ؛[②] ئۇنىڭ ئىچىدىكى
غەيرىي جەڭ ئاتلىرىنىڭ سانىنى بولسا تېخىمۇ مۆلچەرلىگىلى
بولمايدۇ، مانا مۇشۇنداق غايەت زور چوڭلۇقتىكى ئاتلىق قوشۇنـ
دا، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقـ
تۈلۈكلەر جەزمەن كۆپ مىقداردىكى كالا، قوي قاتارلىق چارۋا
مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق تەييار قىلىنغاندىلا، ئاندىن كاپالەتكە
ئىگە قىلىناتتى. شۇڭا سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى
(مىلادى 599ـ يىلى)، بۇمىن (چىمەن) قاغان ئۆز ـ ئۆزىگە
تۈركلەرنىڭ قوي ـ ئاتلىرى «تاغ ـ جىلغىلارغا تولۇپ كەتتى»[③]
دېگەنىدى. رېنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (601 ـ يىلى) بۇمىن (چىـ
مەن) قاغان ئاخۇت سىيلىق ئېركىن تەرىپىدىن بۇلاڭـتالاڭ
قىلىنغاندا، بىر قېتىمدىلا بۇلاپ كېتىلگەن چوڭ ـ كىچىك
چارۋىلارنىڭ سانى 300 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەنىدى.[④]
ئۇنىڭدىن باشقا، «جۇنامە» 28 ـ جىلد، «شى نىڭنىڭ تەرجىمىـ
ھالى»دا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ گوڭدى 3ـ

---

① يىڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

② كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى. كۆپىنچە ئادەم ۋە ئات ئارقىلىق سانىلاتتى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا ئاتلىنىش» نەزمىسىدە ئۇيغۇرلار «بەش مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، بىر تۈمەن ئات مىنگەن» دېيىلگەن («توققۇز ئۇلىسا توپلىمى دۇفۇ نەزمىسى شەرھىي» 3 ـ جىلدقا قاراڭ). مەسىلەن يەنە «يىڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى قوشۇمچە «سىر تاردۇشلار ھەققىدە قىسسە»دە: سىر تاردۇشلارنىڭ «بىر ئەسكىرى يۇرۇشتە تۆت تۇياق ئاتقا ئىگە بولاتتى» (يەنى ھەر بىر ئەسكەر تۆت تۇياق ئات ئېلىۋالاتتى) دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاۋكۇڭ يازغان «مۇڭغۇل، تاتارلىق مۇداپىئەسى ھەققىدە خاتىرە»دە موڭغۇللار «يۇرۇشكە چىققاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر قانچە ئېتى بولاتتى. كۈندە بىر نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ قالمايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يىلىڭ دايا يازغان «قارا تاتارلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات»نىمۇ موڭغۇللار «يۇرۇشكە چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئاتتىباشلىرى بىردىن ئات مىنىسىمۇ، بەش ـ ئالتە ياكى ئۈچ ـ تۆت تۇياق ئاتنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىۋالاتتى. ئادەتتە جىددىي ياردەم ئۈچۈن شۇنداق تەييارلىنىۋالاتتى، بولمىدى دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى تۇياقچە ئېتى بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

③ «سۈيىنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

④ «سۈيىنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

يىلى (556- يىلى) مۇقان قاغاننىڭ شى نىڭغا بىر قېتىمدىلا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن چارۋىلىرىنىڭ ئىچىدە 500 تۇياق ئات، بىر تۈمەن تۇياق قوي بولغان، «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىمۇ خاتىرىلىنىشىچە، سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 8 - يىلى (588 - يىلى)، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بىر قېتىمدىلا بىر تۈمەن تۇياق ئات، ئىككى تۈمەن تۇياق قوي، ۋە تۆگە، كالىنىڭ ھەر بىرسىدىن 500 تۇياق تەقدىم قىلغانىدى. بۇنىڭدىن چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ قانچىلىق تەرەققىي قىلغانلىقى-نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن، تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى مۇقىم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىش جەريانىنىڭ ئۆزى، پەقەت ئەڭ زور دەرىجىدىكى تەبىئەتتىن پايدىلىنىشلا بو-لۇپ، بەلكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر تۆۋەن شارا-ئىتتا، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن ئىدى، بىرەر قېتىم يامغۇر، قار ئاپىتى ۋە سوغاق بالدۇر چۈشۈپ كەتسە، چارۋا - ماللار كۆپلەپ قىرىلىپ كېتەتتى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈزلىنىشىمۇ كاساتلىشىپ، ھاكىمىيەتمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتەتتى. مەسىلەن، سۇي ۋېندىنىڭ چىقارغان يارلىقىدا، ئىشپارا قاغاننىڭ ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغانىدى:

«تۈرك قوۋملىرى سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ئۆز - ئۆزىنىلا تەمىنلەپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى ئۆتكەن يىلىنىڭ تۆتلا پەسلىدە بىرەر قېتىممۇ يامغۇر ۋە قار ياغمىغاچقا، دەريا ئېقىنلار قۇرۇپ، ئوت - چۆپلەر قاغجىراپ كەتكەچكە، ئادەم ۋە چارۋىلار-نىڭ تېخى قىرىلىپ كەتتى، شۇڭلاشقا تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى ئو-رۇنلىرىدا، تارتىشقىدەك ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، چۆللۈكنىڭ

جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىشى بىر مەزگىللىك جان ساقلاشتىنلا ئىبا-
رەتتۇر.»①

مانا مۇشۇنداق تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا، ئىشپارا قاغان، قىلچە
ئامال قىلالمىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوۋملىرىمۇ ئۆلۈمنى
كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. «ئەينى ۋاقىتتا، تۈركلەردە
ئاچارچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئوزۇق تېپىپ يېيىشكە
ئىمكان بولمىغانلىقتىن، ئۇستىخانلارنى تالقان قىلىپ ئوزۇق
قىلغانىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قېتىم ۋابا تارقالغانلىقى ئۇ-
چۇن، ئۆلگەنلەر تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەنىدى».②مەسىلەن، يەنە
تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكىدىكى ئېلىك
قاغاننىڭ دەۋرىدە، «ئۇزۇلدۇرمەي يۇز بەرگەن قار ئاپىتىدە،
چارۋىلارنىڭ تەگدىن تولىسى قىرىلىپ كەتكەچكە، ئەل ئارىسىدا
زور ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنىدى»،③بۇنىڭ بىلەن كۈچى تېخىمۇ
ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، بۇ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلارنى
يوقىتىشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بەرگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.
بۇ خىل ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇقىمسىزلىق سىياسىي جەھەتتە
ئەكس ئەتكەندە، ھاكىمىيەت تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، تۇيۇقسىز
ئاجىزلاپ، تۇيۇقسىز روناق تېپىپ، تۇيۇقسىز زاۋاللىققا يۈز
تۇتاتتى.

چارۋىچىلىق تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم
ئاساسى ئىدى. خۇددىي تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدى-
غان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جىڭ يۈەنتاۋ ئېيتقاندەك،
«تۈركلەرنىڭ روناق تېپىپ، مۇنقەرز بولۇشىدا، قوي بىلەن
ئاتلار بىردىنبىر ئۆلچەم بولالايتتى».④بۇنىڭدىن چارۋىچىلىقنىڭ

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
③ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.
④ «كونا تاڭنامە» 62 ـ جىلد «جىڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوۋچىلىقمۇ بەلگىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ۋەزىرى تونيوقۇق «تۈركلەرنىڭ ئاھالىسى بەكلا ئاز بولۇپ، تابغاچلارنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن تابغاچلار بىلەن دۈشمەنلىشەلىدىكى، بۇنىڭدا ئەل ئۇلارنىڭ سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، ئوۋچىلىقنى كەسىپ قىلغانلىقى سەۋەب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاشنا قۇتلۇق تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەندە (مىلادى 682 ـ يىلى)، 700 ئادەم توپلاپ قارا قۇم شەھىرى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خۇخاخوت شەھىرىنىڭ شىمالىدا) نى ئىشغال قىلىپ، كېيىنكى تۈرك قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ تىرىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا، پۈتۈنلەي ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامداشقا تايانغان ئىدى. تۈرك يېزىقىدىكى «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«بىز چوغاي قۇزى ۋە قارا قۇمدا ئولتۇراقلاشقانىدۇق، كىيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقىمىزنىڭ قارنى توق ئىدى. . . . . . . (ئەينى ۋاقىتتا) بىز مۇشۇنداق كۈن ئۆتكۈزگەنىدۇق».

غەربىي تۈركلەرنىڭ تونيابغۇ قاغانى دائىم كۆپلىگەن مەرھەملىرى ۋە نۆرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقاتتى، بىر قېتىم سۇياب شەھىرى (يەنى سۇياب قەلئەسى بولۇپ، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق قەدىمىي

①  «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد «تۈركلەر» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211 ـ جىلدىتىكى تالڭ شۇەنزاڭنىڭ كەيۈەن 4 ـ يىلى، قىش 10 ـ ئايدىكى ماددىسى.

شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) دە ئوۋغا چىققاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىي راھىبى شۈەنزاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى①. شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىلىك قاغانى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، «غەمكىن بولۇۋېلىپ، ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، يىغانى ئۆرلەپ، ياش تۆكەتتى». تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ «ھالىنىڭ ئۇنداق خاراپلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن»، يەنىلا ئۇنى گوجو ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىكىگە تەيىنلىگەنىدى، چۈنكى گوجو ئايمىقى ئەتراپىنىڭ «يېرىدە ئاق قۇيرۇق (بۆكەن)، بۇغا» ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىدى، «شىكار قىلىشقا ئەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق خاراكتېرىنى يوقۇتۇپ قويىمىغىلى بولاتتى»②، يەنى مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇلارنى شىكار قىلىشقا يول قويغاندا، تۈركلەرنىڭ ئوۋچىلىق قىلىش ئادىتىنى ھەمدە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش مىجەز - خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە. يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەندەك، تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تاغدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدىلا، مىتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى، V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدە، جۇرجان قۇلدارلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇرجان ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن «بازغانچى قۇللار» دەپ كەمسىتىلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە تۆمۈر تاۋلايدىغان قول سانائەتچىلەر ئىدى. بۇنىڭدىن تۆمۈر تاۋلاش قول سانائىتى-

---

① تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب خۇيلى يازغان «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ سېھرى شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ ئالىملىق ئوم بىتىنگ ئۇستازى تەرجىمىھالى» 3- جىلدقا قاراڭ.

② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

نىڭ خېلى بۇرۇنلا تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە مۇستەقىل بىر قول سانائەت تارمىقى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

غەرب ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئىستەمى قاغان (مىلادى 562-576- يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەۋرىدە، شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىسى زېماركۇس (Zemarehus) غەربىي تۈركلەرگە ئەلچىلىككە كېلىپ، سوغدىيانىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، تۈركلەردىن بەزى كىشىلەر تۆمۈر ئېلىپ كېلىپ سېتىۋېلىشىنى ئۆتۈنگەن. زېماركۇسنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ھەقىقەتەن تۆمۈر سېتىش ئەمەسكەن، «ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئۆز ئېلىدە تۆمۈر كانلىرىنىڭ بارلىقىنىلا بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن، تۆمۈر ساتقۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى، باشقا ئەللەردە تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئاسان ئەمەس، پەقەت ئۆز ئېلىنىلا بىردىنبىر تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەل ھېسابلايدىكەن».① زېماركۇس ئېيتقان تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى رىئاللىق بولۇشى ناتايىن، ئەمما تۈرك جەمئىيىتىدە مېتال تاۋلاش قول سانائىتىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا يەنە تۈركلەرنىڭ ھەربىي قوراللىرىنىڭ ئىچىدە ئاۋازلىق ئوقيا، ساۋۇت، ئۇزۇن ساپلىق نەيزە، خەنجەر، شەمشەر قاتارلىق كۆپ خىللىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، گەرچە تارىخنامىلەردە بۇ ھەربىي قوراللارنىڭ تۆمۈردىن ياكى مىستىن ياسالغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ،

① جاڭ شىڭلاڭ تۈزۈپ ئىزاھلىغان «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» (جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى، 1978 - يىلى نەشرى) 4 - كىتاب 285 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

لېكىن ھەربىي قوراللارنى ياساش چوقۇم مېتال تاۋلاش قول
ساناىئىتىنى قۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. بولۇپمۇ تۈركلەر
كۆچمەن قوۋم، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئى-
دى، باشتا نەقىل كەلتۈرگىنىمىزدەك تۈركلەرنىڭ «ئوقيالىقلى-
رى» (ئوقياچى قىسىم) ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا نەچچە ئون
مىڭ ھەتتا نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر ئەس-
كەرنى ھەر بىر ئايدا ئون دانە ئوقنى چىقىم قىلىدۇ دەپ ھېسابلى-
غاندا (ئەمەلىيەتتە بۇ سان بىلەن چەكلەنمەسلىكى كېرەك)، يا
ئوقى ياسايدىغان مىس، تۆمۈر كېنى ۋە مېتال تاۋلاش ئىقتىدارى
بىلەن ئۇنىڭغا كېتىدىغان مىقدار بىلەن كۆلىمىنىڭ ئۆزىلا يېتەر-
لىك بولۇش شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا تۈركلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش
بىلەن مىس قۇيمىچىلىق قول ساناىئىتىنى جەزمەن ئىنتايىن تە-
رەققىي قىلغان دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «يېڭى تاڭنامە»
217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى، قوشۇم-
چە «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» دە قىرغىز ئېلىدە بىر خىل
«كاسا» دەپ ئاتىلىدىغان تۆمۈرنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ
«ھەربىي قوراللارنىڭ تىغىغا ئىشلىتىلىدىغان» لىقى، تۈرك ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ بۇيرۇق بويىچە ئۇنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئالدۇرۇپ
كېلىپ، ھەربىي ئېھتىياجىنى قامدايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ-
نىڭدىن تۈركلەرنىڭ ھەربىي قوراللىرىنىڭ (ئاز دېگەندە، ئاساس-
لىق قوراللاردا) تۆمۈر تاۋلاش قول ساناىئىتىنىڭ ئاساسىغا قۇ-
رۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، زېمىركۆس
كۆرگەن ئىستەمى قاغان ئولتۇرغان ئىككى چاقلىق ئالتۇن ئو-
رۇندۇق، قاغان چېدىرىنىڭ تورۇسىدىكى ئالتۇن زىننەتلەر ۋە
ماھىرلىق بىلەن ياسالغان ھەر خىل پەتنۇس ۋە قاچا ـ قۇچا
قاتارلىقلار، غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە يەنە باشقا ھەر
خىل قول ساناىئەت تارماقلىرىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ.①

تۆركلەردە يەنە كېگىز هارۋىسى بار ئىدى.② ئەمما، هارۋىلارنىڭ قۇرۇلمىلىرى بىر خىل مىتال بىلەن ياغاچتىن ياسىلىدىغان ئۇنىۋېرسال قول سانائەتتىن تەركىب تاپاتتى. تۆركلەر تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى، هالبۇكى تېلىلار (چىلېلار) بولسا ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ياساشتىكى ماھىرلىقى بىلەن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جەنۇبتىكىلەر تەرىپىدىن «قاڭقىل» دەپ ئاتالغانلار ئىدى، شۇڭا هارۋا ياساش قول سانائىتى تۆرك جەمئىيىتىدە ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە بىر خىل سانائەت بولۇشى كېرەك، شۇ سەۋەبلىك ياغاچ ئەسۋابلارنى ياساشمۇ مۇستەقىل بىر قول سانائەت تارمىقىغا ئايلانغانىدى.

«سۇينامە. تۆركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۆركلەر» نىڭ ئالدىنقى قىسمىدا يەنە دولان قاغاننىڭ سۇي ۋېندىگە ئەمەن رەخت، بېلىق يېلىمى تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن؛ ئېلىك قاغاننىڭمۇ تاڭ تەيزوڭغا ئون نەچچە جىڭ بېلىق يېلىمى سوۋغا قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بېلىق يېلىمىنى كۆزەتكەندە، ئەسلى نامى پۈۋەك يېلىمى بولۇپ، بېلىق پۈۋىكى (بېلىقنىڭ تېنىدىكى ئېغىرلىقنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەزا) دىن ياسىلىدىغان بىر خىل يېلىم ئىدى؛ يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، نەپىس ياغاچچىلىقتا چىڭ تۇتقۇزۇش بۇيۇمى قىلىناتتى. تۆركلەرنىڭ بېلىق يېلىمىنى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالغانلىقى، بۇ ئۇلارنىڭ ياغاچ بۇيۇملارنى ياساشتىكى ھۈنەر - سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەن رەختكە كەلسەك، بۇ ئاساسەن ئەمەن (بىر خىل ئۆسۈملۈك) دىن ياسىلىدى-

① «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» 4 - كىتاب 286- بەت بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ VI باب بىرىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

② «سۇينامە» 84 - جىلد «قىتان، شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە» دە: «جەنۇبىي شىرۋىلار كالا هارۋىلىرىدا ئولتۇرىدۇ، هارۋىنىڭ ئۈستىدىكى كېگىز ئۆيلەرنى ئۆي قىلىپ ئولتۇرىدۇ؛ بۇ تۆركلەرنىڭ كېگىز هارۋىلىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

غان بىر خىل قوپال رەخت ئىدى. بۇ خىل ئەمەن رەخت، مۇبادا غەربىي يۇرتتىن تالان ـ تاراج قىلىنىپ ياكى ئالماشتۇرۇپ كېلىنمىگەن بولسا، تۈركلەر رەخت توقۇشنى ئۆگىنىۋالغان ياكى ئۇلاردا ئاددىي توقۇمىچىلىق قول سانائىتى بولغان بولىدۇ.

تۈركلەر VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭ- لىك بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قىلغانىدى، غەربىي ۋېي خانلىقى- نىڭ داتۇڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 545 ـ يىلى)، ئاشىنا تۇمەن سەددىچىنگە كېلىپ يىپەك سودىسى قىلغانىدى.[①]سۇي سۇ- لالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 8 ـ يىلى (585 ـ يىلى) دولان قاغان سۇي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، چېگرا سودىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز- ئارا سودا قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، سۇي ۋېندىمۇ ئۇنىڭ تەلە- پىنى قوبۇل كۆرۈپ، ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدى.[②]تاڭ سۇلالىسى- نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىغا زور مىق- داردا كالا، ئات سېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار- نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى يېتىشمەسلىك قىيىن- چىلىقىنى ھەل قىلغانىدى. تارىخنامىلەردە تۆۋەندىكىدەك خاتىرى- لەر قالدۇرۇلغان:

«(ۋۇدېنىڭ) 8 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، تۈيخۇنلار بىلەن تۈرك- لەر چېگرا سودىسى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، يارلىق بويىچە ئۇلارغا ئىجازەت بېرىلدى، دەسلەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قالاي- مىقانچىلىق دەستىدىن تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى كېمىيىپ كەتكەنىدى، شۇڭا رۇڭ، دىلارغا تايىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى داللىرىغا تولۇپ كەتكەنىدى.»[③]

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرمۇ بار:

«ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زور مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىن

---

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② «سۇينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
③ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 94 ـ جىلد.

كېيىن، جۇڭجو ئايمىقىدا ئات ـ ئۇلاقلار ئازلاپ كەتكەنىدى، پەقەت تۈركلەر بىلەن بولغان چېگرا سودىسىدىن كېيىنلا، ئات، كالىلارنى تەمىنلەش ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولدى.»[①]

شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 15- يىلى (مىلادى 727- يىلى)، غەرب تەرەپتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كاڭجىنخۇ خۇشۇنىدىكى ئۇجا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا) نى ئېچىۋېتىپ، تۈركلەر بىلەن سودا قىلىدىغان ئورۇن قىلدى. تۈركلەر زور مىقداردىكى ئات ۋە باشقا چارۋىلىرىنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پاختا رەخت ۋە يىپەك توقۇلمىلىرى بىلەن ئالماشتۇراتتى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپلىگەن نەسىللىك جەڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركلەردىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى.[②]تۈركلەر ئات يېتىشتۈرۈشكە ماھىر ئىدى، شۇڭا «تۈرك ئاتلىرىنىڭ ماھارىتى تەڭداشسىز، قۇۋۇرغا ئۇستىخانلىرى ئۆلچەملىك، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، شىكاردا تەڭدىشى يوق»[③]بولغاچقا، ئۈرۈشتىكى ئۈنۈمى ئېخىمۇ زور ئىدى. شۇڭا، تۈرك ئاتلىرىنى ئېلىپ كىرىش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئات سورتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئات يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتا پايدىسى بار ئىدى.

قىسقىسى، تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن بۇيان، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ كەلگەنىدى. بازار سودىسى ئىككى تەرەپكە، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ خەلقىگە نىسبەتەن زۆرۈر

---

① «كونا تاڭنامە. 57 ـ جىلد «جاڭ ۋېنلونىڭ تەرجىمھالى».
② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ جيۇلىڭ يازغان «چۈجياڭ توپلىمى» 6 ـ جىلدىتىكى «تۈرك قاغانىغا ئەۋەتىلگەن يازلىق» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي تۈزنەكلەر» 213 ـ جىلدىتىكى تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 15 ـ يىلى كۈز 9 ـ ئايدىكى مادىسىغا قاراڭ.
③ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 72 ـ جىلد.

ۋە پايدىلىق ئىدى. پەقەت تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ھەممىشە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاپ تۇرغاندىن كېيىنلا، ئىككى تەرەپنىڭ دائىملىق سودا مۇناسىۋىتى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. خۇددى تاڭ شۈەنزوڭ كەيۈەننىڭ 9 - يىلى بىلگە قاغانغا يازغان يارلىقىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەر قۇدىلاشقاندا، . . . . . . تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ ئات، قويلىرىنى سېتىۋالغانىدى. تۈركلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىمخاپ، تونلىرىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېرىشىپ تۇراتتى. ئەمما مۇشۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، ئەھۋال بۇرۇنقىغا تامامەن ئوخشىماي قالدى. بۇ دەل قاپاغان قاغان (بىلگە قاغاننىڭ تاغىسى) نىڭ ئىشەنچسىزلىكى، تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىردەك بولماسلىقى بولۇپ، كۆپ قېتىم قوشۇن چىقىرىپ، چېگرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان»[①]دىن كېيىنلا ئىككى تەرەپنىڭ قۇدىلىشىش ۋە سودا مۇناسىۋىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى.

تۈركلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن سىرت، غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر بىلەنمۇ سودا مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەنىدى. تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئېلىك قاغان ھەممىشە غۇزلار (غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر) نى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۆز قوۋمىدىكىلەردىن يىراقلاشقاچقا، غۇزلار پارىخورلۇق قىلىپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلغانىدى. شۇڭا، چىقىرىلغان ئەمىر - پەرمانلارمۇ بىر - بىرىگە زىت كەلگەنلىكى ئۈستىگە، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىمۇ ئەلنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگەنىدى.»[②]

بۇنىڭدىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر تۈركۈم پايدا ۋە پارىنىلا كۆزلەيدىغان غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەرنى دوست تۇت-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 212 - جىلد، تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەيۈەن 9 - يىلى باھار 2 - ئايدىكى ماددىسى.
② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.

قانلىقىنى، بۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەتتا قاغاننىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئەتراپىدا سىياسەت بەلگىلەشكىچە قاتنىشىپ، تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىتى بىلەن تۈرك خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغىچە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەنە تۈركلەر بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قويۇق ۋە زىچ سودا مۇناسىۋىتىنىڭمۇ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنداق بولمىغاندا قاغاننىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرگەن بۇنداق كۆپ غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر، قانداق قىلىپ قاغاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىسۇن؟

يەنە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن، دولان قاغاننىڭ ئۆز ئاغىسى روقان تېكىننى ئەلچى قىلىپ، سۈي ۋېيندىگە خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان ھاسا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىدىن ئالغاندا،① قاشتېشىدىن ياسالغان بۇ ھاسا، ئۇدۇندىن بۇلاپ كېلىنمىگەن ياكى قاقتى - سوقتى قىلىپ كېلىنمىگەنلا بولسا، ئۇ ھالدا ئۇدۇن بىلەن بولغان سودىدا ئالماشتۇرۇپ كېلىنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخنامىلەردە، يەنە تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەيۈەن 15 - يىلى (مىلادى 727 - يىلى) «تۈركلەرنىڭ قۇتلۇق قاغاننىڭ ئەلچى ئارقىلىق پېرسىيە كىمخاپىنى تەقدىم قىلغان»② لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ شۈبھىسىزكى غەربىي يۇرت (ئوتتۇرا ئاسىيا) بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلات ئىدى.

(3) تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى

تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدىكى خۇسۇسىيلىق ئالامەتلەر خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغانىدى. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەن-

---

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② «كىتابلار جەۋھىرى» 971 - جىلد.

گەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوغۇرلۇق جىنايىتى سادىر قىلغانلار (خۇ-
سۇسىي مال - مۈلۈكنى ئوغرىلىغانلار) نىڭ زاڭ مالىنىڭ ئون
ھەسسىسىدىن ئارتۇق تۆلەم تۆلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇ-
نىڭدا يەنە باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگۈچىلەرنىڭ مال -
مۈلۈك بىلەن تۆلەم تۆلەش كېرەكلىكى؛ باشقىلارنىڭ پۇت -
قوللىرىنى زەخىملەندۈرگۈچىنىڭ بولسا ئات بىلەن تۆلەم تۆلەيدى-
غانلىقى خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۆلۈم - يېتىم
ئەھۋالى يۈز بەرسە، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئورۇق - تۇغقانلىرى
مىيىتقا ئاتاپ ئات - كالا ئۆلتۈرۈپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەت-
تى؛ ھەر يىلى 5 - ئايدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئات - قويلارنى
ئۆلتۈرۈپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى.
بۇنىڭدىن VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىلا، تۈركلەردە
خۇسۇسىي مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھادىسىسىنىڭ ئىنتايىن
ئومۇملاشقانلىقىنى، خۇسۇسىي تۈزۈمنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن
ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ھەمدە قانۇن تەرىپىدىن قوغ-
دىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۈرك جەمئىيىتىدىكى خۇسۇسىي ئالامەتلەرنى يەنە ئەن -
تامغىلار ئارقىلىقمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. «تاڭ سۇلالىسىگە دا-
ئىر مۇھىم خاتىرىلەر» 72 - جىلد «ۋاساللارنىڭ ئات تامغىلى-
رى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئاشىنادىنىڭ ئاتلىرى . . . . . . چوغاي تېغىنىنىڭ شىمالىدا
. . . . . . تامغىسى 方 ». يەنە «بايان ئاشىدنىڭ ئاتلىرىنىڭ
تامغىسى [illegible] »

«ئىزگىللەرنىڭ ئاتلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك ئات-
لىرىدۇر، . . . . . . . تامغىسى [illegible] »، «يەنە بالىغىتلارنىڭ ئاتلى-
رىمۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك ئاتلىرىدۇر، . . . تامغىسى
勿 ».

«ئاشنا قۇلنىڭ ئاتلىرىنىڭ تامغىسى ... يۇنجولۇڭ مەھـ-
كىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە».

«چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تامغىسى 13».

بۇ ئەن ـ تامغىلار ئاتنىڭ بەدىنىدىكى بەلگىلەر بولۇپ، يەنى
ھەر قايسى يىلقا ئويۇرلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيلارغا
تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»
98 ـ جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئۇ-
لارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەن ـ تامغىلىرى بار،
ئوتلاقلاردا ئارىلىشىپ يۈرسىمۇ ھېچكىمنىڭكىنى ئېلىۋ-
ۋالمايتتى» دېگەن قاڭقىلاردىكى خۇسۇسىي ئالامەتلەر بىلەن بىر-
دەك ئىدى.

چارۋىچىلىقنىڭ گۈللىنىشى بىلەن خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك-
نىڭ نەتىجىسى، تېخىمۇ كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ مال پادىلىرىدىن
خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بولدى، شۇڭا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگە-
لىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان چارۋا ئىگىلىرى، ئەسىرلەر بىلەن
باشقىلارنى قۇل قىلىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
تۈركلەر ئەسلىدە جۇرجان قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرقىي
قۇللىرى ئىدى، شۇڭا، تۈركلەرنىڭ ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى مەي-
دانغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا
ئايلانغان چاغدىلا، جۇرجانلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ، جۇرجانلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغاند-
دى. بۇنىڭ بىلەن تۈرك جەمئىيىتىدە قۇللار بىلەن قۇلدارلار
سىنىپى ۋە قۇلدارلىق تۈزۈم پەيدىنپەي شەكىللەندى.

تۈرك ھاكىمىيىتى، تۈركلەرنىڭ جۇرجان قۇلدارلىق تۈزۈم
ھاكىمىيىتىنىڭ «بازغانچى قۇل» لۇق ئاسارىتىگە قارشى ئېلىپ
بارغان كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئارقىسىدا قۇرۇلغانىدى. تۈرك
جەمئىيىتى ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىدا تو-
رۇۋاتقان بولغاچقا، ئىچكى قىسمىدا فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئا-

مىللار بىلەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى سىنىپلار كېلىپ چىقمىغانىدى، شۇڭا چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا جۇرجان ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈرك ھاكىمىيىتى، پەقەت بىر خىل قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ ئىگىلىشى ئىدى، گەرچە ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمران مىللىتىدە ئالمىشىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت خاراكتېرى بىلەن ھاكىمىيەت خاراكتېرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەنىدى، شۇنداق بولغاچقا تۈرك ھاكىمىيىتى يەنىلا بىر قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەت ئىدى.

تۈركلەرنىڭ قۇللىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى خەنزۇلار بىلەن باشقا مىللەتتىن بولغان ئەسىرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئاۋۋال، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، سىرتقا قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن باشقا رايونلاردىن ئاز بولمىغان خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، قۇللارغا ئايلاندۇردى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 3 - يىلى (مىلادى 620 - يىلى)، چۇرلۇق قاغان بىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىدىكى فېنشۇي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلار) غا بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان ئاياللارنى بۇلاپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى باغادۇرشاد لياڭجو ئايمىقى (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى ئەتراپى) غا بېسىپ كىرىپ، بىر قانچە مىڭ ئەر - ئايالنى بۇلاپ كەتكەنىدى.① ۋۇدېنىڭ 5- يىلى، ئېلىك قاغان دىڭجو، بىڭجو، فېنجو، لۇجودىن ئىبارەت تۆت ئايماق (ھازىرقى خېبېينىڭ دىڭشيەن ناھىيىسى بىلەن سەنشى-

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 88- جىلدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى 3- يىلى كۈز 3- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

نىڭ فېنشۈي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بىلەن فېنياڭ، چاڭچى قاتارلىق ناھىيە ئەتراپى) قا بېسىپ كىرىپ، 5 مىڭدىن ئارتۇق ئەر - ئايالنى بۇلاپ كەتكەنىدى.① شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلۈكسىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، داۋاملىق تۈردە ئاھالىلەرنى بۇلاپ تۇردى. شۇڭا، جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى) تاڭ تەيزوڭ شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، بىر قېتىمدىلا تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىرىدىن سېتىپ قايتۇرۇپ ئالغان، سۈي سۇلالىسىدىن بۇيان ئەسىرگە چۈشۈپ قۇللۇققا ئايلاندۇرغان خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ سانى 80 مىڭ نوپۇسقا يەتكەنىدى.② پادىشاھ ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە قاپاغان قاغانمۇ جاۋجۇ، دىڭجو قاتارلىق ئايماقلار (بۇ ۋاقىت شېڭلىڭنىڭ تۇنجى يىلى بولۇپ، مىلادى 698 - يىلى ئىدى، جاۋجو ئايمىقى ھازىرقى خېبېينىڭ نىڭجۇ ناھىيىسى ئەتراپىدا) دىن 80 - 90 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئەر - ئايالنى بۇلاپ كەتكەنىدى.③ بۇنىڭدىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ خەنزۇلارنى بۇلاپ، قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ھەقىقەتەن زورلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خەنزۇلاردىن باشقا تۈرك ھۆكۈمرانلىرى باشقا مىللەت ئاھالىلىرىنىمۇ بۇلاپ قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. مەسىلەن، پادىشاھ ۋۇزېتيەننىڭ ۋەنسۈي دوڭتەن تۇنجى يىلى (مىلادى 696-يىلى)، قاپاغان قاغان قىتانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتقانىدى،④ شۇڭا، كېيىن (شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 13 - يىلى، مىلادىنىڭ 725 - يىلى) بىلگە

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.
② «تۇڭكى تاڭنامە. تەيزوڭ ھەققىدە خاتىرە» جېنگۇەننىڭ 5- يىلى ياز 4- ئاي بىلەن 5- ئايدىكى ماددىلارغا قاراڭ.
③ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.
④ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يۈەن جېنغا «قىتانلار بىلەن تاتابىلار ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ قۇللىرى»① دەپ ئېيتقانىدى، بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، قىتانلاردىن سىرت تاتابىلارمۇ، تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغانىدى،② ئۇنىڭدىن باشقا بىلگە قاغان يەنە تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، «ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىلەن ئات ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرى»نى بۇلاپ قايتقانىدى،③ بىلگە قاغاننىڭ مۇھىم ۋەزىرى تونيۇقۇق بېشبالىقتىكى باسمىللارغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەندە، باسمىللارنىڭ قوۋملىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قايتقانىدى.④

يۇقىرىقىلار تۈركلەرنىڭ قۇللىرىنىڭ بىرىنچى كېلىش مەنبەسىدۇر.

ئىككىنچى كېلىش مەنبەسى بولسا تۈركلەرنىڭ ئۆز خەلقى بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىمتىيازىغا چېقىلىپ قويغانلىقى ياكى ھۆكۈمران سىنىپ قۇرغان ھاكىمىيەت بىلەن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ تۈپلۈك مەنپەئىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىمىغانلىقى ئۈچۈن جازا بېرىلىپ، قۇللۇققا چۈشۈرۈۋېتىلەتتى. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا تۈركلەرنىڭ يەتتە يۈز نەپەر خەلقىنىڭ «دۆلىتىدىن، قاغانىدىن ئايرىلغان»دىن كېيىن قۇل بولۇپ قالغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. مەڭگۈتاشتا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

---

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر»گە قاراڭ.

② «جۇنامە. قۇمۇقلار ھەققىدە قىسسە»دە «قۇمۇقلار (ئادەتتە «تاتابى»لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سىيانپىلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ، ... بەش قەبىلىگە بۆلۈنگەن. ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن ئېركىن تەيىن قىلىنغان. ئىلگىرى جەمئىيەتتىكىلەر ئاڭ ئېسىل نەسەبتىكىلەر ھېسابلىنىدۇ، بەش قەبىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولسىمۇ، تۈركلەر ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. گەرچە بۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ قۇللىرى ئىكەنلىكى ئېنىق سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىلگە قاغان ئېيتقان «قىتانلار بىلەن تاتابىلار ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ قۇللىرى» دېگەن سۆزىدىن قارىغاندا، «تۈركلەر ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ» دېگىنى، تۈركلەرنىڭ قۇللىرى دېگەنلىكتۇر.

③ تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا قاراڭ.

④ «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر»گە قاراڭ.

«ئاتا – بوۋامنىڭ قانۇن – تۈزۈملىرى بويىچە دۆلىتىمدىن، خاقانىمدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى، تۈرك دۆلىتىنىڭ قانۇن –تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ.»①

تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئاددىي خەلقلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ھۇنلارغا ئوخشاش «ئالغان ئولجا – غەنىيمەتلىرى (بۇلىۋالغان مال – مۈلۈكلەر) نى ئۆزىگە بېرىش، ئەسىر ئالغان بولسا قۇلغا ئايلاندۇرۇش (بۇلاپ ئەسىر ئالغان ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلىناتتى)» تىن ئىبارەت ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. تارىخنامىلەردە تۈركلەرنىڭ «بۇلاپ كېلىنگەن مال – مۈلۈكلەر (قۇللارمۇ بىر خىل مال – مۈلۈك ئىدى) پۈتۈنلەي سانغۇن – سەرۋەزلارغا تاپشۇرىدۇ» غانلىقى، «بۇلاپ كېلىنگەن ئەسىرلەر (ئاھالىلەر) نى پۈتۈنلەي دۆلىتىدىكىلەرگە تاپشۇرىدۇ»②غانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى، شۇڭا تۈركلەرنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىپ بۇلاپ كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى، قاغان، ئاقسۆڭەك ۋە ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنغاندىن سىرت، ئادەتتىكى ئەسكەرلەرمۇ ئازدۇر – كۆپتۇر ئېرىشەتتى. تۈركلەردە ئەسىر ئالغان قۇللارنى تەقسىم قىلىش ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا،

---

① تۈركلەر بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان سىرتاردۇشلاردىمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلارنىڭ مال – مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلىقى بىلەن ئەسكەرلەرنى قولغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولغان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ قولدارلىق تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» 217-جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى قوشۇمچە «سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە» دە سىرتاردۇشلار دەسلەپتە ئىشبارا بىلەن ئاشىنا شىرغا زەربە بەرگەندە، ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى، بۇ چاغدا ئۇلار ھەققەتەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشلىتىمىدى، بەش ئادەمنى بىر ئەترەت قىلىپ، بىر ئادەم ئاتنى يېتىلەپ مېڭىش، تۆت ئادەم ئالدىدا جەڭ قىلىپ مېڭىشنى بەلگىلىگەن، بۇيرۇقتا يەنە غەلىبە قىلسا ئاتلىق قوغلاش، يارىلانسا ياكى ئۆلسە، ئۇنىڭ مال –مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش بەلگىلەنگەن» دېيىلگەن.

② «كونا تاڭنامە. جەڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 94 – جىلد.

كېيىنرەك تاڭ تەيزوڭ شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى تاڭ تەيزوڭغا «ئەمدىلىكتە ئالىيلىرى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قول - دېدەكلىرىگە ئىگە بولدىلا، ئۇلارنى پۇقرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بولسىلا» دېگەن تەكلىپنى بەرگەنىدى.①تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا بولغاچقا، تاڭ تەيزوڭ ئەلۋەتتە ئەسىرلەرنى پۇقرالارغا قول قىلىپ، تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇنداق ئۇسۇلغا قوشۇلمايتتى. لېكىن، تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە، بۇ خىل تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئەسكەرلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تارتىش ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، بىر خىل ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، مۇبادا كىمدە كىم ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا كۆپچىلىكنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى. مەسىلەن، مىلادى 642-يىلى (جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانى غەربتە كانگىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، يول ئۈستىگە ماغىيان دۆلىتى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا) دىن ئۆتۈپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان «مال - مۈلۈك ۋە ئاھالىلەر» (مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئاھالىلەرنى قوللار دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ) نى ئولجا ئالغانىدى، بىراق ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن قول ئاستىدىكى ساغۇن نىشۇچورنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇ زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئولجا ئالغان مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەنىدى، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ، نىشۇچورنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

دى، بۇنىڭ بىلەن قوۋمدىكىلەرمۇ نارازى بولۇپ، نىشۇچورنىڭ قول ئاستىدىكى سانغون قويلاۋنىڭ باشچىلىقىدا، ئېل بىلگە تۇغ-لۇق قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قوۋمدىكى-لىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئەڭ ئاخىرىدا غەرب-تىكى توخارىستانغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ①

ئۇرۇش ئولجىلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسۇل يولغا قويۇلغانلىقتىن، تۈرك جەمئىيىتىدە ئاددىي خەلقلەرنىڭ قۇل ئىگىلەش ھادىسىسى بولغانىدى.

تۈركلەرنىڭ قۇللىرى مەيلى ھۆكۈمران سىنىپقا ياكى ئاددىي خەلقنىڭ ئائىلىلىرىگە مەنسۇپ بولغانلىرى بولسۇن، ھەممىسى باشتىن ـ ئاياغ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكى بولۇپ «نەرسە» (سۆزلىيەلەيدىغان قورال) قاتارىدا، باشقىلارغا تەقدىم قىلىپ بېرىۋېتىلەتتى. مىلادى Ⅵ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇقان قاغان بىرلا قېتىمدا 100 نەپەر قۇل ـ دېدەكنى، شىمالىي جۇ پادىشاھ-لىقىنىڭ باش سانغونى شى نىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى. ②

تۈركلەرنىڭ قۇللىرى قۇللۇق سالاھىيىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن، خالىغانچە كېتىپ قالالمايتتى؛ ئەگەر كەتمەكچى بولسا، جەزمەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە كىمخاب بەدىلىگە ئۆزىنى سېتىۋال-غاندىن كېيىن، ئاندىن ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاد-دىي خەلقلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەتتى. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا، تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادى 631 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا چۈشۈرگەن يارلىقىدا «ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىمخاب بەدىلىگە، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە-كى مالىمانچىلىقتا، تۈركلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان 80 مىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەر ـ ئاياللىي سېتىپ ئېلىپ، پۈتۈنلەي

① يېڭى ـ كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.
② «جۇنامە» 28 ـ جىلد «شى نىڭنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇش كېرەك»① دەپ خاتىرىلەنگەنىدى، نەتىجىدە، تۈركلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان 80 مىڭ نوپۇسقا ئىگە خەنزۇلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سېتىپ قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى.②

تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللارنى قانداق ئىشلەتكەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا، يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان؛ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىمۇ بەزىبىر مۇجمەل يىپ ئۇچلىرى (VI ـ VII ـ ئەسىرلەرگە ئائىت ئالتايدىن تېپىلغان تۈركلەرگە ئائىت قەبرىلەر توغرىسىدىكى قىياس) لا تەمىن ئېتىلگەن بولۇپ، قۇللارنىڭ چارۋا بېقىشقا ۋە ئوۋچىلىق قىلىشقا قاتناشقانلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، قۇلدارلار قۇللارنى ھەرگىز بوش قويۇپ بەرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتناشتۇرماسلىقى، ئۇلارغا قارىتىلغان ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ۋاز كېچىشلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ پۈتۈنلەي چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش

---

① بۇ ماددىنىمۇ ئىككى «تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى جېنگۇەننىڭ 5 ـ يىلى ياز 4 ـ ئاي بىلەن 5 ـ ئايدىكى ماددىغا قاراڭ.

② بۇ خىل ئالتۇن ـ كۆمۈش، كىمخاپ بەدىلىگە قۇللۇق سالاھىيىتىنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشى، قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. پىراقىتىكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پىقىنىدىكىسىنى ئالساق، مەسىلەن، جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى (647 ـ يىلى) 6 ـ ئايدىكىسى بار ئىدى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ يارلىقىدا «سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مالىمانچىلىقتا جېكرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى روڭ، دىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەنىدى، ئەمدىلىكتە تىلىلار بەيئەت قىلماقتا، يەنە ئون قاتارلىق ئايماقلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، تۇتۇقلار بىلەن كېڭىشىپ، بۇلاپ كېتىلگەنلەرنى مال ـ مۈلۈك بېرىپ سېتىۋېلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىش كېرەك، يەنە ئۇلارغا ئاشلىق تارقىتىپ بېرىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىش كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شىرۋېي، ئورۇقۇن، موغال قاتارلىق ئۈچ قەبىلە سىرتاردۇشلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەنىدى. ئۇلارنىمۇ بۇيرۇق بويىچە سېتىپ ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىش كېرەك» («يېڭى تاڭنامە، تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»، «كىتابلار جەۋھىرى» 43-جىلد بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 198-جىلد تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21-يىلى 6-ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ) دېيىلگەن. مەسىلەن، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭخۇينىڭ 4 ـ يىلى (653 ـ يىلى)، تاڭ گاۋزوڭ قىرغىزلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇللۇققا ئايلانغان خەنزۇلارنى، ئالتۇن ـ كۆمۈش، كىمخاپ بەدىلىگە سېتىپ ئېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەنىدى («تەيىۋەن شىمالى ئۆلكىلىرىدا تۈزۈلگەن جۇغراپىيىلىك زېمىنلارنىڭ تەپسىراتى» 199 ـ جىلد «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ).

ئەمگەكگە قاتناشقانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ھۆكۈمىدىن ئالغان-دا،① «ھۇنلار بىلەن ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش» بولغان تۈركلەر-نىڭ قولدارلىرىنىڭ قۇللارنى ئىشلىتىشى بىلەن قۇللارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك.②

تۈركلەرنىڭ ئاددىي خەلقلىرى دائىملىق قۇللاغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاشمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىدى. چۈنكى تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تەشكىلى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىسى ئىدى، يەنى ئاددىي خەلقلەر تىنچ چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمگەكچىلىرى، ئۇرۇش چاغلىرىدا بولسا، ئۇرۇش قىلىدىغان چەۋەندازلار ئىدى. تۈركلەرگە ئائىت ماتېرى-ياللاردا ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش، «ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر-لەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلار ئىدى، ئادەتتە چوپانلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بولسا ھەممىسى ئاتلىنىپ، جەڭ مەشقى ئېلىپ بېرىپ، باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى»③ دېيىلگەن ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغانىدى، لېكىن كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىرى تونيوقۇقنىڭ بىلگە قاغانغا بەرگەن بىر قېتىملىق تەكلىپىدىن تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىدە

---

① قاملاشمىغان ئەسىرىم «ھۇن تارىخى» (ئىچكى مۇڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1979 - يىلى نەشرى) I - باب، 2 - پاراگرافقا قاراڭ.

② تارىخنامىلەردە تۈركلەر بىلەن بىر مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىتانلار بىلەن تاتارلارنى ئىشلىتىپ، قوي، كالا باقتۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. خاتىرە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ قۇللارنى ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇرغانلىقى ئۈستىدە كىرىدىنىش ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ مىڭچىڭ يازغان «خۇيجۇ خاتىرىلىرى» نىڭ 4 - جىلدىدا «قىتانلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇيلىرى-نى باقاتتى. تاتارلار ئۇيغۇرلارنىڭ كالىلىرىنى باقاتتى. ئۇيغۇرلار گەنجۇغا كۆچكەندىن كېيىن، قىتانلار بىلەن تاتارلار بىر - بىرى بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

مۇنداق دېيىلگەن:

«. . . . . . تۈركلەرنىڭ ئاھالىسى بەكلا ئاز بولۇپ، تاب-غاچلارنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن تابغاچلار بىلەن دۈشمەنلىشەلەيدىكى، بۇنىڭغا دەل ئۇلارنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، ئوۋچىلىق-نى كەسىپ قىلغانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىش-لارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، كۈچلەنگەندە قوشۇنلار بىلەن باس-مىچىلىق قىلغىلى، ئاجىزلاشقاندا تاغ - ئورمانلىقلارغا كىرىپ، يېكىنىۋالغىلى بولىدۇ، تابغاچلارنىڭ قوشۇنلىرى ھەرقانچە كۈچ-لۈك بولغىنى بىلەن بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ. مۇبادا قەلئە سېلىپ ئولتۇراقلىشىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇرۇنقى ئادەتلىرىمىزنى بىراقلا ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق بول-غاندا ئۇستۇنلۇكىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانىمىزنىڭ ئۇستىگە، سۆزسىز مۇنقەرز بولماي قالمايمىز.»①

«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى» دېگىنى، ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش «ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەن-دازلار ئىدى» دېگەنلىكى ئىدى. كېيىنرەك X ئەسىردە باش كۆتۈرۈپ چىققان قىتانلار بىلەن XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇل قاتارلىق قەدىمكى دەۋردىكى جۇڭگو-نىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئالغاندىمۇ، تۈركلەرنى بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرغىلى بولمايتتى. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 31 - جىلد «گازارما قورغان تەپسىرا-تى» نىڭ ئالدىقىنىسىدا قىتانلار «بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرسە باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا بېلىقچىلىق

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر» بىلەن «كەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي كۆرنەكلەر» 211- جىلد تاڭ شۇەنزوڭنىڭ كەييۇەن 4- يىلى قىش 10- ئايدىكى ماددىسى.

بىلەن تېرىكچىلىك قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يۈەن سۇلالە-سى تارىخى» (98 - جىلد «ھەربىي ئىشلار تەپسىراتى»نىڭ 15 بىرىنچىسىدە، مۇڭغۇل «ئائىلىلىرىدە ئەرلەرلا بولىدىكەن 15 ياشتىن يۇقىرى، 70 ياشتىن تۆۋەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغۇز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈنلەي ئەسكەر بولىدۇ، ئون ئادەم بىر تاختا قىلىنىپ، تاختا بېشى تورغۇز ۋلىدۇ، قوشۇنغا قاتناشقان ھامان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلىدۇ، قوشۇندىن قايتىپ كەلگەن ھامان بىر جايدا تۇرۇپ مال باقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. كۆچ-مەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان بۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەردىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تەش-كىللىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكمىسى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد «غەر-بىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ داۋامى كانگىيە دۆلىتى ماددىسىدا، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇياب دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى) بويىدا «ساۋۇتلىرىنى سېلىۋېتىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان» بىرقانچە ئون مىڭ تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ مە-ساللار تۈركلەرنىڭ بىر تەرەپتىن ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكى بىلەن تەڭ يەنە ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەرلەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى-دۇر.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار، ھۇن، تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇل-دارلىق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرمىگەن، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئى-يەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپلا، قۇللۇق جەمئىيەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىۋاستە فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان دەپ قارايدۇ، بۇ ئاتالمىش «سەكرەش نەزەرىيىسى» ئىدى. «سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاترىئاخاللىق فېئوداللىق مۇناسىۋەت مەسى-

لىلىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى»[1] ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىن ئا. ن. برنشتام يازغان «ھۇن تارىخىدىن ئوچېركلار»، [2] «VI - VII ئەسىرلەردىكى ئورقۇن-يېنسەي ۋادىلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسى» [3] ۋە ب. يا. ۋىلادىمىرتسوۋ يازغان «موڭغۇللارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈم تارىخى» [4] قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق تەشەببۇس قىلىنغان. ئېلىمىز ئالىملىرىدىنمۇ بۇ خىل تەشەببۇسنى ياقلايدىغانلار بار، مەسىلەن، يۈيۈەنيەن يازغان «ئىچكى موڭغۇل تارىخى ئوچېركلىرى» [5] ناملىق كىتاب بىلەن ئوياڭشى يازغان «ھۇن جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى»، [6] خۇشياڭجى يازغان «تۈرك خانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا» [7] ۋە سەي خوڭشېڭ يازغان «تۈركلەرنىڭ قانۇنى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» [8] ناملىق ئۈچ پارچە ماقالىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچىلىرى ئىدى.

ئومۇمەن ئۇلار ھۇن، تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى بولسۇن ياكى ئائىلە باشلىقلىق قۇللۇق تۈزۈمى بولسۇن ۋە ياكى پاترىئاخاللىق فېئوداللىق تۈزۈمى بولسۇن، ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرمىگەن (ياكى بولمىسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئېيتقان «قۇللارنى ئىگىلەش تۈزۈمى» نى باشتىن كەچۈرمىگەن) دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ:

---

[1] خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1957 - يىلى ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشرى.
[2] 1951 - يىلى لېنىنگراد نەشرى.
[3] 1946 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرى.
[4] خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1980 - يىلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشرى.
[5] 1958 - يىلى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى نەشرى.
[6] «خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1958 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.
[7] «لەنجۇ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1959 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.
[8] «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1965- يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان.

(1) قۇللارنىڭ كېلىپ - چىقىشى ئىچكى ئامىل بولۇشى
كېرەك. كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ يەرلىرى (فېرما ۋە يايلاقلىرى)
نىڭ ھەممىسى ئومۇمغا تەۋە بولغانلىقتىن، پۈتكۈل ئۇرۇق ئەزا-
لىرى كوللېكتىپ ئورتاق پايدىلىنىدۇ، شۇڭا يەرگە بولغان خۇ-
سۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ھادىسىسى بىلەن ئۇرۇقنىڭ ئىچ-
كى قىسمىدا قۇللارنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس؛
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى پاترىئارخاللىق مۇناسىۋىتى (يەنى ئۇرۇقداشلىق، قانداش-
لىق مۇناسىۋىتى) مۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، قۇللارنىڭ
بۆلۈنۈپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرمەيدۇ. شۇ سەۋەب-
لىك يات مىللەتلەردىن بۇلاپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى قۇللار
(تاشقى ئامىل) نى، تېخىمۇ قۇللۇق تۈزۈم دەپ قاراشقا بولماي-
دۇ.

(2) قۇلدارلىق تۈزۈمدە قۇللار چوقۇم ئىجتىمائىي ئىشلەپ-
چىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئاساسلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىلىرىغا
ئايلانغان بولۇشى شەرت، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى
بولۇشى شەرت؛ ھالبۇكى، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى ئا-
دەتتە پۈتۈنلەي ئائىلىۋى قۇللار بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئىش-
لەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئاساسلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىلىرى
ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى
ئىنتايىن ئاز (قەدىمكى يۇنان، رىمغا ئوخشاش، ئۇنداق ھەربىر
ئەركىن پۇقراغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر قانچە قۇلدىن توغرا
كەلمەيتتى) بولۇپ، قارا بۇدۇنلارنى بېقىشقا يەتمەيتتى.

(3) كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۆتكە-
لىشچانلىقى ۋە تارقاقلىقى، قۇللارنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا ۋە
قۇللارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئەمەس
ئىدى؛ شۇنىڭدەك يەنە زور كۆلەمدىكى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقى-

رىش ئېلىپ بېرىلمىغاچقا (مەسىلەن، قەدىمكى يۇنان، رىملارنىڭكىگە ئوخشاش كان قېزىش، كېمە ياساش، چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئېكىنزارلىق بەرپا قىلىش تۈردىكىلەر)، كەڭ كۆلەمدىكى قۇللار ئەمگىكىدىن پايدىلىنىشمۇ ھاجەت ئەمەس ئىدى.

ئۇلارنىڭ يەكۈنلىرى مۇنداق ئىدى: كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسى بولغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئاساسلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىلىرى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى ئەمەس ئىدى؛ دۇنيا تارىخىدا پەقەت قەدىمكى يۇنان، رىملارلا قۇل ئىگىلەش تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرگەن، ھالبۇكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى پۈتۈنلەي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە سەكرىگەنىدى.

يۇقىرىقىلار «سەكرەش نەزەرىيىسى» نىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بولۇپ، مېنىڭچە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى:

(1) ئاتالمىش ئىچكى سەۋەب بىر جەمئىيەتكە قارىتىلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر سەۋىيىگە يەتكەن بولىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكمۇ ئاللىقاچان مۇقىملاشقان ۋە داۋاملىق راۋاجلانغان بولىدۇ، چارۋىچىلىق (ياكى دېھقانچىلىق) مۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئادەمنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلىنگەن ھامان، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللارنى قوبۇل قىلىپ ۋە يېغىپ ئەمگەك كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ھەمدە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بىلەن شەرتى تەييارلانغان بولىدۇ. پەقەت مانا مۇشۇنداق ئىمكانىيەت ۋە شەرت ھازىرلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىچكى سەۋەب ھازىرلانغان بولىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكدارلار يات مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئۆلتۈرمەي قالدۇرۇپ قويىدۇ ياكى بولمىسا يات مىللەتلەرگە قارىتا ئەسىر

بۇلاش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەك كۈچى قىلىپ ئىشلىتىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئاۋۋال ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى ناتايىن، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا تاشقى سەۋەبمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى چارۋا ـ ماللار بولۇپ بەلكى يەر ـ زېمىن ئەمەس ئىدى.① ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا، ... ... ئىگىلىنىۋېلىنغان ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نەرسىلەر، ئەمەلىيەتتە پەقەت مال ئۈيۈرلىرىلا بولۇپ، يەر ـ زېمىن ئەمەس».② شۇڭا يەر ـ زېمىنلار خۇسۇسىيلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىۋېلىنمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئانچە چوڭ مۇناسىۋەت يوق. ئەگەر بۇ نۇقتا ئېنىق بولمايدىكەن، كۆچمەن مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ پەرقىنى ھەرگىز ئايرىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بەزى كىشىلەر «دېھقانچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى يەر ـ زېمىندۇر» دەپ قاراپ، ئۇنى زورمۇ زور كۆچمەن مىللەتلەرگە تېڭىپ، ئاندىن خاتا ھالدا كۆچمەن مىللەتلەر قۇللۇق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن دېگەن يەكۈننى چىقارغانىدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەدىمكى يۇنان بىلەن رىم-

① بۇ دەل تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى يېشىشتىكى بىلىدىغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جېڭ يۈەنتاۋنىڭ: «تۈركلەرنىڭ روناق تېپىشى بىلەن مۇقەررەر بولۇشىدا قوي بىلەن ئات بىردىنبىر ئۆلچەم بولالايدۇ» («كونا تاڭنامە» 62 ـ جىلد «جېڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى») دېگىنىدەك ئىدى. مەسىلەن، يەنە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 59 ـ جىلد «ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» دە «قىتانلارنىڭ يۇرتىقى ئادىتىدە، ئۇلارنىڭ باي بولۇشى يىلقا بىلەن، قۇدرەت تېپىشى قوشۇن بىلەن ئۆلچىنەتتى، ئات يىلقىلىرى سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلاشقىنى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ قىممىتىنى ئىچىملىك قىلاتتى؛ يا تارتىپ ئوۋچىلىق قىلىشى بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداش بولۇپ، ئۇلار ئاشلىق ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكتە پۈتۈنلەي مۇشۇنىڭغا تايىناتتى» دېيىلگەن.

② «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئاۋۋالقى ھەر خىل فورماتسىيىلەر» خەلق نەشرىياتىنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى خەنزۇچە تەرجىمىسى، 27 ـ بەت.

نىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ تىپىك ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ
قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئاساسەن ئاۋۋال ئۆز مىللىتىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان يۇنانلىقلار بىلەن رىملىقلار
ئەمەس ئىدى، بەلكى دېڭىز قاراقچىلىق قىلمىشى بىلەن ئۇرۇشتا
بۇلاپ كېلىنگەن ئەسىرلەر ياكى قۇل بازارلىرىدىن سېتىپ كې-
لىنگەن يات مىللەت ئاھالىلىرى ئىدى. دېھقانچىلىق مىللەتلىرى-
نىڭ ئىچىدە، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ يىن، شىاڭ دەۋرى-
دىكى قۇللارمۇ ئاۋۋال يىن (شىاڭ) خەلقى ئارىسىدىن بۆلۈنۈپ
چىققان ئەمەس، ئاساسلىقى يەنىلا يات مىللەتلەرنىڭ ئەسىرلىرى-
دىن كەلگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يىن (شىاڭ) جەمەتىنىڭ ئۇرۇق
ئەزالىرى، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆ-
تۈش جەريانىدا، ھەممىسى ئەركىن خەلققە ئايلانغان (قۇللارغا
ئايلانغان ئەمەس). يېقىنقى زامان كاپىتالىزمىدىن ئامېرىكىنى
ئالساق، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى (1861 - 1865) دىن ئاۋ-
ۋال، جەنۇبتا قۇلدارلىق تۈزۈم مەۋجۇت ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ
قۇللىرى ئامېرىكىلىقلار بولماستىن، بەلكى ئافرىقىدىن يۆتكەپ
كېلىنگەن نېگىرلار ئىدى. بۇنىڭدىن قەدىمكى ۋە ھازىرقى جۇڭگو
ۋە چەت ئەل تارىخلىرىدا، ئۇرغۇنلىغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ
بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ پۈتۈنلەي ئاۋۋال ئۆز
مىللىتىنىڭ ئىچىدە قۇللارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى ئارقىسىدا شە-
كىللەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز قانداقلا بول-
مىسۇن قەدىمكى يۇنان، رىم، يىن - شىاڭ سۇلالىسى ۋە ئەينى
ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنى،
قۇلدارلىق تۈزۈم كاتىگورىيىسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيمىزدە!
ئاساسەن يات مىللەتلەرنىڭ ئەسىرلىرىنى قۇل قىلىش قۇل-
دارلىق تۈزۈمنى ئۆلچەشنىڭ نېگىزى بولۇپ، بۇ قەدىمكى دەۋر-
دىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇل-

دارلىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى، مەسىلەن، ھۇن، سىيانپى، جۇرجان، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، بۇ نۇقتىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

(2) قەدىمكى دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى ئىدى. بەزى كىشىلەر كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، كۆپىنچە قۇللارنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى خاتا ھالدا ئائىلىۋى ئەمگەك دەپ قارايدۇ (شۇڭا ئۇلارنى ئائىلىۋى قۇللار دەپ ئاتىغان). ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. چۈنكى كۆچمەن مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چارۋا - مال ھەم تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىدى، شۇڭلاشقا چارۋا -ماللارنى بېقىش، ئىستېمال قىلىش، قاشالاپ بېقىش، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوت - چۆپكە ئاپىرىش، پەرۋىش قىلىش، يۇڭىنى قىرقىش، سۈتىنى سېغىش ۋە ئائىلە قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار ھەم ئائىلىۋى ئەمگەك ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىدى. بۇ خىل ئەمگەك بىلەن سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ مال بېقىشنىڭ چارۋىچىلىقتىكى ئىش تۈرى ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بىر ئىش تەرتىپى، يەنە كېلىپ ئىنتايىن مۇھىم ئىش تەرتىپى ئىدى. شۇڭا بۇ خىل ئائىلىۋى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللار ھەم ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا خاتا چۈشىنىلىپ، ئائىلە قۇللۇق تۈزۈمى ياكى ئائىلە باشلىقلىق قۇللۇق تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، ئەمەلىيەتتە قۇلدارلىق تۈزۈم ئىدى. ئاتالمىش «قۇللارنى ئىگە-

لەش تۈزۈمى» دېگەن بۇ نامىمۇ تېخىمۇ بىر خاتا چۈشەنچە بولۇپ، قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك، ئەجەبا «قۇللارنى ئىگىلەش تۈزۈمى» دىكى قۇلدارلار ياكى ئائىلە باشلىقلىق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلە باشلىقلىرى، قۇللارنى ئىگىلىمەمتى - يا؟

كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرىنىڭ قەدىمكى يۇنان، رىملاردىكى قۇللارغا ئوخشاش كۆپ ئەمەسلىكى بۇ تارىخىي پاكىتتۇر. ئەمما، قەدىمكى دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەردىكى، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك، ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاددىي خەلقلەر (ئاقسۆڭەكلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دەرۋەقە ئۇلار ھەم چەۋەندازلار ھەم چارۋىچىلار بولۇپ، «قوشۇنغا قاتنىشىشى بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرەتتى، قوشۇندىن قايتىپ كەلگەن ھامان بىر يەردە تۇرۇپ مال باقاتتى». شۇڭا، قۇللارنىڭ ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا دەخلى قىلالمايتتى. ھالبۇكى بۇ خىل قۇللارغا تولۇق يۆلەنمەي تۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەمىنلىنىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ھادىسە، دەل كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر، ۋاھالەنكى يەنە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بۇنداق تۆۋەن ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭ ئاشۇ خىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يۇقىرى، سودا - سانائىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان قۇلدارلىق تۈزۈمى بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى، شۇڭا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى، ئادەتتە قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭكىگە ئوخشاش پىشقان، تولۇق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى ۋە ئىمكان-

يىمتى بار قۇلدارلىق تۈزۈمگە ھەرگىز يەتمەيتتى. لېكىن پىشمى-
غان، تەرەققىي قىلمىغان قۇلدارلىق تۈزۈمىمۇ ئوخشاشلا قۇلدار-
لىق تۈزۈم ئىدى. بىراق بۇ خىل پىشمىغان، تەرەققىي قىلمىغان
قۇلدارلىق تۈزۈمدە، قۇللار ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئېغىر ئىشلەپ-
چىقىرىش ئەمگىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، قوشۇم-
چە ئەركىن چارۋىچىلارمۇ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە
قاتنىشاتتى، بۇ كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى بىلەن
قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ سەل - پەل
ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرىدۇر.

(3) كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يۆتكى-
لىشچانلىقى بىلەن تارقاقلىقى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ
زىيادە مەركەزلەشمىگەنلىكى بىلەن كۆلىمىنىڭ زور ئەمەسلىكىنى
بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئولجا ئالغان قۇللىرى» بىلەن
«بۇلاپ كېلىنگەن مال - مۈلۈكلەر پۈتۈنلەي ئېلىندىكىلەرگە
تاپشۇرىدۇ» غان بولسىمۇ، ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئېرىشكەن ئولجى-
سى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا قايتۇرۇلاتتى، شۇڭلاشقا
ئۇلارنىڭ قۇللىرى پەقەت ئاز ساندىكى سورۇنلاردىلا ئىشلەپچىقى-
رىشقا مەركەزلەشتۈرۈلەتتى، كۆپ ساندىكى سورۇنلاردا بولسا
ھەر قايسى تۈتۈنلەرگە بۆلۈپ بېرىلەتتى، ھەتتا بەزى ئاز ساندىكى
قۇللار «ئاسراندى ئوغۇل» ياكى «توقال» لىق سالاھىيىتى بىلەن
خوجايىنلار بىلەن بىرگە تۇراتتى. بۇ كىشىگە كۆپ ھاللاردا
ناھايىتى ئاسانلا «مەركەزلەشمىگەن ۋە زور كۆلەمدە بولمىغان
ئىشلەپچىقىرىشتا قۇللارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئە-
مەس» دەيدىغان خاتا تۇيغۇنى بېرىپ قويىدۇ. دەرۋەقە، كۆپ
ساندىكى قۇللار ھەرقايسى تۈتۈنلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەنلىكتىن،
ئەكسىچە خوجايىنلارنىڭ قۇللارغا بولغان نازارىتى بىلەن بۇيرۇق
بويىچە ماللارنىڭ ئارقىسىدىن قارانچۇق قىلىشى ئاسانغا توختىشى
ھەم خوجايىنلارنىڭ چەكلىمىلىرى بىلەن ئارىلىقلاردا قېچىپ كې-

تىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى تەسكە چۈشمەسلىكى مۇمكىن، بۇنىڭلىق بىلەن قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىماللىقىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قەدىمكى يۇنان، رىملارغا ئوخشاش تىپىك قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە، قۇللارنىڭ قېچىپ كېتىشى ھەتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى، ساقلانغىلى بولمايتتى (ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى)، ئۇنداقتا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى قانداق قىلاتتى؟ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھۇنلار بىلەن تۈركلەر نەچچە يۈز مىڭ قۇلغا ئىگە ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى بىرقانچە يۈز يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان (ھۇنلارنىڭ تەخمىنەن 300 يىل، شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق، كېيىنكى تۈركلەرنىڭ 60 يىلدىن ئارتۇق) ئىدى. شۇڭا، قۇللارنى چەكلەپ تۇرۇشقا قولايلىق ئەمەس دېگەننى سەۋەب قىلىپ، كۆچمەن مىللەتلەردە قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ دەلىللەشتىن ئىبارەت بۇ سەۋەب بىلەن تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار.

قىسقىسى، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئۆزىدە بار ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بۇ ئالاھىدىلىكلەردە ئەكس ئېتىلگەن كونكرېت فورماتسىيىلەرگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ياۋروپانىڭ تارىخىنى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي تارىخىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالىدۇ.[1]

(4) تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى

① ھۇنلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى توغرىسىدا قاملاشمىغان ئەسىرىم «ھۇن تارىخى» بىلەن قەدىمكى قىسمىنى مەن يازغان «موڭغۇللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە گوۋبەندى يازغان «موڭغۇللارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى توغرىسىدا تەتقىقات»قا قاراڭ (يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1977ـ يىلىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان).

تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدە قاغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ باشلىقى، شۇنىڭدەك تۈرك قوۋمىنىڭ ئەڭ ئالىي يولباشچىسى ئىدى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «قاغان، قەدىمكى ھۇنلاردىكى تەڭرىقۇت بىلەن باراۋەردۇر» دېيىلگەن، قاغانلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئوغۇل ۋە ئىنىلىرى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلەيتتى،① شۇڭا، قاغانلار يەنە چوڭ قاغان دەپمۇ ئاتىلاتتى، مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«باغادۇر كۆل بىلگە قاغان دەسلەپ تۈركلەرنىڭ باشقا قوۋملىرىنى ئىدارە قىلىپ، كىچىك قاغان دەپ ئاتالغانىدى، بىراق ئۇ ئۆزىنى چوڭ قاغان دەپ ئاتىغانلىقتىن، دۆلىتىدىكىلەر ئۇنىڭغا قايىل بولمىدى، دۆلىتىدىكىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ئىنز يابغۇنى چوڭ قاغان قىلىپ تەيىنلىدى.».

يۇقىرىدىكى «قىسسە» دە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئاسكۆل كۆل ئېركىن بىلەن تۇڭا تۇدۇن قاتارلىقلار دۆلىتىدىكىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتىپ، يۇقۇق شادنى چوڭ قاغان قىلىپ، ئېلتېرىشنى كىچىك قاغان تەيىنلىدى.»

ئۇنىڭدىن باشقا، «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، شىتۇ (شىپدۇ) نىڭ ئېل قاغان (يەنى ئىشپارا قاغان) دەپ ئاتىلىپ، ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇرغانلىقى، بىر نەۋرە ئىنىسى «يانلىغنىڭ تۇغلا دەرياسى بويىدا ماكانلىشىپ، ئىككىنچى قاغان دەپ ئاتالغان» لىقى خاتىرىلەنگەنىدى. ئىككىنچى قاغانمۇ كىچىك قاغان جۈملىسىدىن ئىدى.

ئەمما قاغان دېگەن نامنى تۈركلەر ئىجاد قىلغان ئەمەس، ئۇ مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىلەن V ئەسىرنىڭ باشلى-

① كىچىك قاغان دېگەن بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تۈركلەرگە ئائىت قىسسە ۋە خاتىرىلەردە كۆرۈلگەندىن سىرت، تۈرك يېزىقىدىكى «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئۇچرايدۇ.

ـرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان جۇرجانلاردىمۇ بار ئىدى. «ۋېينامە» 103 ـجىلد «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنـگەن:

«سەللان ئۆزىنى چۇدىبا قاغان دەپ جاكارلىدى. قاغان دېگەنـلىك ۋېيلىقلارنىڭ تىلىدا پادىشاھ دېگەنلىكتۇر.»

«قانۇنلار قامۇسى» 97 ـ جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقى قىسىمىنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«كېيىنكى ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تەيخۇ دەۋرىدە، جۇرجانلار-نىڭ ھۆكۈمرانى سەللان ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانىدى، ئەمـدىلىكتە تۈركلەرمۇ ئۇ نامغا ۋارىسلىق قىلدى.»

بۇنىڭدىن تۈركلەردىكى قاغان دېگەن بۇ نامنىڭ يەنىلا جۇر-جانلاردىن تەقلىد قىلىپ كەلگەن نام ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاغاننىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن ئىنىلىرى «تېگىن» دەپ ئاتىـلاتتى، ئەمما باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇن قوماندانلىرى «شاد» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاشىنا قۇتلۇق، ئۇنىڭ ئوغلى كۆل تېگىن («كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» نى ئۇنىڭ ئاكىسى بىلگە قاغان ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئورناتقانىدى) ئىدى. «شىمالىي سۇلالىـلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە ئىل قاغان (ئىشپارا) نىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى دېگىن شاد ئىدى، دېـگىن يەنى تېگىن دېگەننىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى. يەنە «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دىن ئىبارەت ئىككى مەڭگۇ تاشنى خاتىرىگە ئالغان ئاپتور قاغانـنىڭ جىيەنى يولىغ (yolix) تېگىن ئىدى. دېمەك قاغاننىڭ جىيەنـلىرىمۇ تېگىن دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب خۇيلى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى

مېھرى ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگ ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«قۇندۇر دۆلىتىگە يېتىپ باردۇق، يەنى تونيابغۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇ شاد شۇ يەردە تۇرىدىكەن. تاردۇ شاد ئۆلۈپ كەتكەچكە قوچۇ مەلىكىسىنىڭ ئوغلى كىچىك بولغانلىقتىن، تاردۇ شادنىڭ ئاۋۋالقى ئايالىنىڭ ئوغلى تېكىننى شادلىققا تەيىنلەپتۇ.»

شادلارنىڭ ئوغلىمۇ تېكىن دەپ ئاتالغان بولۇپ، تېكىن يالغۇز قاغانلارنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرىنىڭلا نامى بولۇپ قالماستىن، بەلكى قاغانلارنىڭ نەۋرىلىرىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتالغاندى.

تېكىن دېگەن بۇ نامنى تۈركلەر كەشىپ قىلغان ئەمەس ئىدى. «لوياڭ ئىبادەتخانىسى خاتىرىلىدى» نىڭ 5 ـ جىلدىدىكى «سوڭ يۈن سەپەرنامىسى» دىن كەلتۈرگەن نەقىلدە خاتىرىلىنىشىچە، V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئېفتالىتلارنىڭ ئارىسىدىمۇ تېكىن دېگەن نام بار ئىدى (ئەسلىدىكى مەنبەدە، «敕勤» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ تېكىن دېگەننىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى).

تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى تارقاق كۆچمەن ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، تەشكىلى بىر قەدەر چېچىلاڭغۇ ۋە بوشاڭ ئىدى. لېكىن ئىدارە قىلىدىغان زېمىنى كەڭ بولغانلىقتىن، ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەندى، قاغان ئوردىسى ھاكىمىيەتنىڭ تۇغۇن قىسمى، سىياسىي مەركىزىي بولغاندىن سىرت، يەنە باشقا رايونلار شەرق، غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، ھەر بىر قىسىمغا بىردىن شاد (sad، قوشۇنلارنى باشقۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدار) نى قوشۇن بىلەن تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شەرقىي قىسىمدىكى

شادىنىڭ قارارگاھى ياۋجۇ ئايمىقى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) نىڭ شىمالىدا، غەربىي قىسىم شادىنىڭ قارارگاھى ۋۇيۈەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسى) نىڭ شىمالىدا ئىدى.[1] شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ئارىلىقىدىكى ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، قاغان ئوردىسى جايلاشقان (ئادەتتە ئۆتۈكەن تېغىدا تەسىس قىلاتتى) ئىدى. قاغاننىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قوۋملەر بولاتتى، «شاد» نىڭ باشقۇرۇشىدىكى قوۋملەر قاغاننىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى. مەسىلەن، ئېلىك قاغان قاغان بولۇشتىن ئىلگىرى «باغادۇر شادنىڭ قارارگاھى ۋۇيۈەننىڭ شىمالىدا ئىدى»، ئۇ قاغان بولغاندىن كېيىن «ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ... ... بۆرى شادنى ئەقشىد قەبىلىسى (شەرق تەرەپتە) نى باشقۇرۇشقا قويغانىدى.»[2] ئەمما قاغان ھەمىشە كىچىك قاغانلارنى شەرق بىلەن غەربنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتەتتى. مەسىلەن، تابار قاغاننىڭ دەۋرىدە تۇمەننىڭ ئوغلى شېتۇ (شىپدۇ) نى نىۋار قاغان (كىچىك قاغان) قىلىپ تەيىنلەپ، شەرق تەرەپنى ئىدارە قىلىشقا قويدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىنىسى روقان قاغاننىڭ ئوغلى بۆرى قاغان (كىچىك قاغان) نى غەرب تەرەپتە تۇرۇشقا قويدى.[3] تارىخنامىلەردە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«تولشاد قاغان ئىشپارادۇر، ئۇ سىۋار قاغاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى بولۇپ، ئېلىك قاغاننىڭ جيەنى ھېسابلىنىدۇ . . . تولشاد قۇرامىغا يەتكەندە، سىۋار ئۇنى شەرقىي قارارگاھنىڭ قوشۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپ، نىيبۇ شاد قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. . . . . . ئېلىك تەختتە ئولتۇرغاندا، تولشاد قاغان قىلىپ تەيىنلىنىپ، ياۋجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.
② «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقى قىسمى.
③ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

قاراргاھ قۇرۇپ، تاتابى، ئەفشىد قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلىنى باشقۇرۇشقا قويدى، بىراق ئۇ باج - سېلىقلارنى ھەددىي - ھېسابسىز يىغقاچقا، ھەر قايسى قوۋمدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.»①

بۇنىڭدىن شەرق تەرەپنى ئىدارە قىلىدىغان قاغاننىڭ ئادەتتە «تولشاد» دېگەن نام (مەسىلەن، تولشاد قاغان) بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق ئۇ ناملارنىڭ ئىچىدە باشقا ناملار (مەسىلەن، نىۋار قاغان) مۇ بار ئىدى. ھالبۇكى، شەرق تەرەپنى ئىدارە قىلىدىغان «شاد»لار مۇقىم «تولشاد» دېگەن بىرلا نام بىلەن ئاتالمىغانىدى (بۆرى شاد، نېبىۋ شاد دېگەن ناملارمۇ بار ئىدى). يەنە كېلىپ تولشاد قاغان بىلەن تولشادنىڭ جەزمەن شەرق تەرەپنى ئىدارە قىلىشى ناتايىن، مەسىلەن، رامغان تولشاد قاغان دەپ ئاتالغاندا، شىمال تەرەپنىلا ئىدارە قىلغانىدى، ②كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قاپاغان قاغانى تولشاد دەپ ئاتالغاندا، جەنۇبىي ئوردىنى ساقلىغانىدى. ③شۇڭلاشقا بەزى ئەسەرلەردە مەسىلەن، «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە» دە: «شادتىن ئىككىسى بار، بىرى ئىمپېرىيىنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرۇپ، Tolis (تولشاد) دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە بىرى غەربىي قىسمىدا تۇرۇپ، تاردۇش دەپ ئاتىلىدۇ»④ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئەسەرلەردىن «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» (23- بەت)⑤ بىلەن «قەدىمكى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارى-

---

① «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقى قىسمى.
② «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
③ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقى قىسمىغا قاراڭ.
④ دانىيىلىك ئالىم تومسېننىڭ ئەسىرى، خەن رولىن تەرجىمە قىلغان. تەرجىمىسى 1937 - يىلى «يۈيگوڭ» مەجمۇئەسىنىڭ VI - جىلد 2 -، 3- بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان، كېيىن سېن جۇڭمىيەن ئۆزى يازغان «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ (1958- يىلى جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى نەشرى) ئىككىنچى قىسمىنىڭ قوشۇمچىسىغا كىرگۈزگەن. بۇ يەردىكى نەقىلنى 935- بەتكە قاراڭ.
⑤ ماچاڭشۇنىڭ ئەسىرى، 1957 - يىلى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى نەشرى.

خى» (126 ـ بەت)[1] دە: «تۈرك خانلىقى شەرق، غەرب دەپ ئىككى رايونغا ئايرىلغان، شەرق تەرەپتىكىسى تولشاد رايونى، غەرب تەرەپتىكىسى تاردۇش رايونى دەپ ئاتىلىدۇ، ھەر بىرىگە بىردىن شاد تەيىن قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇڭا تۈركلەرنىڭ تارىخىدا تولشاد ۋە تاردۇش شاد دېگەن نام دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. «تولشاد» بىلەن «تاردۇش شاد» دېگەن ناملارنىڭ دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئەمەلىيەت بولغاندىن سىرت، قالغان قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن.

غەربىي قىسىمنى ئىدارە قىلىدىغان ئەمەلدار ئادەتتە يابغۇ دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۈزرۈكۋار بوۋىسى ئىستەمى قاغاننىڭ ئاتىسى ئەسلى ئۇلۇغ يابغۇ ئىدى،[2] ھالبۇكى، ئىستەمىنىڭ ئۆزىنى «ئۆز قوۋمىدىكىلەر باغادۇر يابغۇ دەپ ئاتايتتى».[3] ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىرى داۋاملىق يابغۇ دېگەن نامنى بىرگە قوللاندى، مەسىلەن، شىر قاغاننىڭ ئوغلىنىڭ ئەسلى ئىسمى تونيابغۇ ئىدى، شىر قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تونيابغۇ ۋارىسلىق قىلىپ، تونيابغۇ قاغان دەپ ئاتالغانىدى. تونيابغۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىزىيابغۇ داۋاملىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىزىيابغۇ قاغان دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىشپارا يابغۇ قاغان دېگەن بىرەيلەن.

---

[1] ئىچكى موڭغۇل تىل ـ تارىخ تەتقىقات ئورنى بىلەن ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ موڭغۇل تارىخى تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تۈزگەن، 1979 ـ يىل نەشرى.

[2] «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

[3] «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا «ئىستەمى ئۆز قەۋمىدىكىلەر تەرىپىدىن باغادۇر دەپ ئاتىلاتتى» دەپلا كۆرسىتىلگەن. ئەمما فرانسىيىلىك چاۋانىسنىڭ تەكشۈرۈپ، دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، باغادۇر يابغۇ دېگەنلىك ئىدى، «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى (1958 ـ يىلى جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى نەشرى) 43 ـ بەت بىلەن 193 ـ بەتكە قاراڭ، چاۋانىس مۇنداق دەيدۇ: «ئىستەمى ئۆز قوۋمىدىكىلەر تەرىپىدىن باغادۇر يابغۇ دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن كۆزىتىكەندە، تۈمەن بىلەن ئىستەمىنىڭ دەۋرىدە تۈركلەر ئاللىقاچان ئىككى تارماققا ئايرىلغان، يەنى چوڭ تارماق بىلەن كەنجى تارماقتىن ئىبارەتتۇر. كەنجى تارماقتا يابغۇ نامى ساقلاپ قېلىنغان، بۇ ئىككىنچى قاغان دېگەن ئىسىم نامىدۇر. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئون قەبىلە بار بولغاچقا، غەربىي تۈركلەر ياكى ئون ئوقلار ۋە ياكى يابغۇ تۈركلىرى دەپ ئاتالغان ئىدى».

مۇ بار ئىدى (ئېلتېرىشنىڭ ئىنىسى بوپ تېگىن). ئاشىنا قول يابغۇلۇقتا تەيىنلەنگەندە، ئاشىنا بۆكىنىمۇ تۇغلۇق يابغۇ دەپ ئاتالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، شەرقىي قىسىمدىمۇ يابغۇ نامى بار ئىدى، مەسىلەن، تۈركلەر غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن (583 - يىلى) دىن كېيىن، مىلادى 587 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىشپارا قاغانى ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى چۇرلۇقغۇر قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يانغۇ قاغان دەپ ئاتالغانىدى، ھالبۇكى ئىشپارانىڭ ئوغلى يارلۇق بولسا يابغۇلۇقتا تەيىنلەنگەنىدى، ئۇزاق ئۆتمەي يابغۇقاغان ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەندە، يارلۇق يابغۇ قاغانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغانىدى (دۇلان قاغان).① بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ ئەمەل ناملىرىنىڭ غەرب بىلەن شەرقىي قىسىمدا مۇقىم ھالدىكى مەخسۇس ناملار بىلەن ئاتالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىدىكى مىساللاردىن يەنە شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شەرقىي قىسىمنىڭ ئەمەل نامىدا «تولشاد» دائىم قوللىنىلغان، غەربىي قىسىمدا بولسا «يابغۇ» نامى دائىم قوللىنىلغان، بۇ بىر خىل ئادەت ئىدى (تۇزۇم ئەمەس). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يابغۇنىڭ ئورنىنىڭ ئادەتتە قاغانىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ھۇنلاردىكى تەڭرىقۇتنىڭ «نائىبى» ئورنىدا تۇرىدىغان سول قول بىلىكخان (يەنى تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنىڭ كاندىداتى) نىڭ ئورنى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاردۇش ئىستەمىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى تاردۇ ئىدى، ئىستەمى ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىق ئورنىغا ۋارىس-

① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

تەرجىمە قىلىنغان. «شاد» يەرلىك ئەمەلدار بولۇپ، ھوقۇقى بىر
قەدەر چوڭ ئىدى، يەنى بىر تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، بىراق
ئىشپارانىڭ دەسلەپ نىيبۇشاد دەپ تەيىنلىنىپ، كېيىن تولشادقا-
غان بولۇپ تەيىنلەنگەندە، «باج - سېلىقلارنى ھەددى - ھېساب-
سىز ئالغان» لىقىدىن كۆزەتكەندە، شادنىڭ يەنە ئۆزىنىڭ باشقۇ-
رۇش رايونىدا خالىغانچە باج - سېلىق يىغىش ھوقۇقى بار ئىدى
(كىچىك قاغانلارنىڭ خالىغانچە باج - سېلىق يىغىش ھوقۇقى
بارلىقىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتسىز) . شۇڭلاشقا شادلارنىڭ ئادەتتە
قارار گاھى بار ئىدى. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە تۈركلەر ھەققىدە
دە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىدا خاتىرىلىنىشىچە، قۇتلۇق ئۆتۈكەن
تېغىدا ئوردا قۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئىنىسى قاپاغان قاغاننى تولشاد
قىلىپ، جەنۇبىي ئوردىدىكى قارا قۇم شەھىرىنى ساقلاشقا قويغان
ئىدى. قۇتلۇقنىڭ ئوغلى بىلگە قاغاننى قوۋمىدىكىلەر «كىچىك
يابغۇ» دەپ ئاتايتتى. يەنە شۇ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، قاپاغان قاغان قاغانلىق ئورنىدا ۋا-
رىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان زېمىنى بىر قەدەر
كەڭ بولغاچقا، كونا قائىدە بويىچە قاغان ئوردىسى جايلاشقان
ئورۇندىن باشقا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنىۋاتقان رايونلىرىنى سول تە-
رەپ (شەرقىي قىسىم) ۋە ئوڭ تەرەپ (غەربىي قىسىم) دەپ
ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، سول شاد رايونى بىلەن ئوڭ تەرەپ شاد
رايونىغا بىردىن ئادەمنى شاد قىلىپ تەيىنلەپ، ھەر قايسىسىنى
20 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۆز تەرىپىنى ساقلاشقا قويۇپ، ھۆكۈم-
رانلىق يۈرگۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا قاپاغان قاغان ئۆزىنىڭ يەنە
بىر ئوغلى بۆگۈنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلىگەنىدى، ئورنى
ئىككى شادتىن يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭدىن شادنىڭ ھوقۇقى چوڭ
بولسىمۇ، لېكىن ئورنىنىڭ كىچىك قاغانلاردىن تۆۋەن ئىكەنلى-
كىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شاد رايونىنىڭ بۆلۈنۈشىدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سول شاد رايونى بىلەن ئوڭ شاد رايونىغا جەزمەن بىردىن شاد تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئاتالمىش سول تەرەپ شادى بىلەن ئوڭ تەرەپ شادى دېگەندىمۇ يەنىلا سول شاد ۋە ئوڭ شاد دېگەنلىك بولۇپ، «سول شادى»، «ئوڭ تەرەپ شادى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەل نامىنىڭ يوقلۇقى ئىدى. ھالبۇكى سول شاد ھەرگىزمۇ تولشاد، ئوڭ شاد ھەرگىزمۇ تاردۇش شاد ئەمەس ئىدى. بۇ ھۇنلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىدە بەلگىلەنگەن سول قول بىلىكخان بىلەن ئوڭ بىلىكخاننىڭ خاس نامى بىلەن بىردەك ئىدى، لېكىن سول قول بىلىكخان جەزمەن سول تەرەپ (شەرقىي قىسىم) نى ئىدارە قىلىدىغان، ئوڭ قول بىلىكخان ئوڭ تەرەپ (غەربىي قىسىم) نى ئىدارە قىلىدىغانلىقى شەرت بولغاچقا، سەل - پەل ئوخشاشمايتتى.①

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىش تۈزۈمى، سىرتاردۇشلاردىمۇ بار ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى قوشۇمچە «سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 19 - يىلى كۈز 9 - ئايدىكى ماددىسىغا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«دەسلەپتە سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى ئىنچۇ كىچىك خوتۇندىن تۇغۇلغان ئوغلى يېرمەكنى تولشاد قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، شەرقتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارىلاشما ئۇرۇقتىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويدى؛ چوڭ خوتۇندىن تۇغۇلغان ئوغلى بارتەكنى ئىز يانجۇ قاغان قىلىپ تەيىنلەپ غەربكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىر-

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

تاردۇشلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويدى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يارلىق بويىچە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ پەرمانبەردار بولدى.»

سىرتاردۇشلار تىلىلار قوۋمىگە مەنسۇپ ئىدى، ھالبۇكى، تۈركلەر بولسا تىلىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. شۇڭا، سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا «تولشاد» (بەلكى تولشاد قاغان تەسىس قىلىنغان)، غەربىي قىسمىدا «تاردۇش شاد» (بەلكى ئىز يابغۇ قاغان دەپ ئاتالغان) دېگەن نام تەسىس قىلىنمىغان، بۇنى تۈركلەرنىڭ غەربى بىلەن شەرقىدىكى شاد مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.①

شاد قوشۇننى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئىدى، تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەڭرى قاغانى تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ «ئىنكىكى تاغىسى قوشۇنلارنى غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككىگە ئايرىپ باشقۇرۇپ، ئوڭ ۋە سول شاد دەپ ئاتالغاچقا، قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى؛ بىراق، قاغان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى غەرب تەرەپتىكى شادنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى قوشۇنلارنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى».②دېمەك، شادنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەنىدى. تارىخنامىلەردە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئاشنا سىمۇ ئېلىك قاغاننىڭ جەمەتىدىن ئىدى، سىۋار

① قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىز نىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا، ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى ئۈچ ياكى ئىككى قىسىمغا ئايرىش ئۆرۈپ-ئادىتى، داۋاملىق جىلىقىپ تۇرىدۇ. مۇنىلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى تەڭرىقۇت ئوردىسى (ئوتتۇرا قىسمى) ۋە سول، ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەندىن سىرت، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىلغىرقى مەزگىلىدە تان شىخۇي تېرىپىدىن قۇرۇلغان سىيانپىلارنىڭ ھەربىي قەبىلىلەر چوڭ بىرلەشمىسىمۇ، ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى شەرق، ئوتتۇرا ۋە غەرب دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلگەنىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ دايانخانى ھۆكۈمرانلىق رايونلىرى (جەمئىي ئالتە تۈتۈنگە) نى سول ۋە ئوڭ قانات دەپ ئىككى قاناتقا بۆلگەنىدى (يەنى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا). ئۇ ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى چاخار تۈتۈنىنىڭ چېگىرىسى ئىچىگە تەسىس قىلىپ، سول قاناتتىكى ئۈچ تۈمەن تۈتۈنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ ئۈچىنچى ئوغلى بورىس بورتچىنوڭ (نائىب خان) نى ئوردوستا تۇرغۇزۇپ، ئوڭ قاناتتىكى ئۈچ تۈمەن تۈتۈنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزغانىدى.

② «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.

قاغان بىلەن ئېلىك قاغاندىن كۆرە، ئۇ غۇزلارغا بەكرەك ئوخشايتتى، تۈركلەرگە ئوخشىمايتتى، ئاشنا جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا چۇرلۇق بىلەن ئېلىك ئىككى قاغان دائىم كۆلبېي تېگىن ئارقىلىق ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، كۆلبېي تېگىن باشتىن - ئاياغىچە قوشۇنلارنى باشقۇرىدىغان شاد بولالمىدىغانىدى.»①

بۇنىڭدىن شاد بولمىسا، تېگىن (قاغاننىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرى) بولغان بىلەنمۇ قوشۇنلارنى باشقۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىدىكى كۆل تېگىن قاپاغان قاغاننىڭ ئوغلى بۆگۈنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاكىسى بىلگە قاغاننى قاغان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى سول قول بېلىكخان (سول قول شاد بولۇشى كېرەك)②بولۇپ، ھەربىي ھوقۇقنى كونترول قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆل تېگىن دەسلەپ تېگىن بولغان ۋاقتىدا، ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تېگىننىڭ قۇرۇق بىر ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى، شادقا ئوخشاش ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «يېڭى تاڭنامە» 80 - جىلد «تاڭ تەيزوڭنىڭ ئوغلى چاڭشەن بېگى چېڭ گەننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ

---

① «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقى قىسمى.

② «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر» بىلەن «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقى قىسمىدا تولۇقلاپ، «بىلگە قاغاننى تۈز قوۋۇمدىكىلەر كىچىك شاد دەپ ئاتايتتى. بىراق ئۇ رەھىمدىل، چىقىشقاق ئىدى، تەختنى قولغا ئېلىشتا كۆل تېگىننىڭ تۆھپىسى زور بولغاچقا، بىلگە قاغان تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنگەندە، ئۇ قوبۇل قىلماي، داۋاملىق سول قول بېلىكخان بولۇپ، ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتتى» دېيىلگەن. سول قول بېلىكخاننىڭ ھونلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ نامى ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، ھونلارنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلىدىغان ئەڭ ئالىي پەرلىك ئەمەلدار ئىدى، ھوقۇقى زور بولۇپ، ئورنىمۇ يۇقىرى ئىدى، تەڭرىقۇتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. تۈركلەردە بولسا بۇ ئەمەل يوق ئىدى، لېكىن «تاڭنامە» دە ھەمىشە ھونلارنىڭ بۇ ئەمىلى ئارقىلىق تۈركلەرگە تەقلىد قىلغان، بەلكى سول قول شاد دېگەن بۇ ئەمەلنىڭ قىسقارتىلمىسى ئاتىلىشى ياكى ئۆزى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئۇنى «سول قول شاد» دېگەنمۇ توغرىراق.

196 ـ جىلد جىنگوەننىڭ 17 ـ يىلى، باھار 3ـ ئايدىكى ماددىسىدا شاھزادە چىلىڭ گەننىڭ تۈركلەرنىڭ تىل، كىيىم ـ كېچەك، ئەدەب ـ قائىدە تۈزۈملىرىنى تەقلىد قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«تاڭ يورۇشى بىلەنلا نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، جىنچىڭ قەلئەسىنىڭ غەربىي (جىنخې دەرياسىنىڭ غەربىي بولۇشى كېرەك) گە ئوۋغا چىقىشقا تەييار بولاتتى. ئاندىن چاچلىرىنى تۈركلەرنىڭكىدەك قويۇۋېلىپ، ئۇستىبېشىنى خۇددى ئاشىنا سىمۇدەك ياساپ، ئۆزىنى شادلاردەك چاغلاپ، قوشۇنىنىڭ ئارقىدا ئەمەس ئالدىدا ماڭاتتى.»

خۇسەنشىڭ ئىزاھلاپ «چىڭ گەننىڭ ئۆزىنى ئاشىنا سىمۇدەك چاغلاپ شاد بولۇۋېلىشى، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئابزاستىكى خاتىرىدە گەرچە چىڭ گەننىڭ نادان ھەم تەلۋە ھەرىكىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تۈركلەردىكى شادلىق ئورنىنىڭ يۇقىرى، ھوقۇقىنىڭمۇ زورلىقىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، شاد قوشۇنلارنى باشقۇرۇپلا قالماي بەزىدە يەنە سىرتقا ئەۋەتىلىپ، قارام ئەللەرنىڭ نازارەتچىلىكىنىمۇ ئۆتەيتتى، مەسىلەن:

«ئېفتالىتلار دۆلىتى ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى) نىڭ جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى، . . . . . . دەسلەپتە بۇ ئەلدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، تۈركلەر توڭئاشاد ئېزگىلنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى.»[1]

تېگىنلەرمۇ بەزىدە سىرتقا ئەۋەتىلىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش

[1] «سۈينامە» 83 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ئېفتالىتلار ماددىسى.

ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى، مەسىلەن:

«شاش دۆلىتى ياكسارت دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى سىر دەرياسى) بويىغا جايلاشقانىدى، تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈ-گەندە، شىر قاغان قوشۇن باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىل-دۇرۇپ تېگىن بەگتەكنى ئۇلارنىڭ ئېلىنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا قويغانىدى.»①

تۈركلەر غەرب، شەرق دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون قەبىلىسى يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، بىر قىسمى بەش تۇغلۇقلار، يەنە بىر قىسمى بەش ساداقلىقلار دەپ ئاتىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئون قەبىلە» دەپ ئاتالغانىدى. بەش تۇغلۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەمەلدار «چور»، بەش ساداقلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەمەلدار «ئېركىن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنى مۇشۇ كىتاب-نىڭ ئالتىنچى بابىدىكى غەربىي تۈركلەر قىسمىدا يەنە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدىكى چوڭ ئەمەللەر، يۇ-قىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېگىن، يابغۇ، شاد، چور، ئېركىندىن سىرت يەنە تۇدۇن، ئاپا، ئېلتەبىر، تارقان، ياغۇندا قاتارلىق ئون نەچچىسى بار ئىدى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، 28 دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئەمەل ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىناتتى، مۇقىم شتات نورمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ياساۋۇللارنى «بۆرى» دەپ ئاتايتتى.②

يۇقىرىدىكى ئەمەللەرنىڭ ئىچىدىكى تۇدۇن دېگەن ئەمەلگە ئولتۇرغۇچى، بويسۇندۇرۇلغان تاشقى مىللەت ياكى چەت ئەللەردە تۇرۇپ مەخسۇس ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ،

① «سۇينامە» 83 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» شاش دۆلىتى ماددىسى.
② «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

مەزكۇر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلاتتى. بۇ توغرىسىدا تارىخنا، مىلەردە مۇنداق خاتىرىلەر بار:

قىتانلارغا «تۈركلەرنىڭ ئىشپارا قاغانى تۇدۇن يۇترۇكنى ئەۋەتىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى».①

شىرۋىلارنى «تۈركلەر ھەمىشە ئۈچ نەپەر تۇدۇننى ئەۋەتىپ ئىدارە قىلاتتى».

غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى «غەربىي يۇرتتا ھاكىمىيەت-لەقلىق قىلغان» دىن كېيىن «غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ بەگ-لىرىنى ئېلتەبىر دەرىجىسىگە چۈشۈرگەنىدى، ھەمدە بىر نەپەر-دىن تۇدۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى نازارەت قىلغۇزۇپ، ئۇلاردىن باج- سېلىق يىغىشقا مەسئۇل قىلغۇزغانىدى».②

تەيزوڭنىڭ دەۋرىدە غەربىي تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئاگىنىنى تالاشقانلىقتىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ ۋەزىرى كۆلىچور تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاگىنىگە تىكلىگەن خانى لى پوچۇننى نەزەربەند قىلىپ قويغان بولسىمۇ، يەنە بىر ۋەزىرى «تايپان جور پەرمان بويىچە ئۆزىنىڭ تۇدۇننى ئاگىنىغا ئەۋەتىپ ۋاكالىتەن ئىدارە قىلغۇزغانىدى. بۇ تۇدۇن ئەلچى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرغىلى بارغاندا، تاڭ تەيزوڭ ئۇنىڭغا ئاگىنىنى بىزنىڭ قو-شۇنلىرىمىز ئىشغال قىلغان تۇرۇقلۇق، ئەمدىلىكتە كىم يەنە ۋاكالىتەن ئىدارە قىلىشقا پېتىنالىسۇن، دېگەندە، تۇدۇن قور-قۇپ كېتىپ ئېلىگە قايتىپ كەتكەنىدى.»③

«ئەينى چاغدا (تەيزوڭنىڭ دەۋرىدە) تۇغلۇق قاغان بىلەن يابغۇ قاغان ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقانىدى ... ... كېيىن تۇغلۇق قاغان شاشقا تۇدۇن ئەۋەتىپ، يابغۇ قاغانغا ھۇجۇم

---

① «سۇنامە» 84 - جىلد «قىتان، شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە».
② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى.
③ «كونا تاڭنامە» 198 - جىلد «ئاگىنى تەزكىرىسى».

قىلىپ، ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنىدى.»[1]

ئېلتەبىر بىلەن ياغۇندا دەرىجىسىدىكى مەنسەپدارلارلا، دائىم
ھاكىمىيەت باشلىقلىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ۋە مەمۇرىي ئىش-
لارنى بىر ياقلىق قىلىشىغا قاتنىشاتتى، بولۇپمۇ بۇ غەربىي
تۈركلەردە شۇنداق ئىدى. شۇڭا «سۈينامە» 84 - جىلد «غەربىي
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئېلتەبىر، ياغۇندا دەرىجىسىدىكى مەنسەپدارلار ھەمىشە دۆ-
لەت ئىشلىرىنى كېڭىشىشكە قاتنىشاتتى، باشقىلىرى شەرقىي
تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.»

لېكىن، كۆچمەن مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھاكىمى-
يەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئەمەل ۋەزىپىلىرى ئۇنچىۋالا قاتتىق ئەمەس
ئىدى (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئودال سۇلالىلەرگە ئوخشاش-
مايتتى)، بەلكى ئۇلار «ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان» بولغاچقا،
ئەمەلىيەتتە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
(قاغاننىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، ھەممىسى قوشۇنغا قوماندان-
لىق قىلىپ، شەخسەن ئالدىنقى سەپكە باراتتى. بۇ ھال ھۇنلار-
نىڭ ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىدە بىر قەدەر ئېنىق گەۋدىلىنىپ
قالماستىن، بەلكى تۈركلەردىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

تۈركلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرى ئەڭ ئاۋۋال «جۇنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە كۆرۈلگەنىدى، ئۇنىڭدىن قالسا
«سۈينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى»،
«كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى» قاتار-
لىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە خاتىرىلەر بار ئىدى، بىراق «قانۇن-
لار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر»دە خاتىرىلەنگەن تۈركلەر-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەمەل - مەنسەپلىرى باشقا ئەسەر-
لەرگە قارىغاندا، بىرقەدەر مۇپەسسەل ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.

دېيىلگەن:

«تۇمەنىنىڭ ئۆزىنىڭ نامى ئېل قاغان ئىدى، بۇ قەدىمكى ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بىلەن باراۋەردۇر. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ نامى خاتۇن ئىدى، بۇ قەدىمكى ھۇنلاردىكى ئالچى بىلەن باراۋەردۇر. ئۇنىڭ پەرزەنت ـ ئىنىلىرى تېگىن دەپ ئاتالغان بولۇپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. ئۇلارنىڭ چوڭراق ئەمەللىرىدىن كۆلچور، ئۇنىڭدىن قالسا ئاپا، ئۇنىڭدىن قالسا ئېلتەبىر، ئۇنىڭدىن قالسا تۇدۇن، ئېركىن بار ئىدى. دەسلەپتە تۈرك خانلىقىدا يۇقىرى ـ تۆۋەن ئەمەللەردىن ئون نەچچىسى بار ئىدى: بەزىلىرى ئادەملەرنىڭ بوي ـ بەستىگە قاراپ، بەزىلىرى چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، بەزىلىرى رەڭلەرگە قاراپ، بەزىلىرى چاچ ـ ساقاللىرىغا قاراپ، بەزىلىرى ھاراق ـ گۆشلەرگە قاراپ، يەنە بەزىلىرى يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنىڭ ناملىرىغا قاراپ ئاتىلاتتى. ئۇلاردا باتۇرلارنى ئىشپارا ياكى باغادۇر دەپ ئاتايتتى. سېمىز، قوپاللارنى سالىغ دەيتتى. دارۇغا دېگىنى قومرا دېگىنى بولۇپ، بۇنداق ئادەمنىڭ بويى پاكار، بۇلۇڭ شەكلىدە بولغاچقا، شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان ئىدى، بۇ ئەمەل ناھايىتى ئەتىۋار بولغاچقا، قاغاننىڭ پەرزەنت، ئىنىلىرىلا نائىل بولالايتتى. ئۇلاردا يەنە چوڭلارنى كۆل دەيتتى، شۇڭلاشقا كۆل تارقان دېگەن ئەمەل بار ئىدى. قۇلان دەپ ئاتىلىدىغىنىمۇ بولغاچقا، قۇلان سۇئۇ، كۆل سۇئۇ دېگەن ئەمەل بار ئىدى، بۇ قوشۇننى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئىدى. قارا رەڭدىكىلەرنى قارا پاي دەيتتى، شۇڭا قاراچور دېگەن ئەمەل بار ئىدى، بۇ ئەمەلنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، يېشى چوڭلارلا نائىل بولالايتتى. ئاتلىنىشنى سۆڭۈش دەيتتى، شۇڭا سۆڭۈش تۇدۇن دېگەن ئەمەل بار ئىدى، بۇ ئايماق، ۋىلايەت ئەمەلدارى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھاراقنى بەكىنى دەيتتى. شۇڭا يەنە بەكىنى راقا

دېگەن ئەمەل بار ئىدى. راقا قانۇنغا خىلاپ ئىشلار بىلەن جەمئى-يەت تەرتىپىنى ساقلاشقا، نازارەتچىلىك قىلاتتى. گۆشنى ئەت دەيتتى، شۇڭا ئەت كۈنى دېگەن ئەمەل بار ئىدى، بۇمۇ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارغا ئوخشاش ئىدى. بەزىدە بۆرى قاغانمۇ تۇرغۇزۇلاتتى. بۆرى يىرتقۇچ بۆرىنىڭ نامى بولۇپ، تەڭرى شادىنىڭ نامىدىن كەلگەنىدى. قاغاندىن تۆۋەن يابغۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاغاننىڭ ۋارىسلىرى ئىدى، تۈركلەردە پەقەت مۇشۇ ۋارىسلارلا، قاغانلىق ئورنىغا ئولتۇرالايتتى.»

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆك تۈركلەر (kok türk دېگەن كۆك تەڭرىنىڭ ئوغۇللىرى دېگەنلىك ئىدى، شۇڭا بەزىدە كۆك تۈرك-لەر ياكى كۆك تۈركلەر دەپ تەرجىمە قىلىنغان)[①]دەيدىغان ھەر قايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرى (بەگلەر يەنى چارۋىدار ئاقسۆڭەكلەر ئىدى) مۇ بار ئىدى، شۇنىڭدەك بۇ چوڭ - كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ، پۈتۈنلەي ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ ئىدى. قاغان، ئاقسۆڭەك ۋە چوڭ - كىچىك بەگلەردىن ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشى تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشنىڭ يارىشىش، ئۇ-

① كۆك تۈرك دېگەن بۇ سۆز «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا كۆرۈلىدۇ. خېن رولىن ئەينى كۈنى كۆك تۈرك دەپ تەرجىمە قىلغان، ئۇ «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ» («يۈيگوڭ» مەجمۇئەسىنىڭ 1936-يىلى 11 - ئايدىكى VI توپلام 6 - سانىغا بېسىلغان) ناملىق ماقالىسىدە «شىمالىي تۈركلەر (يەنى شەرقىي تۈركلەر) ئۆزلىرىنى كۆك تۈركلەر دەپ ئاتايتتى. شۇڭا غەربلىكلەر ئاتىغان كۆك تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈركلەردۇر» دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى بىرنشتام «VI — VII ئەسىرلەردىكى ئورقۇن-يېنىسەي دەريا ۋادىلىرى-دىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى» ناملىق كىتابىدا تۈركلەردىن ئىبارەت «بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى تۈرك تىلىدا (ئېل) ياكى كۆك تۈركلەر (ئېل دېگەن بۇ سۆز تۈرك تىلىدا ئىمپېرىيە، دۆلەت، سۇلالە، خەلق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، تومسېن «موڭغۇلىيە-دىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە»دە (ئېل) نى ئىمپېرىيە دەپ تەرجىمە قىلغان)» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يۇقىرىدىكى نەقىللەرنى 1950 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ئىلىم - پەن خىزمەتلىرى» نىڭ بىرىنچى توپلام 8 - سانىدىكى جاڭ جىيى يازغان «كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى» ناملىق ماقالىگە قاراڭ. شۇڭا كۆك تۈركلەر تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرىغا مەنسۇپ ئىدى، بەزىلەرنىڭ ئۇلارنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ دېگىنى توغرا ئەمەس.

رۇش قىلىش، قاغان ۋارىسلىرىنى تاللاش ۋە باشقا زور مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە پات - پاتلا «ئېلىدىكلەر» دەپ ئاتالغانىدى. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئاسكىل كۆل ئېركىن بىلەن تۇڭا تۇدۇن قاتارلىقلار ئېلىدىكلەر بىلەن كېڭىشىپ، يوقۇق شادىنى چوڭ قاغان، ئېلتېرىشنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلىدى.»

«يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىدىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«كۆل ئېركىن بىلگە قاغان (باغادۇر) دەسلەپتە تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كىچىك قاغان دەپ ئاتىلىپ، ئۆزىنى چوڭ قاغان دەپ ئاتىغاندا، ئېلىدىكلەر قايىل بولمىغانىدى. ...... بۇنىڭ بىلەن ئېلىدىكلەر ئاگىنىدىكى نىشۇنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى تۇغلۇق قاغان دەپ ئاتىغانىدى.»

قۇللار بىلەن قارا بۇدۇنلار (ئۇرۇشتا ئىتائەت قىلغانلار) ۋە ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار ئىدى.

**(5) تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي رولى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇللۇققا قارشى كۈرەشلىرى**

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، بولۇپمۇ ئاشۇ ئورنى يۇقىرى، ھوقۇقى زور ھۆكۈمرانلار كۆپلىگەن قۇللار بىلەن زور مىقداردىكى چارۋا مال ۋە بايلىقلارغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، «سۇينامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە بۇمىن (چىمەن) قاغانىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇپ، 200 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسىنىڭ بارلىقى؛ تۈركلەرنىڭ قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سۇي سۇلالىسىغا بىر قېتىمدىلا بىر تۈمەن تۇياق ئات، ئىككى تۈمەن تۇياق قوي، تۆگە، كالا بولۇپ بەش يۈز تۇياق مال تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرى-

لەنگەنىدى. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا خاتىرىلىنىشىچە، كۆل قاغاننىڭ 3 مىڭ تۇياق يىلقىسى بار ئىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 203 ـ جىلد تاڭ گاۋزوڭنىڭ يوڭفېڭ تۇنجى يىلى ياز ئاپرېلدىكى ماددىسىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەمەلدارلار پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى فېي شىڭجيەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قاغانى ئاشىنا تۇرچىنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككى چىدىن ئارتۇق كەڭلىكتىكى خرۇستال تەخسىسى (يەنى ئۇششاق تاشلاردىن كىرىشتۈرۈلۈپ ياسالغان تەخسە) سى، 3 مىڭدىن ئارتۇق ئالتۇن جابدۇقى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرى بىلەن كۆپلىگەن چارۋىلىرىنى ئولجا ئالغانىدى.

بۇ ھۆكۈمرانلار زور مىقداردىكى بايلىقلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنىمۇ بۆلۈپ كونترول قىلىۋالغانىدى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «مۇقىم ئولتۇراقلاشماي كۆچۈپ يۈرسىمۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلۈش يەرلىرى بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىلگەن دائىرە بويىچە ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، تاڭ تەيزوڭ شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى يەن شىگو «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئۇلارنى ئەمىن تاپقۇزۇش» نى تەشەببۇس قىلغاندا، «ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ئايرىم ئاقساقاللارنى تۇرغۇزۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ قائىدە، مىزانلارنى بەلگىلەش»①تىن ئىبارەت كونكرېت ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يەنى تۈركلەر مۇنقەرز بولۇشتىن ئاۋۋالقى «ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆلۈش

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 72 ـ جىلد.

يېرى بولۇش» تىن ئىبارەت كونا ئادەتكە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئايرىپ بېرىش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. بۇنداق «ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۇلۇش يېرى بولۇش» ئەھۋالى، تۈركلەردىلا بولۇپ قالماستىن تېلىلارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. مەسىلەن، جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 646 ـ يىلى) تاڭ تەيزوڭ سىرتاردۇشلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن تېلىلارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق 11 قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى مەكتۇپ سۇنۇپ، «ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا ئۇلۇش يەرلىرىمىز بار ئىدى، ھەرگىز سىرتاردۇشلارغا ئەگىشىپ قويۇشقا بولمايدۇ»[1] دېگەنىدى. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ئۇلۇش يەرلىرىنى ئىلگىرى سىرتاردۇشلارنىڭ ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ يايلاقلارغا بولغان كونترول قىلىش كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇلۇش يەرلەر دائىرىسىدىكى چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالغانلىقى ئىدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى يايلاقلارنى كونترول قىلىۋالغانىدى، شۇ ئارقىلىق قۇللارنى بەلگىلەنگەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىچىدە ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ، ئاندىن ئاددىي چارۋىچىلار بىلەن قارا بۇدۇنلارنى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا مەلۇم ساندىكى چارۋىلارنى باج ـ سېلىق ئورنىدا تاپشۇرۇشقا قىستاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى.

تۈرك ھاكىمىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىي رولى، ئىچكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاۋۋال قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇراتتى. تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى قۇللارغا قارىتا «قاتتىق شۇلۇۋېلىش،

---

① «كونا تاڭنامە. تەيزوڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى.

ئېغىر ئائىلە قانۇنى (قۇللار قانۇنى) نى يولغا قويغان»[1] بولغاچقا، قۇللار ئۈزلۈكسىز ھالدا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئىلىك قاغانىنىڭ دەۋرى (مىلادى 620 ـ 630 ـ يىللار، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 3 ـ يىلىدىن جېنگۇەنىنىڭ 4 ـ يىلىغىچە) دە تۈركلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان خەنزۇلار-نىڭ بىر قىسمى «ئۆز ئارا توپلىشىپ، تاغ ـ جىلغىلارنى ساقلاپ ياتقان»[2] بولسا، يەنە بىر قىسمى ئىلىك قاغانىنىڭ ئۇرۇشتا مەغ-لۇپ بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قوچۇغا قېچىپ بېرىپ،[3] قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە قېچىپ كېتىش شەكىللىرى ئارقىلىق، تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارىتا قۇللۇققا قارشى تۇرۇش سىنىپىي كۆرىشىنى قانات يايدۇردى. قۇللار بىلەن قۇلدارلار تۈرك جەمئىيىتىدىكى ئىككى قارىمۇ قارشى سىنىپ ئىدى، بۇ خىل قۇلدارلار بىلەن قۇللار مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەت تۈرك جەمئىيىتىدىكى تۈپلۈك زىددىيەت ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ خىل سىنىپىي كۈرەش، تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى (بىردىنبىر كۈچ ئەمەس)، ھەم شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى-دىكى تۈپكى سەۋەب ئىدى.

تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىنچى سىياسىي رولى قۇلدارلار-نىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى، ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى بىلەن نورمال جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئىدى. تۈركلەرنىڭ قانۇنى-دا: ئومۇمەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، باشقىلارنىڭ

---

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② «كونا تاڭنامە» 68 ـ جىلد «جاڭ گوڭجىننىڭ تەرجىمىھالى».
③ «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

ئېتىنى ئوغۇرلىغۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگى-
لەنگەن؛ ئويناش قىلغاننىڭ بېلىنىڭ يېرىمىنى كېسىش (جىنسى-
يسي ئەزاسىنى كېسىش) بەلگىلەنگەن؛ باشقىلارنىڭ قىزى بىلەن
شەھۋانىي مۇناسىۋەتتە بولغۇچى بەلگىلىمە بويىچە كۆپ مىقداردا
مال - مۈلۈك تۆلەپ بەرگەندىن كېيىن، قىزنى ئۇنىڭغا خوتۇن-
لۇققا بېرىش بەلگىلەنگەن؛ باشقىلارنى زەخىملەندۈرگۈچى ئې-
غىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، مال - مۈلۈك تۆلەش، كۆزىنى
زەخىملەندۈرگۈچى بولسا قىزىنى تۆلەم ئورنىدا بېرىش، مۇبادا
قىزى بولمىسا مال -مۈلۈك تۆلەش، پۇت - قولىنى كېسىش
ياكى بولمىسا تۆلەم ئورنىدا ئات بېرىش بەلگىلەنگەن؛ ئات ۋە
باشقا مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرىلىغۇچى بولسا زاك مالنىڭ ئون
ھەسسىسىدىن ئارتۇق تۆلەم تۆلەش بەلگىلەنگەن.[1] يۇقىرىدىكى
قانۇنىي بەلگىلىمىلەردە، سىياسىي جىنايەتچى (ئىسيان كۆتۈر-
گەن) لەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
قالغانلىرى قۇلدارلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇ-
چۇن ئاددىي چارۋىچىلار بىلەن قۇللارنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا
سادىق بولۇشقا زورلاش ئىدى. ئاتنىڭ چۈشۈكىنى ئوغرىلىغۇچىغا
بېرىلگەن جازا، ئات ئوغرىلىغۇچىغا بېرىلگەن جازاغا قارىغاندا
ئېغىر ئىدى، چۈنكى ئاتنىڭ چۈشىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ
چارۋىچىلىق جابدۇقى ھەم بىر خىل ئۇرۇش قورالى بولغاچقا،
ئۇنىڭغا بولغان ئىگە بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئېغىر جازا
ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرگەن. ھالبۇكى باشقىلار، بىلەن ئويناش
قىلغان ئايال (ئېرى بار ئايال) لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بىلەن
باشقىلار بىلەن شەھۋانىي مۇناسىۋەتتە بولغان ئايال (توي قىلمى-

[1] «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

غان ئايال) لارنىڭ تۆلەم ئورنىدا مال - مۈلۈك تۆلىشى بولسا،
ئەرلەر ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئەرلەر ھوقۇ-
قى ئىدىيىسىنىڭ قانۇنىي تۈزۈم جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىدى.
باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگۈچىنىڭ ئۆز قىزىنى تۆلەم
ئورنىدا ئىشلىتىش ۋاستىسى بولسا ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ گەۋدە-
لىك ئىپادىسى ئىدى.

تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تاشقى جەھەتكە قاراتقان سىياسىي
رولى (ئۈچىنچى سىياسىي رولى)، بويسۇندۇرۇلغان ھەرقايسى
قوۋم ۋە قەبىلىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش ۋە باستۇرۇش
ئىدى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان قەۋم ۋە قەبى-
لىلەرگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى مۇنداق
ئۈچ خىل ئىدى: بىرى تۇدۇنلارنى ئەۋەتىپ ھۆكۈمرانلىق قى-
لىش؛ يەنە بىرى باج - سېلىق يىغىش؛ ئۈچىنچى بىرى، ئەس-
كەرلىككە ئادەم ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يىغىش. يۇقىرىدا
كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى شىرۋىلارنى بوي-
سۇندۇرغاندىن كېيىن ھەممىشە ئۈچ نەپەر تۇدۇننى ئەۋەتىپ ئۇلار-
غا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى،① قىتانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كې-
يىنمۇ شۇنداق قىلغانىدى.② غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەل-
قىگە قارىتا، ئاۋۋال ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى-
لىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارغا ئېلتەبىر دەرىجىسىدىكى يۇقىرى
ئەمەلنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن بېقىنىشىنى قوز-
غىدى، ئاندىن بىر نەپەردىن تۇدۇننى ئەۋەتىپ نازارەتچىلىك قى-
لىپ، ئۆزلىرى تەرىپىدىن مايىل قىلىنغان بۇ يۇقىرى قاتلامدى-
كىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، كەڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈس-

① «سۈينامە. شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② «سۈينامە. قىتانلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

تمدىن «نازارەتچىلىك قىلىپ ۋە باج - سېلىق يىغىپ»①ھۆكۈم-
رانلىق يۈرگۈزدى. تېلىلارغا قارىتا «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن
تارتىپ، شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈش قىلىشتا، پۈتۈنلەي تېلې
قەبىلىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تۈرك ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن جېنىدىن ئايرى-
لىشقا مەجبۇر قىلدى.»②قىرغىزلارنىڭ زېمىنىدىن «ھەربىي
قورالارنىڭ تىغىغا ئىشلىتىدىغان» بىر خىل «كاسا» دەپ ئاتى-
لىدىغان تۆمۈر چىققاچقا، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى قىرغىزلارغا قا-
رىتا، ئۇنى ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئۈچۈن ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈ-
زۈپ بېرىشنى پەرمان قىلىپ تۇردى.③

تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بويسۇندۇرۇلغان ھەر قايسى قوۋم ۋە
قەبىلىلەرگە قارىتا «نورمىسىز باج - سېلىق يىغىپ»،④«كې-
مەيتمەي، بارغانچە ئېغىرلاتقان»⑤لىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت
خەلقى ۋە قەبىلىلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە قوزغىلىپ قارشىلىق
كۆرسەتتى ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشى تۇردى. بۇ توغرى-
سىدا تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«شەرقتىكى تائىپلارنىڭ ئۈچمەنلىكى پەلەككە يەتكەنىدى،
غەربىي روڭ قوۋملىرىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ئادا-
ۋىتى بار ئىدى؛ تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلار چىشىنى
بىلەن كىلىشۋاتقان بولۇپ، ئۇلارمۇ پۇرسەت تاپسىلا قوزغىلىشنى
كۆزلەيتتى. . . . . . . تۈركلەرنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەر

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ. ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي تۈركلەر شاڭ بىلەن ئاكىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولۇپ، تەپسىلاتى باشتا.
② «سۈينامە» 84 - جىلد «تېلىلار ھەققىدە قىسسە».
③ «يېڭى تاڭنامە ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى قوشۇمچە «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
④ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى.
⑥ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى.

نوقۇل بىر مىللەتتىنلا تەركىب تاپقان بولماستىن، بەلكى تۇر-
لۇك- تۈمەن خەلقلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى
دۈشمەنلىك قاتتىق بولۇپ، خەلقنىڭ دەرد - ئەلىمى بىلەن ئۆچ-
مەنلىكى يۈرىكىدە قايناپتتى.»①

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن دەسلەپكى يىلى (مىلادى 627-
629- يىللار ئارىلىقىدا) چوشاي تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل-
نىڭ غەربىدىكى بۆرى تېغى، ئۇلا تېغى ۋە داچىڭشەن تېغىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمى) نىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، بايىرقۇ
قاتارلىق قەبىلىلەر ئۆزئارا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى،
ھالبۇكى شەرق تەرەپتىكى ئەقشىد، تاتابىلارمۇ، تۇرك ھۆكۈمە-
رانلىرىنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، جەنۇبقا كۆچۈپ،
تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. بۇ خىل مىللىي قارشىلىق كۆر-
ستىش كەيپىياتلىرى كېيىنچە ھەقىقىي قارشىلىق تەرىپىگە تە-
رەققىي قىلىپ، شەرقىي تۇرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى-
دىكى مۇھىم سەۋەبكە ئايلاندى.

تۇرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن «قارا بۇدۇن»
لارنى قانداق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە
شەكلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەن-
مىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىبىر پارچە - پۇرات سۆزلەردىن
ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. «جۇنامە. تۇركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلە-
نىشىچە «ئۇلار ئالغان ئەسكەرلىرى بىلەن يىغقان چارۋا - مالل-
رىنى تۇرلىرى بويىچە ياغاچقا بەلگە قىلىپ، سانىنى ئېلىش»
ئۇسۇلىنى، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەردىن سىرت، ئۆزلىرىنىڭ
قوۋملىرىدىكى خەلقلەر بىلەن «قارا بۇدۇنلار» غىمۇ ئوخشاش

① «جۇنامە. تۇركلەر ھەققىدە قىسسە».

قوللانغانىدى. دەرۋەقە، ئۆز خەلقى بىلەن «قارا بۇدۇنلار» نىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ مىقدارى يېنىك بولمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي مەجبۇرىيەت، ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرگە جازا يۈرۈشتە بىللە بولۇش دېگەنلەر تۇپەيلىدىن، «بەگلىرى بىلەن خەلقىدە ساداقەت بولمىغان» لىقتەك ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە ئۆزئارا كۈرەش كېلىپ چىققانىدى. بۇ خىل خەلق بىلەن ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش، شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.①

قىسقىسى، تۈرك ھاكىمىيىتى قۇللار ۋە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلە قوۋملىرىگە بولغان دەھشەتلىك سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ھاكىمىيەت يەنە تارىختا (ھۇن ھاكىمىيىتىدىن باشلاپ) كۆپ قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئوداللىق خاندانلىقلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا قۇرۇلغان بولۇپ، غەرب جەنۇب تەرىپىدە فېئوداللىق مەدەنىيەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سۈي، تاڭ سۇلالىسى بار ئىدى، غەربىي قوشنىسىمۇ يەنە ئاللىبۇرۇن فېئوداللاشقان غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىدى. ئىلغار فېئوداللىق مەدەنىيەت چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇزاق مۇددەت تارىخىي تەسىر كۆرسەتكەنىدى؛ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن ئاۋات مەنزىرىسى يەنە چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى ھەر مىللەت

① «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا «... بەگلىرى بىلەن خەلقىدە ساداقەت بولمىغىنى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ» دەپ خاتىرلەنگەن.

خەلقى ۋە بەزى نەزەر دائىرىسى كەڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقتىن، تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئارقىسىدا، كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. قالاق تۈرك قۇلدارلىق ھاكىمىيىتى قۇللار سىنىپى ۋە قول قىلىنغان قەبىلە قوۋملەرنىڭ قاتتىق كۈرىشىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئاخىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خاندانلىقلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇ خىل يۈزلىنىش كېيىنچە تارىخنىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن دەلىللەنگەندى.

# تۆتىنچى باب تۈركلەرنىڭ گۈللىنىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## (1) مۇقان، تابار قاغان دەۋرىدىكى تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىمالىي جۇ، چى پادىشاھلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇقان قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادى 553- 572- يىللار)، دەل شىمالىي جۇ (پايتەختى چاڭئەن، ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى) پادىشاھلىقى بىلەن شىمالىي چى (پايتەختى يې، ھازىرقى خېنەننىڭ ئەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى) پادىشاھلىقىنىڭ تىركىشىپ، ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ تاشقى ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا ئىدى. مىلادى 563 - يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ باۋدىڭ 3 - يىلى، چى پادىشاھلىقىنىڭ خېچىڭ، 2 - يىلى) كۈز 9 - ئايدا، جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مۇقان قاغاننىڭ قىزىنى خانىش قىلىپ قۇدىلىشىپ، بىرلىكتە چى پادىشاھلىقىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن، سوۋغا - سالاملار بىلەن تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتتى. 12- ئايدا، جۇ پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى چى پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چى پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىسىدىكى جىڭلىڭ ئۆتكىلى (ھازىرقى سەنشىنىڭ دەيشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) نى ئىشغال قىلدى. مۇقان قاغان 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جىنياڭ (ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) دا ئۇچراشماقچى ئىدى، ئەمما جۇ پادىشاھلىقى-

نىڭ قوشۇنلىرى چى پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچ-
قا، مۇقان قاغانمۇ ئامالسىز سەددىچىننىڭ سىرتىغا چېكىنىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى، بىراق قايتىشىدا ھەدەپ بۇلاڭ
-تالاڭ قىلىپ، جىنياڭنىڭ شىمالىدىكى يەتتە يۈز چاقىرىم دائى-
رىدە ئادەمزات ۋە چارۋىدىن ئەسەرمۇ قالدۇرمىدى، دەل بۇ
چاغدا زور قارا ئاپەتتى يۈز بەرگەنلىكتىن، تۈركلەرنىڭ ئادەم ۋە
چارۋىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كېتىپ ئاتلىرىمۇ پۈتۈن-
لەي دېگۈدەك ئۆلۈپ، زىيان ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

مىلادى 564 - يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ باۋدىڭ 4 -
يىلى، چى پادىشاھلىقىنىڭ خېچىڭ 3 - يىلى) كۈز 9 - ئايدا،
مۇقان قاغان قايتا يەنە 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنغا باشچىلىق
قىلىپ، جەنۇبتا چى پادىشاھلىقىنىڭ باۋجۇ ئايمىقى (ھازىرقى
بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپى) غا بېسىپ كىرىپ، سەددىچىنغە ئىچ-
كىرىلەپ كىرگەندە، چى پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زەربى-
سىگە ئۇچراپ سەددىچىندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مۇقان
قاغان سەددىچىننىڭ شىمالىدا تۇرۇپ، جۇ پادىشاھلىقىغا ئەلچى
ئەۋەتىپ جۇ پادىشاھلىقى بىلەن بىرلىكتە چى پادىشاھلىقىغا قانداق
زەربە بېرىش توغرىسىدا كېڭەشتى.

مىلادى 565 - يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ باۋدىڭ 5 -
يىلى، چى پادىشاھلىقىنىڭ تيەنتوڭ 5 - يىلى) ئەتىياز 2 -
ئايدا، جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۈرك قاغانىنىڭ ئوردى-
سىغا مۇقان قاغانىنىڭ قىزىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس
چېن گوڭچۈن قاتارلىق خانىشنى جابدۇپ قوغداپ كېلىدىغان ۋە
كۆچمە ھەم ئالتە ئوردىدىن بولۇپ 120 ئادەمنى ئەلچىلىككە
ئەۋەتتى. لېكىن مۇقان قاغانىنىڭ جۇ ۋە چى پادىشاھلىقىغا تۇتقان
پوزىتسىيىسى ئارىسالدى بولۇپ مۇقىم ئەمەس ئىدى (پايدىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى)، مىلادى 563 - يىلى، شىمالىي

جۇ پادىشاھلىقى بىلەن قۇدىلىشىشنىڭ دەسلەپىدىلا، يەنى شىمالىي چى پادىشاھلىقىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ تۈركلەردىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ھەممە كۆپلەپ سوۋغا ـ سالاملارنى بەرگەندى، مۇقان قاغان ئۇلارنىڭ بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى بىلەن تۈزگەن قۇدىلىشىش توختامىنى رەت قىلماقچى بولدى. مىلادى 565 ـ يىلى ياز 5 ـ ئايدا، تۈركلەر چى پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلاشماقچى بولدى. شۇڭا جۇ پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى تۈركلەرگە يېتىپ بارغاندا، مۇقان قاغان جۇ پادىشاھلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ، چى پادىشاھلىقى بىلەن بىرلىشىش ئىرادىسىگە كەلدى، شۇنىڭدەك چى پادىشاھلىقى بىلەن نىكاھ توختامى تۈزۈشكە ماقۇللۇق بىلدۈردى، شۇڭا جۇ پادىشاھلىقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى چېن گوڭچۇن قاتارلىقلارنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ قىلىپ، قايتىشىغا رۇخسەت بەرمىدى. كېيىن بىر قېتىم تەسادىپىي تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندە، ئون نەچچە كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن قارا بوران چىقىپ قاغاننىڭ بارگاھى (كېگىزدىن ياسالغان چېدىر) نى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، مۇقان قاغان خۇراپاتلارچە «تەڭرىنىڭ جازاسى» (تەڭرىنىڭ ئۆزىنى جازالىشى) دەپ قاراپ، قورقۇپ كەتكەچكە، نائىلاج مىلادى 568- يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ تيەنخې 3 ـ يىلى، چى پادىشاھلىقىنىڭ تيەنتوڭ 4 ـ يىلى) ئەتىياز 2- ئايدا قىزىنى جابدۇپ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن جۇ پادىشاھلىقىغا ئەۋەتىپ بەردى.①

مىلادى 572 ـ يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ جيەندې تۇنجى يىلى، چى پادىشاھلىقىنىڭ ۋۇچىڭ 3 ـ يىلى)، مۇقان قاغان

① «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 33 ـ جىلد «ۋاڭ چىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 19 ـ جىلد «ياڭ جوڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 9 ـ جىلد «ئاشنا خانىشنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «شىمالىي چى پادىشاھلىقى تارىخى» 16 ـ جىلد «دۇن شاۋنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

ئۆلۈپ ئورنىغا ئىنىسى تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى تابار قاغان دەپ
ئاتىدى. تابارقاغان تۇمەن قاغانىنىڭ ئوغلى شىتۇنى نىۋار قاغان
قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى شەرق تەرەپنى ئىدارە قىلىشقا ئورۇنلاش-
تۇردى ھەم ئۇنىڭ ئىنىسى روقان قاغانىنىڭ ئوغلىنى بۆرى قاغان
قىلىپ، غەرب تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى. شىمالىي جۇ پادىشاھلى-
قى ئاۋۋالقىدەكلا تابار قاغان بىلەنمۇ قۇدىلىشىپ، ھەر يىلى يۈز
مىڭ توپ كىمخاب تاۋار - دۇردۇن تەقدىم قىلىپ تۇردى.
تۈركلەردىن چاڭئەندە تۇرۇپ قېلىپ، گۆش يەپ كىمخاب كىيىپ
يۈرىدىغانلىرى بىرقانچە مىڭغا يېتەتتى. شىمالىي چى پادىشاھلى-
قىمۇ تۈركلەرنىڭ بېسىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى
ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن كۆپلەپ سوۋغا - سالاملارنى يوللاپ
تۇردى. تابار قاغان بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، قول ئاس-
تىدىكىلىرىگە مۇنداق دېگەنىدى:

«مېنىڭ جەنۇبتا جۇ ۋە چىدىن ئىبارەت ئىككى سادىق ئوغ-
لۇم تۇرۇقلۇق، قانداقلارچە بايلىقتىن كەمبەغەل بولۇپ كەتكۈ-
دەكمەن.»[①] تابارنىڭ ھاكاۋۇرلىقىنى جۇ ۋە چى پادىشاھلىقلىرى
كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇ خۇددى كېيىنكى مەزگىلدىكى سۈي
ۋېيدىنىڭ يارلىقىدا كۆرسىتىلگەندەك ئىدى: «جۇ پادىشاھلىقى
بىلەن چى پادىشاھلىقى ئۆزئارا قارشىلىشىپ، خۇاشىيالىقلارنى
ئىككىگە ئايرىۋەتكەنىدى، تۈرك دېگەن نېمىلەر ئۇلارنىڭ ھەر
ئىككىسى بىلەن دوستانە ئىدى. جۇلىقلار شەرق تەرەپتىكى ياتلار-
نىڭ چىلىقلار بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن قورققانىدى، چى-
لىقلار بولسا غەرب تەرەپتىكى ياتلارنىڭ جۇلىقلار بىلەن ئىچ
قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى؛
ئۇلار ئۆز ئەللىرىنىڭ ئامانلىقىنى ئاشۇ ياتلارنىڭ خاراكتېرىگە
باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاش-

① «جۇنامە» ۋە «سۈينامە»، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

ماي، مۇداپىئەسنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانىدى، شۇ سەۋەبلىك خەلقىنىڭ قان ـ تەرى پۇتۇنلەي شۇلارغا كېتىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىلىرىنى قۇملۇققا چېچىۋەتكەنىدى، بۇلار خۇشيالىقلار ئۇ- چۇن ھەقىقەتەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى.»[1] بۇ دەل «بېلىقچى قۇش بىلەن قۇلۇلە تۇتىشىپ قالسا، پايدا بېلىقچىغا بولۇپتۇ» دېگەندەك تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پايدا ئالغانلىقىنى چۈشەندۇ- رۇپ بېرىدۇ.

مىلادى 577 ـ يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ جيەندې 6 ـ يىلى، جى پادىشاھلىقىنىڭ چېڭگۇاڭ تۇنجى يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئايدا، جۇ پادىشاھلىقى چى پادىشاھلىقىنى يوقاتتى. چى پادىشاھ- لىقىنىڭ فەنياڭ بېگى گاۋشياۋيى ماپى (ھازىرقى سەنشىنىڭ سۇشيەن ناھىيىسى) دا ئەسكەر توپلاپ، چى پادىشاھلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، 3 مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق ئادەمنى ئېلىپ شىمالدا تۈركلەرگە قې- چىپ باردى. تابارقاغان ئۇنىڭغا بەكلا كۆيۈنۈپ شىمالغا قېچىپ بېرىۋالغان چىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.[2] شۇ يىلى قىش 12 ـ ئايدا، گاۋشياۋيى چى پادىشاھلىقىنىڭ يىگجۇ ئايمىقىدىكى ئايماق بېگى گاۋ باۋنىڭنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن تۈركلەرنىڭ يۇرتىدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلى- دى، تابار قاغانمۇ قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەم- دەمدە بولدى. گاۋشياۋيى تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ياۋ جۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ يەنە تۈرك خانلىقىغا چېكىنىپ كەتتى. مىلادى 579 ـ يىلى (جۇ پادىشاھلىقىنىڭ داشياڭ تۇنجى يىلى) تابارقاغان جۇ پادىشاھلىقى- دىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرا-

---

① «سۇينامە» 84 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② «جۇنامە» 6 ـ جىلد «ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي چى پادىشاھلىقى تارىخى» 12 ـ جىلد «فەنياڭ بېگى گاۋشياۋيىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

لىرى جاۋ بېگى يۈۋېنجاۋنىڭ قىزىنى چيەنجىن مەلىكە قىلىپ، ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولدى ھەمدە تابار قاغاندىن گاۋ شياۋيىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، تابار قاغان بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. ياندۇرقى يىلى (داشياڭنىڭ 2 - يىلى) ياز 6 - ئايدا، جۇ پادىشاھلىقى ئەلچى ئارقىلىق چيەنجىن مەلىكىنى تۈرك-لەرگە ئەۋەتىپ بەردى، تابارقاغانغا كۆپلەپ سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ شۇ ئارقىلىق گاۋ شياۋيىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، تابار قاغان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، گاۋ شياۋيىنى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بەردى.[①]

**(2) تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى ۋە ئىشپارا قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشى**

دەسلەپ تۈرك ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ (مىلادى 552 - يىلى) ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاشنا تۇمەننىڭ ئىنىسى ئىستەمى ئون قەبىلە ئاقساقىلىغا باش بولۇپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربىي يۇرتنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكار-لىغان (562 - 576 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئىدى، «ئۆزىنى ئون قەبىلىلىك قاغان دەپ ئاتاپ، ئۇزاقتىن بويان ئۆز قوۋمىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەنىدى.»[②] بۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ غەربىي قىسمىدا يېرىم مۇستەقىل بىر كۈچ شەكىللەندى. مىلادى 576 - يىلى ئىستەمى ئۆلدى، ئوغلى تاردۇش تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى تاردۇش قاغان دەپ ئاتىدى.

مىلادى 581- يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ تۇنجى يىلى)، تابار قاغان ئۆلگەندە، «ئىچكى قىسمىدىكى، ئاكا - ئۇكىلار ھو-قۇق تالىشىپ، تاغا-جيەنلەر بىر-بىرىدىن گۇمان قىلىشقان»، تا-

---

① «جۇنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 7 - جىلد «شۇەندى ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «شىمالىي جى پادىشاھلىقى تارىخى» 41 - جىلد «گاۋ ياۋنىڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا قارالسۇن.
② «كونا تاڭنامە» 199 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.

لاش ـ تارتىشلار ئارقىلىق كېيىن تابار قاغانىنىڭ ئوغلى يانلىغ تەختنى تابارنىڭ جيەنى شتۇغا ئۆتۈنۈپ بەردى. شتۇ تەختكە چىقىپ، ئېل قاغان (يەنى بىر نامى ئىشارا قاغان) دەپ ئاتىلىپ، ئوردىسىنى ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) غا قۇردى. يانلىغ تۇغلا دەرياسى (ھازىرقى تۇلا دەرياسى) بويىغا ئورۇنلىشىپ، ئىككىنچى قاغان دەپ ئاتالدى. مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى دارۇغا ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ شەرقى (ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالى، غەربىي تۈركلەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ) گە ئورۇنلىشىپ، ئاپا قاغان دەپ ئاتالدى. ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇش قاغان ئەسلىدىكى ماكانى ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نىدا تۇردى، ئىشپارانىڭ ئىنىسى چۇرلۇقخۇر شەرق تەرەپتىكى تاتابى، ئەقشىدىستان، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر تارقالغان رايونلارنى ئىدارە قىلىپ، تولشاد قاغان دەپ ئاتالدى. مانا بۇ سۈي ۋېيدىنىڭ يارلىقىدىكى ئاتالمىش «ئۆلار قوشۇن قوماندانلىرى بولۇپ، سانى تۇمۇمەن بەش ئىدى»① دېگەن بەش نەپەر قاغاننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشپارالا ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ زېمىنىدىكى ئەڭ چوڭ قاغان ئىدى. ئىشپارا داۋاملىق چيەنجىن مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى.

شۇ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى) ئەتىياز ئىككىنچى ئايدا، ياڭ جيەن جۇ پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ تەختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى قوبۇل قىلىپ، سۈي سۇلالىسىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى سۈي ۋېندى دەپ ئاتاپ، ئاۋۋالقىدەكلا چاڭئەننى پايتەخت قىلدى، سۈي ۋېندى ئىلگىرىكى جۇ بىلەن چى پادىشاھلىقلىرىنىڭ تۈركلەرگە كۆپلەپ سوۋغا ـ سالام بېرىپمۇ تۈرك ئاقسۆ-

---

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

ئەكلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توساپ قالالمىغانلىقىدىن ئىبرەت ئىلىپ، تۈرك قاغانىغا بېرىدىغان سوۋ-غا - سالاملارنى ئازلاتتى، ئىشپارا قاغان بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپ-لەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇ پادىشاھلىقىدىن بولغان جىيەنجىن مەلىكىمۇ ھامىي دۆلىتىنىڭ سۇي سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىل-غانلىقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ئىشپارا قاغاندىن جۇ جەمەتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشپارا بۇرۇنقى چى پادىشاھلىقىنىڭ يىڭجۇ ئايمىقى (ئورنى خېلوڭدا بولۇپ، ھازىرقى لياۋنىڭنىڭ چاۋياڭ ناھىيىسى) نىڭ ئايماق بې-گى گاۋ باۋنىڭ بىلەن بىرلىكتە چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. سۇي ۋېندى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، باۋجۇ بىلەن بىڭجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماققا زور قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغۇزغاندىن سىرت ۋەزىر جاڭ سۈنشىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «يىراقتىكىسى بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلىكىد-دىن چەتنەپ، ئاجىزى بىلەن بىرلىشىش» دىن ئىبارەت تۈركلەر-نىڭ ئىچكى قىسمىنى پارچىلايدىغان تاكتىكىنى قوللاندى. جاڭ سۈنشىڭ ئىلگىرى چيەنجىن مەلىكىنى ئۇزاتقاچ تۈركلەرگە كەل-گەن بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ زېمىنىدىكى تاغ - دەريالارنىڭ يەر شەكلى، قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى توغرىسىدا كۆپلە-گەن چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ سۇي ۋېندىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، مۇنداق دېگەنىدى:

«تاردۇشنى شتۇغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇ ھەربىي جەھەتتە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئورنى تۆۋەن، نامدا ئۇنىڭغا تەۋە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يىرىكچىلىك بار، ئۇنىڭغا مەدەت بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم يېغىلىق تۇغۇلىدۇ. يەنە چورلۇقۇر ئىسىملىك بىرى بار، ئۇ شتۇنىڭ ئىنىسى، بەكلا مەككار، ئەمما كۈچى ئاجىز، كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغاچقا، ئېلىدىكىلەر

ئۇنى ياقتۇردۇ، شىتۇ بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى يوقاتمىغۇچە ئەمىن تاپالمايدۇ، كۆرۈنۈشتە ئاداۋەتنى تۈگەتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسىدە غۇم بار. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئاپا ئىسمىلىك ئارىلىقتىكى بىر ئەيلەنمۇ بار بولۇپ، شىتۇنىڭ كۈچە-دىن قورقۇپ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، بىراق ئىشەنچىسى يوق. بۇگۇنكى كۈندە (يىراقتىكىسى بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكى-سىگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلىكىدىن چەتنەپ، ئاجىزى بىلەن بىرلىشىش) ئەڭ ئاقىلانىلىق، تاردۇشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاپا بىلەن بىرلىشىش توغرىسىدا سۆزلەشسەك، شىتۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ غەربىي قىسمىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، چورلۇقخۇرنى ئۆزىمىزگە تارتىپ تاتابى، ئەقشىدلارغا ئەلچى ئەۋەتسەك، شىتۇنىڭ قوۋملىرى پارچىلىنىپ، شەرق تەرد-پىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. باشلىقلىرى بىلەن قول ئاستى-دىكىلىرى ئۆز ئارا خۇدۇكسىنىپ، بىر - بىرىدىن پەخەس بولۇ-شىدۇ، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن قوشۇن توپلاپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلساق، بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوق قىلىۋېتە-لەيمىز.»

سۈي ۋېندى جاڭ سۈنشېڭنىڭ تاكتىكىسىنى قوبۇل قى-لىپ، ئىۋىرغول يولى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئارا تۈرك ناھىيە-سى) ئارقىلىق، تاردۇش قاغانىنىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۆرە بېشى چۇشۇرۇلگەن تۇغ (تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى بۆرىنى توتېم قىلغاچقا، قاغانلار ئادەتتە چېدىرنىڭ ئىشىكىگە بۆرە بېشى چۇشۇرۇلگەن تۇغنى ئېسىپ قوياتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى بىلدۈرەتتى) تەقدىم قىلدى؛ تاردۇشقا ئە-ۋەتىلگەن ئەلچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىشپارانى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىلدى. يەنە خۇاڭلوڭ، يولى (يەنى خېلوڭ) ئارقىلىق چورلۇقخۇرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى-

غا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىچكىرىگە بېرىشنى ئۈندەش ئەسەبىي قىلدى.
مىلادى 582 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 2 - يىلى) ياز 5 - ئايدا، گاۋ باۋنىڭ تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ يىڭجۇ ئايمىقى (ئورنى لۇلوڭدا، ھازىرقى خېبېينىڭ چاڭلى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇرۇنقى لۇلو ناھىيىسى) غا ھۇجۇم قىلدى. ئىشپارا بەش نەپەر قاغان (ئىشپارا بىلەن يانلىغ، تاردۇش، ئاپا، تەڭرى قاغان) نى سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىي 400 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازنى باشلاپ، سەددىچىنگە بېسىپ كىردى، ئارقىدىنلا يەنە لەنجۇ (ئورنى زىچىڭدا، ھازىرقى گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرى) غا ھۇجۇم قىلدى، شىمالدا ۋۇۋېي (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى)، تيەنشۈي (ھازىرقى گەنسۇنىڭ تيەنشۈي شەھىرى)، جىنچېڭ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرى)، خوڭخۇا (ھازىرقى گەنسۇنىڭ چىڭياڭ ناھىيىسى) دىن تارتىپ، شاڭجۈن (ھازىرقى شەنشىنىڭ تولىن ناھىيىسى)، يەنئەن (ھازىرقى شەنشىنىڭ يەنئەن شەھىرى) گىچە بولغان جايلارنى تالان - تاراج قىلىپ، «ئادەم ۋە چارۋىدىن ئەسەر مۇ قويمىدى».
مىلادى 583 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 3 يىلى) ياز 4 - ئايدا، سۈي ۋېندى زور قوشۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ، سەددىچىندىن چىقىپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. سۈي قوشۇنىنىڭ سوفاڭ، يولىدىن چىققان قىسمى، بەيداۋ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خوخاخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى) دا ئىشپارا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىشپارا تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ، ئالتۇن ساۋۇتىنى تاشلىۋېتىپ، ئوتلاقنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى. بۇ چاغدا ئىشپارانىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەچكە، ئۈستىخاننى تالقان قىلىپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋابا كېسەلى تارقالغاچقا، كۆپلىگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. سۇي قوشۇنلىرىنىڭ لۇلۇڭ قورۇلى (ھازىرقى خېبېيدىكى جىيافېڭ ئېغىزىنىڭ ئەتراپى) دىن چىققان قىسمى، ئۇدۇل گاۋ باۋنىڭغا زەربە بەردى. گاۋ باۋنىڭ تۈركلەردىن كېلىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تۈركلەر سۇي قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئىيلەنگەچكە، گاۋ باۋنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قاچقاندا، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.①

سۇي قوشۇنلىرىنىڭ لياڭجۇ (ئورنى گۇ ساڭدا، ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى) يولىدىن چىققان قىسمى، ئاپا قاغاننى گاۋ يۇ يۇەندە كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. سۇي قوشۇنلىرى ئاپا قاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاپا قاغان خەۋەر بەرمەي ئەلچىنى ياندۇرۇۋەتكەندە، جاڭ سوڭشىمۇ قوشۇن بىلەن بىرگە ئىدى، ئۇ قايتا ئۇنىڭغا: «نۆۋەتتە تاردۇش بىلەن سۇي سۇلالىسى بىرلەشتى، ھالبۇكى شىتۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى، قاغان ئالىيلىرى قانداقسىگە يەنە تەگرىقۇتقا ئىتائەت قىلمايلا، تاردۇش بىلەن بىرلىشىپ كۈچنى ئۇلغايتىش ئەڭ ئاقىلانە چارە؛ قوشۇننى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق، ئىشپارانىڭ يېنىغا قايتىپ بارسىڭىز، سۆزسىز ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىز»② دېگەنىدى، ئاپا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سەددىچىندە تۇرۇپ قېلىپ، جاڭ سوڭشىڭ بىلەن بىللە ئوردىغا بارغانىدى.

ئىشپارا ئەسلىدىنلا ئاپانىڭ باتۇرلۇقىغا ھەسەت قىلغاچقا، بەيداۋ مەغلۇبىيىتىدىن، بولۇپمۇ ئاپانىڭ سۇي سۇلالىسىغا ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىمالدا ئاپانىڭ قارارگاھى (ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوۋملى-

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 44 - جىلد «ياڭ شۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»؛ 54 - جىلد «لى چىننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن 39 - جىلد «يىن ئاۋنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

② «سۈينامە. جاڭ سوڭشىڭنىڭ تەرجىمىھالى».

رىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاپا سەددىچىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرار جايى بولمىغاچقا غەربتە تاردۇشنىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. تاردۇش قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاپانى قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ قەبىلىلىرىدىن قايتا ئىتائەت قىلغانلار 100 مىڭ ئاتلىققا يېتىپ، ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەربىي كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. بۇ ۋاقىتتا ئاپا بىلەن دوستانە ئۆتكەن تەڭرىخان قاغان ئىشپارا تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلىنغان ھەمدە قوۋملىرى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇمۇ تاردۇشنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغانىدى؛ ئىشپارانىڭ ئىنىسى تېگىن شادنىڭ ئىشپارا بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، قوۋملىرىنى ئېلىپ ئاپاغا تەۋە بولغانىدى. نەتىجىدە تاردۇ، ئاپا، تەڭرىخان قاغان ۋە تېگىن شاد قاتارلىقلارنىڭ كۈچلىرى بىرلىشىپ، غەربىي قىسىمدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئىشپاراغا ئورتاق قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن (مىلادى 583 - يىلى) تۈركلەر رەسمىي غەرب، شەرق دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.①

تۈركلەرنىڭ شەرق، غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشىنى، تۈرك جەمئىيىتىنىڭ كۆچمەن ئىگىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. چۈنكى تۈركلەر كۆچمەن قوۋم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئاساسى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىدى. بىراق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىر خىل تارقاق ئىگىلىك بولغانلىقتىن، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىش ئۈچۈن، تۆت ئەتراپقا يۆتكىلىپ تۇرۇشى چوقۇم ئىدى (گەرچە نىسپىي ھالدىكى يۆتكىلىش بولسىمۇ، مۇتلەق ھالدىكى يۆتكىلىش ئەمەس ئىدى)،

① «سۇينامە. جاڭ سۈنشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

ۋەھالەنكى سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىش جەريانى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا پەقەت تەبىئەتتىن پايدىلىنىشلا بولۇپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانى ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن شارائىتىدا، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن ئىدى، چوڭ بوران ـ چاپقۇن، جۇدۇن بىلەن چېكەتكە ۋە ۋابا ئاپىتىگە ئۇچرىسا، چارۋا ماللار كۆپلەپ قىرىلىپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىپ، قوۋمىمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتاتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالمۇ ئۆزاقىچە مۇقىم بولمايتتى. ئىقتىسادنىڭ بۇنداق تارقاق، ئاجىزلىق ۋە مۇقىمسىز خاراكتېرى، سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەت تەشكىللىنىش چېچىلاڭغۇلىقىدا ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ، ھاكىمىيەتنى ئۇزاقىچە مۇستەھكەملىگىلى بولمايدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ، دۆلەت كۈچىنى تۇرۇپ كۈچەيتىدىغان، تۇرۇپ ئاجزلىتىدىغان، تۇرۇپ روناق تاپتۇرىدىغان، تۇرۇپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقۇزىدىغان قىلىپ قويىدى. نەتىجىدە، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاسانلا رەھبەرلىك مەركىزىدىن ئايرىلىپ، ھەر قايسىسى بىر تەرەپنى ئىگىلىۋالىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. كۆچۈپ ـ يۆتكىلىشنىڭ تۇراقسىزلىقى بىلەن قارىمىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يۆتكىلىشچانلىقىنىڭ زور بولۇشى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كونترول قىلىشىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە، ناھايىتى ئاسانلا سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلالايتتى. ئەمما ئۇنىڭ زىمىنى كېڭەيگەن مەزگىلدە، يېقىن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بىلەن كەسكىن سىياسىي تەشكىلى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراننىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى كۈچلەرگە قارىتا چامى يەتمەس بولۇپ قېلىپ، كونترول قىلىشى تەسكە چۈشەتتى، ناۋادا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا

ئىختىلاپ يۈز بەرسە (بەلكىم ئىچكى ئىختىلاپ يۈز بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن)، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراننىڭ ۋەزىيەتنى رام قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن مەزگىلدە، ناھايىتى ئاسانلا تەپرىقىچىلىك ۋەزىيەت كېلىپ چىقاتتى. بۇ خىل ئەھۋالنى قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا، ھۇنلاردىن تارتىپ موڭغۇللارغىچە بولغان ھەممىسىدىن ئىزدەپ تېپىش ئانچە تەس ئەمەس. XIII ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ تۆت چوڭ خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى (يۈەن سۇلالىسى) دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشى، دەل تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرى (مەسىلەن، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش تۈردىكىسى) گە ئۇچرىماي ئۆزلىكىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن (يەنى بۆلۈنگەنلىكىنىڭ) لىكىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. شۇڭا تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى، ئاۋۋال ئىقتىسادىي بازىس (كۆچمەن ئىگىلىكىنىڭ تارقاقلىقى) بىلەن ئۈستقۇرۇلما (سىياسىي تەشكىلىنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى) دا ئەكس ئەتكەن، مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ خاراكتېرنى ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئامىلدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا (ئىككىنچى سەۋەبى)، تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ئىدى. تۈرك خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، ئىستەمىدىن باشلاپلا يېرىم مۇستەقىل كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. تۈرك خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى، تابار قاغاننىڭ ئۆلۈمىدىن باشلاپ، «ئاكا ـ ئۇكىلار ھوقۇق تالىشىپ، تاغا ـ جىيەنلەر بىر ـ بىرىدىن گۇمان قىلىشقان»، ئىچكى ماجىرادىن كېيىن، نىۋار گەرچە مەركىزىي قاغان ئوردىسىنىڭ چوڭ قاغانغا ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەر رەسمىي شەرق ۋە

غەرب دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈشىنىڭ ھارپىسىدا، ئەمەلىيەتتە
ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى ئاللىقاچان بۆلۈنۈشنىڭ
يوشۇرۇن ھالىتىدە تۇراتتى. ھوقۇق ۋە پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن
بولۇپمۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپنىڭ كۈچلىرى، پەيدىنپەي ئىككى چوڭ
لاگېر بولۇپ ئۇيۇشتى، بىرى تاردۇشنىڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي
قىسىم كۈچلىرى، يەنە بىرى ئىشپارانىڭ ۋەكىللىكىدىكى مەركە-
زىي قاغان ئوردىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، تاردۇشنىڭ ھەربىي
كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىدى، ئەمما نامدا مەركىزىي قاغان
ئوردىسىغا ۋەكىللىك قىلغان ئىشپارادىن تۆۋەن ئىدى، شۇڭلاشقا
تاردۇش بويسۇنمىغانىدى. مانا بۇ جاڭ سوڭشىنىڭ ئېيتقان «تار-
دۇشنى شتۇغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ھەربىي جەھەتتە قۇدرەتلىك
بولسىمۇ، ئورنى تۆۋەن، نامدا ئۇنىڭغا تەۋە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
يىرىكچىلىك بار» دېگەن ئەھۋال ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت، ئاخىرى مۇقەررەر ھالدا رەسمىي
زور كۆلەمدىكى قوراللىق توقۇنۇشقا تەرەققىي قىلدى. جاڭ سوڭ-
شىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى چۈشەنگەچكە، ئۇلارنىڭ زىددى-
يىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسى-
دا يېغىلىق تۇغدۇرغان» ئىدى؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قوزغى-
شىدىكى ئوت پىلتە ۋە تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە
بۆلۈنۈشىگە سىرتتىن كىرىپ قالغان تاسادىپىي ئامىلغا ئايلانغان،
ئەمەلىيەتتە كۆچمەن ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىدا، پەقەت
ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇشۇ زىددىيەتلەر بى-
لەن بۆلۈنۈشنىڭ ئامىللىرىلا مەۋجۇت بولۇپ، سۈي سۇلالىسى-
نىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىياسىتى يوق ئىدى، تۈرك-
لەرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. مەسىلەن،
كىتابنىڭ كېيىنكى قىسمىنىڭ ئالتىنچى باب، ئىككىنچى پاراگ-

رافىدا، غەربىي تۈركلەرنىڭ تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 12 ـ
يىلى (مىلادى 638 ـ يىلى) ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلە-
كىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمىز، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە
قارىتا يۈرگۈزگەن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىياسىتىنىڭ
نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىغا بۆل-
گۈنچىلىك سېلىش سىياسىتىنى تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ
ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان (ۋۇجۇدقا چى-
قارغان دېيىش كېرەك) ئۈچىنچى سەۋەب دەپ قاراشقىلا ياكى
ئەلۋەتتە بىر مۇھىم سەۋەب دەپ قاراشقىلا بولىدۇ، ئەمما ھەرگىز
ئاساسلىق سەۋەب دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىراق فرانسىيىلىك
چاۋانىس سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىيا-
سىتىنى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈشىدىكى ئاساسلىق
سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ سىياسەتنىڭ رولىنى ئاشۇ-
رۇۋەتكەندەك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ
بۆلۈنۈشىنىڭ ھەقىقىي تۈپكى سەۋەبىنىڭ — ئىجتىمائىي ئىقتى-
سادىي مەنبەسى بىلەن سىياسىي مەنبەسىنى تېپىپ چىقمىغانىدى.
چاۋانىس مۇنداق دەيدۇ:
«ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلار تۈركلەرنى ئارىغا بۆلگۈنچىلىك
سېلىش سىياسىتى ئارقىلىق تىزگىنلەپ كەلگەنىدى. . . . ئارىغا
بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن دەرۋە-
قە ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۆز ئارا گۇمان قىلىشقان . . . قىسقىسى
جۇڭگولۇقلار باشتىن ـ ئاياقىچە، ‹يىراقتىكىسى بىلەن دوست
بولۇش، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكىدىن چەتنەپ،
ئاجىزى بىلەن بىرلىشىش› سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تۈركلەر-
نىڭ ئۆزاقىچە مەۋجۇت بولغان ئىمپېرىيە قۇرۇشىغا توسقۇنلۇق
قىلىدىغان ئامىلغا ئايلانغان. ئەگەردە بۇ خىل ئارىغا بۆلگۈنچىلىك
سېلىش سىياسىتى بولمىغان بولسا، تۈركلەرنىڭ دۆلەت كۈچى-

نىڭ بىر قانچە يۈز يىلدىن كېيىنكى موڭغۇللاردىن ئۈستۈنلۈك
تالىشىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس، بۇنى دەلىللەش-
كىمۇ بولىدۇ.»①

دانىيلىك تومسېنمۇ بۇ خىل ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش
سىياستىنى «جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇيىقەستى»② دەپ كۆرسەتكەن،
بۇنىڭدىن غەرب ئالىملىرىنىڭ جۇڭگو تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق
قىلمايدىغانلىقىنى، كۆپلەپ خاتا چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى،
بەزىدە بۇرمىلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇڭا تۈزىتىش
بەرمەيمۇ بولمايدۇ.

ئىشپارا سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مەغلۇپ
قىلىنغانلىقتىن، يەنە كېلىپ تۈركلەر بۆلۈنگەندىن كېيىنكى پاي-
دىسىز ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، نائىلاج سۈي سۇلالىسىغا ئەل بو-
لۇشقا مەجبۇر بولدى. چيەنجىن مەلىكىمۇ مەكتۇپ سۇنۇپ ئۆزى-
نىڭ فامىلىسىنى ياڭ دەپ ئۆزگەرتىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ
مەلىكىسى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مىلادى 584 - يىلى (كەي-
خۇاڭنىڭ 4 - يىلى) كۈز 9- ئايدا سۈي ۋېندى تۈركلەرگە ئەلچى
ئەۋەتىپ، چيەنجىن مەلىكىگە دايى مەلىكە دېگەن ئۆزگەرتىلگەن
ئوتتۇغان نامىنى بەردى (دايى دېگەن «يېقىنلىرىنى يوقىتىش»
دېگەن مەنىدە قوللىنىلغانىدى). ئىشپارامۇ سۈي ۋېندىگە مەك-
تۇپ ئەۋەتىپ، پادىشاھنى «ئاتا» دەپ، ئۆزىنى «ئوغۇل» دەپ
ئاتاپ، سۈي سۇلالىسى بىلەن «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە، ئەسىر-
لەر بويى، تۇغقانچىلىقنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويماسلىق»③نى تەلەپ
قىلدى. سۈي ۋېندى قايتا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى-
گە جاۋاب قايتۇردى ھەمدە ۋەزىرىنى تۈركلەرگە ئەۋەتىپ، مەلىكە

① جاۋانىس تۈزگەن «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى (جوڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى 1958 - يىل نەشرى) 194 - 195 - بەتلەر.
② توسېين يازغان «موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە» ناملىق ماقالىگە قاراڭ.
③ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

بىلەن ئىشپارادىن ھال سورىدى.

ئىشپارا غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدە، شەرقتە قىتانلار تەرىپىدىنمۇ ئەندىشىگە چۈشكەچكە، سۈي سۇلالىسىغا جىددىي ئەلچى ئەۋەتىپ، قەۋملىرىنى ئېلىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ، بەيداڭ ۋادىسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىدىكى خوخخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي) غا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي ۋېندى ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى ھەمدە بىڭجو ئايمىقى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ئەتراپى) نى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ، مەپە ۋە دۇمباق تەقدىم قىلدى. مىلادى 585- يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 5 - يىلى) كۈز 7- ئايدا ئىشپارا سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، غەربتە ئاپاقاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى:

«كۆكتە ئىككى كۈن، يەردە ئىككى خوجا بولمايدۇ، ئۇلۇغ سۈي پادىشاھىلا بىردىنبىر ھەقىقىي شاھىن - شاھتۇر، كەمىنىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى توسۇپ، خەتەرلىك جايلاردا بېكىنىپ، ئۇلۇغ ناملىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا نېمە ھەددى! مانا ئەمدىلىكتە ئىجادلىققا ئېرىشىپ، توغرا يولغا قايتىشقا مۇشەررەپ بولدۇم، تىز پۈكۈپ، ئەبەدىي-ئەبەد تەۋەلىكلىرىدە بولغايمەن.»[1]

ئىشپارا ئوغلى قۇئار تېكىننى ئوردىغا ئەۋەتتى، 9- ئايدا قۇئارتېكىن چاڭئەنگە يېتىپ كەلدى. سۈي ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«ئىشپارا كۆپ يىللاردىن بېرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرۈپ، بىز بىلەن ئىناق ئۆتۈپ كەلگەنىدى؛ ئەمدىلىكتە

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

بەيئەت قىلىپ، بىز بىلەن بىر گەۋدە بولدى» .①

پەرمان شەھەر سىرتىدىكى ئىبادەتخانىدىن يىراق ـ يېقىنلارغىچە قالماي ئۇقتۇرۇلدى؛ ئومۇمەن يارلىقتا ئىشپارانىڭ ئوتۇغان نامىدىن كۆرە، ئۆز نامى ئاتالمىدى. ئىچكى ئوردىدىكى بەزمىدە قۇئار تېگىن خانىش بىلەن كۆرۈشتۈرۈلۈپ، مول ئىنئام ۋە مۇكاپات بېرىلدى، ئىشپارا ئاڭلاپ ئىنتايىن شادلىنىپ، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئولپان ئەۋەتىشنى توختىتىپ قويمىدى. ياندۇرقى يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى) باھار 1ـ ئايدا سۈي سۇلالىسى «تۈركلەرگە كالىندار تۈرغۇزۇپ بەردى» (كالىندار تارقىتىپ بېرىش) .②

(3) دولان، بۆمىن قاغان دەۋرىدىكى تۈركلەر: تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى

مىلادى 587 ـ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى) يازدا، ئىشپارا ئۆلدى، سۈي ۋېندى ئوردا ئىشىنى ئۈچ كۈن توختىتىپ قويۇپ، مۇراسىم بەگنى تۈركلەرگە ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى، ئىشپارانىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى چۇرلۇقخۇر تەختكە چىقىپ، يابغۇ قاغان (بەزىدە باغا قاغان دەپمۇ ئاتالغان) دەپ ئاتالدى، ئىشپارانىڭ ئوغلى يارلۇق يابغۇ بولدى، مەكتۇپ ئەۋەتىپ، خەۋەر قىلغاندا، سۈيۋېندى ئەلچى ئارقىلىق ئوتۇغات نامىنى ئەۋەتىپ، دۇمباق، بايراق تەقدىم قىلدى. يابغۇ قاغان باتۇر ۋە تەدبىرلىك ئىدى، سۈي سۇلالىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن غەربتە ئاپا قاغانغا زەربە بەردى. ئاپا قاغاننىڭ قەۋملىرى يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش ئۈمىدىدە بولغاچقا، يابغۇ قاغان ئاپا قاغاننى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

---

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② «سۈينامە» 1ـ جىلد «گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»نىڭ ئالدىنقى قىسمى

ئۇزاق ئۆتمەي (كەيخۇاڭنىڭ 8- يىلى قىش 10- ئايدا) يابغۇ قاغان غەربكە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى، جەمەتىدىكىلەر يارلۇقنى تەختكە چىقىرىپ، دولان قاغان دەپ ئاتىدى، ئۇمۇ ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسىگە ئولپان تەقدىم قىلىپ تۇردى.

مىلادى 589 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 9 - يىلى) باھار 1- ئايدا سۈي سۇلالىسى چېن پادىشاھلىقىنى يوقاتتى. سۈي ۋېندى چېن پادىشاھلىقىنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى چېن شۇباۋ ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان دايى مەلىكىگە دەرپەردە تەقدىم قىلدى. مەلىكە ئۆزىنىڭ ھامىي دۆلىتى (شىمالىي جۇ پادىشاھلىقى) نىڭ، سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقۇتۇلغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، دەرپەردىگە رەسىم سىزىپ، چېن پادىشاھلىقىنىڭ مۇقەررز بولغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلارغا بېقىنىپ قالغانلىقىنى نەزمە ئارقىلىق بايان قىلدى، نەزمىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئاسايىشلىق گوياكى تۈن پەردىسىدەك،
جاھان تىنچسىزدۇر بەئەينى جامكىدەك.①
دۆلەتمەنلىكنى ساقلاش قىيىن ئىكەن،
سازلىقتىكىلەرمۇ جىمىقار ئىكەن.
دۆلەتمەنلىك قايانغا غايىب بولدى،
يازارغا تارىخقا ھېچ ئىش قالمىدى.
قىلارغا تۈگىمەس بەزمە يوق،
ئۆتكۈزەرگە مەڭگۈ ناۋا يوق.
مەن بۇرۇن بىر خانىكە ئىدىم،
تۈرك ئوردىسىدا سەرسانە بولدۇم.
كۆرۈپ دۇنيانىڭ بەختسىزلىكىنى،
چېكىپ ھەسرەت دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىنى.

---

① جامكا - بىر خىل پاقا ئوتىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخ مانا مۇشۇنداق بولاركەن،
بىراق مەن ئۇنى يارىتالمىغان.
تارتىپ كەتسۇن ۋاڭ جاۋجۈننىڭ بىر ئۆزى،
يىراقتا ياتلىق بولغانىنىڭ دەردىنى.①

سۈي ۋېندى ئاڭلاپ، ئۇنى يامان كۆرۈپ، سوۋغا ـ سالام- لارنى تەدرىجىي ئازلاتتى. دەل بۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بارغان سەرگەردانلار دايى مەلىكە بىلەن دولان قاغاننى ئەسكەر يۆتكەپ، چېگرانى پاراكەندە قىلىشقا قۇتراتتى. بۇنىڭ بىلەن دولان قاغانمۇ ئولپاننىڭ نورمىسىنى ئازلاتتى. دايى مەلى- كىنىڭ غۇزلار بىلەن بولغان ناشايان ئىشى سېزىلگەندىن كېيىن، سۈي ۋېندى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە دولان قاغاننىڭ مەلىكىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلدى. بۇ مەزگىلدە چورلۇقخورنىڭ ئوغلى رامخان تولى قاغان دېگەن نام بىلەن شىمالدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇمۇ سۈي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى، سۈي ۋېندى «دايى مەلىكىنى ئۆلتۈرسە، قۇدىلىشىشقا رۇخسەت قىلىدىغان» لىقى توغرىسىدا جاۋاب بەردى، تولى قاغان دولان قاغانغا دوق قىلغاندىن كېيىن، دولان قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ، مەلىكىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مىلادى 597 ـ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 17 ـ يىلى 7ـ ئايدا، تولى قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسىدىن قۇدى- لىشىشنى تەلەپ قىلدى، سۈي ۋېندى خوتۇننىڭ جەمەتىدىن بولغان ئەن يى مەلىكىنى ياتلىق قىلماقچى بولدى، ھەمدە تولى قاغانغا قوۋملىرىنى ئېلىپ جەنۇبقا كۆچۈپ، ئۆتۈكەن بازىرى (يەنى ئۆتۈكەن تېغى بولۇپ، ئىشپارانىڭ دەۋرىدىكى كونا ئوردى- نىڭ ئەتراپى) دا ئولتۇراقلىشىشقا ئەمر قىلىپ، كۆپلەپ ئىنئام بەردى. دولان قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ، «مەن چوڭ قاغان

① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

تۇرۇقلۇق، قانداقلارچە رامغانغا يېتەلمەيمەن» دەپ، ئولپان تەق-
دىم قىلىشنى توختىتىپ، ھەدەپ چېگرانى بۇلاڭ - تالاڭ قىلا-
دى. تولى قاغان ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ جىم بولۇ-
ۋېلىپ، ئەلچى ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن
چېگرادا دائىم ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇلاتتى.[①]

مىلادى 599 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 19 - يىلى) باھار 1-
ئايدا، تولى قاغان دولان قاغاننىڭ ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى-
نى، داتۇڭ شەھىرى (قەدىمكى ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل-
دىكى ئۇلات جۇڭخۇ خوشۇننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ھا-
زىرقى سەنشىدىكى داتۇڭ شەھىرى ئەمەس) گە ھۇجۇم قىلىش
نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سۈي ۋېندى دولان قاغانغا
قارشى ئۈچ يولغا بۆلۈپ قوشۇن ئەۋەتتى، دولان خەۋەر تېپىپ،
غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ،
تولى قاغانغا تويۇقسىز زەربە بەردى، ئۇرۇش سەددىچىننىڭ تۆ-
ۋەنكە قىسمىدا يۈز بېرىپ، تولى مەغلۇپ بولدى، دولان ئۇنىڭ
قېرىنداشلىرى بىلەن ئوغۇل - جىيەنلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلىدى، تولى دەريادىن ئۆتۈپ، ۋېنجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەن-
شىنىڭ لىڭچۈ ناھىيىسى) گە بېسىپ كىردى. تولىنىڭ قەبىلىلە-
رى تارقىلىپ كەتكەچكە، نائىلاج سۈي سۇلالىسىگە قېچىپ بې-
رىپ 4- ئايدا چاڭئەنگە يېتىپ كەلدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ
قوشۇنلىرى تاردۇشنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا،
تاردۇش يېڭىلىپ، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ
قوۋملىرىنىڭ ئىچىدە ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ سانى ھەددى -
ھېسابسىز ئىدى. قىش 10- ئايدا، سۈي سۇلالىسى تولىغا بۇمىن
قاغان دېگەن ئوتۇغاتنى بەردى، تۈركلەردىن بەيئەت قىلغان ئەر-

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» غا قا-
راڭ.

ئاياللار بىر تۈمەن نوپۇستىن كۆپ ئىدى. سۇي ۋېندى سۇجۇ ئايمىقىدا دالى قەلئەسى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چىڭشۈيخې ناھىيىسىنىڭ چېگراسى ئىچىدە) نى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قەۋملىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئەن يى مەلىكە ئۆلۈپ كەتكەچكە، سۇي ۋېندى قايتا يەنە ئۆز جەمەتىدىن يى چىڭ مەلىكىنى بۇمىنگە خوتۇنلۇققا بېرىپ، قوۋملىرىگىمۇ كۆپلەپ ئىنئام بەردى. بىراق، بۇمىن قاغاننىڭ قوۋملىرى دولان تەرىپىدىن يەنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاچقا، سۇي ۋېندى قايتا ئۇنىڭ قەۋملىرىنى يۆتكەپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى شيا، شىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنىڭ ئارىلىقى (ھازىرقى شەنشىنىڭ چىڭبيەن ناھىيىسى بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ ئەتراپى)، شەرقتىن غەربكە دەرياغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا 400 چاقىرىمغىچە بولغان ئارىلىقتا خەندەك كولاپ، شۇ ئارىلىقتا ئولتۇراقلىشىشنى بۇيرۇق قىلدى.①

سۇي ۋېندى دولان قاغانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تۆت يولغا بۆلۈپ قوشۇن ئەۋەتكەندە، قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىقماي تۇرۇپلا، 12- ئايدا دولان قاغان قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، تاردۇ قاغان چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى (ئەمەلىيەتتە بۇ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ قاغانغا ئايلانغانلىق ئىدى)، ②شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى زور قالايمىقانچىلىق نەتىجىسىدە، دولان قاغاننىڭ قوۋملىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇمىن قاغانغا بەيئەت قىلدى. مىلادى 600 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 20 - يىلى) ياز 4- ئايدا، بىلگە قاغان سەددىچىنگە بېسىپ كىرگەندە، سۇي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە

---

① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «جاڭ سۈنشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن 84 - جىلدىتىكى «ياڭ سۇنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

② مۇشۇ كىتابنىڭ 6 - باب بىرىنچى پاراگرافىغا قاراڭ.

ئۆچۈردى. بىلگە قاغان مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. كېيىن
بىلگە قاغان يەنە ئىنىسى ئېلتەبىرنى چۆللۈك (چوڭ قۇملۇق)
نىڭ شەرقىدىن بۇمىن قاغانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، سۇي
ۋېيدى ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇمىن قاغاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئو-
رۇنلارنى قوغداپ قېلىشىغا ياردەم بەردى. ئېلتەبىر قوشۇنلىرىنى
ياندۇرۇپ، چۆللۈككە چېكىنىپ كەتتى. سۇي ۋېيدى بۇمىن
قاغاننى يەنە چىڭخې (قەدىمكى ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدى-
كى خوخخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي) بىلەن دىڭشياڭ (قەدىمكى
ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ غەربىدىكى داتۇڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى-
دىكى بۇرۇنقى خۇەيرېن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دىن ئى-
بارەت ئىككى قەلئەنى سالدۇردى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا توختى-
ماي يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، چارۋىچىلىق-
نىڭ كۆلىمىنى تارايتىۋەتكەنلىكتىن، چارۋىچىلار كۆپلەپ جەنۇب-
قا كۆچۈپ سۇي سۇلالىسى بىلەن بۇمىن قاغانغا بەيئەت قىلدى،[①]
بۇمىننىڭ قوۋملىرى ئاۋۇپ، كۈندىن - كۈنگە روناق تاپتى.
بۇمىن قاغان قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، جەنۇبقا كۆچ-
كەندىن كېيىن، سۇي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشى ئاس-
تىدا، قوۋملىرىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، چارۋى-
چىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇمىن
بۇنىڭغا رەھمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن: قوۋملىرى مۇقەددەس خانداي-
لىققا بەيئەت قىلغاندىن بۇيان «مەيلى جەنۇبقا كۆچۈپ سەددىچىندە
ئولتۇراقلاشسۇن، ياكى بەيداۋدا ئولتۇراقلاشسۇن، ئەلنىڭ قوي
- كاللىرى تاغ، قاپتاللارنى قاپلاپ كەتتى» دېگەنىدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ چىن دىلىدىن بەيئەت قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈ-
چۈن «ئۇلۇغ سۇي سۇلالىسى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە،

---

① «سۇينامە» 2 - جىلد «گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامىدا، رىنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 601 - يىلى) ياز 5. ئايدا تۈركلەرنىڭ ئەر - كاياللىرىدىن 90 مىڭ ئادەمنىڭ كېلىپ ئەل بولغانلىقى خاتىرلەنگەن، بۇ مۇشۇ سۆزگە قارىتىلغان.

قوي ـ كالىلارنىڭ سانىنى بىرگە ئېلىش»[1]قىچە رازى ئىكەنلە-
كىنى بىلدۈرگەنىدى.

مىلادى 603 يىلى (رېنشۇنىڭ 3 ـ يىلى)، شىمالدىكى
تېلېلارنىڭ ئىزگىل، ئابارس، بارغۇت قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق
قەبىلىسى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن
ئايرىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇمىن قاغانغا بەيئەت قىلدى.
بىلگە قاغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، چۆللۈكنىڭ شىما-
لىدا پۇت دەسسەپ تۇرالمىغانلىقتىن، نائىلاج بۇمىن قاغانغا ئەل
بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن بىلگە قاغاننىڭ قوۋملىرى تارمار
بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ غەربتىكى تۇيخۇن (تۇگۇگۇي دەپ ئوقۇلى-
دۇ، ھازىرقى چىڭخەي ئەتراپىدا، چارۋىچىلىق قىلىدىغان سىيان-
پىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى) لارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى،
شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن
بۇمىن قاغان بىلگە قاغاننىڭ قوۋملىرىگە ئىگە بولۇپ،[2]شەرقىي
تۈركلەر سۇي سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگەن ئاساسلىق كۈچ ـ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا-
كى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىدى. چۈنكى دولان، بىلگە
قاتارلىق تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇرۇشخۇمار بولغاچقا،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا قارىتا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش
قوزغاپ، تۈرك ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئېغىر ئاپەت
ئېلىپ كەلدى، شۇڭا ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق
كۆرسىتىپ، بىلگە قاتارلىق قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈ-
رەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاخىر دولاننى ئۆلتۈرۈپ، بىلگە قاتار-

---
① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② «سۇينامە جاڭ سۇنگشىڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

لىقلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بەيئەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىدى. بۇمىن قا-غان ئوبيېكتىپ جەھەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل تەلىپىگە ماسلاشتى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كۈچىنى تولۇقلىدى. سۈي سۇلالىسى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆجۇمىنىڭ دەردىنى تارتقاچقا، ئۆزىنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلە-قىنى قوغداش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ فېئوداللىق ئىگى-لىكىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ-مىن قاغانغا قارىتا يۇلەش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ خىل سىيا-سەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش تەلىپى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ بىرلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن ئىدى.

بۇمىن قاغان بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتا-يىن زىچ ئىدى. مىلادى 607 ـ يىلى (دايېنىڭ 3ـ يىلى) باھار 1ـ ئايدا، بۇمىن قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە كېلىپ سۈي ياڭدى بىلەن كۆرۈشتى. ياز 5ـ ئايدا، سۈي ياڭدى يۈلىن (بۇ ۋاقىتتا يۈلىن ئايماقتا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئايماق ئورنى ھازىرقى ئىچكىي موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ چېگ-رىسى ئىچىدە) نى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، بۇمىن قاغان بىلەن يى چىڭ مەلىكە بىرلىكتە ئوردىغا بېرىپ، خاننى تاۋاپ قىلغانىدى، ھەمدە مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

«كەمىنىلىرىنىڭ ئىنىسى پېقىرغا ھەسەت قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. ئەينى چاغدا پېقىرنىڭ بارار يېرى بولمىغاچقا، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، قارىسام ئۈستۈمدە كۆك ئاس-مان، يەرگە قارىسام زېمىن كۆرۈنگەن بولۇپ، ئازراقمۇ ئامال قالمىغانىدى، شۇڭا ھاياتىمنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، پادشاھ ۋېندى ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلغانىدىم. ۋېندى ئالىيلىـ

رى پېقىرنىڭ غېرىبلىقىنى كۆرۈپ مېنى ئۆلتۈرمەي، ئېلىپ قالدى. يەنە كېلىپ ماڭا ھايات يولى بېرىپ، چوڭ قاغانلىققا تەينلەپ، قايتىپ بېرىپ تۈرك خەلقىنى دالالەت قىلىشقا قويدى. ئەمدىلىكتە جانابلىرى جاھاننى سورىماقتىلا، يەنە ۋېندى ئالىيلە-رىغا ئوخشاش پېقىر بىلەن تۈرك خەلقىنى بېقىپ، بىزگە ھەر خىل دۇنيالارنى كەم قىلماي بېرىۋاتىدىلا. مەن مۇقەددەس ئالى-لىيرىنىڭ مېھرى، شەپقىتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. كەمىنلىرى ھازىر بورۇنقى تۈرك قاغانى ئەمەس، بەلكى جانابلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرايىدۇرمەن. شۇڭا، قەبىلەمگە باشچىلىق قىلىپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۆز-گەرتىپ، پۈتۈنلەي شىيالىقلار بىلەن ئوخشاش بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.»①

سۇي ياڭدى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، «چۆللۈكنىڭ شىمالىي تېخى تىنىنجىتىلمىدى، يەنە جازا يۈرۈش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، پەقەت چىن دىلىدىن قىلىنغان ساداقەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كىيىم ـكېچەكلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىغانىدى. يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇمىن قاغانغا ئىلھام بې-رىپ، بۇمىن قاغانغا 200 مىڭ توپ يىپەك تەقدىم قىلدى، يەنە مەپە، مىنىك ئات، دۇمباق، بايراق تەقدىم قىلىپ، تاۋاپ قىلد-غاندا تەرپ نامى (ئوردىنى تاۋاپ قىلغاندا، خاننى تاۋاپ قىلسىلا بولىدىغان، تەرپ ناملىرىنى تىلغان ئېلىش بولمىغان) نى تىلغا ئالماسلىققا ئەمىر قىلىپ، دەرىجىسىنى بەگلەردىن يۇقىرى ئو-رۇنغا قويغانىدى. كۈز 8- ئايدا سۇي ياڭدى جىنخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھىرى-

① «سىزىنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 180. جىلد سۇي سۇلالىسىنىڭ دابى 3. يىلى ياز 7. ئايدىكى ماددىسى.

نىڭ جەنۇبىدىكى خېيخې دەرياسى) دىكى بۇمىن قاغانىنىڭ چېدىرىغا كەلدى. بۇمىن قاغان قەدەھ تۇتۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندە ياڭدى چەكسىز خۇرسەن بولۇپ، نەزمە ئوقۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

قوغۇشار كېلىشى بىلەن،
ئۇلاپ تۇغ خانمۇ يەنە كەلدى.

. . . . . .

نېمە دەپ ئاتاش كېرەك خەن تەڭرىزادىسىنى،
ئاسانلا چىقىرىلسا تەڭرىقۇتلۇق ئورنىغا.①

خانىشمۇ يى چىڭ مەلىكىنىڭ چېدىرىغا كەلگەنىدى. سۇي ياڭدى بۇمىن قاغان بىلەن يى چىڭ مەلىكىنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن ئالتۇن كومزەك شۇنىڭدەك كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كىمخاپ - شايى تەقدىم قىلدى. تېكىندىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەر بىرسىگىمۇ ئىنئام بەردى.

مىلادى 609- يىلى (دايىنىڭ 5- يىلى) قىش 11- ئايدا، بۇمىن قاغان ئۆلدى، سۇي ياڭدى ئوردا ئىشىنى ئۈچ كۈن توختىتىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئوغلى تۇكەتنى تەختكە چىقاردى، ئۇ سىۋار قاغان دەپ ئاتالدى. سىۋار تۈركلەرنىڭ نىكاھ ئادىتىگە ئاساسەن يى چىڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى.

**(4) سىۋار، چۇرلۇق دەۋرىدىكى تۈركلەر: سۇي ياڭدىنىڭ تۈركلەرگە قاراتقان خاتا سىياسىتى؛ سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى يەرلىك كۈچلەرنىڭ تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى**

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدە سىۋار قاغانىنىڭ قوۋۋىتى پەيدىن - پەي كۈچىيىپ، كۈچى زورىيىشقا باشلىدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى فېي جۈي ئۇنى كونترول قىلىش قىيىن دەپ قاراپ، ئۇنىڭ كۈچىنى پارچىلاش

---

① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە». ئىلاۋە: قوغۇشار غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارنىڭ يولباشچىسى قوغۇشار تەڭرىقۇتنى كۆرسىتىدۇ (ژاڭ جاۋجۇننىڭ ئېرى)؛ تۇغ ھونلارنىڭ تۇغ خانىنى كۆرسىتىدۇ.

تاكتىكىسىنى تەغدىم قىلىپ، خان جەمەتىدىن بولغان مەلىكىلەر-
دىن بىرىنى سىۋارنىڭ ئىنىسى تۆركۈت شادقا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى
جەلىپ تەرەپ قاغانى قىلماقچى بولدى. تۆركۈت شاد بۇ تەكلىپنى
قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، سىۋار قاغان ئاڭلاپ ئىچىدە غۇم
ساقلاپ يۈردى. كېيىن فېي جۈي يەنە سىۋار قاغاننىڭ ئىشەنچە-
لىك ھەم تەدبىرلىك ۋەزىرى شىئۇغقۇزنى مايى (ھازىرقى سەنشى-
نىڭ سۇشيەن ناھىيىسى) گە ئالداپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
سىۋار بىخىمۇ غەزەپلەندى. مىلادى 615- يىلى (داينىڭ 11-
يىلى) كۈز 8- ئايدا، سۈي ياڭدى فېنياڭ ئوردىسى (ھازىرقى
سەنشىنىڭ غەربىدىكى جىڭلې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) دا
يازنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، سىۋار قاغان 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق
قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، سۈي ياڭدىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىل-
دى، بى چىڭ مەلىكە ئەلچى ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزگەچكە، سۈي
ياڭدى يانمېن (ھازىرقى سەنشىنىڭ دەيشيەن ناھىيىسى) گە
بېرىپ پاناھلاندى. سىۋار قاغان يانمېنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.
يانمېن ئايمىقىغا قاراشلىق 41 شەھەرنىڭ ئوتتۇز توققۇزى سىۋار
تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، پەقەت يامېن ناھىيىسى بىلەن
تىڭشيەن ناھىيىسىلا قېپ قالدى. سۈي ياڭدى ئالاقىزادە بولۇپ،
دەرھال لياۋدۈڭ ئۇرۇشى (بۇ ۋاقىتتا دەل كورىيىگە جازا يۈرۈش
قىلىنىۋاتاتتى) نى توختىتىپ، ھەر قايسى ئايماقتىكى قوشۇن ۋە
بەگلەرنى توپلاشقا پەرمان قىلدى. بىراق بى چىڭ مەلىكە سىۋار
قاغاننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئاستىرتتىن ئادەم ئەۋەتىپ،
«شىمالدا جىددىي ئەھۋال بار» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەچكە، سىۋار
قاغان قورشاۋنى بوشۇتۇپ قايتىپ كەتتى①.
سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، سۈي ياڭدى كورىيىگە قارشى

① «سۈينامە» 4- جىلد «ياڭدى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى، 67- جىلد «فېي جۈينىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ 182- جىلد سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 11- يىلى كۈز 8- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

توختىماي جازا يۈرۈش قوزغاپ تۇرغانلىقتىن، ئەسكەر ئېلىش
سېلىقى بىلەن ھاشارنىڭ كۆپلۈك دەستىدىن خەلق ئېچىنىشلىق
گىرداپقا چۈشۈپ قالغانىدى، بۇنىڭغا ئەيشى - ئىشرەتنىڭ سېلىقى
قوشۇلۇپ، خەلقنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، ئا-
خىرى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دى. ھەر قايسى يەرلىك كۈچلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش
كۆتىرىپ چىقىپ، ھەر قايسى بىر تەرەپنى ئىگىلىۋالغان تەپرىقى-
چىلىك ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ھالبۇكى بۇ يەرلىك تەپ-
رىقچى كۈچلەر، ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەممىسى پۈتۈن
كۈچ بىلەن تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، ھەتتا
بەزىلىرى تۈرك قاغانىغا بەيئەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇ فاڭ
(ئايماق ئورنى ھازىرقى شەنشىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەر-
بىي شىمالىي) نى ئىگىلىۋالغان لياڭ شىدۇ، شىمالدا تۈركلەر
بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى، سىۋار ئۇنىڭغا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن
تۇغ ھەدىيە قىلىپ، تاردۇش بىلگە قاغان دېگەن ئۇتۇغاتنى بەر-
گەن ئىدى، لياڭ شىدۇ سىۋارنىڭ قوۋمىلىرىنى باشلاپ كېلىپ،
خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي (خۇاڭخې دەرياسىدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبىي)
دىكى جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يانمېن
(ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ دەيشيەن ناھىيىسىدا) نى
ئىشغال قىلىۋالغان ليۇۋۇجۇمۇ سىۋار قاغانغا پارە بەرگەچكە،
سىۋار ئۇنىڭغا جەڭ ئاتلىرىنى بېرىپ، بۆرە بېشى چۈۋۈرۈلگەن
تۇغ ھەدىيە قىلىپ، ئۇنى دىڭياڭ قاغانى قىلىپ تىكلىدى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا ۋۇۋېي (ئايماق ئورنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي
ناھىيىسىدە) نى ئىگىلىۋالغان لى گۈي بىلەن ھازىرقى خېبېي
ئەتراپىنى ئىگىلىۋالغان دۇجيەندېلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈركلەر
بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن تەييۈەن (ئايماق
ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى-

دا) دە، ئەسكەر تارتىپ چىققاندا (مىلادى 617- يىلىنىڭ ياز ۋە كۈز ئارىلىقى) «تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، پايدىلىق ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش» ئۈچۈن، ئۆز قولى بىلەن نامە يېزىپ، سوغا - سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، تۈركلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھەمدە سىۋار قاغان بىلەن «مۇبادا تۈركلەر چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىرسە پۇقرا بىلەن يەر-زېمىن تاڭ بېگىگە تەۋە بولىدۇ. ئالتۇن، قاشتېشى بىلەن يىپەك، كىمخاپلار تۈركلەرگە تەۋە بولىدۇ» دەپ پۈتۈم تۈزدى. سىۋار ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، قوشۇنلىرى بىلەن سەددىچىنىگە كىرىپ، لى يۈەنگە ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ماقۇللۇق بىلدۈردى.①

مىلادى 618- يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ يىنىڭ 2- يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى تۈنجى يىلى) ياز 5- ئايدا، لى يۈەن سۈي گوڭدىنىڭ تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى قوبۇل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ، تاڭ گاۋزۇ دەپ ئاتالدى ۋە داۋاملىق چاڭئەننى پايتەخت قىلدى. سىۋار قاغان قۇتلۇق تېگىننى تاڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتتى، تاڭ گاۋزۇ ئۇنى تەيجى ئوردىسىدا كۈتىۋېلىپ، توققۇز قەبىلىنىڭ نەغمىسىنى ئورۇنلۇغۇزۇپ بەردى. تاڭ گاۋزۇ دەسلەپتە تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولغاچقا، سىۋار قاغانغا ئىلگىرى، ئاخىرى بولۇپ، ھەددى - ھېسابسىز سوغا - سالاملارنى بەرگەنىدى. بىراق تۈرك ھۆكۈمرانلىرى تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، بەك ھاككاۋۇر بولىۋالغاچقا، ئەلچىلىرى دائىم چاڭئەنگە كېلىپ زورلۇق، زومبۇلۇق قىلاتتى، گاۋزۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تېخى تىنجىتىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىغا يول قويدى. تۈركلەر كۈچىيىپ، شەرقتە قىتان،

① «كونا تاڭنامە» 056 جىلد «لياڭ شىدۇنىڭ تەرجىمىھالى»، 55- جىلد «ليۇۋۇجوۇنىڭ تەرجىمىھالى»، 57- جىلد «ليۇۋېنجىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن روناق تېپىشىغىچە بولغان خاتىرىلەرگە تەمسىل» 1- جىلد بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈلگىلەر» 184- جىلد سۈي گوڭدىنىڭ يىنىڭ تۈنجى يىلى كۈز 6- ئايدىكى ماددىسىغا قارالڭ.

شىرۋىلارنى، غەربتە ئۇيغۇنلار بىلەن قوچۇنى پۈتۈنلەي بەيئەت قىلدۇرۇپ ئەل قىلدۇردى. شۇڭا تارىخنامىلەردە ئۇنى «نەچچە يۈز مىڭلىغان ئوقيالىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان، شىمالدىكى دىلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك قۇدرەت تاپقانلىرى يوق ئىدى»[①] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

مىلادى 619- يىلى (ۋۇدىنىڭ 2- يىلى) باهار 2- ئايدا، سىۋار قاغان قوۋىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، شياۋجۇ ئايمىقى (كېيىن نامى سۇفاڭغا ئۆزگەرتىلگەن. ئايماق ئورنى هازىرقى شەنشىنىڭ خېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەيچىڭزىدا) غا كەلدى. لياڭ شىدۇمۇ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتى. سىۋار يەنە 5 يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى ليۇۋۇجوۇغا بېرىپ، ئۇنى گوجۇ (تاغ ئىسمى هازىرقى سەنشىنىڭ يۈەنپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا، 句 خېتى گو، 勾 ، دەپ ئوقۇلىدۇ) دىن تەيۈەنگە هۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ۋاقىتتا دەل سىۋار ئۆلگەچكە، ئۇنىڭ ئوغلى سۇببە كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇ تەختكە چىقماي، ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلتەبىر شاد تەختكە چىقىپ، چۇرلۇق قاغان دەپ ئاتالدى. چۇرلۇق قاغان سۇببەنى نېيبەگ شاد قىلىپ تەيىنلەپ، شەرقتىكى چەت ياقىغا ئەۋەتىپ ئۇدۇل ياۋجو ئايمىقى (هازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) نىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان جايدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. چۇرلۇق تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يەنىلا يى چىڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە سىۋار قاغانىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى. تاڭ گاۋزۇ ئوردا ئىشىنى ئۈچ كۈن توختاتتى ھەمدە تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ماتەم بىلدۈرۈپ، 30 مىڭ توپ كىمخاپ ھەدىيە قىلدى.

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 94- جىلدىگە قاراڭ.

دەسلەپتە سۈي سۇلالىسىنىڭ چى بېگى جيەننىڭ ئوغلى ياڭ جىڭداۋ دۇجيەندېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. مىلادى 620- يىلى (ۋۇدېنىڭ 3- يىلى) باھار 2- ئايدا، چورلۇق قاغان ئۇنى ئوردىسىدا كۈتىۋېلىپ، سۈي بېگى قىلىپ تىكلىدى. ياڭ جىڭداۋ سۈي سۇلالىسىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئەمەل - مەنسەپ تەسىس قىلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنى ئاساس قىلىپ، دىڭشياڭ (ئايماق ئورنى دالى شەھىرىدە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ چىڭشۈيخې ناھىيىسىدە ئىدى) دا ئولتۇراقلاشتى، چۇرلۇق قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىمالغا قېچىپ كېلىۋالغان پۇقرا-لارنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار 10 مىڭغا يېقىن قوۋم ئىدى①. كۈزدە لياڭ شىدۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنلاردىن جاڭ جۇ بىلەن ليۇمىنلەر ئىلگىرى، ئاخىرى بولۇپ، تاڭ سۇلا-لىسىگە تەسلىم بولدى. لياڭ شىدۇ قورقۇپ كېتىپ، تۈركلەر-نىڭ چۇرلۇق قاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى:

«يېقىندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مالىمان يۈز بېرىپ، نۇرغۇن بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىمالدا تۈركلەرگە بەيئەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا دىڭياڭ خاقانى ئالەمدىن ئۆتۈپ، جاھان پۈتۈنلەي تاڭ بېگىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كەمىنە لياڭ شىدۇ ئۆلۈمە-دىن قورقمايمەن ھەم قاغان ئالىلىرىغىمۇ خەتەر يەتكەزمەيمەن، مۇبادا قاغان ئالىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنىڭ پەيتى ئەمەس دەپ قارىسىلا، جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالان - تاراج قىلىپ، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇددى توقباتە-كۆيغا ئوخشاش، يولباشلاپ مېڭىشنى خالايمەن.»②

① «كونا تاڭنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «سۈينامە» 59- جىلد «چى بېگى جيەننىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە. لياڭ شىدۇنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 188- جىلد تاڭ ۋۇدېنىڭ 3. يىلى قىش 11. ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

چۆرلۆق قاغان ئۆنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە باغا-
دۇر شاد (چۆرلۆقنىڭ ئىنىسى دۇبى) نى يۇەنجۇ ئايىمىقى (ئايماق
ئورنى ھازىرقى نىڭشيانىڭ گۇيۇەن ناھىيىسى) دىن ئېسىپ كە-
رىشكە، نېبەگ شاد (سىۋارنىڭ ئوغلى سۇبىە) بىلەن لياڭ
شىدۇنى بەيجۇ ئايىمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى شەنشىنىڭ يۇەن-
نەن شەھىرى) دىن ئېسىپ كىرىشكە، تولى قاغان (شەرقىي
قارارگاھنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان كىچىك قاغان) نى
قىتان، ئەقشىد، تاتابى، موغاللار بىلەن ياۋجۇ ئايىمىقى (ئايماق
ئورنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدە) دىن ئېسىپ كىرىپ، دۇج-
يەندىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن خۇكو (يەنى تەيخاڭشەن تېغىدىكى
تۆتىنچى داۋان) نىڭ غەربىدىن ئۇچىكىرىلەپ كىرىپ، جىنجو
ئايىمىقى بىلەن جياڭجۇ ئايىمىقى (جىنجو ئايىمىقىنىڭ ئورنى ھازىر-
قى سەنشىنىڭ لىنفىن شەھىرىدە ئىدى. جياڭجۇ ئايىمىقىنىڭ
ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىنجياڭ ناھىيىسىدە) دا ئۇچرىشىشقا
بۇيرىدى. چۆرلۆق قاغان يەنە بىڭجۇ ئايىمىقى (ئايماق ئورنى
ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۇەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) نى
ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ياڭ جىڭداۋنىڭ تۇرالغۇسى قىلماقچى بول-
دى. چۆرلۆق «مېنىڭ ئاتام (بۇمىن قاغان) دۆلىتىدىن مەھرۇم
قالغاندا، سۇي سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قايتا تىكلىگەن-
دى، بۇ مېھرى - شەپقەتنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ» دېگەن-
دى. بىراق ئۇ يۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا ئۆلدى. يىچىڭ مەلى-
كىنىڭ ئۇنىڭدىن بولغان ئوغلى ئوشات شاد كىچىك بولغاچقا،
ئۇ ئۇنى تەختكە چىقىرالماي، چۆرلۆقنىڭ ئىنىسى باغادۇر شاد-
نىڭ تەختكە چىقىشىغا قوشۇلدى. ئۇ ئېلىك قاغان دەپ ئاتالدى.
ئېلىك تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چۆرلۆقنىڭ ئۆلۈم خەۋ-
رىنى يەتكۈزدى، تاڭ گاۋزۇ سىۋارنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش ئۇنىڭ

ئۆلۈمىگىمۇ ئاتاپ سوغا ـ سالاملارنى بەردى.①

**(5) ئېلىك قاغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا كەڭ ـ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشى ۋە شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشى**

ئېلىك قاغانىنىڭ دەۋرىدە ئەسكىرى كۈچى زورايغانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خىرىس قىلغانىدى. ئېلىك تۈركلەرنىڭ نىكاھ ئادىتى بويىچە يىچىلىڭ مەلىكىنى داۋاملىق ئەمرىگە ئالدى. بۇ مەزگىلدە مەلىكىنىڭ ئىنىسى تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا پاناھلىنىـ ۋاتاتتى. ئۇ ۋاڭ شىچوڭ (بۇ مەزگىلدە لوياڭنى ئىگىلەپ ياتـ قان) نىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى بىلەن ئېلىك قاغانغا «ياڭ جىگداۋـ نى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئاتلاندۇرۇپ، سۈي ۋېيندىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئېلىك قاغان بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇـ جۇم قوزغىدى. تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 621- ، 626- يىللار (ۋۇدېنىڭ 4-9- يىللىرى) ئارىـ لىقىدا، تۈركلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى تۆۋەندىكى جايلارغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلغانىدى:

فېنيېن (قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ فەنروڭ ناھىـ يىسىدىكى بۇرۇنقى روڭخې ناھىيىسىدە)؛

شىجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ لىشيەن ناھىيىسىدە)؛

يانمېن ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ دەيشيەن ناھىيىسىدە)؛

بىڭجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدە)؛

دەيجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ دەيشيەن

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى، «لىياڭ شىدۇنىڭ تەرجىمە- ھالى» بىلەن «گەگنى گىدار، قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 188- جىلد تاڭ سۇلالىسى- نىڭ ۋۇدىي 3- يىلى قىش نويابىردىكى ماددىسىغا قاراڭ.

ناھىيىسىدە) ؛
شىنجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىشيەن ناھىيىسىدە) ؛
جىنجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ لىنفېن شەھىرىدە) ؛
فېنجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ فېنياڭ ناھىيىسىدە) ؛
مايى (ھازىرقى سەنشىنىڭ شىسۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىدا) ؛
سۇجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىسۇ ناھىيىسىدە) ؛
شىنبو ئايمىقى (ئايمقا ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىنيۈەن ناھىيىسىدە) ؛
لۇجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ چاڭجى شەھىرىدە) ؛
خەنجۇ ئايمىقى (لۇجۇ ئايمىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ناھىيىلەردە تەسىس قىلىنغان) ؛
جېڭجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى خېبېينىڭ جېڭدىڭ ناھىيىسىدە) ؛
دىڭجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى خېبېينىڭ دىڭشيەن ناھىيىسىدە) ؛
يىجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى خېبېينىڭ يىشيەن ناھىيىسىدە) ؛
ياۋجۇ ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ؛
جېنگۈەن ئۆتكىلى (ھازىرقى شەنشىنىڭ لوڭشيەن ناھىيە-سىنىڭ غەربىدە) ؛

لوڭجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى شەنشىنىڭ لوڭشيەن ناھىيىسىدە ) ؛
ۋېيجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى شەنشىنىڭ لوڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ) ؛
سوجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى شەنشىنىڭ سودې ناھىيىسىدە ) ؛
جېنجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى شەنشىنىڭ مىجى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ) ؛
يۈەنجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى نىڭشيانىڭ گويۈەن ناھىيىسىدە ) ؛
لىڭجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ) ؛
لىنجۇ ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ چىڭيالڭ ناھىيىسىدە ) ؛
چىنجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ تيەنشۈي شەھىرىدە ) ؛
لەنجۇ ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرىدە ) ؛
لياڭجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىدە ) ؛
جىڭجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى گەنسۇنىڭ جىڭچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ) ؛
شانجۇ ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى چىڭخەينىڭ لېدۇ ناھىيىسىدە ) ؛
لىنجو ئايمىقى ( ئايماق ئورنى هازىرقى سىچۈەننىڭ گۇلىن ناھىيىسىدە ) ؛
پىڭجو ئايمىقى ( هازىرقى سىچۈەننىڭ پىڭشيەن ناھىيىسى-

دە)؛
شياڭجو ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى خېنەننىڭ ئەنياڭ شەھىرىدە).

ئۇرۇش ئوتى ھازىرقى سەنشى، خېبېي، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، سىچۇەن، خېنەندىن ئىبارەت سەككىز ئۆلكىگە تۇتاشتى. بەزى رايونلارغا كۆپ كېتىم ھۇجۇم قىلدى، مەسىلەن، بىڭجو، سۇجو، يۈەنجو، لىڭجو ئايماقلىرىغا تۆت، بەش قېتىم، يانمېن، دەيجۇ، دىڭجو، لوڭجو، جىڭجو ئايماقلىرىغا ئۈچ قېتىم، قالغانلىرىغا كۆپىنچە بىر قېتىم بىلەن چەكلەنگەندى. ھۇجۇم قىلغان ئەسكىرى كۈچى بىر قېتىمقىسىدا يۈز مىڭ ئاتلىق (مەسىلەن، يانمېن، سۇجۇ ۋە جىڭجۇ ئايمىقىدىكى ھەر قايسى جەنىيلەردە) قوشۇندىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بەزىدە تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى بىۋاستە ھۇجۇم قوزغىغان بولسا، بەزىدە يەرلىك تەپرىقىچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ (مەسىلەن، گاۋكەيداۋ، ليۇ- خېيداۋ، ۋەن جۇنجاڭ قاتارلىقلار) بىرلىكتە ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاھالىلارنى بۇلاپ - تالاپ (بىر قېتىمدا 5 مىڭدىن ئارتۇق ئەر، ئايالنى بۇلاپ كەتكەن ئىدى)، مال - مۈلۈكلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانىدى.①

مىلادى 622- يىلى (ۋۇدېنىڭ 5-يىلى) باھار 4- ئايدا، تاڭ گاۋزۇ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېلىك قاغانغا پارا بېرىپ، قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئېلىك قاغان گەرچە ئىلگىرى تۇتۇپ قالغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى قېلىڭ- يۈەنشۇ قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىغا خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا گاۋ كەيداۋ

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلىرى» 189-، 191- جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 4- يىلىدىن 9- يىلىغىچە بولغان ماددىلىرىغا قاراڭ.

بىلەن بىرلىكتە يانمىنگە ھۇجۇم قىلغانىدى.① كۈز 8- ئايدا، ئېلىك 150 مىڭ، ئاتلىق قوشۇن بىلەن يانمىنگە ھۇجۇم قىلدى.② بۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ خىللانغان ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئادەم جېشىيۇدىن جىنجو ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ جېشيۇ ناھىيىسىدىن لىنفىن شەھىرىگىچە) غىچە بولغان نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىنى قاپلاپ كەتكەنىدى. تاڭ گاۋزۇ جېڭ يۈەنشۈنى ئېلىكنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇنى ۋەدىسىدە تۇرمىدى دەپ ئەيىپلىدى. دەل بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تۈركلەرنى فېنشۇي دەرياسى بىلەن فېنجو ئايمىقىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 5 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئېلىك نائىلاج چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى③. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە (قىش 11- ئايدا)، لياڭ شىدۇنىڭ ئىنىسىنىڭ كۈرسەتمىسىدە، نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن لىڭجو ئايمىقىغا ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئېلىك بىر تەرەپتىن لياڭ شىدۇ بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوشات شادنى ۋۇيۇەنگە ئولتۇراقلىشىشقا ئەۋەتتى (بۇ يەردىكى ۋۇيۇەن ھازىرقى نىڭشياڭنىڭ يەنجى ناھىيىسىدە بولۇپ، خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ خېتاۋدىكى ۋۇيۇەن ئەمەس ئىدى)④.

مىلادى 624 - يىلى (ۋۇدېنىڭ 7 - يىلى) كۈزدە، تۈركلەر قايتا يەنە گۇەنجوڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمى، چۇنكى يەر شەكلى گۇگۇدەن، ۋۇگۇەن، سانگۇەن ۋە سۇگۇەندىن ئىبارەت تۆت ئۆتكەلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولغاچقا، قەدىمكى دەۋردە گۇەنجوڭ دەپ ئاتالغانىدى) غا قىستاپ كەلدى،

---

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 94- جىلدقا قاراڭ.

② «كىتابلار جەۋھىرى» 990- جىلدقا قاراڭ.

③ «كونا تاڭنامە» 62- جىلد «جېڭ يۈەنشۈنىڭ تەرجىمىھالى»، 60- جىلد «خان جەمەتىدىكى شياۋخېي بېگى لى شىنفۇنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەللىي ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 190- جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 5- يىلى كۈز 8- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

④ «ئەللىي ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 190- جىلد، ۋۇدېنىڭ 5- يىلى قىش 11- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

تالڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ خەۋپى دەستىدىن پايتەختىنى كۆچۈر-
مەكچى بولغاندا، كېيىن لى شىمىن (تالڭ گاۋزۇڭنىڭ ئوغلى)
نىڭ كۈچەپ توسۇشى بىلەن كۆچۈرۈشنى توختىتىشقا مەجبۇر
بولدى.

تالڭ گاۋزۇ تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا ھەدەپ يول قوي-
دى، بىراق ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىك تېخى تىنچىتىل-
مىغان بولغاچقا، پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇدىلىشىشنى قولغا كەلتۈ-
رۈپ، شۇ ئارقىلىق كۈچنى توپلاپ ھەرقايسى يەرلىك تەپرىقىچى
كۈچلەرنى تارمار قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىش ئىدى، لېكىن ئۇ-
نىڭدا تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىرادە
قەتئىي بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئىلگىرى جاھان تېخى تىنچىتىلمىغاچقا، بەدئۇيلەر (شەر-
قىي تۈركلەر) ھەدەپ چېگرىمىزغا تەھدىت سېلىپ كەلگەنىدى. ئەم-
دىلىكتە قوشۇنلىرىمىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئىسكەنجىگە ئال-
دى، قوشۇننى بىر مەزگىل ئارام ئالدۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇلارنى
يوقاتماي قويمايمەن»[1] شۇنىڭ بىلەن ئۇ 12 قوشۇنلۇق تۈزۈلمىنى
ئەسلىگە كەلتۈردى، دەسلەپتە تالڭ گاۋزۇ جاھاننى مەرپەت يولى
ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا يۈزلەنگەچكە، 12 قوشۇنلۇق تۈزۈلمىنى
توختىتىپ قويغانىدى، ئەمدىلىكتە تۈركلەر چېگرىمىزغا ھەدەپ ھۇ-
جۇم قىلغانلىقتىن، قايتا يەنە 12 قوشۇنلۇق تۈزۈلمىنى ئەسلىگە
كەلتۈردى:

دۇيەننى ساماۋى سانغۇن قىلدى؛
ياڭ گوڭرېننى تۈغ - ئەلەم سانغۇنى قىلدى؛
لى شېنتوڭنى تۇرشاۋۇل سانغۇن قىلدى؛
ليۇخۇڭجىنى چاپاۋۇل سانغۇن قىلدى؛
جاڭ جىننى ياساۋۇلخانا سانغۇنى قىلدى؛

[1] «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.

جاڭ سۇنشۇندېنى دانىش سانغۇن قىلدى؛
پان شىشىگىنى يۇلتۇزلۇق سانغۇن قىلدى؛
ئەن شيۇرېننى دالالەتچى سانغۇن قىلدى؛
ياڭ ماۋنى بەھەيۋەت سانغۇن قىلدى؛
ۋاڭ چاڭشېنى يۇلتۇزلۇق سانغۇن قىلدى؛
زې شياۋنى ئەمىنلىك ئورناتقۇچى سانغۇن قىلدى؛
چيەن جيۇلوگىنى قىران سانغۇن قىلدى.

ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلارنى مەشىق قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەڭ-كۆلەمدە قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلاندى.①شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «يىراقتىكىسى بىلەن دوست بولۇش، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركلەرنى ئىسكەنجىگە ئالدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشچە، ۋۇدېنىڭ 8 - يىلى (625 - يىلى) ياز 4 - ئايدا، غەربىي تۈركلەرنىڭ تونيابغۇ قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، تاڭ گاۋزۇ ۋەزىر فېي جۈينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئېلىك قاغاننى تەھلىكىگە سالدى.②

مىلادى 626 - يىلى (ۋۇدېنىڭ 9 - يىلى) كۈز 8. ئايدا ئېلىك قاغان 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ۋۇگۇڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ ۋۇگۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي) غا ھۇجۇم قىلىپ، پايتەختكە تەھدىت سالدى؛ ئارقىدىنلا يەنە گاۋلىڭ (چاڭئەننىڭ شەرقىي شىمالىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا) غا ھۇجۇم قىلدى. ئېلىك يۈرۈش قىلىپ، ۋېيشۇي دەرياسىنىڭ ۋاقىتلىق كۆۋرۈكىنىڭ شىمالىغا

① «كىتابلار جەۋھىرى» 990 - جىلدقا قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ ئالتىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ يېقىنى دەشت سىيلاقنى تاڭ سۇلالە-
سىغا ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا تەيزۇڭ
(لى شىمىن) تەختكە چىقىپ بولغان بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەپ،
«مەن بىلەن سىنىڭ قاغانىڭ ئاللىقاچان قۇدىلىشىش ئورناتقانلى-
قىمىز ئۈچۈن، كۆپلەپ ئالتۇن ۋە كىمخاب ھەدىيە قىلغانىدۇق،
كۆپلىكىدىن ئۇلارنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدۇ. شۇنداق تۇرۇق-
لۇق سىنىڭ قاغانىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قوشۇن باشلاپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلدى، مەن بۇنىڭدىن ئاھانەت
ھېس قىلماسمەنمۇ! سەن گەرچە رۇڭدىلاردىن بولساڭمۇ، ئادەم-
گەرچىلىكىڭ بار تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقسىگە ياخشىلىقنى ئۇن-
تۇپ، كۆچىڭنى پەش قىلدىڭغانسەن!»① دەپ، سىيلاقنى ھەپسىگە
ئالدى. تاڭ تەيزۇڭ يىنىك ئاتلىنىپلا شەخسەن ۋېيشۈي دەرياسى-
نىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كېلىپ، دەريانى ئارىلىق قالدۇرۇپ،
ئېلىك بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى ئەھدىگە خىلاپلىق قىلدى دەپ
ئەيىبلىدى. ئېلىك كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن قاتتىق ھەيران قال-
دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا قوشۇنلىرىمۇ دا-
ۋاملىق يېتىپ كەلگەچكە ھەممە يەرنى تۇغ - ئەلەملەر قاپلاپ
كەتكەنىدى. ئېلىك قاغان سىيلاقنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەن-
لىكىنى، يەنە كېلىپ تاڭ تەيزۇڭنىڭ يېنىكلا ئاتلىنىپ كەلگەن-
لىكىنى، قوشۇنلارنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ،
سۈلھىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ھەمدە بوز ئات ئۆلتۈرۈپ قەسەم
قىلدى، ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە ئەھدىنامە
تۈزدى، تۈركلەر قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. 9-ئايدا
ئېلىك قاغان 3 مىڭ تۇياق ئات، 10 مىڭ دانە قوي تەقدىم
قىلدى. لېكىن ئېلىك قاغاننىڭ ئەھدى ھەققىي ئەمەس ئىدى،

① «قانۇنلار قامۇسى» 197- جىلد «تۈركلەر» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 192- جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 9- يىلى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ تاڭ سۇلالىسىغا قارىتا بىر خىل ھەم ئاسىيلىق قىلىش ھەم بەيئەت قىلىش ھەم قۇدىلە-شىش ھەم تالان ـ تاراج قىلىشتىن ئىبارەت تالان ـ تاراجنى ئاساس قىلغان سىياسەتنى قوللاندى. شۇڭلاشقا تاڭ تەيزۇڭ ئې-لىك قاغان تەقدىم قىلغان ئاتلارنى قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بۇلاپ كەتكەن ئاھالىلەرنى قويۇپ بېرىشىنى ئەمىر قىلدى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا، تۈرك جەمئىيىتى ئۆز ئىچىدىن تۈرلۈك زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. ئېلىك قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەر خىل زىددىيەتلەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۆتكۈر بولغىنى، سى-نىپىي زىددىيەت بولۇپ، «بەگلىرى بىلەن خەلقى بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنىدى»[1] بولۇپمۇ ئېلىك قاغان ھەر يىلى ئۇرۇش قوزغاپ تۈرغانلىقتىن، چىقىم ئېشىپ، خىراجەت يېتىش-مىگەچكە، ھەر قايسى قەبىلىلەرگە قارىتا ئېغىر ـ باج سېلىقلار-نى يولغا قويغانىدى، «بۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەر باج ـ سېلىق تۆلەشنى خالىماي، ئېلىك قاغانغا قارشى ئىسيانلار كۆپلەپ يۈز بەردى.» مىلادى 627- يىلى (تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن تۇنجى يىلى)، تۈركلەرنىڭ شەرقىدىكى تاتابى، ئەقشىد قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز باج ـ سېلىقى-غا قارشى تۇرۇپ تۈركلەردىن ئايرىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. شۇ يىلى ئىلگىرى تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان تېلى قەبىلىلىرىدىن سىرتار-دۇش، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئېلىكتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈردى. ئېلىك ئاكىسىنىڭ ئوغلى يوقۇق شادنى 100 مىڭ كىشىلىك

---

[1] «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى».

ئاتلىق قوشۇن بىلەن باشتۇرۇشقا ئەۋەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بوسات 5 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، يۇقۇق شاد قېچىپ كەتتى، بوسات ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) غىچە قوغلاپ باردى، يوقۇق شادنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلار زور غەلىبىگە ئېرىشتى. سىرتاردۇشلار يەنە ئۇلارنىڭ تۆت شادى (تۈركلەرنىڭ تۆت چوڭ ھەربىي قوماندانى) نى مەغلۇپ قىلدى، ئېلىنىڭ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمىغاچقا، كۆچى ئاجىزلاپ، قوۋمىدىكىلىرى كەينى - كەينىدىن تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ئاپىتى يۈز بېرىپ، كەڭ دالىنى نەچچە گەز قار قاپلاپ كەتكەچكە قوي، كالىلار ئۆلۈپ، چارۋىچىلار كەڭ كۆلەمدە ئاچ قالدى. مىلادى 628 - يىلى (جېنگۈەننىڭ 2 - يىلى) قىشتا، تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەر ھەدەپ ئېلىكتىن يۈز ئۆرۈپ، سىرتاردۇشلارغا بەيئەت قىلىپ، بىرلىكتە سىرتاردۇشلارنىڭ ئېركىنى يانۇننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. يانۇن دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تۆۋەن كۆرۈپ قوبۇل قىلمىدى. تاڭ تەيزوڭ قوللاپ ئەلچى ئەۋەتىپ، يانۇنغا ئۇنچە بىلگە قاغان دېگەن ئوتتۇغات نامىنى بېرىپ مەدەت بەردى. يانۇن خۇش بولۇپ، ئوردىسىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) نىڭ تۆۋىنىدە قۇرۇپ، سىرتاردۇشلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئاتئېز، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بەيئەت قىلدى.①

تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەتنىڭ كەسكىن تەرەققىياتى، تۈرك ھۆكۈمرانلار

---

① «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقىسى، «كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 194 - جىلد بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 - جىلدىگە قارالڭ.

سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. دەسلەپتە ئېلىك قاغاننىڭ جىيەنى تولى قاغان ياۋجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرۇپ شەرقتە تۇرۇپ، تاتابى، ئەقدەشە قاتارلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرغانىدى. تاتابىلار بىلەن ئەقشىد قاتارلىق قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، ئېلىك ئۇنى قوۋمىلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى دەپ ئەيىپلىگەنىدى. كېيىن سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر يوقۇق شادنى مەغلۇپ قىلدى، ئېلىك تولىنى جازا يۇرۇشكە ئەۋەتكەندە، تولى يەنە مەغلۇپ بولۇپ ئاتلىق ئاران قېچىپ كېلەلىدى. ئېلىك قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئون كۈندىن ئارتۇق قاماپ قويۇپ، قامچا بىلەن ساۋىدى، تولى ئاداۋەت ساقلاپ ئېلىكتىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولدى. ئېلىكنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتقاچقا، نەچچە نۆۋەت تولىدىن ئەسكەر ئالماقچى بولغاندا تولى رەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىغا ھۇجۇم قىلغاچقا، تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق كېلىپ چىقتى. ئېلىك يەنە «غۇزلار (غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر) نى ۋەزىپىگە قويۇپ، قوۋمىدىكىلىرىدىن يىراقلاشقان»①لىقى ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. مىلادى 629 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى) كۈز 9- ئايدا، تۈركلەرنىڭ ئېركىنلىرىدىن توققۇز ئادەم 3 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. دېكابىردا تولى قاغانمۇ ئوردىغا بېرىپ بەيئەت قىلدى؛ يوقۇق شادمۇ قول ئاستىدىكى قوۋمىلىرىنى ئېلىپ بەيئەت قىلدى.②بۇنداق خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىشى تۈرك قۇلدار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى قاتتىق يىمىرىپ،

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى.
② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 997 ـ جىلدىغا قاراڭ.

ئۇنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

تۈرك ھۆكۈمرانلىرى يۇقىرىقىدەك ئىچكى - تاشقى ئەھۋاللار ئاستىدىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇشتىن بىر يولىلا چېكىنىش يولى ئىزدىمەكچى بولدى. مىلادى 628 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 2 - يىلى) ياز 4- ئايدا، تۈركلەر قوشۇن ئەۋەتىپ لياڭ شىدۇغا ياردەملىشىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. كۈز 9- ئايدا تۈركلەر چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئوردا ئەھلى پۇقرانى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سەددىچىنىنىڭ كونا ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىپ، قورۇلنى قوغداپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋەزىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى، تاڭ تەيزۇڭ «تۈرك دۆلىتىدە ئۈزۈلدۈرمەي ئاپەت يۈز بەرگەچكە، ئېلىنىك دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆز خەلقىگە تېخىمۇ زالىملىق قىلماقتا، شۇڭا قېرىنداشلىرى ئارا قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ، تۈرك خانلىقى يوقىلىش گىرداۋىدا تۇرماقتا. پېقىر بولسام قۇملۇقنى تازىلىماقچىمەن، بۇنداق ئەھۋالدا ئەمگەكچى پۇقرالارنىڭ سەددىچىنىنى رېمونت قىلىپ، قورۇلنى قوغدىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن!»① دەپ قارىغانىدى. ياندۇرقى يىلى قىش 11- ئايدا، تۈركلەر يەنە خېشى ئارىلىقىغا ھۇجۇم قىلدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قايتۇرما زەربە بېرىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرك قولدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بولغان سەۋرى - تاقىتى چېكىگە

① «كىتابلار جەۋھىرى» 125 - جىلد بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسى.

يەتكەندى، بۇنىڭ بىلەن ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدىغان ھەربىي ھەرىكەت باشلاندى.

مىلادى 629 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى) كۈز 8 ـ ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ ھەربىي ئىشلار دىۋان بېگى لى جىڭنى ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى، دەيجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى جاڭ گوڭجىننى مۇئاۋىن باشبۇغ قىلىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن بىر قانچە يولغا بۆلۈنۈپ، تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. تۈركلەر ئەينى ۋاقىتتا «ئېلىكنىڭ سىياسىتى تۈپەيلىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان» بولغاچقا، جەزمەن مەغلۇپ بولۇش گىرداۋىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۆزسىز مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى خۇددى جاڭ گوڭجىن تەھلىل قىلغاندەك ئىدى:

«بىرىنچىدىن، ئېلىك ھەدېسىلا زالىملىق قىلىپ سادىقەتمەن يېقىنلىرىنى قەتلى قىلغاچقا، ئۇرۇغ ـ تۇغقان، يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى؛ ئىككىنچىدىن، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈردى؛ ئۈچىنچىدىن، تولى، تابار، يوقۇق شادلارنىڭ ھەممىسىگە گۇناھ ئارتىلغاچقا ئېلىكنىڭ بارار يېرى قالمىدى؛ تۆتىنچىدىن، سەددىچىنىنىڭ شىمالىنىڭ مۇھىتى قۇرغاق، ئاشلىق كەمچىل؛ بەشىنچىدىن، ئېلىك جەمەتىدىكىلەردىن يىراقلىشىپ غۇزلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، غۇزلار ئۆزگىرىشچان بولۇپ، چوڭ قوشۇن يېتىپ بېرىش بىلەن ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنىدۇ؛ ئالتىنچىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن شىمالغا بارغانلار كۆپ ئىكەن، يېقىندا ئاڭلىشىمچە، ئۇلار بىر يەرگە توپلىنىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق تاغ ـ جىلغىلارنى ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ، چوڭ قوشۇن قورۇلدىن چىقىسىلا ئۇلار سۆزسىز ئاۋاز قوشىدۇ.»①

① «كونا تاڭنامە» 68 ـ جىلد «جاڭ گوڭجىننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193 ـ جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 3 ـ يىلى كۈز 8 ـ ئايدىكى ماددىسى.

شۇ سەۋەبلىك تۈركلەرنىڭ كۈچلىرى ئەڭ ئاخىرىدا بىر زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ئېلىك دىلى شياڭ قەلئەسى (ئىلگىرىكى بۇمىن قاغاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، هازىرقى سەنشىنىڭ داتوڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇرۇنقى خۇيرىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دە ئىدى. مىلادى 630 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى) باھار 1- ئايدا لى جىڭ 3 مىڭ خىل ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، مايىدىن يېرىم كېچىدە دىڭشياڭغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. ئېلىك ئۆزىچە لى جىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇيۇقسىز يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، «تاڭ سۇلالىسى پۈتۈن قوشۇنلىرىنى شىمالغا يۆتكىيەلمەيدۇ، لى جىڭمۇ يېگانە قوشۇن بىلەن بۇ جايدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ قارىدى. شۇڭا قوۋملىرى تۈنجى كۈنىلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغاچقا، قارارگاھىنى نائىلاج چوڭ قۇملۇقنىڭ ئېغىزىغا يۆتكىدى. لى جىڭ قايتا - قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى پارچىلىدى. ئېلىكنىڭ يېقىنى كاڭسۇمىي بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ سابىق خانىشى سۇ خانىش ۋە ياڭدىنىڭ نەۋرىسى ياڭ جىڭداۋ قاتارلىقلار لى جىڭنىڭ هۇزۇرىغا كېلىپ ئەل بولدى. شۇ ئايدا لى جىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرى بەيداۋ (هازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى، 2- ئايدا لى جىڭ ئېلىكنى چوغاي تېغى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغى داچىڭشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلاتتى) دە يەنە قايتا مەغلۇپ قىلدى، ئېلىك بىرقانچە ئون مىڭ قالدۇق قوۋمنى ئېلىپ تېمۇر تېغى (چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) قا قېچىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، دەشت سىيلاقنى تاڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ گۇناھىنى يۇيۇپ، قوۋملىرىنى ئېلىپ بەيئەت قىلىپ، ئۆزى ئوردىنى تاۋاپ قىلىش-

نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ياردەمگە كېلىد-
غان ئەسكەرلىرىنىڭ پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، كۈزدە ئوتلاقلار كۆ-
كىرىپ، ئات سەمىرىگەندە، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ بې-
رىپ، كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتى نىيەت قىلىش ئىدى.
لېكىن ئېلىكنىڭ بۇ پىلانى لى جىڭ تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى.
لى جىڭ جاڭ گوڭجىن ۋە لى جى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
«گەرچە ئېلىك مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالدۇق قوۋمىلى-
رى يەنىلا ئىنتايىن كۆپ، مۇبادا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ
بارىدىغان بولسا توققۇز ئوغۇزلارغا تايىنىۋالىدۇ، يوللىرى يىراق
ھەم خەتەرلىك بولغاچقا، ئۇنى قوغلاش قىيىنلىشىدۇ. ھېلىھەم
بولسىمۇ بىر تۈمەن ئاتلىق قوشۇن بىلەن 20 كۈنگە يەتكۈدەك
ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان
بولساق، ئۇرۇش قىلمايلا قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ»[1] دەپ قارى-
دى. بۇنىڭ بىلەن قوشۇنلارنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە چوغاي
تېغىغا يۈرۈش قىلىپ، تۈركلەرنىڭ مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق
ئادىمى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ،
قوشۇن بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلى-
رى قارارگاھقا يەتتە چاقىرىم قالغاندا، ئېلىك ئاندىن سەزدى،
ئېلىك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ چاپقۇر ئېتىغا مىنىپ ئاۋۋال
قېچىپ كەتكەچكە، قوۋمىلىرى پۈتۈنلەي تارمار بولدى. لى جىڭ
بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، 100 مىڭدىن
ئارتۇق ئەر - ئايالنى ئەسىرگە ئېلىپ، نەچچە ئون مىڭ مال-
چارۋىنى غەنىيمەت ئېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ يى چىڭ مەلىكى-
سىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى دېلۇشىنى تىرىك تۇتتى. ئېلىك
بىر تۈمەندىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمىنى ئېلىپ قۇملۇققا قاچماقچى

① «كونا تاڭنامە» 67 - جىلد «لى جىڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 193 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى باھار 4 - ئايدىكى ماددىسى.

بولغاندا، لى جىڭ ئالدىنئالا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىغا قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاچقا، ئېلىك قاچالمىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى قوۋملىرىنى ئېلىپ بەيئەت قىلدى، لى جىڭ بولسا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى ئېلىپ قايتتى. ئېلىك لىڭجو ئايمىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا تۇرۇشلۇق كىچىك قاغان سۇنىش (بۇمىن قاغاننىڭ ئانا بىر ئىنىسى) نىڭ يېنىغا قېچىپ باردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنى قوغلاپ بېرىپ، سۇنىشقا ئېلىكنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى. ئېلىك بىر قانچە ئاتلىق ئادىمى بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا قېچىپ چىقىپ، چىلغىغا يوشۇرۇنۇۋالغاندا، سۇنىش قوغلاپ بېرىپ قولغا چۈشۈردى. غەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ ماۋىن باشبۇغى جاڭ باۋشيالڭ قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئېلىكنى ئەسىر ئېلىپ پايتەختكە قايتتى (بۇ چاغ 3 - ئاي ئىدى). سۇنىشمۇ قوۋملىرىگە باشچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولدى. چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدىن چوڭ چۆللۈككىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. ياز 4- ئايدا ئېلىك چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىندى، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا سەن «كۆپ قېتىم بىز بىلەن ئەھد تۈزۈپ خىلاپلىق قىلدىڭ. غەربىي كۆچىڭ ئاشقاندا ئۇرۇشپەرەس بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىمىزنى دەسسەپ - چەيلەپ، ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى بۇلاپ - تالىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، يەمخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «تۇرمۇشتا كاپالەت بېرىپ ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ تۇردى.»①

(6) تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى

① «كونا تاڭنامە» 2 - جىلد «تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ ئالدىنقىسى، «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 985 - جىلدىغا قاراڭ.

ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشى
شەرقىي تۈركلەر مۇتەررز بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قالـ
دۇق قوۋملىرىنىڭ بەزىلىرى غەربىي يۇرتقا كەتتى، بەزىلىرى
سىرتاردۇشلارغا بەيئەت قىلدى، 100 مىڭغا يېقىن ئادەم بولسا
تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. تەخمىنەن شۇنىڭدىن كېيىنكى
50 يىل مابەينىدە، شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن
بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ
باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. تۈركلەربۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلـ
غان ئىدى. تۈرك يېزىقىدىكى «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ
بېشىدىلا «بىلگە تونيوقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۈم،
ئۇ چاغلاردا تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى» دېيىلگەن.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەيئەت قىلغان تۈرك خەلقىنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە، ئەينى چاغدا ئوردىدا بىر مەھەل
تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندى. بەزى ئوردا ۋەزىرلىرى تۈركلەر-
نىڭ مۇتەررز بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇلارنىڭ زېمىنـ
لىرىنى بۆلۈپ، قەبىلىلىرىنى پارچىلاپ، تەسىر كۆچىنى ئاجىز-
لاشتۇرغاندا، ئاسان رام قىلىپ كونترول قىلغىلى بولىدۇ» يەنى
ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ، قەبىلە تەشكىلىنى تارقىتىۋې-
تىپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەندە ئاندىن ئۇلار قايتا چېگرىـ
دىكى ئاپەت بولالمايدۇ دەپ تەشەببۇس قىلدى. يەنە بەزىلىرى
بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى خەنزۇلىشىشقا مەجبۇرلاپ،
«ئۇلارنى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى يەنجۇ ئايمىقى (ھازىرقى شەنـ
دۇڭ) بىلەن يۈجۇ ئايمىقى (خېنەننىڭ جوگيۈەن رايونى) ئارىـ
لىقىدىكى جايلارغا يۆتكەپ، قەبىلىلىرىنى بۆلۈپ، ئايماق، ناھىـ
يىلەرگە تارقاقلاشتۇرۇپ، تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگەتكەندە،
غۇز قاراقچىلىرىنى دېھقانغا ئايلاندۇرغىلى، سەددىچىننىڭ سىر-
تىدا تۈركلەرنى مەڭگۈگە يوقاتقىلى بولىدۇ» دەپ تەشەببۇس قىلـ
دى. لېكىن، ھۇدەيچى ۋېن يەنبو بولسا ئىككى خەن سۇلالىسى

تەسلىم بولغان ھۇنلارغا قاراتقان بۇرۇنقى تۈزۈمى بويىچە «تەسلىم بولغان ھۇنلارنى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغانغا ئوخشاش، بارلىق قەبىلىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆرپ - ئادەتلەرىنى ئۆزگەرتمەي شۇ پېتى يول قويۇپ، بوش يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن، دالدا قىلغىلى بولىدۇ»① دەپ تەشەببۇس قىلدى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۆزى بولسا «بەدئۆي دىلارمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ قەلب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، ھەر قانداق بىر ھۆكۈمراننىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۆز شەپقىتىنىڭ يۇقىرىلاغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىدۇر، قارشى تەرەپتىكىلەر ئوخشاشمىغان ئىرىق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىشەنمەسلىكى جەزمەن. مېھرى - مۇھەببەت ئادەملەرنىڭ قەلبىدە يېتىلىدۇ، ئۇنداقتا تۆت ئەتراپتىكى بەدئۆي دىلارمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆزگىرەلەيدۇ. ئەگەر دىر گۇمان ۋە ئىشەنچتىن خالىي بولمىسا، بىر قورساق قېرىنداشلارمۇ دۈشمەنلىشىشتىن خالىي بولمايدۇ»② دەپ قاراپ، بەيئەت قىلغان شەرقىي تۈركلەرگە قارىتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى خۇاڭخې دەرياسىدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇردى، ياۋجۇ ئايمىقىدىن لىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدىن نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان جايلار) غىچە بولغان جايلاردا شۇن، يۇ، خۇا، چاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماق تۇتۇق مەھكىمە (شۇنجۇ ئايمىقى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شۇنيى ناھىيەسى، يۇجۇ ئايمىقى ھازىرقى نىڭشيانىڭ چېگراسى ئىچىدە، خۇاڭجۇ ئايمىقى بىلەن چاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى گەن-

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «ئەللىي ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 193- جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4- يىلى ياز 4- ئايدىكى ماددىسى.

② «ئەللىي ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 197 - جىلد، جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى قىش 12- ئايدىكى ماددىسى

سۇنىڭ چىگىيالى ناھىيىسى ئەتراپىدا) تەسىس قىلدى. تاڭ سۇلا-لىسى ئەسلىدىكى ئىلىك قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار) نى ئالتە ئايماققا ئايرىپ، سول تەرەپكە دىڭشيالى تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى نىڭسۇ ناھىيە-سىدە، ھازىرقى شەنشىنىڭ جىڭبىيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شى-مالى) نى، ئوڭ تەرەپكە يۇنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى سۇ-فاڭ ناھىيىسىدە، ھازىرقى شەنشىنىڭ خېڭشىيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەيچېڭزى) نى تەسىس قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىدى، مەسى-لەن:

تولىنى شۇنجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ، ئۆز قەبىلىسى-نىڭ قوماندان ئەمەلدارى قىلدى؛

ئاشنا سىماۋنى ئوڭ قانات قوشۇن بېگى باش سانغۇنى، خۇاجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ، ئىلىكنىڭ بۇرۇنقى قوۋملىرى-غا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزدى، ئوزاق ئۆتمەي خۇەيخۇا ئىنانچىخانى دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى؛

ئاشنا سۇنىشنى شىمالىي نىڭجو ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ، خۇايدې ئىنانچىخانى دېگەن ئۇتۇغاتنى بەردى؛

ئوڭ قانات غەربىي ياساۋۇلخانا باش سانغۇنى شى دانەينى فېڭجۇ ئايماق تۇتۇقى قىلدى؛

ئەمىر نۆكەر شى شەنيىگنى شىمالدىكى ۋۇجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلدى؛

ئوڭ قانات باسقاق پەخرى سانغۇن كاڭ سۇنى شىمالدىكى ئەنجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلدى، ۋەھاكازالار.

ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن ھۆكۈمران-لىق يۈرگۈزدى. تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان تۈرك ئاقسۆ-ڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى سانغۇن، ئەمىر نۆكەر قاتارلىق يۇقىرى

دەرىجىلىك ئەمەلدارلىقىقا تەيىنلەندى، شۇڭا تۈركلەردىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنى ئوردىدا تەڭلەشتۈرگەندە، بەشىنچى دەرىجىلىك-تىن يۇقىرى «ئوردىنى تاۋاپ قىلالايدىغانلار» (ئوردىدىكى ھەر خىل مۇراسىملارغا قاتنىشىپ خان بىلەن كۆرۈشەلەيدىغانلار) دىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، سانى ئوردا ئەھلىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى، بېرىلىدىغان ئىمتىيازى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئىمتى-يازى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرگە قارىتا ئىمتىياز بېرىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، ئەينى ۋا-قىتتا چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەردىن 10 مىڭ تۈتۈنگە يېقىن ئادەم بار ئىدى.① ئىمتىياز بېرىش ئەھۋالى، خۇددى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى لى دالياڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئىدى:

«يېقىندا تۈركلەر دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئوردىغا بەيئەت قىلدى، ھەر بىر بەيئەت قىلغۇچىغا بەش توپ نەرسە - كېرەك، بىر ياقىلىقتىن تون ھەدىيە قىلىپ، قەبىلە ئاقساقاللى-رىغا چوڭ ئەمەل، يۇقىرى تەمىنات، كۆپ مىقداردا ئاشلىق بەردى». ②

بۇ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارىتىلغانىدى. ئادەتتىكى تۈرك چارۋىچىلىرىغا قارىتا، تاڭ سۇلالىسى ئوخشاشلا غەمخورلۇق ۋە مەلۇم ئىمتىيازنى بەرگەنىدى. تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەن-گەن:

«ئېلىك قاغان مەغلۇپ بولغاندا شىمالىي دەشتتىكى قەبىلە-لەر ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغانىدى. تاردۇش شاد، تابارشاد، نىشۇ تېگىن بىلەن يەتتە جەمەتنىڭ قەبىلىلىرى ئۇيغۇرغۇلدا تارقىلىپ

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى، «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم مۇججەتلەر» 9 - جىلد بىلەن «كونا تاڭنامە» 38 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» نىڭ بىرىنچىسىگە قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە» 62 - جىلد «لى دالياڭنىڭ تەرجىمىھالى».

يۆرگەندە، لى دالىياڭ غەربىي شىمالنىڭ دالالەتچى ئەلچىسى سۆيىتىدە ئۇلارنى يىغىپ دالالەت قىلدى. ئۇردا ئۇلارنىڭ سوغۇقتا ئاچ قالغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئادەم ئەۋەتىپ، چۆللۈكنىڭ ئىچىدە ئاشلىق ساقلاپ، ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى» .①

كېيىن خېشى ئارىلىقىدىكى ئايماقلار (گەن، لياڭ، گۇا، شا، سۇ قاتارلىق ئايماقلار) كاساتلىشىپ، نوپۇس بەكلا شالاڭلاپ كەتكەچكە، تۈركلەر بۇ جايدا تۇنجى بولۇپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن بۇيان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئورنى چۆللۈكنىڭ سىرتىدا، يېرى كۆپىنچە قۇملۇق بولغاچقا، ئۇزاققىچە قۇتقۇزۇش بېرىلسە، چىقىم بەكلا زور بولۇپ كېتەتتى، شۇڭا چېگرىدىكى پۇقرالارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپ، مەكتۇپ يوللاپ جىددىي ئىنكاس قىلىنغاچقا، قۇتقۇزۇش بېرىش ئاندىن توختىتىۋېتىلگەنىدى .②

تاڭ سۇلالىسى بەيئەت قىلغان تۈركلەرگە قارىتا مانا مۇشۇنداق ئېتىبار بەرگەنىدى، ھالبۇكى بەزى غەرب ئالىملىرى (تومسېنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى) جۇڭگو تارىخىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چۈشەنمەي، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ خاھىشىغا تايىنىپلا «دۆلىتىدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا كۆچكەن تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلى يۇرتلىرىغا قايتتى، قېپ قالغان قىسمىنىڭ ئەھۋالى بولسا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى»② دەيدىغان سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىشقانىدى، شۇڭا بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

بۇ مەزگىلدە شىمالدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلدى، ھەر قايسى

---

① ② «كونا تاڭنامە» 62- جىلد، «لى دالىياڭنىڭ تەرجىمىھالى».
② تومسېن يازغان «موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە»، سېن جوڭمىيەن تۈزگەن «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم قوشۇمچە 933 – بەتكە قاراڭ.

مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرى پايتەختكە بېرىپ، تاڭ تەيزوڭنى ھۆرمەتلەپ، «تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاڭ تەيزۇڭ غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا تارقاتقان يارلىقلىرىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «تەڭرى قاغان»① دەپ ئاتىغانىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يەنە تاڭ تەيزۇڭ يولغا قويغان ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىش تۈزۈمىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەنىڭ 10- يىلى (مىلادى 636 - يىلى) ئۆزىنىڭ قەبرىستانلىقىنى جاۋلىڭدا قۇرۇشقا باشلىغانىدى. قەبرىستانلىق قۇرۇلۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنى «خىزمەت كۆرسىتىپ ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن چارە بولۇشقان» ياكى «خانىنىڭ ئىشلىرىغا يار يۆلەك بولغان»لار ئۆلگەندىن كېيىن ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىنسا بولىدۇ (يەنى جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى باغچىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىناتتى) دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ فېئوداللىق دەۋردىكى ئىنتايىن زور بىر خىل شان - شەرەپ ئىدى. بۇنداق ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىش تۈزۈمى ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەرگىمۇ ماس كېلەتتى. شۇڭا، كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن تۆھپە ياراتقان تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن مەسىلەن، ئاشىنا شىر، ئاشىنا سادىق، چۇبە غالى، دەشت سىلاق، ئاشىنا سىماۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەندىن كېيىن جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى باغچىنىڭ ئىچىگە ھەمراھ قىلىنىپ دەپنە قىلىنغانىدى. بولۇپمۇ ئاشىنا شىر تاڭ تەيزۇڭنىڭ سىڭلىسى خېڭ ياڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغانلىقى ھەمدە جېنگۇەن يىللىرىدا كۆسەن بېگىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ ھەمراھ قىلىنىپ ياسالغان قەبرىسى كۆكتارت تېغىغا تەقلىد قىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تۆھپىلىـ

① «قانۇنلار قامۇسى» 200-جىلدقا قاراڭ.

رىگە مەدھىيە ئوقۇلغانىدى.① جاۋلىڭ قەبرىستانلىقى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لى چۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئۇنىڭدا ھەمراھ قىلىنىپ ياسالغان قەبرىلەردىن جەمئىي 162 سى بار.

شەرقىي تۈركلەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى (خېتاۋنىڭ جەنۇبى) دىكى رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇرۇنقىدەك كۆچمەنلىك تۇرمۇش كەچۈردى. تۇرمۇشى خاتىرجەم بولغانلىقتىن ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى گۈللىنىپ، نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن قاتلاملىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىنچ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. تاكى مىلادى 639 - يىلى (جېنگۈەننىڭ 13 - يىلى) يازغا كەلگەندە، تولىنىڭ ئىنىسى كورشاد (ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر نۆۋكىرى بولغان) بىلەن تولىنىڭ ئوغلى قاباغۇرنىڭ باشچىلىقىدا، بۇرۇنقى قەبىلىسىدىكى 40 تىن ئارتۇق ئادەم بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تاڭ تەيزۇڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئاتلىق شىمالدا دەريادىن ئۆتۈپ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ توپلىشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەردى، تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدا تۇرغۇزۇشنى، ئۇلار بىلەن پايتەختنىڭ ئارىلىقىنىڭ بەكلا يېقىن بولۇشىنى كۆپلەپ پايدىسىز دەپ ھېس قىلدى. كۈز 7- ئايدا تاڭ تەيزۇڭ ئوڭ قانات قوشۇن بېگى باش سانغۇن، خۇاجۇ ئايماق تۇتۇقى، خۇەيخۇا ئىنانچىخانى لى سىماۋ (يەنى ئاشنا سىماۋ، لى فامىلىسى ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن) نى نىشۇ ئېل بىلگە قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، دۇمباق ۋە توغ ھەدىيە

① «كونا تاڭنامە» 109 - جىلد «ئاشنا شېرنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق خاتىرىلەرگە قاراڭ.

قىلىپ، خوۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى ئايماقلاردىكى بارلىق تۈركلەرنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ، بۇرۇنقى جايلىرى (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى بۇرۇنقى جايلىرى) غا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلاد مۇداپىئەدە تۇرۇپ، قورۇلنى قوغداشنى بۇيرىدى. لېكىن بۇ مەزگىلدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ھاكىمىيەت قۇرغان سىرتاردۇشلار كۈچلۈك بولغاچقا، تۈركلەر ئۇلاردىن قورقۇپ سەددىچىندىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ تەيزۇڭ سىرتاردۇشلارنىڭ ئۇنچە بىلگە قاغانى (يانۇن) غا بارلىق ئەۋەتىپ، تۈركلەر بىلەن دائىرە بۆلۈشۈپ ئۆزىنى قوغداپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىقنى بۇيرىدى. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئېلىك مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلىپ خان يولىنى تاللاپ توغرا يولدا ماڭدى، مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كېيىنكى سەممىيەتلىكى ئۈچۈن ئىنئام بەردىم؛ ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدىم، قەبىلىلىرىگە بولسا ئۆزۈمنىڭ پۇقرالىرىغا ئوخشاش قارىدىم. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر ئەزەلدىن قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ، باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى يوقۇتۇۋەتمىگەن، تۈرك دۆلىتىنى ئىشغال قىلىشىمىز بولسا، پەقەت ئېلىك بىر ئادەمنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا زۇلۇم سالغانلىقىدىن بولغان. مەن ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىشنى، خەلقىنىڭ مال- ۋارانلىرىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلىمەيمەن. مەن ئۇلارغا قايتا يېڭى قاغان تىكلەپ بېرىشنى ئويلاپ، بەيئەت قىلغان خەلقلەرنى خوۋاڭخېنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىق قىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىقىغا قويدۇم. ھازىر بۇ يەردىكى ئاھالىلەر كۆپەيگەچكە، مەن بۇنىڭدىن بەكلا شادلاندىم. دەرۋەقە ئۇلارغا يېڭى قاغان تىكلەپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىكەنمەن، ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەك. كۆز ئارىلىقىدا تۈركلەرنى خوۋاڭخېدىن

ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچە-
مەن. ھالبۇكى، سىرتاردۇشلار بالدۇر ئوتتوغات ئالغان، تۈركلەر
بولسا كېيىن ئوتتوغات ئالغان؛ بالدۇر ئالغىنى چوڭ دۆلەت،
كېيىن ئالغىنى كىچىك دۆلەت بولىدۇ. سېنىڭ زېمىنىڭ چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدا، تۈركلەرنىڭ زېمىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا،
ھەر قايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ زېمىنىنى ساقلاپ، ئۆز قەبىلەڭلەر-
دىكى خەلقىڭلارنى قوغداڭلار، مۇبادا ئۆز تەۋەلىكىڭلاردىن ھال-
قىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان بولساڭلار، مەن چوقۇم قوشۇن
يۆتكەپ، ھەرقايسىڭلارنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتە قىلىمەن».①

سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى يارلىقنى قوبۇل قىلغانىدى. بۇ-
نىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئەمىر - پەرما-
نىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يارلىقتىن
يەنە تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي سىياسىتىنىمۇ
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك لى سىماۋ قوۋملىرىنى ئېلىپ
خۇاڭخېنىڭ شىمالى (خېتاۋنىڭ شىمالى) دا قارارگاھىنى تىك-
لەشكە ماڭغاندا، تاڭ تەيزۇڭ شەخسەن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويىدى. لى سىماۋ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ،
كۆزىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ، خانغا ھۆرمەت شارابى
تۇتۇپ، مۇنداق دېگەنىدى:

«بىز ھالاك بولغان ئەل بولغاچقا، ئەسلى كۈل - توزاڭدەك
يوقۇلۇپ كەتسەك بولاتتى، بەختكە يارىشا خان ئالىيلىرى بىزنىڭ
تۆگۈنلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، قايتا قاغانلىق ئوتتوغاتنى بەر-
دىلە، مەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە خان ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ

① «كونا تاڭنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 195 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇەن 13 - يىلى، كۈز 7-ئايدىكى ماددىسى.

ئىشلىرى ئۇچۇن ھەمدەمدە بولۇشنى خالايمەن». ①

تاڭ تەيزۇڭ شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى جاۋجۇن ۋىلايىتىنىڭ ئىنانچىخانى شياۋتۇڭنى خان يارلىقىنى ئېلىپ، لى سىماۋنىڭ قەبىلىلىرى ئارىسىغا ئەۋەتىپ، يارلىقنى دەريانىڭ بويىغا ئورناتتى؛ ھەمدە يەنە سول قانات ياساۋۇللار سانغۇنى ئاشنا سادىق (سۇنشىنىڭ ئوغلى) نى سول قول بىلىكخان، سول قانات ھەربىي ياساۋۇلخانا سانغۇنى ئاشنانشۇنى ئولۇڭ قول بىلىكخان② قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى.

مىلادى 641 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 15 ـ يىلى) باھار 1ـ ئايدا ئىل بىلگە قاغان (لى سىماۋ) قوۋملىرىنى ئېلىپ خۋاڭخېدىن ئۆتۈپ، قارارگاھىنى دىڭشياڭ قەلئەسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېلىنگىر ناھىيىسى) دە قۇردى، ئۇنىڭ 100 مىڭدىن ئوشۇق قوۋمى، 40 مىڭ ئەسكەرلىككە ياراملىق ئادىمى، 90 مىڭ تۇياق ئېتى بار ئىدى. قىش 11ـ ئايدا سىرتاردۇشلارنىڭ ئۇنچە بىلگە قاغانى تاڭ تەيزۇڭنىڭ شەرققە ـ تەيشەن تېغىغا كۆچە كۆيدۇرگىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلەر بوشىشىپ، چېگرا بوش قالدى دەپ، بۇنى ئاشنا سىماۋغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دېدى. ھەمدە ئوغلى تاردۇش شادنى توڭرا، بارغۇت، ئۇيغۇر، موغال قاتارلىقلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 200 مىڭ قوشۇن بولۇپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، بەيداۋچۇەندە تۇرۇپ، شەنياڭ چوققىسىنى ئىگىلەپ، تۈركلەرگە زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئىل بىلگە قاغان تاقابىل تۇرالماي، قەبىلىلىرىنى ئېلىپ سەددىچىننىڭ ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ،

---

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «دۆلەت ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 195 ـ جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 13 ـ يىلى ماددىسى.

② ئولۇڭ، سول قول بىلىكخان ئىسلى مونلارنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، تۈركلەردە يوق ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇ ئەمەلنى لى سىماۋنىڭ ئولۇڭ ـ سول ياردەمچىسى بولۇش مەنىسىدە، نىشو قاتارلىق ئىككىيلەنگە بەرگەنىدى.

سۇجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ شۇشيەن ناھىيىسى) نى ساقـ
لاپ ئەلچى ئەۋەتىپ، جىددىي خەۋەر يەتكۈزدى. تاڭ تەيزوڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق زور قوشۇننى بىرقانچە يولغا بۆلۈپ ياردەمگە ئەۋەتتى، لەشكىرى پىرقە دىۋان بېگى لى جى سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنلىرىنى نوجېن دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى توكتو ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بويىدا مەغلۇپ قىلدى. تاڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، 3 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەنـ
نىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. تاردۇش شاد جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوۋملىرىمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ بارغاندا زور جۇدۇنغا ئۇچراپ، ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلىرىنىڭ ئوندىن سەككىز ـ توققۇزى قىرىلىپ كەتتى.①شۇنىڭدىن كېيىن سىرتاردۇشلار تۈركلەرگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇردى.

ئېل بىلگە قوۋملىرىنى دالالەت قىلالمىغاچقا، قوۋملىرى ئۇنىڭغا قايىل بولماي، مىلادى 644 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 18ـ
يىلى) قىشتا ئېل بىلگىدىن يۈتۈنلەي ئايرىلىپ، شىڭجۇ بىلەن شياجودىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنىڭ ئارىلىقىدا (ھازىرقى ئىچـ
كىي موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىي شەنشىدىكى خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى جايلار) ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ تەيزوڭ بۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئېل بىلگە قوۋملىرىـ
دىن ئايرىلىپ، تەنھا ئۆزى ئاتلىق ئوردىغا قايتتى، تاڭ تەيزوڭ ئۇنى ئاۋۋالقىدەكلا ئوڭ قانات ھەربىي ياساۋۇلخانا سانغۇنى② قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن (مىلادى 649 ـ يىلى جېنگۇەننىڭ 23 ـ يىلى قىش 10ـ ئايدا) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئاLدىنقىسى، «تېبلىلار ھەققىدە قىسسە»، «تەيزوڭ ھەققىدە خاتىرە»، «تەيىياڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» 904 ـ جىلد بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» 985 ـ جىلدقا قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

ئارىسىدا يۈنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق شىلى قاتارلىق بەش ئايماق، دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق سۇنوڭ قاتارلىق ئالتە ئايماق تەسىس قىلىندى.①

دەسلەپتە تۈركلەرنىڭ باشقا قەبىلىسىدىن بولغان ئاقسۆڭەك چۇبە كىچىك قاغان بولغانىدى، ئېلىك ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن (مىلادى 630 ـ يىلى، جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى)، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىدىن بولغان يۇفېڭ چوڭ قاغان بولغانىدى. بۇ مەزگىلدە سىرتاردۇشلار كۈچلۈك بولغاچقا، چۇبە قوۋملىرىنى باشلاپ ئۇلارغا بەيئەت قىلغانىدى. سىرتاردۇشلار ئۇنىڭ باتۇر، تەدبىرلىكىنى كۆرۈپ، كېيىنكى ئاپەتكە ئايلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، چۇبە قېچىپ كېتىپ، ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ شىمالىغا بېرىپ، ئۆزىنى ئېل چور چۇبە قاغان دەپ جاكارلىدى، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرى پەيدىنپەي ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى، بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدە ئۇ ئەسكەرلىككە ياراملىق 30 مىڭ ئادەمگە ئىگە بولدى. سىرتاردۇشلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغان (مىلادى 646 ـ يىلى، جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى) دا، چۇبەنىڭ كۈچى تېز ئاشتى. جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى قىش 11 ـ ئايدا، ئوغلى ئىشپارا تېگىننى تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزىمۇ ئوردىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەندە، چۇبە زېمىنىدىن چىققىلى ئۇنىمىدى. چۇبەنىڭ قول ئاستىدىكى باسمىل قەبىلىسىنىڭ تۇدۇنى بويلا چور تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ زېمىنىدا شىنلى ئايمىقىنى

① «يېڭى تاڭنامە» 43 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 73 ـ جىلدىقا ئاساسلانغاندا، يۈنجوڭغا قاراشلىق بەش ئايماق شىلى ئايمىقى، ئاشنا ئايمىقى، جوجو ئايمىقى، سىبۇ ئايمىقى، بەيدىڭجو ئايمىقى ئىدى؛ دىڭشياڭغا قاراشلىق ئالتە ئايماق سۇنوڭجو ئايمىقى، ئادىجو ئايمىقى، جىشىجو ئايمىقى، بايەنجو ئايمىقى بولۇپ، قالغان ئىككى ئايماق خاتىرىلەنمىگەن.

تەسىس قىلدى. مىلادى 650 ـ يىلى (گاۋزۇڭنىڭ يوڭۋېي تۇنجى يىلى) ياز 6- ئايدا گاۋكاننىڭ باشچىلىقىدىكى خىللانغان ئاتلىق قوشۇنلار چۇبەنى قوغلاپ ئالتۇن تاغقىچە بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ قايتتى، قوۋملىرى بولسا تەسلىم بولدى. كۈز 9- ئايدا، چۇبە پايتەختكە يالاپ ئېلىپ بېرىلدى، گاۋزۇڭ ئۇنى قويۇۋېتىپ، سول قول ھەربىي ياساۋۇلخانا سانغۇنى قىلىپ، ئۇنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى ئۆتۈكەن تېغىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار بۆرى تېغى تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئاخىر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. تاڭ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئايرىم - ئايرىم تەڭرىقۇت ۋە دەشت ماكاندىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بۆرى، يۇنجوڭ، ساڭگەندىن ئىبارەت ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن سۇنوڭ قاتارلىق 24 ئايماقنى، دەشتى ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەشتى ماكان، جىنۋېي، شىنلى قاتارلىق يەتتە تۇتۇق مەھكىمە بىلەن شەنيۈ قاتارلىق سەككىز ئايماقنى باشقۇردى. ھەرقايسى جايلارغا تۈركلەرنىڭ قەبىلە ئاقساللىرى تۇتۇق ۋە ئايماق باشلىقى بولدى. چۆللۈكنىڭ شىمالى تولۇق تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە، شىمالدىكى چېگرادا ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى.

# بەشىنچى باب كېيىنكى تۈركلەر

## (1) تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى ۋە كېيىنكى تۈرك ئەپرىقچى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە قاراتقان سىياسىتى، بىر تەرەپتىن تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە ئەمەل بېرىپ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتاتتى ھەمدە تۈرك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا سېلىشتا پايدىلىنىشنىڭ قورالى قىلاتتى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورېيىگە، كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلىشىدا، شىمالدا سىرتاردۇشلارغا زەربە بېرىپ، جەنۇبتا تۈبۈتلەرگە تاقابىل تۇرۇشىدا، شۇنىڭدەك شەرقتە كورېيىگە ھۇجۇم قىلىپ، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە، تۈرك ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن سانغۇنلىرى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ قاتناشتۇرۇلغانىدى. بۇ خىل ئېغىر ھەربىي مەجبۇرىيەت يۈكىگە باشقا سەۋەبلەرنىڭ قوشۇلۇشى، كەڭ تۈرك خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغانىدى.

مىلادى 679 ـ يىلى (گاۋزۇڭنىڭ دياۋلو تۈنجى يىلى) قىش 10ـ ئايدا، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى تۈركلەردىن بولغان ئاشىدېنبو بىلەن فېڭ جىدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاشىنا نىشۇ بەگنى قاغان قىلىپ تىكلىدى، سۇنۇڭ قاتارلىق 24 ئايماقنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى ئاۋاز قوشۇپ، نەچچە ئون مىڭ قوۋمگە باشچىلىق قىلىپ دىڭجۇ (ئورنى ھازىرقى خېبېينىڭ دىڭشيەن ناھىيىسى)، يۈنجۇ (ئورنى

ھازىرقى سەنشىنىڭ داتوڭ شەھىرى) ، يۈەنجۇ (ئورنى ھازىرقى
نىڭشيانىڭ گۇيۈەن ناھىيىسى) ، جىڭجۇ (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ-
نىڭ چىڭياڭ ناھىيىسى) ئايماقلىرىغا ئارقا- ئارقىدىن ھۇجۇم
قىلدى ھەمدە قىتان، تاتابىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىڭجۇ
ئايمىقى (ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭدىكى چاۋياڭ ناھىيىسى) نى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. گاۋزۇڭ ئاۋۋال تەگرىقۇت قورۇقچى بەگ
مەھكىمىسىنىڭ دورغاپى سۇسىيى قاتارلىقلارنى جازا يۈرۈش قى-
لىشقا ئەۋەتكەندە، تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، سان -
ساناقسىز ئادەم ئۆلدى. گاۋزۇڭ قايتا يەنە فېي شىڭجيەننى تەك-
شۈرگۈچى ئوڭ قانات ياساۋۇلخانا سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ،
300 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشكە ئەۋەتتى.
مىلادى 680 - يىلى (يۇڭلوڭنىڭ تۇنجى يىلى) ئەتىياز مارتتا،
فېي شىڭجيەن تۈركلەرنى قارا تاغ (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ھازىر-
قى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۇلان خۇشۇننىڭ شىمالىدىكى قىرغىقى-
دا) دا مەغلۇپ قىلىپ، فۇڭ جىنى ئەسىرگە ئالدى، قاغان نىشۇ
بەگ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قوۋملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-
دى.

مىلادى 681 - يىلى (كەيياۋنىڭ تۇنجى يىلى) ئەتىياز 1-
ئايدا، تۈركلەردىن بولغان ئاشنا ئىنان (ئىلىك قاغاننىڭ ئاكى-
سى) ئۆزىنى قايتا قاغان دەپ جاكارلاپ، ئاشىدۋېنبو بىلەن
بىرلىكتە ھۇجۇم قوزغاپ، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن سەددىچىننىڭ
شىمالىدا ئۇرۇش قىلىپ، خېڭشۈي دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى
موڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا سۇنىڭ ئەت-
راپى) بويىدا تاڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، فېي شىڭجيەن
قوشۇنلىرى بىلەن دەيجۇ ئايمىقىدىكى جىڭگودا تۇرۇۋاتقان مەز-
گىلدە، كۆپ قېتىم ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۇسۇلىنى قول-
لاندى، بۇنىڭ بىلەن ئاشنا ئىنان بىلەن ئاشىدۋېنبولار بىر -

بىردىن گۇمان قىلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي (كۈز 7- ئايدا) ئاشىنا ئىنان ئاشىدۋېنبونى تۇتۇپ، فېي شىڭجيەنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئۆزىمۇ بەيئەت قىلدى.①

تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا قارشى بۇ قېتىمقى كۈرىشى، تۈرك خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىق باشلىنىش بىلەنلا، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا، قارشىلىق ئەڭ ئاخىرىدا باستۇرۇۋېتىلدى، ئەمما سىياسىي قارا نىيەتكە ئىگە ئايرىم تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى نىيىتىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى. بىر يىلدىن كېيىن (مىلادى 682- يىلى، يوڭخېڭنىڭ تۇنجى يىلى) ئاشىنا قۇتلۇق كەڭ تۈرك خەلق ئاممىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كەيپىياتى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا بولغان غەزەپ كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى بىر تۈرك ھاكىمىيىتى (كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىرىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان، بىر بۆلگۈنچى تەپرىقچى ھاكىمىيەت ئىدى.

ئاشىنا قۇتلۇق شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانىنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، تۇدۇنلۇق نەسەبىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، شەرقىي تۈركلەر جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن، يۈنجۇڭ تۇتۇق مەھكىمىسىدىكى سارا يۇنىڭ قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى بولغانىدى. مىلادى 682- يىلى يۈنجوڭ مەھكىمىسىدىن قېچىپ چىقىپ، يەتتە يۈز

① «كونا تاڭنامە» 5 - جىلد «گاۋزوڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى، 48 - جىلدتىكى «فېي شىڭجيەنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

ئادەم بىلەن بىرلىشىپ، قارا قۇم شەھىرى (ھازىرقى ئىچكى
موڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھىرىنىڭ شىمالىدا) نى ئىشغال قىلى-
دى، تارقىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى يىغىپ، بەش مىڭ ئادەم
بولۇپ توپلىنىپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلا-
پ، كۆچمنى پەيدىنپەي زورايتتى، ئۆزىنى ئىلتىرىش قاغان دەپ
جاكارلىدى، كېيىن تۈرك قوۋملىرىدىن بەيئەت قىلغانلارنىڭ
سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى.① شەرق ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىش
ئارقىلىق (شەرقتە قىتانلارغا، شىمالدا توققۇز ئوغۇزلارغا يۈ-
رۈش قىلغان)، زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چۆللۈكنىڭ
شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى ئىشغال قىلىپ، قارار گاھىنى بۇ
تاغقا قۇردى، ھەمدە قارا قۇم شەھىرىنى جەنۇبىي ئوردا قىلىپ،
ئىنىسى تولىس شاد بەگچور (قاپاغان) نى، شۇ يەرگە مۇداپىيەگە
ئورۇنلاشتۇردى.

تۈركلەر دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن بۇيان،
تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى-
نى قوبۇل قىلغاچقا، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشاش بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنىدى. قۇت-
لۇقنىڭ ئۆزى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى بولۇپ،
تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ۋەزىپىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەت-
كەنىدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى قايتا قۇرۇش پائالىيىتى بولسا،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر خىل بۆلگۈنچى-
لىك ھەرىكەت ئىدى، بۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يېڭىۋاشتىن ئايرىپ، مەركەزدىن ئايرىل-
غان ھالەتنى پەيدا قىلىپ، تۈركلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسى-

① «كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

ۋەتەننى قايتا دۈشمەنلەرنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ئۆز ئارا تەڭشىلىشى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي قوشۇلۇشقا نىسبەتەن پۈتۈنلەي پايدىسىز ئىدى. بۇ تارىخنىڭ بىر خىل چېكىنىشى ئىدى.

مىلادى 691 ـ يىلى (ۋۇزېتيەننىڭ تيەنشۇ 2 ـ يىلى) قۇتلۇق ئۆلۈپ، ئورنىغا بەگچۇر تەختكە چىقتى. بەگچور قاغان بولغان مەزگىلدە، 400 مىڭ قوشۇننى ئىلكىدە تۇتۇپ، قوشنا مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى ھەمدە غەربىي يۈرتقا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىلگىرى غەربىي تۈركلەرگە بېقىندى قىلىنغانلارنىمۇ بويسۇندۇردى. شەرق تەرەپتىكى «قىتان، تاتابىلار، شېنگوڭ يىلىدىن كېيىن دائىم تۈركلەرنىڭ جازا يۈرۈش قىلىشىغا ئۇچراپ تۇردى».[1] بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ، تەسىر كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى، تارىخنامىلەردە ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە «قوشۇنلىرىنىڭ سانى ئىلگىرىكىلىك قوشۇنلىرى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولسىمۇ، زېمىنى توغرىسىغا ئون مىڭ چاقىرىم كېڭەيگەنىدى، ۋاسسالاردىن ئۇنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىمايدىغان بىرەرسىمۇ يوق ئىدى».[2] بەگچۇر تۈركلەرنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە، قاغان ئوردىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان رايونلاردىن سىرت، ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى ئوڭ ۋە سول شاد دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، ھەر قايسى قىسىمغا بىردىن تۆلىس ۋە تاردۇش شادنى ئەۋەتىپ، ھەر قايسىسى 20 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆز شادىنى قوغداپ، ھۆكۈمرانلىق

---

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد «تۈركلەر».

② «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.

يۈرگۈزگەن. بەگچور يەنە ئوغلىنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، ئىككى شادنىڭ ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۇمۇكۇن قاتارلىق ئون قەبىلىنى باشقۇرغۇزۇپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇزۇپ، نامىنى تابارىش قاغان (چۇمۇكۇن قاتارلىق ئون قەبىلە غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغاچقا، بۇرۇنقى نامى تابارىش ئىدى) دەپ ئاتىدى.[①]

كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز قوۋمىدىكىلىرىگە، بولۇپمۇ باشقا مىللەتلەرگە قارىتا قاقتى - سوقتى ۋە بولاڭچىلىق ئېلىپ بارغاچقا، زور مىقداردا بايلىق توپلىغانىدى. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دە كۆل تېگىننىڭ 4 مىڭ ئارغىماق ئېتى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ھەم باشقا مال - مۈلۈكىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىمۇ ئۇنىڭمۇ كۆپلىگەن ئارغىماق، ئالتۇن - كۈمۈش، قاپلان ۋە تىيىنىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. ھالبۇكى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا بولسا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، تونيۇقۇق باشچىلىقىدىكى قوشۇن تۆمۈر قاپقا ئەتراپىنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا، «ئۇلار سانسىزلىغان ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز - ئاياللارنى ۋە ئېسىل ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى.

بۇ مەزگىلدىكى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا، چارۋىچىلىق يەنىلا ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماق ئىدى، لېكىن تۈرك خەلقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن 50 يىل مابەينىدە، خەنزۇلار بىلەن قوشنا ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخ-

① «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.

نىكىسىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىگە ئۇچراپ، تۈرك جەمئىيىتىـ
نىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىقمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي
قىلغانىدى، شۇڭا بەگچۇر قاغان مىلادى 697ـ يىلى (شېنگوڭـ
نىڭ تۇنجى يىلى) تاڭ سۇلالىسىدىن ئالتە ئايماقتىكى «ئەل
بولغان تۇتۇنلەر»[①]نى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە
كىمخاپ، تۆمۈر قوراللارنى ھەدىيە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىـ
غاندا ئاشلىقنىڭ ئۆزىدىنلا 10 مىڭ پاتمان ھەم دېھقانچىلىق
قوراللىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. باھار مارتتا ۋۇزېتيەن
فېڭ، شېڭ، شيا، لىڭ، سۇدەيجۇدىن ئىبارەت ئالتە ئايماق
(ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خېتاۋ بىلەن شىمالىي شەنشى،
نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى ۋە سەنشىنىڭ شىمالىدىكى جايلار)
دا تۈركلەرنىڭ «ئەل بولغان تۇتۇنلىرى»دىن نەچچە مىڭ ئۆيلۈك
ئادەم بىلەن ئاشلىقتىن 100 مىڭ پاتمان، ئارىلاشما يىپەكتىن
50 مىڭ توپ، 3 مىڭ دانە دېھقانچىلىق قورالى، نەچچە ئون
مىڭ جىڭ تۆمۈرنى تۈركلەرگە بەردى. بۇ كېيىنكى تۈرك ھاكىـ
مىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچـ
نىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن، ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول
ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەددىيلىرى، خۇددى ۋەزىر لى
چياۋ ئېيتقاندەك «قاراقچىلارنى ھەربىي ياراقلار بىلەن تەمىنلەپ،
ئوغرىلارغا ئاشلىق بەرگەن» دەك ئىش ئىدى. ۋۇزېتيەن بۇنىڭغا
ئەسلىدىلا ماقۇل بولماسلىقنى ئويلىغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا بەزى
ئوردا ۋەزىرلىرى بۇنى بەگچۇر بىلەن قۇدىلىشىشنىڭ ۋاسىتىسى
قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاقىۋەتتە تۈركلەرگە ئەلچىـ
لىككە ئەۋەتكەندە تۇتۇپ قىلىنغان ۋەزىر تيەن گۇيداۋنى قايتۇرۇـ

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد «تۈركلەر» دە «شيەنخېڭ يىللىرى (مىلادى 670ـ، 673ـ يىللار) نىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۈركلەردىن بەيئەت قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى فېڭ، شېڭ، لىڭ، شيا، سۇ، دەيجۇ قاتارلىق ئالتە ئايماققا ئورۇنلاشقان بولغاچقا، ئۇلار ئەل بولغان تۇتۇنلەر دەپ ئاتالغان. بەگچۇر كېيىن يەنە ئۇلارنى قايتۇرۇۋالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ۋېلىشقا ئېرىشىپ، بەگچورنىڭ داۋاملىق تالڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق رايونلارغا قاراتقان ھۇجۇمىنى يوقىتىشىنىڭ دالدىسىغىمۇ يارىمىدى. ①

(2) كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى

كېيىنكى تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى يەنىلا قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ئىدى، قۇتلۇق قۇرۇپ چىققان كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىمۇ ئوخشاشلا بىر قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت ئىدى. شۇڭا قۇتلۇق سۇجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ سۇشىيەن ناھىيىسى ئەتراپى) غا ھۇجۇم قىلغاندا كۆپلىگەن ئادەم ۋە ئەمەلدارلارنى بۇلاپ كەتتى. بەگچۇر قاغانمۇ جاۋجۇ بىلەن دىڭجو ئايمىقى (ھازىرقى خېبېينىڭ نىڭجىن ناھىيىسى بىلەن دىڭشيەن ناھىيىسى ئەتراپى) غا بېسىپ كىرىپ، 80-90 مىڭ ئاھالە بىلەن ۋۇخۇيداۋغا بېسىپ كىرگەندە يەنە ئادەم، چارۋا ۋە ئاياللار بىلەن باللارنى پۈتۈنلەي بۇلاپ كەتكەنىدى. بەگچۇر قىتانلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قىتانلارنىڭ ئاھالىلىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىر ئالغانىدى. بەگچورنىڭ باش سانغۇنى تونيوقۇق باسمىللارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەر - ئاياللىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىر ئالغانىدى. ② بىلگە قاغان تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئاياللار بىلەن باللارنى بۇلاپ كەتكەنىدى. ③ بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ يەنىلا قۇلدارلىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭا تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۇرۇش جەريانىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئۈزلۈكسىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قۇل قىلغانىدى. «پۈتۈنلەي ئەسىر ئالغان» ، «پۈتۈنلەي قۇل قىلغان» ، «كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان» ، بىر قېتىمدىلا 80- 90

① «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «كونا تاڭنامە» 185- جىلدىتىكى «تيەن گۈيداۋنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

② كونا - يېڭى «تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى بىلەن «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر» گە قاراڭ.

③ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» گە قاراڭ.

مىلق ئاھالىسىنى بۇلاپ كەتكەن دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىلگە قاغاننىڭ تالاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى يۈەن جىنگە ئېيتقان «قىتانلار بىلەن تاتابىلار ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ قـۇللىرى ئىدى»[1] دېگەن سۆزىدىن قارىغاندا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان ھەر مىللەت ئاھالىلەرنىڭ سانىنىڭ ئاز ئەمەسلا بولۇپلا قالماي، بەلكى بويسۇندۇرۇلغان قوۋم ۋە قەبىلىلەرنىڭ ھەتتا پۈتۈن جەمەتى ياكى قەبىلىسى بويىچە، تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بويسۇندۇرۇلغان قوۋم ياكى قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرسە، ئۇلارنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي قۇللارغا ئايلاندۇرۇلاتتى. مەسىلەن، بىلگە قاغان باسارقانلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن خەلقىنى بىر ياقلىق قىلغاندا، مۇشۇنداق قىلغانىدى. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«(ئۇ ئەسلىدە) بارس بەگ ئىدى، بىز ئۇنىڭغا قاغان دېگەن نامنى بەردۇق ھەمدە مەلىكە سىڭلىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدۇق، ئۆزى خاتالاشتى، قاغانى ئۆلدى، خەلقى دېدەك قۇلغا ئايلاندى.»

ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ئاھالىلەرنى تۈركلەرنىڭ ئۆز زېمىنىگە ئېلىپ كېتىپ قۇل قىلغاندىن سىرت، شۇجايلاردا قالدۇرۇپ كەتكەن ياكى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىلگەن سانغۇنلارمۇ يەرلىك خەلقلەرنى قۇل قىلىپ، ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتقانىدى. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دە خاتىرىلىنىشىچە شەرقتە قادىرقان تېغىغا ياكى غەربتە كانگىسىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان تۈرك كۆچمەنلىرى بولسۇن، يەرلىك خەلقلەر ئۇلارغا نىسبەتەن «قۇللار

[1] «قانۇنلار قامۇسى» 198 - جىلد «تۈركلەر».

قۇللۇق بولدى. دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى. ئىنىسى ئاكىسىنى
تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس ئىدى. بىز تىرىشىپ قۇر-
غان دۆلەتنىڭ قانۇنىي تۈزۈمى ئەنە شۇنداق» دېگەندەك ئىدى.
بۇمۇ كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئى-
يەتنىڭ يەنىلا بىر قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت بولۇپ قال-
ماي، بەلكى ئۇنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرىنىڭمۇ قۇلدارلىق تۈ-
زۈمىدىكى ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ماچاڭشۇ ئەپەندى ئۇ ئۆزى يازغان «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلى-
قى»[1]ناملىق ئەسىرى بىلەن «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ
جەمئىيەت ئۆزگۈرۈشى»[2]ناملىق ماقالىسىدە، كېيىنكى تۈرك-
لەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى فېئوداللىق تۈزۈم ئىدى، دەپ
قارىغانىدى. ماچاڭشۇ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى شەرقىي
تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، ھەرخىل زىددىيەتلەر-
نىڭ يىغىلىپ، ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى،
ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن
چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. شۇڭا، كېيىنكى
تۈرك ھاكىم    يىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمران سىنىپلار
چارۋىچىلارغا مەلۇم يول قويۇشلارنى ئويلاشماي تۇرالماي، شۇ
ئارقىلىق چارۋىچىلارنىڭ بەگلەرگە بولغان كۈرىشىنى پەسەيتتى.
شۇنداق قىلىپ قۇللار قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، لېكىن
قۇللار قانۇنىنى بىكار قىلىش قۇللارنى بىكار قىلىش بولماس-
تىن، پەقەت چارۋىچىلارنى قۇللۇققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەنئە-
نىۋى قانۇننى بىكار قىلىش ئىدى، شۇنداق بولغاچقا قۇتلۇق تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يۇنجۇڭ تۇتۇق مەھكىمىسىدىن
قېچىپ چىققاندا، بۇرۇنقى قەبىلىسىدىن توپلىغان يەتتە يۈز ئادەم

[1] شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى.
[2] «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 3. 4. بىرلەشمە سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

تۇغرىسىدا (يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن، ئاتا - بوۋامنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بويىچە دۆلىتىدىن، قاغانىدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ) دېگەنىدى، قۇتلۇق ئەينى ۋاقىتتا ھاكىمىيەتنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، سەرسان بولۇپ يۈرگەن خەلقلەرنى قۇللۇقتىن كەچۈرۈم قىلىش پەرمانىنى جاكارلىغانىدى. بۇ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قۇللار قانۇنىنى بىكار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تەدبىرى ئىدى.

ئىككىنچى، ماچاڭشۇ ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇتلۇقنىڭ ئىنىسى بىلگە قاغان «تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر ئۈچۈن تارقاتقان مۇھىم قانۇنىي تۈزۈملەر» گەرچە مۇجمەل بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىر ماددىسىدىكى «يالىڭاچ خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم» دېگەن سىياسەت، قەدىمكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئۆز ئارا ئەكسى ئىدى.

ئۈچىنچى، ماچاڭشۇ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ، دۆلەت ئىچىدىكى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر (مەسىلەن، ئۇيغۇرلار) نى پۈتۈنلەي قۇللارغا ئايلاندۇرماي بەلكى «تەسلىم بولغانلىرىنى يەنىلا قارا بۇدۇنلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاز بىر قىسمىنى بولسا قەتلى قىلاتتى». بۇ خىل ئۇسۇل شۈبھىسىزكى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىن بۇرۇنقى، ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۇسۇلىغا تۈپتىن ئوخشاشمايتتى.

لېكىن مېنىڭ قارىشىم ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاشمايدۇ — كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى، ئاساسلىقى ئۇستقۇرۇلمىسى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ يات مىللەت ئاھالىلىرىگە بولغان قۇللۇق ئاسارىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، شۇڭا قۇللارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئۇرۇش ئەسىرلىرى بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدە قۇللارغا ئايلاندۇرۇلىدىغانلار ئىنتايىن

ئاز ساننى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھۆ-
كۈمران مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكى چارۋىچىلارمۇ قول بو-
لاش ۋە قولغا ئىگە بولۇشقا قاتنىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىمۇ
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىدۇ. بۇ ھۇن، تۈرك ۋە موڭ-
غۇللارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش ئىدى.

يۇقىرىدا بىز تۈركلەرنىڭ قۇللىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى-
نىڭ خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت ئەسىرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش-
تىن كەلگەنلىكىنى، شۇڭا خەنزۇلاردىن بۇلاپ كېتىلىپ قۇل
قىلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئىكەنلىكىنى، ھالبۇكى
تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن قۇل قىلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ تارىخي
خاتىرىلەردە ئاران 700 ئادەم دەپ كۆرۈلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەنىدۇق. شۇڭا، قۇتلۇقنىڭ ئۆز خەلقىنى قۇلغا ئايلاندۇ-
رۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەلگىلىمىسى، ھەرگىزمۇ قۇللارنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە كېلىپ قۇللار
قانۇنىنىمۇ بىكار قىلىشى بولماستىن، قۇلدارلىق تۈزۈمىنى ئە-
مەلدىن قالدۇرۇشى تېخىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ
جەمئىيىتىدىكى كۆپلىگەن، ئاساسلىق يات مىللەتتىن بولغان
قۇللار كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىگەن، تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈ-
مىنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، شۇڭا تۈركلەرنىڭ
ئۆز مىللىتىدىن بولغانلار قايتا قۇللارغا ئايلاندۇرۇلمىغان بولسى-
مۇ، لېكىن يات مىللەتلەردىن بولغان كەڭ قۇللار يەنە داۋاملىق
تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز تولۇق-
لاپ تۇرغان، تۈركلەرنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان خەلقلەرنىڭ
كەچۈرۈم قىلىنىشى بولسا تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا قارىتا قىلچە ياردىمى
بولمىغانىدى، كېيىنكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاشۇ 700
ئادەم قۇللۇقتىن كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال قۇللار-
نى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلان-

غان، ھالبۇكى قۇتلۇق باشچىلىقىدىكى تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەك-
لىرى بولسا كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنى قايتا قۇرۇش جەريانى-
دىكى بۇ «سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ماشىنىلىرى»دىن پايدىلى-
نىپ، ھەممىلا جايدا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىپ،
خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت ئاھالىلىرىنى داۋاملىق بۇلاپ ئەسىر
ئېلىپ قۇل قىلدى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ۋۇزېتى-
يەنىنىڭ شىڭلى تۇنجى يىلى (مىلادى 698 - يىلى) بەگچۇر قاغان
جاۋ، دىڭ قاتارلىق ئايماقلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، بىر
قېتىمدىلا خەنزۇ ئەر - ئاياللىرىدىن 80 - 90 مىڭ ئادەمنى
بۇلاپ كەتكەنىدى، بۇ نەقەدەر زور سان - ھە! ئەگەر كېيىنكى
تۈرك ھاكىمىيىتى راستىنلا قۇللار قانۇنى بىلەن قۇلدارلىق
تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەن بول-
سا نېمە ئۈچۈن 100 مىڭ نوپۇسقا يېقىن قۇلنى بۇلايدۇ؟ ئەگەردە
كېيىنكى تۈرك جەمئىيىتى يەنىلا قۇلدارلىق تۈزۈم جەمئىيىتىگە
مەنسۇپ بولماي، فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولسا،
ئۇنداقتا بۇ 100 مىڭ نوپۇسقا يېقىن قۇلنى يىغىشنىڭ پۈتۈنلەي
زۆرۈرىيىتىمۇ بولمىغان بولىدۇ.

چەت ئەل تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆز مىللىتىنى
قۇلغا ئايلاندۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قۇلدارلىق تۈزۈم-
نىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بول-
مىغانىدى. مەسىلەن، قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ تىپى دەپ ئېتىراپ
قىلىنغان قەدىمكى يۇنان بىلەن رىمنى ئالساق، مىلادىدىن ئىلگى-
رىكى 594 - يىلى، قەرزدار قۇلدارلىق تۈزۈمنى بىكار قىلغان،
ئافىنانىڭ سىياسىي ئىسلاھاتچىسى سولۇننىڭ ئۆز مىللىتىدىن
بولغان خەلقلەرنى قەرزدار قۇللارغا ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويۇشنى
مەنئىي قىلىشى، دەل مۇشۇنداق ئىدى. مەسىلەن، يەنە قەدىمكى
رىمدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىن
بۇرۇن، دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قەرزدارلىقتىن

قەرزدار قۇللارغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. كېيىن ئاددىي خەلق بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 326 ـ يىلى دىكتاتور بولغان پوتىلا پاپىرا قەرزدار قۇلدارلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ «پوتىلا پاپىرا قانۇنىنى» نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ماقۇللىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەرزدار بولۇپ قېلىپ قۇللۇققا ئۆچرىغان رىملىقلار ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدى، بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى رىم دۆلىتىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى (ئاساسلىقى يات مىللەتلەرنى قۇل قىلىش ئاساسىدىكى رىمنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى) قىلچىمۇ تەسىرگە ئۇچرىمىغانىدى.

ماچاڭشۇ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان ئىككىنچى سەۋەبكە بىر قەدەر ئاسان جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، بىلگە قاغان ئېلان قىلغان قانۇنلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ مۇجمەل بولمىغان بىرەرمۇ ماددىنى تاپقىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن قۇللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قانۇنى (فېئوداللىق قانۇننى تۇرغۇزۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى) نى باغلاش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

ماچاڭشۇ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچىنچى سەۋەبكە جاۋاب بېرىشمۇ تەس ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن بىر مىللەت (يەنى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى» دېيىلگەن) بولغاچقا، تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان مۇئامىلىسى تەبىئىي ھالدا خەنزۇ ۋە باشقا قىتان، تاتابى قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشاشمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يات مىللەتلەرگە قاراتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇرۇش جەريانىدا بەيئەت قىلىپ «قارا بۇدۇن» غا ئايلاندۇرۇلغانلار بىلەن ئەسىرگە ئېلىنىپ قۇل قىلىنىپ بەيئەت قىلغانلار بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلاتتى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرى

ئۇيغۇرلارغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغان تۇرۇقلۇق، گەرچە بەزىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، «تەسلىم بولۇپ داۋاملىق قارا بودۇنلارغا ئايلاندۇرۇلغان» بىلەن بىراق «يەنە بىر قىسمى يەنىلا پۈتۈنلەي قەتلى قىلىنغانىدى». بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى تۈرك جەمئىيىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىغا، قىلچە توسالغۇ بولالمىدى.

### (3) كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

بەگچۇر قاغان دائىم قوشۇن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانىدى. مىلادى 708-يىلى (جوڭزوڭنىڭ جىڭلوڭ 2 - يىلى) ئەتىياز مارتتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇفاڭ يولى باش بوغى جاڭ رېنيۈەن خۇاڭخېنىڭ شىمالى، چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا، شەرقىي تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى، ئوتتۇرا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى، غەربىي تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى قۇردى (قەدىمكى ئورنى: شەرقىي رەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى خۇاڭخېنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، ئوتتۇرا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى ھازىرقى باۋتو شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، غەربىي تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى ھازىرقى خاڭگىن خوشۇنىدىكى ئۇجىيا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا)، ئۈچ شەھەرنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 400 چاقىرىم كېلەتتى، ھەمدە 1800 ئورۇندا خەۋەرلىشىش تورى ياسالغان بولۇپ، سانغۇن لۇن گوگرېنى سۇفاڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ چارلىغۇچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، چارلىغۇچى قوشۇنلار بىلەن چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە

ئېلىپ، چوغان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كونترول قىلى-دى.① تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرگە قارىتىلغان مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنلىكتىن، تۈرك خۆكۈمرانلىرى چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، بۆلەكچىلىكنىڭ تىغ ئۇچىنى غەربىي يۇرت ۋە غەربىي تۈركلەرگە قاراتتى. مىلادى 714 - يىلى (شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن 2 - يىلى) ئەتىياز 2- ئايدا، بەگچۇر ئوغلى توڭئا تېگىن قاتارلىقلارنى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، قورۇقچى بەگ گوچىنگۇەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، توڭئا تېگىن ئۆلتۈرۈلدى. مىلادى 715 - يىلى (كەيۈەننىڭ 3 - يىلى) ياز 4- ئايدا، بەگچۇر يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ، قارلۇق، قويلاۋ، چونس قاتارلىق (غەربىي تۈركلەرنىڭ سول بەش تۇغلۇق قەبىلىلىرىگە تەۋە) قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ شۈەنزۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ بېشبالىق قورۇقچى بېگى تاڭ شىخۇي قاتارلىقلارنى قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى.②

مىلادى 716 - يىلى (كەيۈەننىڭ 4 - يىلى) يازدا بەگچۇر شىمالدا بايىرقۇلارغا (ھازىرقى تۇغلا دەرياسى بويىدا) جازا يۈرۈش قىلىپ، قايتىشىدا ئۆلتۈرۈلدى، ئورنىغا ئوغلى كىچىك قاغان بۆگۈقاغان تەختكە چىقتى. قۇتلۇقنىڭ ئوغلى كۆل تېگىن بۇرۇنقى قوۋمدىكىلىرىنى يىغىپ، كىچىك قاغان بىلەن بەگچۇرنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاكىسى مويۇنچۇرنى بىلگە قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى سول قول بىلىكخان (تاردۇش شاد دېيىلىشى كېرەك) بولۇپ، ھەربىي قوشۇنلارنى باشقۇردى.②

بىلگە قاغان تەختكە چىقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆزى

---

① «كونا تاڭنامە» 93 - جىلد «جاڭ رېنيۈەننىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

② «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى، «كونا تاڭنامە» 103- جىلد «گوچىنگۇەننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن 3 - يىلى ياز 4. ئايدا، 5. ئايدا ۋە 4 - يىلى ياز 6. ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

يېڭىدىن تەختكە چىققاچقا كۆچى يېتىشمەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن
تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، كەييۈەنىنىڭ 2 ـ
يىلى كەبىسە 2ـ ئايدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسى يەنە شىمالنى
تىنچلاندۇرۇش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى يۇنجوڭدىكى كونا
شەھەر (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسى) دىن ئوت-
تۇرا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە يۆتكەپ، قو-
شۇن تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى، بۇنىڭ بىلەن شىمالىي چېگرى-
نىڭ مۇداپىئە كۈچى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكتىن، تۈركلەر-
گە پۇرسەت قالدۇرۇلمىدى. بۇ خۇددى دانىشمەن تونيوقۇق كۆر-
سىتىپ ئۆتكەندەك ئىدى:
«تاڭ پادىشاھى دانىشمەن، باتۇر، پۇقرالىرى بىر يىلدا بەش
نۆۋەت ھوسۇل ئالىدۇ، پۇرسەت بولمىسا يېڭىلىك بىلەن ھەرى-
كەت قىلىشقا بولمايدۇ. قوۋملىرىمىز ئەمدىلا توپلاندى، كۈچى
يېتىشمەيدۇ، بىرقانچە يىل ئارام ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ،
ئاندىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش قىلساق بولىدۇ.»[①] مانا مۇشۇنداق
سېلىشتۇرما ۋەزىيەت ئاستىدا، بىلگە قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان
دەۋر (مىلادى 716 ـ 734 ـ يىللار) دىكى 20 يىل جەريانىدا،
تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلى-
ماي، ئەكسىچە ئىككى تەرەپنىڭ تىنچ بېرىپ كېلىشى ئۈزلۈكسىز
قويۇقلاشتى.
كېيىنكى تۈرك قۇلدار ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-
تىدىكى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۈزلۈك-
سىز ئىسيان كۆتۈردى، ھەمدە كۆپلەپ جەنۇبقا كۆچۈپ، تاڭ
سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. مىلادى 714 ـ يىلى (كەييۈەنىنىڭ
2 ـ يىلى) كۈز 9ـ ئايدا قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر لياڭجۇ
ئايمىقىغا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى؛ قىش 10ـ

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى.

ئايدا، قويلاۋ قاتارلىق قەبىلىلەر بېشبالىقتا كېلىپ تاڭ سۈلالىسىگە بەيئەت قىلدى. 715 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 3 ـ يىلى) نىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىلىرىدىن تاڭ سۈلالىسىگە بەيئەت قىلغانلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 10 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئېشىپ كەتتى. باھار 2 ـ ئايدا «ئون ئوقلارنىڭ كوراگانى» بولغان ۋېنجيەن بىلەن ئاتئېز تۇتۇقى سىتاي قاتارلىقلارمۇ تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ، تاڭ سۈلالىسىگە بەيئەت قىلدى. 716 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 4 ـ يىلى) ياز 6 ـ ئايدا بايىرقۇ، ئۇيغۇر، توڭرا، بارغۇت، ئەقىشىد قاتارلىق بەش قەبىلىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۈلالىسىگە بەيئەت قىلدى.[①] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن بايىرقۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرۈشى تېخىمۇ كەسكىن بولدى. بىلگە قاغان «دانىشمەن، تەدبىرلىك» دەپ ئاتالغان تونيوقۇقنى ئۆزى ئۈچۈن تەدبىر كۆرسىتىشكە قويۇپ، ھەمدە ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تاڭ سۈلالىسىدىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق ۋەزىيەتنى پەسەيتىپ، خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل تەدبىر تاڭ سۈلالىسى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنىدى.

تارىخنامىلەردە مىلادى 721 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 9 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئايدا، بىلگە قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۈلالىسىدىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، شۈەنزوڭنىڭ مۇنداق جاۋاب مەكتۇپ يازغانلىقى خاتىرىلەنگەن:

«ئىلگىرى دۆلىتىمىز تۈركلەر بىلەن قۇدىلاشقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بەدىۋىلەر خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، ئۇرۇش توختىتىلغانىدى؛ دۆلىتىمىز تۈركلەرنىڭ قوي، ئاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، تۈركلەر بىزنىڭ كىمخاب ـ دارايىمىزغا ئىگە بولاتتى،

---

① «كونا تاڭنامە» 8 ـ جىلد «شۈەنزوڭ ھەققىدە خاتىرە»، «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى ۋە داۋامى بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 211 ـ جىلدىتىكى مۇناسىۋەتلىك يىل، ئايلاردىكى ماددىلارغا قاراڭ.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇرمۇشى ئۆكسۈپ قالمايتتى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىكى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالدى، بەگچۇر ئىشەنچسىز بولۇپ، ئېغىزىدا قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، كۆڭلىدە ئىسيان قىلىشنى ئويلاپلا يۈرگەچكە، دائىم بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتىپ، چېگرانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۇردى، ياخشىلىققا ئادەمنىڭ ئۆچمەنلىكىنى، تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئۆز كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. بۇ يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قاغاننىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈپ تۇردى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يولىدا مېڭىپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئايماقلىرىغا بېسىپ كىرەلمىگەندە، يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ قايتا قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. دۆلىتىمىز ئۆز قوۋملىرىنى ئاسرىغاندەك، دېڭىز دولقۇنلارنى قوينىغا ئالغاندەك، پەقەت سەممىيەتكىلا موھتاج، ئىلگىرىكى گۇناھلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. قاغان راستىنلا سەممىيەتلىك قىلىدىغان بولسا، بەختىنى ئورتاق قوغدىيالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئەلچىنى ھاردۇرغاننىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مۇبادا چېگراغا بېسىپ كىرىدىغان بولسا، كېلىش يولى توسۇلىدۇ. قاغان بۇنى تەپسىلىي ئويلاپ بېقىشى لازىم.»①

بۇ بىر ئابزاس سۆز، ئەمەلىيەتتە كېيىنكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن بۇيانقى ئەھۋالىغا قارىتىلغان بىر خۇلاسىسى ئىدى. مەكتۇپتا دېيىلگەن بەگچۇر قاغاننىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى «تەڭرىنىڭ غەزەپلىنىپ»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق» دەپ بەرگەن جاۋابىدىن بولغان دېگىنى فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىگە تەۋە بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان پوزىتسىيە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە قارىتىلغان مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەينىسىدۇر.

① «كىتابلار جەۋھىرى» 980 ـ جىلد بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 212 ـ جىلد. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن 9 ـ يىلى باھار 2 ـ ئايدىكى ماددىسى.

تاڭ سۇلالىسى قۇدۇلىششقا يول قويمىغانلىقتىن، بولۇپمۇ قۇدۇلىششنى تەلەپ قىلىشقا قوشۇلمىغانلىقتىن، بۇ بىلگە قاغانغا مەلۇم دەرىجىدە بېسىم پەيدا قىلغاچقا، ئۇنىڭ قۇدىلىششتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندى. شۇڭا، بىلگە قاغان غەزەپلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يۈەن جېنگە مۇنداق دېگەنىدى:

«تۇبۇتلەر چۈەنروڭلار نەسلىدىن؛ قىتانلار بىلەن تاتابىلار ئەسلى تۈركلەرنىڭ قۇللىرى ئىدى، ھەممىسى مەلىكىگە ئېرىشتى، تۈركلەر ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ كۆپ قېتىم قۇدىلىششنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ماقۇللۇققا ئېرىشەلمىدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ . . . كۆپ قېتىم قۇدىلىششنى تەلەپ قىلىپ، ماقۇللۇققا ئېرىشەلمىگەنلىك، ھەر قايسى ۋاسساللارنى كۆرۈشتىن بىزار بولغانلىق ئەمەستۇ ـ ھە! »①

دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ خىل بېسىمى، تېخىمۇ مۇھىمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، بىلگە قاغاننى مەلۇم چەك ئىچىدە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، كېيىن تۇبۇت ھۆكۈمرانلىرى بىلگە قاغانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، گۇاجۇغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، بىلگە قاغان قۇلاق سالمىدى، ئەكسىچە ۋەزىر بۇيرۇقچورنى ئەۋەتىپ مەكتۇپنى تاڭ سۇلالىسىگە ھەدىيە قىلىپ بەردى. تاڭ شۈەنزوڭ بىلگە قاغاننىڭ ھەرىكىتىنى ماختاپ، ئالاھىدە غەربىي تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى تۈركلەر بىلەن سودا قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىگە كۆپ مىقداردا چارۋا مال، بولۇپمۇ نەچچە ئون مىڭ تۇياق،

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى بىلەن «ئەدلى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 212 ـ جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن 13 ـ يىلى ياز 4 ـ ئايدىكى ماددىسى.

ئات سېتىپ بەردى، تاڭ سۇلالىسى بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپلىگەن گەزمال رەخت ۋە يىپەك بۇيۇملارنى بەردى، هەر يىلى نەچچە ئون مىڭ تۇياق ياكى بىر قانچە يۈز مىڭ تۇياق ئات تاڭ سۇلالىسىگە توشۇلاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سېتىۋالغان ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «دۆلەتنىڭ چارۋىلىرى» ئىچىدىكى نەسىللىك جەڭ ئاتلىرى ئىدى، تۈركلەرنىڭ نەسىللىك جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىرىشى ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش كۈچى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئات سورتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇ هال شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئۇرۇشنى تۈگىتىپ، تىنچ سودا قىلىشنىڭ هەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كېيىنكى تۈرك هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت قاتمۇ قات بولۇپ، دائىم ئۆزئارا كۈرەشنى قانات يايدۇراتتى، ئەڭ ئاخىرىدا قوراللىق توقۇنۇش پارتلاپ، بىر - بىرىنى قەستلەش ۋە قىرغىن قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مىلادى 734 - يىلى (كەيۈەننىڭ 22 - يىلى) قىش 12- ئايدا بىلگە قاغان ۋەزىرى بۇيرۇقچۇر تەرىپىدىن زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئوغلى تەختكە چىقىپ، ئىنان قاغان دەپ ئاتالدى. تاڭ شۈەنزوڭ تۈركلەرگە ئەمەلدار ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى هەمدە بىلگە قاغانغا ئاتاپ بۇتخانا ياساپ، مەڭگۈ تاش تىكلىدى (يەنى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»). ئۇزاق ئۆتمەي ئىنان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى تەختكە چىقىپ، تەڭرى قاغان دەپ ئاتالدى. تەڭرى قاغاننىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىككى تاغىسى قوشۇننى ئايرىپ ئىدارە قىلىپ، ئوڭ ۋە سول شاد دەپ ئاتالدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەڭرى قاغان ئوڭ شادنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، سول شاد تەڭرى قاغانغا هۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن قاغانلارمۇ كەينى - كەينىدىن ئالمىشىپ، ئارقا- ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەسلىدە كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا

قاراشلىق باسمىل، ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق ئۈچ قەبىلە، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسى ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل بولدى. مىلادى 745- يىلى (تيەنباۋنىڭ 4 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كۆل بويلا قوۋملىرىگە باشچىلىق قىلىپ، كېيىنكى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانى، بولمىش قاغاننى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولدى. تۈركلەرنىڭ كۆپ ساندىكى قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە بەيئەت قىلدى؛ بىر قىسمى غەربكە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ باردى؛ يەنە بىر قىسمى بولسا جەنۇبقا كۆچۈپ، لىڭۇ (ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۇ ناھىيىسى)، فېڭجو (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ غەربىي شىمالى) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى. ①

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.

# ئالتىنچى باب غەربىي تۈركلەر

**(1) غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغاننىڭ غەربىي تۈركلەرنى قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلتۈرۈشى**

غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئىستەمى (مىلادى 562 ـ ، 576 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئىدى. ئىستەمى يەنى ئاشنا تۇمەن (ئېل قاغان) نىڭ ئىنىسى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى نار تىلەك شادنىڭ نەۋرىسى تۈرك نامىدىكى ئۇلۇغ يابغۇ ئىدى. چوڭ ئوغلى تۇمەن ئېل قاغان، كىچىك ئوغلى ئىستەمى ئىدى، ئىستەمى سىتەمى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، تاردۇش قاغان بۆكە قاغان دەپمۇ ئاتالغان، دەسلەپتە شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نى پاسىل قىلغان بولۇپ، شەرقتە شەرقىي تۈركلەر بىلەن، غەربتە ئارال دېڭىزى بىلەن جەنۇبتا سۇلى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر ئەتراپى) بىلەن شىمالدا دەشتى ماكان (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى چوڭ قۇملۇق) بىلەن تۇتىشاتتى.»

شۇڭا، «كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «غەربىي تۈركلەر بىلەن شىمالىي تۈركلەر (يەنى شەرقىي تۈركلەر) نىڭ ئەجدادلىرى بىر» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. ھالبۇكى، تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»

دا تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى تىلغا ئالغاندا، تۇمەن بىلەن ئىستەمىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ تىلغا ئالغانىدى. مەڭگۈ تاشتا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاتا ـ بوۋام تۇمەن (بۇمىن) قاغان ئىستەمى قاغان بولغاندىن كېيىن تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ.»

ئەمما «سۇينامە» 84 ـ جىلد «غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئېنىق ئايرىمايلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى داروبىيەن (ئاپاقاغان) دۇر، ئۇ ئىشپارا بىلەن ئازارلىشىپ قالغاچقا، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، پەيدىنپەي قۇدرەت تاپقان» دېيىلگەنىدى. بۇنىڭدا دارىبىيەن (ئاپا قاغان) نى خاتا ھالدا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى دەپ قارىغانىدى.

ئىستەمىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. تەخمىنەن VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركلەر پارسلار بىلەن بىرلىشىپ، مىلادى 563 ـ ، 567 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئېفتالىتلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ،① ئېفتالىتلارنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالدى، ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى) تۈركلەر بىلەن پارسلارنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىنكى چېگراسى ئىدى، ئەمما ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر قاپقا تۈركلەرنىڭ ئەڭ غەربىدىكى قورۇلى

① ئېفتالىتلار ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە خۇاگو ئېلى دەپ ئاتالغان. «لياڭنامە» 54 ـ جىلد «ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد «ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە ئېفتالىتلار قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە ئىرانغا يۈرۈش قىلىپ، سىلك چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىنغا ئىگە بولغانىدى. غەربىي يۇرتتىكى كانگيۈ، قۇدۇن، ئارساق ۋە باشقا 30 دىن ئارتۇق ئۇششاق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بېقىنغان قىلىنغانىدى، ئۇلارنىڭ مەركىزى باھادىس شەھىرى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەلىغ شەھىرى) ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافىدىكى ئېفتالىتلارغا ئائىت ئىزاھاتقىمۇ قاراڭ.

ئىدى. شۇڭا، كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي راھىبى شۈەن زاڭ «تۆمۈر قاپقا . . . تۈركلەرنىڭ قورۇلىدۇر»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەر تېخى شەرق، غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا (مىلادى 583 - يىلى رەسمىي ئىككىگە بۆلۈنگەن) بۆلۈنمىگەن بولغاچقا، ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدە (مەسىلەن، «سۈينامە» 84 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە «مۇقان قاغان باتۇر ھەم دانىشمەن بولغاچقا، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يوقاتتى، غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلدى، شەرقتە قىتانلارغا ھۇجۇم قىلدى، شىمالدا روڭ - دىلارنىڭ ھەممىسىنى بەيئەت قىلغۇزۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى» دەپ كۆرسىتىلىپ («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى»دىكى بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەرمۇ ئوخشاشمايدۇ)، ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغانلىق تۆھپىنى مۇقان قاغانغا مەنسۇپ قىلىپ قويغانىدى. لېكىن، فرانسىيە ئالىمى چاۋانىسنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىش تۆھپىسىنىڭ ئىستەمى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقى ئەمەلىيەت بولۇشى كېرەك.② دەرۋەقە «كونا تاڭنامە» 194 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىدا «ئىستەمى تەڭرىقۇتقا ۋاكالىتەن ئون قەبىلە ئاقساقىلىغا قوماندانلىق قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، دائىم غەربىي يۇرتلۇق غوزلارنىڭ دۆلىتىنى تىنجىتىپ تۇرغان» دەپ خاتىرىلەنگەنى، ئەلۋەتتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلىرىغا قارىتىلغانىدى.

ئېفتالىتلار تۈركلەر بىلەن پارسلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىن-

① تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى مېھرى شەپقەتلىك ئىبادەتخانىنىڭ ئۈچ ئاغىلىق نوم بېتىك ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» 2 - جىلد.

② چاۋانىس تۈزگەن، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى 1958 - يىل نەشرى) 4 - بۆلۈم 2. پاراگرافقا قاراڭ.

غاندىن كېيىن، پېرسىيە بىلەن تۈركلەرنىڭ چېگرىسى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتى. بىراق، تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلۈكسىز كېڭەيگەنلىكتىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە كۈندىن ـ كۈنگە تەھدىت بولدى، ھەر ئىككى تەرەپ غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا مەنپەئەتىنى كونترول قىلىشنى كۆزلىدى، شۇڭا، تۈركلەرنىڭ پېرسىيىگە ئەۋەتكەن دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى ئەدەبسىزلىككە ئۇچراپلا قالماي، بەلكى بەزى ئەلچىلەر زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىمنىڭ بىرلىشىپ، پېرسىيىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. شۇڭا، غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىستەمى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پېرسىيە ۋە شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىشلىرى قويۇقلىشىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا بارىدىغان ئەلچىلەرنىڭ قەدىمى توختىمايلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇرۇشمۇ پارتلاپ تۇردى (تۈركلەر بىلەن پېرسىيىنىڭ ئۇرۇشى، تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىمنىڭ ئۇرۇشى).

ئىستەمى ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، «غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ دۆلەتلىرى»نى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ۋە توپلىغاچقا، تۇرمۇشى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. مىلادى 568 ـ يىلى شەرقىي رىم پادىشاھىنىڭ تۈركلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى زېماركۇس (Zemarchus) ئاق تاغدىكى① ئوردىدا ئىستەمى قاغان بىلەن كۆرۈشكەنىدى. قاغان بىر چېدىردا شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. قاغان بىر ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئورۇندۇقنىڭ ئىككى چاقى بولۇپ، ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلمەكچى بولغاندا، بىر ئات ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغان. ئەلچى قاغانغا

① بۇ تاغنى بىر بۆلۈم ئالىملار ھازىرقى ئالتاي تېغى دەپ ھۆكۈم قىلىشقانىدى، ئەمما جاۋانىس ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى تاغدىكى ئېكەس دەرياسى ۋادىسى دەپ قارايدۇ.

ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلغانىدى. قاغاننىڭ چەت ئەللەرنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مەخسۇس ئەمەلدارى بولغان. ئېھتىرامدىن كېيىن زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن كۈن شاد ـ خوراملىقتا چۆمدى. چېدىرنىڭ تۆت تېمىغا ھەر خىل يىپەك رەختلەر ئېسىۋېتىلگەنىدى. قاغان ئەلچىنى قىمىز ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. قاغان ئىككىنچى كۈنى ئەلچىنى باشقا بىر چېدىردا قوبۇل قىلدى، بۇ چېدىرمۇ ھەر خىل پوسۇندىكى چىرايلىق يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. قاغان ئالتۇن كارىۋاتتا ئولتۇرغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە ئالتۇن لوڭقا، ئالتۇن قەدەھ قاتارلىق جابدۇقلار تىزىپ قويۇلغانىدى. يەنە زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قاغان ئەلچىنى قوبۇل قىلغاندا يەنە بىر چېدىردا قوبۇل قىلدى، چېدىرغا ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، چېدىرنىڭ تورىسى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. چېدىرنىڭ ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان بىر تەخت بولۇپ، تۆت پۇتى ئالتۇندىن ياسالغان تۆت دانە توزنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغانىدى. چېدىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ سانى يوق بولۇپ، ھارۋىلارنىڭ ئىچىگە كۈمۈشتىن ياسالغان سان ـ ساناقسىزلىغان، پەتنۇسلار قويۇپ قويۇلغان، نەقىشلىرى شەرقىي رىمنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ[①].

غەربىي تۈركلەر ئىستەمىنىڭ دەۋرىدىلا ئاللىقاچان بىر مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. شۇڭا، ئىستەمى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا يەنى ئۆز ئالدىغا پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ۋە

① «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 4 ـ بۆلۈم 2 ـ پاراگراف بىلەن جاڭ شىڭلياڭ تۈزۈپ ئىزاھلىغان «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ماتېرىياللار» (جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى 1978 ـ يىل نەشرى) 4 ـ كىتاب 5 ـ بابتىكى قوشۇمچە «شەرقىي رىم بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشى» گە قاراڭ.

چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە شەرقىي رىم بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۆز ئالدىغا چەت ئەل بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ باردى. مىلادى 576 ـ يىلى ئىستەمى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تاردۇش ئەڭ ئالىي قاغاننىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا ئۆز ئالدىغا تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى تاردۇش قاغان دەپ جاكارلىغاندى. تاردۇش قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ھەتتا ئۇ ئاپا قاغان (مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى داروبيەن) ۋە تېگىن شاد (ئىشپارا قاغاننىڭ ئىنىسى) قاتارلىقلارنىڭ كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئەڭ ئالىي قاغان ئىشپاراغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، غەربتە مۇستەقىللىق جاكارلىغاندى، بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر غەرب، شەرق دەپ رەسمىي ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى (مىلادى 583ـ يىلى).

مىلادى 599 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى) قىش 12ـ ئايدا، شەرقىي تۈركلەرنىڭ دولان قاغانى قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، تاردۇش قاغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى بۆكە قاغان دەپ جاكارلىغاندى، ئەمەلىيەتتە بۇ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى بولغانلىق ئىدى. بۇ چاغدىكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تارقىلىشى مۇنداق ئىدى: غەربىي تۈركلەر شەرقتە ئالتاي تېغىغىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلغاندى؛ ئەسلىدە ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدە چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئاپا قاغان مىلادى 587ـ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى) شەرقىي تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغاندى؛ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا تۇرۇپ، دولان قاغان بىلەن تىركەشكەن تولى قاغان (يەنى چىمەن قاغان) بولسا، جەنۇبقا كۆچۈپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلغاندى. ئەمدىلىكتە دولان قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، تاردۇش قاغاننىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى

ئىشغال قىلىشى بولسا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ پۈتۈن زېمىنىنىڭ تاردۇش قاغانىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تاردۇش قاغان تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى كونترول قىلغانىدى. ئەمما بۇ خىل بىرلىك مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئەمەس بولۇپ، كۆرۈلۈپلا يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تاردۇش قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، قايتۇرما زەربىگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ چىمەن قاغانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنىمۇ سۈي قوشۇنلىرىنىڭ توسۇپ زەربىسىگە ئۇچرىدى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرك چارۋىچىلىرى بىلەن تۈركلەر تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن تاردۇش قاغاندىن يۈز ئۆرۈپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چىمەن قاغانغا بەيئەت قىلىشى، تاردۇش قاغاننى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قىلغاچقا، ئۇ تۈركلەر رايونىدا پۈت دەسسەپ تۇرالماي، نائىلاج مىلادى 603 - يىلى (رېنشۇنىڭ 3 - يىلى) چىمەن قاغانغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن تاردۇش قاغانىنىڭ قوۋملىرى تارمار بولۇپ تارقىلىپ كەتكەچكە، غەربتە تۈيخۇن (ھازىرقى چىڭخەي ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان سىيانپىلارنىڭ بىر تارمىقى) لارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى مەلۇم بولمىدى.① تاردۇش قاغان شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنى ئاران تۆت يىللا (599 - 603 - يىللار) بىرلىككە كەلتۈرەلىگەنىدى. لېكىن، غەربىي تۈركلەر (ئالتاي تېغىنىڭ غەربىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلار) نىڭ تەسىر كۈچى ئىستەمىدىن بۇيان مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەچكە، تاردۇش قاغانىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە قېچىپ كېتىشى،

① «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 179 - جىلد، سۈي ۋېندىنىڭ رېنشۇ 3 - يىلىدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

بۇنىڭغا ئانچە ئەسىر كۆرسىتىلمىگەنىدى.

(2) غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشى

دەسلەپتە، مىلادى 587 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 7 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان ئاپاقاغان (ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدە چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، زېمىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ چېگرىسىغا يېقىن ئىدى)، يابغۇ قاغان تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغاندا، جەمەتىدىكىلەر تاردۇش قاغانىنىڭ نەۋرىسى ياڭسۇ تېكىنىنىڭ ئوغلىنى ئاپانىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىپ، نىيلات قاغان (كىچىك قاغان) دەپ ئاتىدى. نىيلات ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى تارمان تەختكە چىقىپ، نىيۋات چۇرلۇق قاغان دەپ ئاتالدى. چۇرلۇق قاغانىنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى يوق بولۇپ، كۆپرەك ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) دا تۇردى. كېيىن تاردۇش قاغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدا مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ كەتكەندىن كېيىنلا، چۇرلۇق ئاندىن غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى بولدى. چۇرلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بوش بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، يەنە تېلىلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. مىلادى 605 ـ يىلى (دايېنىڭ تۇنجى يىلى)، چۇرلۇق قوشۇن باشلاپ تېلى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى، سىرتاردۇشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن يۈز نەچچە كىشىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن تېلى قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئېلتەبىر ئېركىن قىبئار غالىنى باغا قاغان قىلىپ تىكلەپ، يەنە سىرتادۇشلاردىن بولغان ئېركىن ئېلىكنى كىچىك قاغان قىلىپ، چۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى، چۇرلۇق ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. چۇرلۇقنىڭ ئانىسى شاڭ خانىم ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولۇپ، نىيلات-

نىڭ ئىنىسى پوش تېكىنگە قايتا ياتلىق بولغانىدى، كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىلى پوش تېگىن بىلەن بىرگە ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى بېرىپ، تاردۇش قاغاننىڭ توپىلىڭىغا يولۇقۇپ، چاڭئەندە تۇرۇپ قالغانىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى فېي جۈي چۇرلۇقنىڭ ئانىسىنى ياد ئېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى دالالەت قىلىشنى تەكلىپ قىلدى، سۈي ياڭدى سۈي جۇڭ-سۇنى يارلىق بىلەن هال سوراشقا ئەۋەتتى، چۇرلۇق يارلىقنى كۆرۈپ بەيئەت قىلىپ، سۈي جۇنسۇغا قوشۇپ، سۈي سۇلالىسى-گە ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇلپار تەقدىم قىلدى.

مىلادى 609 - يىلى (دايىنىڭ 5 - يىلى) سۈي ياڭدى غەربنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، چۇرلۇق قاغان بىلەن دادۇبا جىل-غىسى (هازىرقى گەنسۇدىكى مىنلې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇ-بىدا) دا كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇرغاندا، چۇرلۇق قۇلاق سالمىغاچقا، سۈي ياڭدى قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقساقلى شېگۈي (تاردۇشنىڭ نەۋرىسى، چۇرلۇقنىڭ تاغىسى) سۈي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، فېي جۈي چۇرلۇقنى ئوردىغا بويسۇنماي، كۈچىيىپ كېتىمدۇ دەپ قاراپ، ئوردىدىن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنى پارچىلاپ، شۇ ئارقى-لىق ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشنى تەكلىپ قىلدى. سۈي ياڭدى شېگۈينىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا چۇرلۇقنىڭ ئور-دىغا بويسۇنماسلىق ئەھۋالىنى، شېگۈي بىلەن ياخشىچاق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۇنى چوڭ قاغان قىلماقچى بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، چۇرلۇقنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلغانلىقىنى، ئاندىن قۇدىلاشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىمدۇ، سۈي ياڭدى هال رەڭ بامبۇكتا ئاق پەي قىستۇرۇلۇپ ياسالغان يا ئوقىدىن بىرنى ئەلچى ئارقىلىق شېگۈي-غا تەقدىم قىلىپ، ئەلچىگە «بۇ ئىش تېز بولۇشى كېرەك، تېز

بولغاندىمۇ يا ئوقىدەك تېز بولۇشى كېرەك» دېدى. ئەلچى قايتىپ بارغاندىن كېيىن شىبگۇي قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، چۇرلۇققا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، چۇرلۇق مەغلۇپ بولۇپ بىر قانچە مىڭ ئاتلىقلىرى بىلەن شەرققە قاچتى، يولدا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، قوچۇدا تۇرۇپ قالدى. سۇي ياڭدى فېي جۈينى شاڭ خاننى ئېلىپ يۈمىنگۇەندىكى جىنچاڭ قەلئەسى (ھازىرقى گەنسۇدىكى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) گە بېرىپ، ئۇنى ئوردىغا بەيئەت قىلىشقا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. مىلادى 611 - يىلى (دايېنىڭ 7 - يىلى) قىش 12- ئايدا چۇرلۇق چاڭئەنگە كەلدى، سۇي ياڭدى ئۇنى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى، جاھاندىكى قىممەتلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇسسۇلچى قىزلار قاتناشقان كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇزىكا ئورۇنلىغۇزۇپ كۈتتى.

مىلادى 612 - يىلى (دايېنىڭ 8 - يىلى) باھار 1- ئايدا، سۇي سۇلالىسى چۇرلۇق قاغاننىڭ قوۋملىرىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى: ئۇنىڭ ئىنىسى كۆلدات شاد ئاجىز - ئورۇق 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ، خۇينىڭ ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ جېڭيۈەن ناھىيىسىدە) گە ئورۇنلاشتى؛ يەنە دانىيات تېگىن ئۆزىنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى ئېلىپ، لوفەن ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ جىڭلې ناھىيىسىدە) گە ئورۇنلاشتى؛ ھالبۇكى چۇرلۇق بولسا 500 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، دائىم سۇي ياڭدىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي چارلاپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭغا قاشانا قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامى بېرىلىپ، مول ئىنئام ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەنىدى.①

مىلادى 617 - يىلى (گوگدىنىڭ يىنىڭ تۇنجى) يىلى كۈز 7- ئايدا، لى گۇي سۇي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ،

---

① يۇقىرىقىلارنى «سۇينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ.

ۋۋۋېي (ۋىلايەت ئورنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۋۋېي ناھىيىسىدە) نى ئىگىلەپ، ئۆزىنى خېشى دالياڭ خانى دەپ جاكارلىدى. كۆل-دات شاد خۇيىنىڭدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، لى گۈيغا بەيئەت قىلدى. كېيىن سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي روڭلار ئەلچىسى ساۋچىيوڭ جاڭيىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان-دا، كۆلدات شاد يەنە ساۋچيوڭغا بەيئەت قىلىپ، لى گۈيغا قارشى تۇردى، بىراق لى گۈي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، دادۇبا جىلغىسىغا قېچىپ بېرىپ، تۇيغۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. مىلادى 618 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ يىنىڭ 2 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې تۇنجى يىلى) ياز 5- ئايدا، لى يۈەن سۈي گوڭدىنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇر-دى. كۈز ئىيۇلدا كۆلدات قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى-گە بەيئەت قىلدى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي لى گۈي تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى.

مىلاتى 617 ـ يىلى كۈز 7- ئايدا لى يۈەن تەييۈەن (ۋىلايەت ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى-دا) دە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، تېگىن دايىناتمۇ قوۋملىرىنى ئې-لىپ ھەمدەمدە بولدى، كېيىن قوشۇندا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغاتىغا ئېرىشىپ، دۇ بەگلىكىگە كۆچۈپ بېرىپ بەگ بولۇپ، شى فامىلىسى ھەدىيە قىلىندى.

مىلادى 618 ـ يىلى باھار 3- ئايدا سۈي ياڭدى جياڭدۇدا (ھازىرقى جياڭسۇنىڭ ياڭجۇ شەھىرى) يۈۋېنخۇا تەرىپىدىن ئۆل-تۈرۈلگەندە، قاشانا قاغان نامىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەرلەردە يو-شۇرۇنۇپ يۈردى، قىش دېكابىردا چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئەدەبكە قايتقان بەگ دېگەن ئوتتۇغاتنى بەردى.①

چۇرلۇق قاغان (قاشانا) سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

كېيىن قوۋمدىكىلىرى ئۇنىڭ تاغىسىنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، نامىنى شېگۇي قاغان (يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېگۇي) دەپ ئاتىدى. شېگۇي قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى كۈچىيىشكە باشلىدى، شەرقىي تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، زېمىنىنى غەربتە كاسپىي دېڭىزدىن شەرقتە ئالتاي تېغىغىچە كېڭەيتىپ، ئوردىسىنى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز تېغىدا قۇردى. مىلادى 619 - يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 2 - يىلى) كۈزدە، شېگۇي ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇغلى تونيابغۇ تەختكە چىقتى. تونيابغۇنىڭ دەۋرىدە، غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى تازا قۇدرەت تېپىپ، شىمالدا تېلېلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئېلىكىدە تۇتۇپ، ئوسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نى ئىگىلەپ، كېيىن خانلىق ئوردىسىنى شاش (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت) نىڭ شىمالىدىكى مىڭ بۇلاققا كۆچۈردى. مىڭ بۇلاق تونيابغۇنىڭ شىمالىي ئوردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي ئوردىسى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى بەلىخنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. «ئالىي راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى» 4 - جىلد «شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«بەلىغ دۆلىتىگە يېتىپ كەلدۇق، زېمىنى ئىنتايىن باياشاد ئىكەن، يەنە بىر نامى راجاگراخا بولۇپ، بۇ ئەلنىڭ ئەتراپىدا تونيابغۇ قاغاننىڭ جەنۇبىي ئوردىسى بار ئىكەن. تۈركلەرنىڭ ئادىتىدە يازدا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ، مال - يايلاتقىلى بولغاندا شىمالدىكى ئوردىدا تۇرىدىكەن؛ قىش كەلگەندە تاغنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، سوغۇقتىن ساقلىنىدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئىككى ئوردىسى باردۇر.»

ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن ئېلە-

مىز نىڭ غەربىي يۇرتىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا باج - سېلىق تاپشۇراتتى، تونيابغۇ قاغان تۇدۇنلارنى ئەۋەتىپ، باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغۇزاتتى.①

ئېلىنىدىغان باج - سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، تونيابغۇ قاغان بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقا ئاقسۆڭەكلىرى نۇرغۇن بايلىق توپلاپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مىلادى 628 - يىلى (تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى). ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئۇچ ئاغىلىق نوم بىتىگ ئۇستازى شۈەن زاڭ سۈياب شەھىرى (قەدىمكى ئورنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) دە، تونيابغۇ قاغاننىڭ شىكار قىلىۋاتقان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى: قاغان ئۇچىسىغا يېشىل رەڭدىكى كەشتىلەنگەن تون كىيگەن بولۇپ، پېشانىسىنى بىر غۇلاچچە كېلىدىغان شايى بىلەن باغلىۋالغانىدى، ئەتراپىدا كىمخاب تون كىيگەن 200 دىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ھەمراھ بولۇپ يۈرەتتى، قوشۇنلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۆلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىپ، كامالەك ئېسىپ يۈرەتتى. قاغان چوڭ چېدىردا تۇراتتى، چېدىرنىڭ سىرتىدا سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن مۇھاپىزەتچىلەر بولاتتى، چېدىرنىڭ ئىچى ئالتۇن كۆمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى.②

مىلادى 625 - يىلى (ۋۇدىنىڭ 8 - يىلى) ياز 3 - ئايدا،

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

② تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى مېھرى شەپقەتلىك ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇچ ئاغىلىق نوم بىتىگ ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» 2 - جىلد.

تونيابغۇ قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىك چېگ-راغا داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ تۇرغاچقا، تاڭ گاۋزۇ ۋەزىر فېي جۈينىڭ «يىراقتىكىسى بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، تونيابغۇ قاغانىنىڭ قۇدىلىشىش تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىلىك قاغاننى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولدى، ھەمدە گاۋپىڭ بېگى لى داۋلىنى غەربىي تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تونيابغۇ قاغان قاتتىق خۇرسەن بولۇپ، مىلادى 627 - يىلى (جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى) قىش 12- ئايدا ئۇنچە توڭئائېركىننى لى داۋلى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېرىپ، گۆھەر ۋە تىللا ھەم بەش مىڭ ئات تەقدىم قىلىپ، مەلىكىنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئىلىك تاڭ سۇلالە-سىنىڭ غەربىي تۈركلەر بىلەن قۇدىلىشىشىنى خالىماي، كۆپ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قوزغىدى، ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ تونيابغۇ قاغانغا تەھدىت سېلىپ توسقۇنلۇق قىلغاچقا، شۇڭا قۇدى-لىشىش ئەمەلگە ئاشمىدى.[①]

مىلادى 628 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 2 - يىلى) قىشتا، تونيابغۇ قاغان تاغىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، تاغىسى تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى باغادۇر كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلىدى. باغادۇر ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ كىچىك قاغانى بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ قاغان دەپ جاكارلىشىغا غەربىي تۈركلەر تازا قايىل بولمىدى. ساداقلىقلار قەبىلىسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دىكىلەر نىشۇ باغادۇر شادنى قاغان قىلىپ سايلىغاندا، نىشۇ قوبۇل قى-لىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ چاغدا تونيابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى تۇراتېگىن باغادۇرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، كانگ-

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

يە (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا) گە قې-
چىپ بارغاندا، نىشۇ ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئىشپارا ئىزىيابغۇ قاغان
قىلىپ تىكلىدى. ئىزىيابغۇ قاغان بىلەن باغادۇر بىر - بىرىگە
ھۇجۇم قىلىپ پۇرسەت بەرمىگەچكە، تەڭلا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل-
چى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
نامىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە كۈچىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈشنى كۆزلىدى. تاڭ تەيزۇڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيە-
تى داۋالغۇش ئىچىدە، قاغانلىرى بېكىتىلمىدى دەپ، قۇدىلى-
شىشقا قوشۇلمىدى؛ شۇنىڭدەك «ھەرقايسىسىنى ئۆز قوۋملىرى-
نى قوغداپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلماسلىق» قا ئەمىر قىلدى.
بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن تېلى قەبىلىلىرى
ئاۋۋال غەربىي تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتۈردى. غەربىي
تۈركلەردىن ئىۋىرغول (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى)
دا تارقىلىپ يۈرگەنلىرىگە، تاڭ سۇلالىسى بىر مەھەل غەربىي
شىمال يولى دالالەت ئەلچىسىنى ئالاھىدە تەسىس قىلىپ، ئىۋىر-
غولنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا ئاشلىق ساقلاپ، بەيئەت قىلىشقا
كەلگەنلەرگە ئاشلىق تارقىتىپ بەردى، ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ
ھال سورىدى.①

ئىزىيابغۇ قاغان ئاۋۋالقى قاغاننىڭ ئوغلى بولغاچقا، غەربىي
تۈركلەرنىڭ قوۋملىرى بىلەن باغادۇرنىڭ قول ئاستىدىكى ئاقسا-
قاللارنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. مىلادى 630-
يىلى (جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى) قىشتا ئىز يابغۇ باغادۇرغا ھۇجۇم
قىلدى، باغادۇر مەغلۇپ بولۇپ ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي
تېغى) غا قېچىپ بارغاندا، نىشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلىرى ئىز يابغۇنى چوڭ قاغان قىلىپ
سايلىدى.

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

ئىز يابغۇنىڭ تەبىئىتى گۇمانخور، ئىچى تار بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرنىگە ئىشەنمەيدى، ئىل قاغان (كىچىك قاغان) نىڭ تۆھپىسى زور ئىدى، ئىزيابغۇ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر جەمەتتىن ئەمەس دەپ قاراپ ئۇنى ئۆلتۈرگەچكە، قوۋمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئىز بايغۇ يەنە نىشۇنىمۇ يوقاتماقچى بولغاندا، نىشۇ ئاگنى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى) گە قېچىپ كەتتى. كېيىن بىي تارقان ۋە ساداقلىقلار قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئىز يابغۇغا ھۇجۇم قىلدى، ئىز يابغۇ كانگىيىگە قېچىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي شۇ يەردە دەككەدۈككە ئىچىدە ئۆلدى.① غەربىي تۈركلەرنىڭ قوۋمدىكىلىرى ئاگنىدا نىشۇنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، تۇغلۇق قاغان (تاردۇش قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىدى. تۇغلۇق قاغان ۋۇدې يىللىرىدىن ئىلگىرىلا چاڭئەنگە بېرىپ، چىن بېگى (يەنى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن) بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشقانىدى، ئەمدىلىكتە چوڭ قاغان بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. مىلادى 632 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى) كۈز 9- ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ تۇغلۇق قاغانغا ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى.②

---

① فرانسىيىلىك چاۋانىي تۈزگەن «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دا «تۈلۈغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى، «ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ ئوغلى ئىزيابغۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، ئىبادەتخانىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىبادەتخانىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بۇلىماقچى بولغانىدى، ئۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە بۇ ئىبادەتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دالىدا تۇرغانىدى. ئۇ شۇ كۈنى چۈش كۆرگەن، چۈشىدە سىراماتلار ئۇنىڭدىن سەن نېمىگە سەۋرى قىلالماي، بۇ ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟ دەپ ئۇزۇن ساپلىق نەيزە بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتكەن. قاغان ئويغىنىپ ناھايىتى ئازابلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگىنىنى ئۆز گۇناھىنىڭ سىموۋۇلى دەپ بىلىپ، تېزلىك بىلەن راھىبلارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، كۆڭلىنى بىلدۈرگەن. بىراق، ئۇنىڭ راھىبلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى قايتىپ كېلە - كەلمەيلا، قاغاننىڭ جېنى دەل جايىدىلا چىقىپ كەتكەنىدى» دېگەن خاتىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ كونا - يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن «ئىز يابغۇ كانگىيىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆلگەن» دېگەن دەلىلنى توغرا ئەمەس دەپ قارىغان (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 175-بەت).

② «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى بىلەن 198 - جىلد «ئاگنى تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

مىلادى 634 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 8 ـ يىلى) قىش 12-ئايدا، تۇغلۇق قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى تۇڭئاشاد تەختكە چىقىپ، ئىشپارا ئىلتېرىش قاغان دەپ ئاتالدى. غەربىي تۈرك-لەرنىڭ ئەسلىدە ئون ئاساسلىق قەبىلىسى بار بولۇپ، يەنى سۇياب دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى-دىكى چۇ دەرياسى) نىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان سول ئوق بەش تۇغلۇقلار بىلەن سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان ئوڭ ئوق بەش ساداقلىقلار قەبىلىسى ئومۇملاشتۇرۇپ ئون ئوقلار دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپ قېتىم قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەچكە، بۇ ئون قەبىلىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ پەيدىنپەي بوشىشىپ كەتتى. مىلادى 638 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 ـ يىلى) گە كەلگەندە، ئېلتېرىش قاغان بۇ ئون قەبىلىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ، بەش تۇغلۇقلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن چور، بەش ساداقلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئېركىن تەيىن قىلىپ، بۇ ئون قەبىلىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى.①

ئېلتېرىش قاغان قوۋملىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قال-غاچقا، شۇ يىلى ئۇ ئۆز ئىنىسىنىڭ ۋەزىرى تۇڭئاتۇدۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئېلتېرىشنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئىنىسى بۆرى شادنى ئاگىنىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. تۇڭئاتۇدۇن يوقۇق شادنى چوڭ قاغان قىلىپ تىكلىمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلتېرىش قاغان بۇرۇنقى زېمىنلىرىغا قايتا ئىگە بولدى. ئەمما بۇ چاغدا غەربىي قىسمىدىكىلەر يوقۇق شادنى ئاللىقاچان ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلىگەنىدى، ئېل بىلگە تۇغلۇق بىلەن ئېلتېرىش

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى بىلەن ئالتىنچى پاراگرافتىكى «غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى»غا قاراڭ.

ئۇرۇش قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولغاچقا، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈۋالدى، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا، غەربىي ئېلتىرىش قاغانغا تەۋە بولدى. ①شۇنداق قىلىپ غەربىي تۈركلەرمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

مىلادى 639 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى) ئېلتىرىش قاغاننىڭ ۋەزىرى ئېلتەبىر ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قوزغىدى، ئېلتىرىش قاغان تەڭ كېلەلمەي، پەرغانىگە قېچىپ بېرىپ ئۆلدى. بەش ساداقلىقلار قەبىلىدىكىلەر ئۇنىڭ ئوغلى بوب تېكىننى تەختكە چىقىرىپ، ئېل بىلگە ئىشپارايابغۇ قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئىشپارا يابغۇنىڭ ئوردىسى سۇياب دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، جەنۇبىي ئوردا دەپ ئاتىلاتتى، پىشامشان، ئاگنى، كۇسەن، چۇرچانلاردىن تارتىپ، توخار، كېش، شەھرى سەبىز، خىۋە، مەرۋى، كانگىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانىدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئوردىسىنى قىرغىز تېغى (ئۇرنى ئېنىق ئەمەس، بەزىلەر ھازىرقى قىرغىز تېغى دەپ قارايدۇ) نىڭ غەربىگە قۇرغان بولۇپ، شىمالىي ئوردا دەپ ئاتىلاتتى، كۆمۈش، باسمىل، كوراگان، قىرغىز، قوشۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانىدى، غەربتە ئىلى دەرياسى بىلەن چېگرىلىناتتى. ②

(3) غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان بىلەن ئىشپارا يابغۇ قاغان ئۆز

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىدا خاتا ھالدا « ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىي ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا، شەرقىي ئېلتىرىش قاغانغا تەۋە» دەپ يېزىلغان. ئەسلى تۈزىتىلىشى كېرەك. چاۋانىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دا بۇ توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا 33 ـ ، 34 ـ بەتلەر).

② كونا ـ يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

ئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. مىلادى 641 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 15 - يىلى) كۈزدە، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان شاشقا تۇدۇن ئەۋەتىپ، ئىشپارا يابغۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئۆلتۈردى، ھەمدە ئۇنىڭ قوۋملىرىگە ئىگە بولدى. ياندۇرقى يىلى (جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى) كۈزدە، يەنە توخارىستان (ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمقى باكتېرىيە ئېلىنىڭ زېمىنىدا) غا ھۇجۇم قىلدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى ھاكاۋۇرلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى قاماپ قويۇپ، غەربىي يۇرتتا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى. 9- ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىۋىرغۇل ئايمىقى (ئايماق ئورنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىدە) غا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچى بېگى گاۋشياۋكى يېنىك ئاتلىقلار بىلەن مەغلۇپ قىلدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان كېيىن يەنە چېگىللەر بىلەن چۇمۇللاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنى تىيانشان ناھىيىسى «ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبى) گە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، يەنە گاۋشياۋكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، گاۋشياۋكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېگىللەرنىڭ ئېركىنى تۇرۇشلۇق شەھەر (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) گىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى تاغقىچە قوغلاپ بېرىپ، چۇمۇل (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا) لارنى ئەل قىلدۇرۇپ قايتتى.①

ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان غەربتە كانگىيىگە ھۇجۇم قىلىپ،

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

مەرۋى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا) دىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نوغۇنلىغان «ئاھالە ۋە مال - مۈلۈكلەر» گە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنى قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ بەرمەي، تۈرك جەمئىيىتىنىڭ «بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان مال-مۈلۈكلەر، ئەسكەر ۋە سانغۇنلارغا تەڭ بولۇش»، «بۇلاڭ - تالاڭدا ئېرىشىلگەن ئاھالىلەر دۆلەتتىكىلەرگە مەنسۇپ بولۇش»① دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتىگە خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ ئالىي بىر ھۆكۈمرانىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان ۋاستىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى، شۇڭا قول ئاستىدىكى سانغۇن نىشۇ چورنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئۇ ئۇنىڭ مال - مۈلۈكى بىلەن ئاھالىلىرىنى تارتىۋالدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ، نىشۇچۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. نىشۇ چورنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن قويلاۋ ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانىنىڭ قوۋملىرى تارقىلىپ كېتىپ، ئۆزى ئىسفىجاپ شەھىرى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ شەرقىي شىمالىدا) نى ساقلاپ ياتتى. بۇنىڭ بىلەن ساداقىلىقلار قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانىنىڭ قول ئاستىدىكى قويلاۋچور قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قايتىدىن قاغان تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ تەيزوڭ ئەلچى ئارقىلىق يارلىق ئەۋەتىپ، ئىلگىرىكى باغادۇر كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلىنى ئېل بىلگە شېكۈي قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئېل بىلگە شېكۈي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئېل بىلگە تۇغلۇق

① «كونا تاڭنامە» 62 - جىلد «جېڭ يۈەنشۈنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 94 - جىلد.

قاغان قاماپ قويغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئەدەپ بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدى، ئۆزى قوشۇن بىلەن ئىسفىجاپ شەھىرىدىكى ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا ھۇجۇم قىلدى، بىراق نەتىجىدە ئۆزى ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان گەرچە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ كونا قوۋملىرىنى دالالەت قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، بۇرۇنقى قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلىشنى خالىمىدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان قوۋملىرىنى بەيئەت قىلدۇرالمىغاچقا، ئىلاجىسىز غەربتە توخرى بەگلىكىگە قېچىپ كەتتى.①

مىلادى 646 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 ـ يىلى) ياز 6-ئايدا، ئېل بىلگە شېگۇي قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى ۋە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، تاڭ تەيزوڭ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، جۇجوپ (خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىچخەۋىر بەگلىكى)، كۆكتارت (يۇقىرىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا) قاتارلىق جايلارنى توي سوۋغىسى قىلىپ ئايرىپ بېرىشنى ئەمر قىلدى (بىراق بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بولمىغاچقا، يەر كېسىپ بېرىش ئەمەلگە ئاشمىغانىنىڭ ئۈستىگە توي ئىشىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان).②

ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان دەسلەپتە ئاشىنا قۇلنى (ئىستەمىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى) يابغۇ قىلىپ تەيىنلەپ، تالاس دەرياسى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى قارا ئېرتىش دەرياسى) نىڭ بويىدا چىگىل، چۇمۇل، قۇس، قارلۇق، بەش سادا‌قلىقلارنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى. ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان توخرى بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەندە، ئېل بىلگە شېگۇي قاغان قو-

① كونا ـ يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قارالسۇن.
② كونا ـ يېڭى «تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قارالسۇن.

شۇن ئەۋەتىپ ئۇنى قوغلىغاچقا، ئىبل بىلگە تۇغلۇق قاغاننىڭ
قوۋملىرى تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئاشىنا قۇل مىلادى 648 ـ يىلى
(جېنگۇەننىڭ 22 ـيىلى) ياز 4ـ ئايدا، بىر قانچە مىڭ ئۆيلۈك-
تىن ئارتۇق قوۋملىرىگە باشچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە
بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنى بېشبالىقتىكى باغا قەلئەسى
(ھازىرقى شىنجاڭدىكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) گە ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ، سول قول باسقاق پەخرى سانغۇن قىلىپ تەيىنلى-
دى. دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئاگنىغا جازا يۈ-
رۈش قىلغاندا، كۇسەن بېگى سۇفادې قوشۇن ئەۋەتىپ، ئاگنىغا
ياردەم بەرگەنىدى. سۇفىدې ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى
خېلى بۇشىبى تەختكە چىقتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قوشنا بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قوزغاپ، تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ نەزەرىدىن تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى، تاڭ تەيزوڭ قاتتىق
غەزەپلىنىپ، ئاشىنا شىر، قىبىئارغالى ۋە گاۋ شياۋكې قاتارلىق-
لارنى قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا جازا يۈرۈش قىلىشنى ئەمر قىلغانى-
دى.① ئاشىنا قۇل تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۇسەنگە جازا
يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرشاۋۇل بولۇپ بېرىشنى تە-
لەپ قىلدى، تاڭ ـ تەيزوڭ ئۇنى كۇنچيۇ ھەربىي يۈرۈش يولدى-
نىڭ باشبۇغى قىلىپ تەيىنلىدى. تاڭ سۇلالىسى كۇسەنى تىنچ-
جىتقاندىن كېيىن، تاڭ تەيزوڭ ئاشىنا قۇلنى نىبەگ ئىشپارا يابغۇ
قىلىپ تەيىنلەپ، تۇغ ـ ئەلەم بېرىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ
بەيئەت قىلمىغان قوۋملىرىنى دالالەت قىلىشقا بۇيرۇدى. مىلادى
649 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 23ـ يىلى) باھار 2ـ ئايدا، تاڭ
سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ
قارىمىقىدا تىنسقنۇر تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاشىنا

① «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «كۇسەن تەزكىرە-
سى»گە قاراڭ.

قۇلنى ئىنىقنۇر تۇتۇقى قىلىپ بەلگىلىدى. ئاشىنا قۇل غەربىي تۈركلەرنىڭ تارقىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، كۈچىنى كۈندىن - كۈنگە زورايتتى. تاڭ تەيزوڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى (ياز مايدا ئۆلگەن) نى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى ئايماق (غەربىي ئايماقنىڭ ئورنى هازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دەقيانۇس شەهىرىدە، بېشبالىق ئايمىقىنىڭ ئورنى هازىرقى شىنجاڭدىكى جىمىسار ناهىيىسىدە) نى قولغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. بېشبالىقنىڭ ئايماق بېگى لوخوڭيى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئوردىغا مەكتۇپ يوللىدى، مىلادى 651 - يىلى (يوڭخۈينىڭ 2 - يىلى) باهار 1- ئايدا، تاڭ گاۋزۇ ئەلچى بىلەن يارلىق ئەۋەتىپ هال سوراپ، ئاشىنا قۇلنىڭ ئوغلى كۆيىۈننى ئوردىغا كېلىپ مەرهۇم بولۇشنى ئۇقتۇردى. تاڭ گاۋزۇ ئۇنىڭغا سول قول باسقاق پەخرى ئۆۋكەرلىك ۋەزىپىسىنى بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي قايتۇردى. كۆيىيۈن ئۆز ئاتىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ غەربكە يۆتكىلىپ، ئىل بىلگە شېكۈي قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، هەممە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى قوشىۋالغانلىقىنى، قوش دەرياسى (هازىرقى شىنجاڭدىكى بۆرتالا ناهىيىسىنىڭ غەربىدىكى بۆرتالا دەرياسى) بىلەن مىڭبۇلاق (هازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ شىمالىدا) دا ئوردا قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىشپارا قاغان دەپ ئاتىغانلىقىنى، بەش تۇغلۇقلۇقلار بىلەن بەش ساداقلىقلارغا باشچىلىق قىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى، چىگىل، چۇمۇل ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ هەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. كېيىن كۆيىۈن باغادۇر يابغۇلۇققا تەيىنلەندى.① بۇ مەزگىلدە ئاشىنا قۇل غەربىي تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى كونترول قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بىردىنبىر چوڭ

---

① «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى

قاغانىغا ئايلاندى.

كۈز 9- ئايدا، ئىشپارا قاغان بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، جىنلىڭ قەلئەسى بىلەن بارسكۆل ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى قىرغىن قىلدى، تاڭ گاۋزۇ 30 مىڭ قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى ئۇنى جازالاشقا ئەۋەتتى. چىگىل قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى بارىكۆل كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىكى قۇتچۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالالەت قىلىشقا كەلگەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىشپارا بىلەن تىل بىرىكتۈردى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي قۇتچۇر تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى، تاڭ سۇلالىسى چىگىل قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا بېشبالىق ئايمىقى (بۇ دەل يوڭخۇيىنىڭ 5 - يىلى ياز كەبىسە 4- ئاي ئىدى، كېيىن بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىندى) نى تەسىس قىلدى.①

مىلادى 653 - يىلى (يوڭخۇيىنىڭ 4 - يىلى) ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئۆلدى (توخار بەگلىكىدە)، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنچە يابغۇ (ئىلتىرىش بىلگە تاردۇش شاد) نىڭ ئىلگىرى ئىشپارا بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، بەش ساداقلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇنچە يابغۇ تاڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئىشپاراغا جازا يۈرۈش قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، مىلادى 655- يىلى (يوڭخۇيىنىڭ 6 - يىلى) قىش 11- ئايدا، تاڭ گاۋزۇ يۈەن لىچىننى ئۇنچە يابغۇغا قاغانلىق ئۇنۋانىنى بېرىشكە ئەۋەتتى. يۈەن لىچىن سۇياب شەھىرى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) دە ئىشپارانىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىپ ئالدىغا ما-

① كونا - يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

ئالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنچە يابغۇنىڭ قەبىلىلىرى ھەدەپ ئىشپارا تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغاچقا، يۈەن لىچىن ئۇنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ كۈچسىز ئاجىزلىقى بىلەن باشقا جەمەتتىكىلەرنىڭ بېيئەت قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاغانلىق ئۇتۇغاتىنى بەرمەي قايتتى، كېيىن ئۇنچە يابغۇ مىلادى 659 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 4 ـ يىلى) ئاشىنا مىش بىلەن قوش دەرياسى بويىدا ئۇرۇش قىلىپ، ئاشىنا مىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.①

مىلادى 657 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى) قىش 12. ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى سۇدىڭفاڭ زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئىشپارا قاغانغا ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىدە زەربە بەردى، ئىشپارا قاغان ئون ئوقلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. ئىشپارا مەغلۇپ بولدى، تاڭ قوشۇنلىرى 30 چاقىرىمچە قوغلاپ بېرىپ، نەچچە ئون مىڭنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. ئىشپارا نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن غەربكە قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ئاشىنا بۇكىن جەنۇبىي يولدىن يۈرۈش قىلغانىدى، بەش تۇغلۇقلارنىڭ قەبىلىلىرى ئىشپارانىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى ئاشىنا بۇكىننىڭ ئالدىغا بېرىپ بېيئەت قىلدى، سۇدىڭفاڭ سۇسىيې قاتارلىقلارنى قوشۇن بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىگە بېرىپ ئىشپارانى قوغلاشقا بۇيرۇدى، سۇدىڭفاڭنىڭ ئۆزى بولسا يېڭىدىن بېيئەت قىلغان قوۋملەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا چوڭ جۇدۇن بولۇپ كېتىپ يەرگە ئىككى گەز قېلىنلىقتا قار چۈشۈپ كەتكەنىدى. سۇدىڭفاڭ «دۈشمەن قار قېلىن، بىزنى ھۇجۇم قىلمايدۇ دەپ چوقۇم ئەسكەرلىرىنى ئارام ئالغۇزىدۇ، بىز تېزدىن قوغلىساق ئۇلارغا يېتىشۋالالايمىز» دەپ قارىدى. نەتىجىدە

① كونا ـ يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

قارلىق كېچىدىلا يولغا چىقىپ، ئۇنىڭ قوۋملىرىنى قولغا چۈشۈ-
رۈپ، قوش دەرياسى بويىغا بارغاندا، ئاشىنا مىش ۋە ئاشىنا بۇكىند-
لەر بىلەن ئۇچراشتى، ئىشپارانىڭ تۇرالغۇسىغا 200 چاقىرىم
قالغاندا سەپ بولۇپ، ئۇنىڭ چېدىرىغا يېقىنلاشتى. ئىشپارا مۇدا-
پىئەگە ئۈلگۈرەلمىگەچكە، تاڭ قوشۇنلىرى تۇشمۇ - تۇشتىن
باستۇرۇپ كېلىپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ۋە
ئۆلتۈردى. ئىشپارا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى كۆيىيۇن ۋە كۆيئوغلى
يانچور قاتارلىقلار جېنىنى ئېلىپ شاشقا قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا
ئون ئوق رايونىدا ئۇزۇلدۇرمەي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغانلىق سەۋەب-
لىك، ھەممىلا جاينى خارابىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا سۇ-
دىڭفاڭ قوشۇننى ئارام ئالدۇرۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئۆزئ-
نىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا قايتىشنى بۇيرۇدى، يول ياساپ،
ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمـ-
دۈرۈپ يارىدارلاردىن ھال سوراپ، كېسەللەرگە رايون بەلگىلەپ
بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئىشپارا تەرىپىد-
دىن بۇلاپ كېتىلگەن مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي
ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئون ئوقلارنى خاتىرجەم قىلدى.
شۇنىڭدەك سۇ سىيىېنى قوشۇن بىلەن ئىشپارانى قوغلاشقا بۇيرۇ-
دى.

ئىشپارا شاشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۇدۇ شەھىرىگە قې-
چىپ بارغاندا، ئادەم ۋە ئاتلىرى ئاچ قالغاچقا، شەھەرگە ئۇنچە-
مەرۋايىتلار بىلەن ئات سېتىۋېلىشقا ئادەم كىرگۈزگەندە، شەھەر-
نىڭ ھۆكۈمرانى ئىنال تارقان تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، شاشقا
ئەۋەتىپ بېرىلدى. سۇسىيې شاشقا بارغاندا، شاشتىكىلەر ئىشپا-
رانى تاپشۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ھاكى-
مىيىتى مۇنقەرز بولدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ
پۈتكۈل زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلىدە ئىشپارا (ئاشىنا

قول) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇن ئوقلار رايونى (يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بىلەن ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى) دا كۈنلىنىڭ ۋە تىنىقنۇردىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى قۇردى. كۈنلىنىڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىدە، تىنىقنۇر قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىدە ئىدى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئاشىنا مىشنى سول قول باسقاق باش سانغۇنى، كۈنلىنىڭ قورۇقچى بېگى، شىڭ شىماڭ قاغانى قىلىپ تەيىنلەپ، بەش تۇغلۇقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى؛ ئاشىنا بۇكىنىنى ئوڭ قول باسقاق باش سانغۇنى، تىنىقنۇر قورۇقچى بېگى، جى ۋاڭجۇ قاغانى قىلىپ تەيىنلەپ، بەش ساداقلىقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاشىنا مىش بىلەن ئاشىنا بۇكىنگە بەيئەت قىلغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ئايماق باشلىقىدىن تۆۋەن مەرتىۋىلەرنى بېرىشنى بەلگىلىدى.①

ئاشىنا قول قولغا چۈشكەندە، سۈسىيېڭگە «مەن ئەسلىدە بىر ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئەسىر ئىدىم. تەيزۇڭ ئالىيلىرى ماڭا كەچۈرۈم بەرگەنىدى، ھالبۇكى مەن بولسام خىلاپلىق قىلدىم. مېنىڭ بۈگۈنكى مەغلۇبىيىتىم تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن جازاسىدۇر، مەن جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ، تەيزۇڭ ئالىيلىرىدىن گۇناھىمنى تىلەشكە رازىمەن» دېگەنىدى، تاڭ گاۋزۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بەكلا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى كەچۈرۈم قىلغانىدى. مىلادى 658 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى) قىش 11- ئايدا،

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى، «كونا تاڭنامە» 83 - جىلد بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 111 -جىلد «سۇدىڭفاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «كونا تاڭنامە» 4 - جىلد بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 3 - جىلد «گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»، «قانۇنلار قامۇسى» 155 - جىلد بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 297 -، 428 -، 968 - جىلدلىرىغا قاراڭ.

ئاشنا قول چاڭئەنگە يالاپ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىندى. ئۇنىڭ قوۋملىرىنى ئالتە تۇتۇق مەھكىمىگە بۆلۈپ،[1] ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى غەربىي ئىرانغىچە بولغان جايلاردىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئايماق تەسىس قىلىنىپ، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاشنا قول ئۆلۈپ، ئىلىك قاغاننىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

**(4) ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى غەربىي تۈرك-لەر - تۈرگەشلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئاشنا ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى**

غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى بىر-قانچە يىل ئىچىدە، غەربىي تۈركلەر ۋەقە سادىر قىلماي خاتىرجەم ئۆتكەندى. مىلادى 662 ـ يىلى (گاۋزۇڭنىڭ لوڭسو 2 ـ يىلى) قىش 12ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى سۇخەيجىڭ يارلىققا بىنائەن كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاشنا مىش بىلەن ئاشنا بۇكىننى قوشۇن بىلەن سۇخەيجىڭغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇغانىدى. سۇخەيجىڭ ئاشنا مىشنىڭ چېگرا-سىغا يېتىپ بارغاندا، ئاشنا بۇكىن ئاشنا مىش بىلەن بولغان ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ، سۇ خەيجىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاشنا مىشنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش نىيىتى بار دەپ چاققاندا، سۇخەيجىڭ ئاشنا مىشنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشنا مىشقا قاراپ تۇرۇپ ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە قاتتىق غۇم ساقلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي (چيەنفېڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، مىلادى 666ـ، 667ـ يىللار) ئاشنا بۇكىن ئۆلدى، بۇنىڭ بىلەن ئون ئوقلار ئىگىسىز قىلىپ،

---

① ئالتە تۇتۇق مەھكىمە يەنى بەگيان تۇتۇق مەھكىمىسى، ۋېنلو تۇتۇق مەھكىمىسى، جىشىن تۇتۇق مەھكىمىسى، قوش دەريا تۇتۇق مەھكىمىسى، يۇلتۇز تۇتۇق مەھكىمىسى، تۇز كۆل تۇتۇق مەھكىمىسىدىن ئىبارەت. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ كىتابنىڭ يەتتىنچى باب، ئۈچىنچى پاراگرافىغىمۇ قاراڭ.

قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا تۈرك ئاقسۆڭەكى ئاشىنا تۈرچى بىلەن لى تابەگ غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى يىغىپ، تۈبۈتلەرگە بەيئەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە تۈبۈتلەر قۇدرەت تاپقان بولۇپ، كۆپ قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قوزغىغانىدى، مىلادى 670ـ يىلى (شيەنفېڭنىڭ تۈنجى يىلى) ياز 4ـ ئايدا، غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى ئىشغال قىلىۋالدى. ياندۇرقى يىلى (شيەنخېڭنىڭ 2ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا تۈرچىنى سول قول پەخرى ئۇلۇغ سانغۇن قوشۇمچە بەگيان تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلەپ، بەش تۇغلۇقلارنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا قويدى. ئەمما، ئاشىنا تۈرچى ئۆزىنى ئون ئوق قاغانى دەپ جاكارلاپ، لى تابەگ ۋە تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەنشى (بۇ چاغدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى غەربىي ئايماقتا ئىدى، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) گە قىستاپ باردى، بۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى تۈبەتلەرنىڭ بىسىپ كىرگەنلىك سەۋەبى ۋە ھەر يىلى ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، قايتا يەنە يىراققا جازا يۈرۈش قىلىشقا قوشۇن چىقىرىشنى خالىماي، مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى فېي شىڭجىيەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، فېي شىڭجىيەننى غەربىي ئايماققا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، فېي شىڭجىيەن شىكار قىلىش باھانىسى بىلەن ئاشىنا تۈرچىنىڭ قەبىلىلىرى ئارىسىغا كەلدى، مىلادى 679 ـ يىلى (دياۋلۇنىڭ تۈنجى يىلى) كۈزدە، ئاشىنا تۈرجى بىلەن لى تابەگنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈردى. فېي شىڭجىيەن نائىب ئەلچى ۋاڭ فاڭيىنى ئەنشىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سۈياب شەھىرىنى بىنا قىلدۇرۇپ قايتتى.①

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى، 43 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» VI، 216 ـ جىلد «تۈبۈتلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى، 108ـ جىلد «فېي شىڭجىيەننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن 111 ـ جىلد «ۋاڭ فاڭيىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

مىلادى 685 ـ يىلى (ۋۇزېتيەننىڭ چۈيگوڭ تۇنجى يىلى) قىش 11ـ ئايدا، ۋۇزېتيەن ئاشنا مىشنىڭ ئوغلى ئاشنا يالچىننى سول قانات يۈچيەن قورغىنىنىڭ سانغۇنى، قوشۇمچە كۆنلىڭ قورۇقچى بېگى قىلىپ، ئاشنا مىشنىڭ ئورنىغا قاغانلىققا ۋارىسـ-لىق قىلغۇزۇپ، بەش تۇغلۇقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى؛ ياندۇرقى يىلى (چۈيگوڭنىڭ 2 يىلى) كۈز 7ـ ئايدا، يەنە ئاشنا بۇكىننىڭ ئوغلى قۇبىئارنى ئوڭ قانات يۈچيەن قورغىنىنىڭ سانغۇنى قوشۇمـ-چە تىنىقنۇر قورۇقچى بېگى قىلىپ، ئاشنا بۇكىننىڭ ئورنىغا قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلغۇزۇپ، بەش ساداقلىقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى. لېكىن، بۇ چاغدا دەل قۇتلۇق باشچىلىقىدىكى كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى قۇدرەت تاپقان بولغاچقا، ئون ئوق قەبىلىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، قوۋملىرى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەنىدى، شۇڭا قۇبىئار ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئامال قىلالماي، مىلادى 690 ـ يىلى (تيەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى) قىش 10ـ ئايدا 60 ـ 70 مىڭچە ئادەمنى توپلاپ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ باردى، ۋۇزېتيەن ئۇنى ئوڭ قول باستاق باش سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئىخلاسمەن قاغان دېگەن ئوتتۇغات نامىنى بەردى. مىلا-دى 700 ـ يىلى (جيۇشىنىڭ تۇنجى يىلى) 12ـ ئايدا، قۇبىئارنى قايتا غەربنى تىنجىتىش ئۇلۇغ باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، سۇياب قورغىنىغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى بولغان تۈرگەشلەر (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى-نىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان) بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇچ-ئېل دەسلەپتە باغا تارقان دېگەن نام بىلەن قۇبىئارغا بەيئەت قىلغانىدى. قۇبىئار شەپقەتسىز جازالارنى قوللانغاچقا، غەربىي تۈركلەرنىڭ قوۋملىرى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشنى خالىمىدى، ئەك-سىچە ئۇچئېل ئۆز قوۋملىرىنى دالالەت قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، يىراق ـ يېقىندىكى قوۋملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلـ-

دى، قۇبىتار ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمىدى. ئۇجىبىل ئۆزىنىڭ تۆۋىنىدە 20 نەپەر تۇتۇق تەسىس قىلىپ، ھەر بىرىنى 7 مىڭ ئەسكەرگە باش قىلىپ، سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئورۇنلاشتۇردى، كېيىن سۇياب شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئور-دىسىنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ، سۇياب دەرياسى بويىنى چوڭ ئوردا، ئىلى دەرياسى بويىدىكى گۇڭيۇ شەھىرىنى كىچىك ئوردا قىلدى. قۇبىتارنىڭ قوۋملىرى تارقىلىپ كەتكەچكە، تاڭ سۇلالى-سىغا كېتىپ، قايتا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇجىبىل ئۇ-نىڭ زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.①

مىلادى 704 ـ يىلى (چاڭئەننىڭ 3 ـ يىلى) باھار 1- ئايدا، ۋۇزېتىيەن قۇبىتارنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ قول بەھەيۋەت باسقاق سانغۇن ئاشىنا ھىدايەتكە ئون ئوق قاغانى دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. مىلادى 706 ـ يىلى (جوڭزوڭنىڭ شېنلۇڭ 2 ـ يىلى) كەبىسە 1- ئايدا ئۇجىبىلغا پەزىلەتلىك ئىنانچىخان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. قىش 12- ئايدا ئۇجىبىل ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى شاھكۆل ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ قوۋملىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى. ئۇجىبىلنىڭ قول ئاستىدىكى بۇرۇنقى سانغۇنى كۆل-چور سادىق قايىل بولماي، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى. كۆلچۈر سادىقنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، قوللاشقا ئېگە بولال-ماي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكىرى پىرقە دىۋان بېگى زوڭ چۇكې-غا پارە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەنشىدىكى قوشۇنلار بىلەن شاھكۆلگە جازا يۈرۈش قىلىشنى ھەمدە ئاشىنا شيەن (ئاشىنا يالچىنىنىڭ ئوغلى) نى قاغان قىلىپ، ئون ئوقلارنى دالالەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. زوڭ چۇكې فېڭ جيابىنىنى كۆلچۈر سادىقنى دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ھەمدە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى قوشۇنلارنى قوزغاپ، شاھكۆلگە جازا يۈرۈش قوزغىدى. بۇ چاغدا شاھكۆلنىڭ

---

① كونا ـ يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

ئات تەقدىم قىلىشقا كەلگەن ئەلچىسى پايتەختتە ئىدى، ئۇ بۇ سۈيىقەستنى ئۇقۇقاندىن كېيىن، تېزلىك بىلەن يول يۈرۈپ، شاھكۆلگە خەۋەر يەتكۈزدى. مىلادى 708 ـ يىلى (جىڭلوڭنىڭ 2 ـ يىلى) قىش 11- ئايدا، شاھكۆل ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، ئىنىسى تانۇنى قوۋملىرىنى ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۆلچۇر سادىقنى قولغا چۇشۇرۇپ، فېڭ جيابىننى ئۆلتۈرۈپ، ئەنشى (بۇ چاغدا ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى كۇسەندە ئىدى) نى ئىشغال قىلىپ، تۆت قورغاننىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شاھكۆل ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، زوڭ نى چۆكېنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما زوڭ چۆكې بولسا ئاشنا شيەننى ئون ئوق قاغانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاگنىدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، شاھكۆلگە جازا يۈرۈش قوزغىدى. شاھكۆلنىڭ بۇ قېتىمقى توپىلىڭىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى زوڭ چۆكېنىڭ پارىخورلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، خۇددى ئەينى ۋاقىتتا شاھكۆلنىڭ ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچى بېگى گويۇەنجىنگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا «مېنىڭ دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق ئىدى، پەقەت كۆلچۇر سادىق بىلەنلا ئاداۋىتىم بار ئىدى. زوڭ دىۋان بەگ كۆلچۇرنىڭ پارىسىنى ئالغاندىن كېيىن مېنىڭ قوۋملىرىمگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، پاردەمچى تەپتىش فېڭ جيابىن، قورۇقچى بەگ نيۇلار كەلگەندە، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرسام بولامتى! ئاڭلىشىمچە يەنە ئاشنا شيەنمۇ كېلىدىكەن، ئۇ كەلسە ئايماق، قورۇللار پاراكەندە بولۇپ، تىنچلىق بولمىغۇدەك. شۇڭا، ئەلچى جانابلىرى ئويلاپ بىر ئىش قىلغايلا» دەپ ئېيتقىنىدەك ئىدى. گويۇەنجىن شاھكۆلنىڭ مەكتۇپىنى ئوردىغا يەتكۈزۈپ بەرگەچكە تاڭ جۇڭزوڭ شاھكۆلنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئون تۆت ئوق قاغانى (غەربىي تۈركلەر ئەسلىدە ئون قەبىلە ئىدى، قارلۇق، يەنمىيەن،

باغا تارقان، دومىچ قەبىلىلىرىنى قوشۇۋېلىپ، جەمئىي 14 قەبىلە بولغانىدى) دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. ياندۇرقى يىلى (جىڭلوڭنىڭ 3- يىلى) كۈز 7- ئايدا، شاھكۆل تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىنى تاۋاپ قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى، تاڭ جوڭزوڭ ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىپ، سادىق دېگەن ئىسمىنى ھەدىيە قىلدى.[①]

مىلادى 711 - يىلى (رۇيزوڭنىڭ جىڭيۈن 2 - يىلى) قىش 12- ئايدا، تاڭ سۇلالىسى شىڭشىماڭ قاغان ئاشىنا شيەننى ئون ئوقلارنى دالالەت قىلىشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. 714 - يىلى (شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 2 - يىلى) ئون ئوقلارنىڭ ئاقساقىلى دۇتەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. باھار مارتتا، ئاشىنا شيەن سۇياب قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ، دۇتەننى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ، 20 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى بەيئەت قىلدۇردى. قىش 12- ئايدا، ئون ئوقلارنىڭ ئىچىدىكى قويلاۋ قاتارلىق قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق[②]قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە كېلىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى جى باڭجى قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىگە بېرىپ ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. بۇ چاغدا ئون ئوقلاردىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون مىڭ ئۆيلۈكتىن ئېشىپ كەتتى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى خۇاڭخې دەرياسىدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاغا ئورۇنلاشتۇردى.

شۇ يىلى (شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 2 - يىلى) تۈرگەشلەرنىڭ

---

① يېڭى - كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى، يېڭى تاڭنامە 4 - جىلد، كونا تاڭنامە 7 - جىلد «جوڭزوڭ ھەققىدە خاتىرە»، يېڭى تاڭنامە 122 - جىلد، كونا تاڭنامە 97 - جىلد «گوبۈەنجېننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 209 - جىلد، تاڭ جوڭزوڭنىڭ جىڭلوڭ 2 - يىلى قىش 11. ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

② بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋۇزېتيەننىڭ چاڭئەن 2 - يىلى (مىلادى 702. يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئايماق ئورنى بېشبالىقتا ئىدى.

قاغانى سادىقنىڭ ئىنىسى تاڭۇ ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن قەبىلىنى ئاز كۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ كېيىنكى تۈركلەرگە بېقىنىپ، بەگچور قاغاننىڭ سادىق (شاھكۆل) گە جازا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن يول باشلىغۇچى بولدى. بەگچور 20 مىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ شاھكۆلگە زەربە بېرىپ، ئۇنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى، ھەمدە تاڭۇنىڭ ئاكىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. بەگچۇر يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، قويلاۋ (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىخۇ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا)، چونىس (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا) ۋە قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلدى، تاڭ سۇلالىسى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى قوشۇن ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئاشىنا شيەنگىمۇ ئۆز ئارا ماسلىشىشنى ئۇقتۇردى.

تۈرگەشلەرنىڭ قاغانى سادىق (شاھكۆل) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قاغانى بەگچۇر قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى، سادىقنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن قالدۇق قەۋملەرنى يىغىپ، ئۆزى قەبىلە ئاقساقىلى بولدى. سۇلۇ قول ئاستىدىكىلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولغاچقا، ئۇن ئوقلارمۇ پەيدىنپەي ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ، 200 مىڭ قوۋمگە ئىگە بولۇپ، غەرب تەرەپنى ئىگىلەپ تۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. مىلادى 715- يىلى (كەييۇەننىڭ 3 ـ يىلى) قىش 12- ئايدا، تاڭ شۈەنزوڭ سۇلۇنى سول قانات قىسىملار باش سانغۇنى، غەربىي يولنى باشقۇرغۇچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. 719 ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 7 ـ يىلى) قىش 12- ئايدا، دەربىجىسىنى ساداقەتمەن قاغان دېگەن نامغا كۆتۈردى ھەمدە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ سۇيابتا تۇرۇشىغا قوشۇلدى. 722 ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 10 ـ يىلى) قىش

12 ـ ئايدا، يەنە ئاۋۋالقى ئون ئوق قاغانى ئاشنا ھىدايەتنىڭ قىزىنى يارغۇل مەلىكىسى قىلىپ سۇلۇغا ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە سۇلۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئىناق ئۆتتى.①

سۇلۇ ئىلگىرى ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن ئولجىلىرىنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، قوۋملىرى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن كېيىنكى تۈرك ۋە تۈبۈتلەر بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، كېيىنكى تۈركلەر بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ مەلىكىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. سۇلۇ بۇ ئۈچ مەلىكىنى ئوخشاشلا «خاتۇن» (تۈرك تىلىدا خانىم دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى، ھەمدە بىرنەچچە ئوغلىنى يابغۇ قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېتىدىغان خىراجىتىمۇ زورىيىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئولجا ئالغان غەنىيمەتلەرنى قايتا قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرمىگەچكە، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن باغاتارقان بىلەن دومىجىنىڭ قەبىلىلىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، سۇلۇنىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلىسىمۇ ئىچكى قىسىمدا سېرىق ۋە قارا جەمەت دەپ ئىككى جەمەتكە ئايرىلغاچقا، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن پۈت تېپىشتى. مىلادى 738 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 26 ـ يىلى) ياز 7 ـ ئايدا، باغا تارقان قوشۇن بىلەن سۇلۇغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. دۇمىج دەسلەپتە باغاتارقان بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنىدى، كېيىن ئۇنىڭ پىكرى باغاتارقاننىڭ پىكرى بىلەن بىر يەردىن چىقمىغاندىن كېيىن، سۇلۇنىڭ ئوغلى قۇتچۇرنى تۇغشاد قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى توپلاپ، باغا تارقانغا ھۇجۇم قىلدى. باغاتارقان تاڭ سۇلالىسىگە

① كونا ـ يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرز قىلدى، تاڭ شۈەنزوڭ غەربىي قوملۇقنىڭ ھىمراۋۇلى گەيجىيايۈننى تۈرگەشلەرنى يىغىپ دالالەت قىلىش بىلەن پەرغانىنىڭ غەربىدىكى بەگلىكلەرنى دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەمما تۇغشاد بىلەن دومىچ سۈياب شەھرىدە تۇرۇپ، قارا تۈرگەشلەرنىڭ قاغانى ئىرۋاتېگىن تالاس شەھرىدە تۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى.① مىلادى 739 - يىلى (كەييۈەننىڭ 27 - يىلى) كۈز 8- ئايدا، گەي جيايۈن قوشۇن بىلەن سۈياب شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تۇغشادنى تىرىك تۇتتى، سۇلى قورغىنىنىڭ تۇرغاق ئەلچىسى بىلەن پەرغانە بېگىنى تالاس شەھرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، قارا تۈرگەشلەرنىڭ قاغانى ئىرۋا تېگىننى تۇتۇپ، ئىلكەنت شەھرىگە كىرىپ، يارغۇل مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ، تارقىلىپ كەتكەن قوۋملەردىن نەچچە ئون مىڭ ئاھالىنى يىغىپ، پەرغانە بېگى ئارسلان تارقانغا تاپشۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسى غەربىي چېگرانى تېخىمۇ زىلزىلىگە سالدى.② چۇمۇكۇن، چونىس، قويلاۋ قاتارلىق قەبىلىلەر ئىلگىرى تۈرگەشلەرگە قارايتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوۋملىرىنى ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

تۇغشاد چاڭئەنگە يالاپ ئېلىپ بېرىلغاندا، تاڭ شۈەنزوڭ ئۇ-

① كونا - يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

② ئارسلان تارقان تۇغشاد بىلەن ئىرۋا تېگىننى تىنجىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان شاھزادە، دېگەن ئۇنۋانلارنى بەرگەنىدى، تيەنباۋنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 744 - يىلى) ئۇنىڭغا خې بى مەلىكىنى ياتلىق قىلدى، ھەمدە ئۇ مەكتۇپ يېزىپ ئۆز ئېلىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، تاڭ شۈەنزوڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىنىڭ نامىنى «نىڭيۈەن» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ شېرىم ئۇقىغانلىرىنىڭ فامىلىسى بولغان «دۇ» فامىلىسىنى تەقدىم قىلدى («يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ داۋامىدىكى نىڭيۈەن بەگلىكى بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 999. جىلدىغا قاراڭ). «تاڭ مەكتۇبلىرى»دا تاڭ شۈەنزوڭنىڭ خې بى مەلىكىنى ئارسلان تارقانغا ياتلىق قىلىش توغرىسىدا يېزىلغان پەرمانىمۇ بار.

نىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى سول ياساۋۇلخانا سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. مىلادى 740 - يىلى (كەييۈەننىڭ 28 - يىلى) باھار 3- ئايدا، تاڭ شۈەنزوڭ كەي جيايۈننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئاشىنا ھىدايەتنىڭ ئوغلى ئاشىنا فۇئاتنى ئون ئوق قاغانى قىلىپ تىكلەپ، غەربىي تۈركلەرنى دالالەت قىلىشقا قويدى. ئاشىنا فۇئاتنىڭ ئايالى لى خانىمنى يارغۇل مەلىكىسى قىلىپ تەيىنلىدى. باغا تارقان ئاشىنا فۇئاتنىڭ قاغان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، «سۇلۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەن پىلانلىغانىدىم. ھازىر ئاشىنا فۇئات قاغان قىلىپ تىكلەندى، ماڭا قادداقىسىغا ئىنئام بېرىلمەيدىكەن» دەپ، قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئىسيان كۆتۈردى. تاڭ شۈەنزوڭ بۇنىڭ بىلەن باغا تارقاننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، تۈرگەشلەرنىڭ باشقۇرۇشقا قويدى ھەمدە گەي جيايۈننى يارلىق بىلەن يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. قىش دېكابىردا، باغا تارقان قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. مىلادى 742 - يىلى (تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى) باھار 3- ئايدا، تاڭ شۈەنزوڭ ئون ئوق قاغانى ئاشىنا فۇئاتنى قوشۇن بىلەن قوغداپ، سۇياب شەھىرىنىڭ غەربىدىكى قۇلان شەھىرىگە يولغا سالغاندا، باغا تارقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، يارغۇل مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئاشىنا سادىق تاڭ سۇلالىسىگە قېچىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەردە ئاشىنا جەمەتى ئاخىرلاشتى.

مىلادى 744 - يىلى (تيەنباۋنىڭ 3 - يىلى) ياز 5- ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېشىدىكى ھىراۋۇلى تۈرگەشلەرگە جازا يۈرۈش قىلغاندا، باغاتارقاننى ئۆلتۈرۈپ، قارا تۈرگەشلەردىن بولغان ئېل ئىتمىش قۇتلۇق بىلگە قاغاننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. 6- ئايدا تاڭ شۈەنزوڭ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا ئون ئوق قاغانى دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. قۇتلۇق بىلگە قاغان تەختتە ئول-

تۇرغان 12 يىل ئىچىدە، تاڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. مىلادى 753 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 12 ـ يىلى) كۈز 9 ـ ئايدا، قارا تۈرگەشلەرنىڭ قاغانى ئالماشقاندا، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا (قارا تۈرگەشلەردىن بولغان تەڭرىدە ئەل ئېتمىشكە ئوتتۇغات نامىنى بېرىپ، تۈرگەش قاغانى قىلدى) ئوتتۇغات نامىنى بەردى. سۈزۈكنىڭ جىدى يىللىرى (756 ـ، 757 ـ يىللار) دىن كېيىن، تۈرگەشلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. قارا تۈرگەشلەر بىلەن سېرىق تۈرگەشلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا قاغان تىكلەپ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بىراق، تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ۋەقە كۆپ يۈز بېرىپ، ۋاسساللارنىڭ توپىلاڭلىرىغا پېتىپ قالغاچقا، ئەمدىلىكتە غەربىي چېگرىغا چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى.①

(5) غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى

ئەسلىدە شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بىر ئىدى، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركلەردىن بۆلۈنۈشى بولسا يەنىلا تۈركلەرنىڭ سىياسىي تەسىرىنىڭ شەرق ۋە غەربكە كېڭەيىشى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ تۈركلەرنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەمەس ئىدى. يازما مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى تەخمىنەن 100 يىل (مىلادى 562 ـ، 657 ـ يىللار) غىچە مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى شەرقىي تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش، باشتىن ـ ئاياغ قۇلدارلىق تۈزۈم ئىدى. تۈركلەرنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى يات مىللەتتىن بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سېلىش بولغاچقا، چوقۇم يات مىللەت

① «كونا تاڭنامە» 8 ـ، 9 ـ جىلد «شۈەنزوڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ ئالدىنقى ۋە تۆۋەنكى قىسمى، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 214 ـ جىلد «تاڭ خاتىرىلىرى» گە قاراڭ.

ئاھالىلىرىنى كۆپلەپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىلا، ئاندىن قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى، شۇڭلاشقا ئاھالىلەرنى بۇلاش، بولۇپمۇ ئاھالىلەرنى كۆپلەپ بۇلاش، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ شەرتى ۋە ئالدىنقى شەرتىگە ئايلانغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ياكى رەسمىي شەكىللىنىشىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ بىرىنچى جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، شۈەنزاڭنىڭ ئۆزى جېنگۇەننىڭ 2 - يىلى (مىلادى 628 - يىلى) تالاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن ئون نەچچە چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان جايغا يېتىپ بارغاندا، «بىر يالغۇز شەھەرنى كۆرگەن، شەھەردە ئۈچ يۈز تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالە تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەنلەر بولۇپ، دەسلەپتە ئۇلارنى تۈركلەر بۇلاپ ئېلىپ كەلگەن، كېيىن تۈركلەرنىڭ دۆلىتىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ شەھەرنى ئىگىلەپ، ئۆي - ئىمارەت سېلىپ ئولتۇرغان. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تۈركلەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، بىراق تىل، شىۋە، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىلا ساقلاپ قالغانىدى.»

تالاس دەرياسى ۋادىسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستاندا) غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش ساداقلىقلار قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت رايونى بولۇپ، ئۇ يەردە غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنىپ قۇل قىلىنغان 300 تۈتۈندىن ئارتۇق خەنزۇ ئاھالىسى بولسىمۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ نىمە سەۋەبتىن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، بىر كىچىك شەھەردە ماكانلاشقانلىقىنى بىلگىلى بول-

مايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ دەسلەپتە قۇللۇق ئورنىدا تۇرغانلىقى ئىنايىن ئېنىق ئىدى. بۇ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق تۇتۇننىڭ، ھەر بىر تۇتۇنىدە بەش جاندىن ئارتۇق نوپۇس بار دەپ ھېسابلانسا، ئادەم سانى 1500 دىن 2000 غىچە يېتىدۇ. بۇ بىر ـ ئىككى مىڭ ئادەم، غەربىي تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى بولاپ قۇل قىلغان ئاھالە نوپۇسىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت بو-لۇپ، بولاپ كېلىنىپ كېيىن قۇللۇقتىن بوشىتىلمىغانلارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىكىنى تېخى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت، تيەنباۋنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 751 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تىنجىتقۇچى ھىراۋۇلى گاۋشى-يەنجى بىلەن بىرلىكتە يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان دۇخۇەنمۇ تالاس دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئۆزى-نىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا شۇ جايدىكى غەربىي تۈركلەر بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئەسىرلەرنى قۇللارغا ئايلاندۇرغانلىق ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

«دەريا بويىدا غەيرىي پەمىلىلىك قەبىلىلەر بىلەن غەيرىي پەمىلىلىك تۈركلەر بار، ھەر قايسىسىنىڭ مىڭلاپ قوشۇنى بار. شەھەردە ئارىلاش ئولتۇراقلاشسىمۇ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشى-نىلا كۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېكىنچىلاردىن بولۇپ، سا-ۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىشىپ بىر ـ بىرىنى ئەسىر ئېلىپ، قۇل ـ دېدەك بولايدۇ.»①

بۇ دەل غەربىي تۈركلەرنىڭ يات مىللەتلەرنى كۆپلەپ بولاڭ قىلىپ قۇل قىلىدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. ئەگەردە ئەينى

① «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ داۋامىدىكى كاڭگىيە ماددىسىدىمۇ «سۇياب دەرياسى نەچچە مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلىدۇ، ئۇ يەردە غەيرى پەمىلىلىك تۈركلەرنىڭ نەچچە ئون مىڭ قوشۇنى بار. ئېكىنچىلىرىمۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، ئۆزئارا قۇل ـ دېدەك بولايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ۋاقىتتىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق جەمئىيەت بولمىسا، ئۇنداقتا بۇنچىۋالا كۆپ ئەسىرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قۇل قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا بىز جىنگۇەننىڭ 16 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئېل بىلگە تۇغلۇق قاغانى كانگىيگە ھۇجۇم قىلىشىدا، «مەرۋىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئاھالىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، زىلولەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، (مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئاھالىلەرمۇ قۇل دەپ قارالغان، ھۇنلار قۇللارنى زىلۇ دەپ ئاتايتتى) قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرمىگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنى نىشۇچور بايلىقلارنى تارتىۋالغان، تۇغلۇق قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نىشۇچورنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنى قويلاۋ ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇغلۇق قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن كۆپلەپ قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ، دۆلىتى مالىمانچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغان»[①]دەپ تىلغا ئالغاندۇق، بۇ تارىخىي پاكىت غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دائىم ۋە ھەمىشە يات مىللەتلەردىن بولغان ئاھالىلەرنى كۆپلەپ قول قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قۇللارنى مونوپول قىلىش ۋە تالىشىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قۇللارنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەردە غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق جەمئىيەت بولماي، قۇللار غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ مەۋجۇت بولمىغاندا، بۇ قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر يەنە قانداقسىگە قۇللارنى تالىشىپ «دۆلەتنى مالىمانچى-

① يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.

لىق»قا گىرىپتار قىلىدۇ؟

نىھايەت، شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 647 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىشپارا قاغانى (ئاشىنا قۇلى) قولغا چۈشكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى سۇدىڭفاڭ «ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا قايتىشنى بۇيرۇدى، يول ياساپ، ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمدۈرۈپ، كېسەللەرگە دائىرە بەلگىلەپ بېرىپ، ئىشپارا تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى تىنجىتتى.[①] ئاشىنا قۇلى «بۇلاپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەر» بەلكىم بۇلاپ كېتىلگەن مال - مۈلۈكلەرنى ھەم بۇلانغان ئاھالىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش» دېگەنلىك بۇلانغان مال - مۈلۈكلەرنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ھەم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ قۇل قىلىنغان ئاھالىلەرنى قايتىدىن ئاددىي خەلقلەرگە ئايلاندۇرماسلىق دېگەنلىك ئەمەس ئىدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىگە دائىر ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى خاتىرىلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىنىڭ يەنىلا قۇلدارلىق تۈزۈمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى قىسقىچە بولسىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئەكسىچە كونا - يېڭى «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن باشقا ماتېرىياللار (مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تەكشۈرسەك، غەربىي تۈركلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ماچاڭشۇ ئەپەندى «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»[②] ناملىق ئە-

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى.
② شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1975 - يىل نەشرى.

سىرى بىلەن «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ئۆزگىرىشى»[1] ناملىق ماقالىسىدە، غەربىي تۈركلەر ئەسىرلەرنى بۆلەك-تالاڭ قىلىپ قۇل قىلغان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇق فورماتسىيىلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە، قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەي، ئىپتىدائىي جامائەدىن بىۋاسىتە فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن دەپ قارىغانىدى. ماچاڭشۇ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي يۇرتتىكى شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى، غەربىي تۈركلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ھەمدە خېلى بالدۇرلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدى، شۇڭا غەربىي تۈركلەر دەسلەپتە (VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە) قوللانغاندەك، مەسىلەن، كۇسەن بەگلىكىگە قاراتقانغا ئوخشاش ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقنى قوللىنىپ، كۇسەن بەگلىكىنى «چوڭ-كىچىك قېرى ياشلارنى پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىپ، لام - جىم دېيەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش» ئۇسۇلى، ئەمدىلىكتە ئاقماس بولۇپ قالدى. مىلادى 619 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى خۇاڭ تەيىنىڭ 2-يىلى) گە كەلگەندە، تونيابغۇ قاغان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە قارىتا بىر خىل يەنى «غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىكلىرىگە ئېلتەبىرلىك ئۇتۇغاتىنى بېرىش، ھەمدە بىر نەپەر تۇدۇننى ئەۋەتىپ، باج - سېلىق يىغىشقا نازارەتچىلىك قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. ماچاڭشۇ ئەپەندى ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ، بۇ خىل شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تەشكىلىنى ئۆزگەرتمەي، پەقەت ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ مۇستەقىل بەگلىك نامىنى ئېلىپ تاشلاپ،

[1] «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1958 - يىل 3 -، 4 - بىرلەشمە سانى.

«ئېلتەبىر» گە ئۆزگەرتىشى، ئۇلارنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ بىردىن «تۇدۇن» نامىدىكى ئەمەلدارلارغا نازارەت قىلىشقا ۋە باج ـ سېلىق يىغىشقا ئەۋەتىش ئۇسۇلى بولسا، فېئوداللىق ئۇسۇل ئىدى.

لېكىن مەن بۇ خىل ئۇسۇلنى غەربىي تۈركلەر بارلىققا كەلتۈرگەن ئەمەس، ھەم پەقەت فېئوداللىق جەمئىيەتتىلا قوللىنىلغان ئۇسۇل دەپ قارىمايمەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 92- يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ جېڭخې تۇنجى يىلى) دىلا، ھونلارنىڭ غەربىدىكى باتىسقانى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن چاكارلار كاھىدگىنى تەسىس قىلىپ، دائىم ئاگنى، ۋائىرىيە، لوپنۇر ئارلىقلىرىدا تۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنى نازارەت قىلغان ۋە باج ـ سېلىق يىغقانىدى.① ئەينى ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان بۇ خىل ئۇسۇلى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇدۇن ئەۋەتىپ نازارەتچىلىك قىلىش ئۇسۇلىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش ئىدى. ماچاڭشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھۇن قەبىلە دۆلىتىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمى» ناملىق ماقالىسىدە ھۇنلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكى بىلەن غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇلىنى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ئۇسۇل دەپ مۇقىملاشتۇرغان ئىكەن، نېمە ئۈچۈن غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇدۇن ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىن باج ـ سېلىق ئېلىشى، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭدىن سىرت غەربىي تۈركلەر VII ئەسىرنىڭ باشلىرى (تونيابغۇ قاغان تەختتە ئولتۇرغان 619 ـ يىلىدىن كېيىن) دا ئاللىقاچان فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ئىكەن، ئۇ ھالدا قۇللارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىكار قىلىپ قۇل بولاشنى ئەڭ تۆۋەن

① «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.

دەرىجىدە بولسىمۇ چەكلىنىشى كېرەك ئىدى؛ نېمە ئۈچۈن ئېل
بىلگە تۇغلۇق قاغان VII ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ
يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى كۆپلەپ قۇل بولايدۇ؟ ھەتتا
VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىمۇ (يەنى مىلادى 619 ـ
يىلىغىچە ئارىلىقتا 130 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن) ، غەربىي
تۈركلەر يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپلەپ قۇل بولايدۇ؟ ماچاڭشۇ
ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن
ئوتتۇرىغا قويغان «غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قە-
دىمكى ئەللەردە ساقلىنىپ قالغان ئەسلىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمە-
نىڭ ئاساسى، غەربىي تۈركلەرنى فېئوداللىزم يولىغا مېڭىشقا
تۈرتكە بولغان» دېگەن يەكۈنىگە كەلسەك، ئۇ ئەسىردە غەربىي
تۈركلەرنىڭ فېئوداللىزم يولىغا قانداق ماڭغانلىقى بىلەن غەربىي
تۈرك جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىزمىنىڭ قانداق كونكرېت شەكىلگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ماچاڭشۇ ئەپەندى غەربىي تۈركلەرنىڭ غەر-
بىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە قاراتقان باج يىغىش رەسمىيەتلىرى
بىلەن باجنىڭ نورمىسىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى تاپقىلى
بولمايدۇ دەپ قاراپ، تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتنى ئىسپات كەلتۈر-
گەنىدى. بىرىنچى، «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى» نىڭ قوچۇ بەگلىكى ماددىسىدا «دەسلەپتە چۈۋېنتەي
غەربىي تۈركلەرنىڭ يوقۇق شادىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆپلەپ
بېرىپ، جىددىي پەيتتە غەربىي تۈركلەرنىڭ سىرتتىن ماسلىشىش-
نى قولىغا كەلتۈرمەكچى بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ماچاڭشۇ
ئەپەندى بۇنى قوچۇ بەگلىكىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە تاپشۇرغان
فېئوداللىق خاراكتېرىدىكى پۇل بېجى دەپ چۈشىنىش كېرەك
دەپ ھېسابلايدۇ. ئىككىنچى، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى مېھرى-
شەپقەتلىك ئىبادەتخانىدىكى ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىك ئۇستازى

ئاچاريانىڭ تەرجىمىھالى» دا قوچۇ بېگى چۇۋېنتەينىڭ تاڭ سۇلالە-سىنىڭ راھىبى شۈەن زاڭنى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى تونيابغۇ قاغاننىڭ ئوردىسىغا قوغداپ ئەۋەتكەنلىكى بىلەن مەكتۇپ ئەۋە-تىپ، قاغاندىن شۈەن زاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلىپ، بۇددا نومى-نى ئەكىلىشكە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ھەمدە قاغانغا 500 توپ شايى، ئىككى هارۋا مېۋە تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەن-گەن. ماچاڭشۇ ئەپەندى بۇنىمۇ بېقىندى بەگلىك بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتنىڭ دەلىلى قىلىپ قارىغان. مەن بۇ ئىككى پاكىتنى پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ دەپ قارايمەن. چۈنكى بىرىنچىدىن «يې-ڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى قوچۇ بەگلىكىگە دائىر مەزمۇنلار بىلەن «كونا تاڭنامە» 69 ـ جىلد «خوجۇنجە-نىڭ تەرجىمىھالى» نى تولۇق كۆرۈپ چىقساق، ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ بېگى چۇۋېنتەينىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، غەربىي تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى، تاڭ سۇلالىسى خوجۇن-جىنى زور قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشكە ئەۋەتكەندە، چۇۋېنتەي قورقۇپ كېتىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ يوقۇق شادىغا كۆپلىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بېرىپ، جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ، سىرتتىن ماسلىشىپ، تاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، قانداقسىگە قوچۇ بەگلىكى-نىڭ غەربىي تۈركلەرگە قەرەللىك مۇدەتتە تاپشۇرۇلىدىغان فېئو-داللىق خاراكتېرلىك پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان بىجى دېگىلى بولسۇن؟ «خوجۇنجىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ناھايىتى ئۇچۇق خاتى-رىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «دەسلەپتە چۇۋېنتەي غەربىي تۈركلەر-نىڭ يوقۇق شادى بىلەن تاڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە، سىرت-تىن ماسلىششقا كېلىشكەنىدى. بىراق خوجۇنجى قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە، يوقۇق شاد قورقۇپ كېتىپ غەربكە مىڭ

چاقىرىملىق يىراقلىقتىقا قېچىپ كەتتى» دېيىلگەن. ئىككىنچى، جۇۋېنتەي تونيابخۇ قاغانغا ھەدىيە قىلغان شايى بىلەن مېۋە - چېۋە نوقۇل خۇسۇسىي خاراكتېردىكى سوۋغا - سالام بولۇپ، بۇنى «ئۇچ ئاغىلىق نوم بىتىك ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 1 - ۋە 2 - جىلدىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بىر كۆرۈپلا بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تونيابخۇ قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇشاد قوچۇ بېگى جۇۋېنتەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقان ئىدى، شۇڭا قوچۇ بېگى سوۋغا-سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ، ياردەم سورىغان بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ھەرگىز بېقىندى ئەل بىلەن قاغانلىق دۆلىتىنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاچقۇچى دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىنى فېئوداللىق جەمئىيەت دېگەن قاراشنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.①

**(6) غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تارقالغان جايلىرى**

غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى (يەنى جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەر)، ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى: ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش سادا قىلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئاساسلىق قەبىلە بولۇپ، بۇ ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ ھەر بىرىدە بەشتىن كىچىك قەبىلە بار ئىدى. بۇ ئون قەبىلىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى

---

① مەرھۇم ماجاڭشۇ ئەپەندى ئازادلىقتىن كېيىن، قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بىر قەدەر بالدۇر تەتقىق قىلغان تەرەققىيپەرۋەر ئالىم ئىدى، ھەم مېنى بەكلا قەدىرلەيدىغان دوست بۇرادىرىم ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم تەلىم ئېلىپ، خېلى كۆپ نەپكە ئېرىشكەنىدىم. بۇ يەردە مېنىڭ پىكىرلىرىم ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغايتتى، مۇشۇ پاراگراف بىلەن ئالدىنقى مەزمۇندىكى «كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قولدارلىق تۈزۈمى» دېگەن پاراگرافتىكى ئۇنىڭ قاراشلىرى بىلەن مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىم، مېنىڭ ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلغاندىكى خاتىرىلىرىم بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىمنى بىلدۈرىمەن.

توغرىسىدا، تارىخنامىلەردە ئېنىق دەلىل بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى بۇرۇن ئىستەمى (مىلادى 562 ـ، 576 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەۋرىدە مەۋجۇت ئىدى. «كونا تاڭنامە تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:

«دەسلەپتە ئىستەمى تەگرىقۇتقا ۋاكالىتەن ئون چوڭ قەبىلە باشلىقىنى ئىدارە قىلغان، ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى، غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ دۆلەتلىرىنى دائىم تىنجىتىپ تۇرغان، ئۆزىنى ئون قەبىلىلىك قاغان دەپ ئاتىغان، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز قوۋمىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن.»

بۇ ئون قەبىلە يۇقىرىدىكى ئون قەبىلە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپلەپ ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكى، بولۇپمۇ مىلادى 628 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 2 ـ يىلى) تونيانغۇ قاغان تاغىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، تاغىسى ئۆزىنى باغادۇر كۆل بىلگە قاغان دەپ ئاتىغاندا، قوۋمدىكىلىرى قايىل بولماي، ساداقلىقلار قەبىلىسىدىكىلەر نىشۇ باغاشادنى قاغان قىلىپ تىكلىدى، بۇنىڭ بىلەن ساداقلىقلار قەبىلىسىدىكىلەر ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشكە ئارىلاشقاچقا، قوۋملىرى كۆپلەپ تاراپ كەتتى. مىلادى 632 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 6 ـ يىلى) يەنە ئىزىيابغۇ قاغان ئۆزى بىلەن باشقا جەمەتتىن بولغان ئېل قاغان (كىچىك قاغان) نى ئۆلتۈرۋەتكەندە، قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغاچقا، بىي تارقان بىلەن ساداقلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئىزىيابغۇ قاغان كانگىيگە قېچىپ كەتتى. كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن نىشۇ باغادۇر شادنى ئىشپارا تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلىگەندىن كېيىنلا، غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى

ئاندىن ئىنجىدى،[1] شۇڭا مىلادى 634 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 8 ـ يىلى) تۇغلۇق قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى توڭئاشاد تەختكە چىقىپ، ئىشپارا ئېلتىرىش قاغان دەپ ئاتالغان مەزگىلدە، ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ تۇغلۇقلار بىلەن ساداقلىقلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن بوشىشىپ كەتكەنىدى، ھەتتا بەزىدە تەستە كونترول قىلاتتى. شۇڭا ئىشپارا ئېلتىرىش قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئون قەبىلىگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىلادى 638 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 ـ يىلى) يەنە بۇ ئون قەبىلىنى قايتا تەرتىپكە سالدى. «كونا تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئېلى ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن ھۆكۈمران قويۇلۇپ، نامى ئون شاد دەپ ئاتالدى. ھەر بىر شادقا بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلگەچكە، شۇڭا ئۇلار ئون ئوق دەپمۇ ئاتالدى. يەنە كېلىپ ئون ئوقنى سول ۋە ئوڭ شادقا ئايرىپ، ھەر بىر شادنىڭ قارمىقىدا بەشتىن ئوق تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىكى سول شادنىڭ نامى بەش تۇغلۇقلار بولۇپ، بەش چور تەسىس قىلىنىپ، ھەر بىر چور بىردىن ئوقنى باشقۇردى. ئوڭ شادنىڭ نامى بەش ساداقلىقلار بولۇپ، بەش ئېركىن تەسىس قىلىنىپ، ھەر بىر ئېركىن بىردىن ئوقنى باشقۇردى، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئون ئوق دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر ئوق بىر قەبىلە دەپ ئاتالدى، باش ئوق بېشى باش ئاقساقالغا ئايلاندى. بەش تۇغلۇقلار سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىگە، بەش ساداقلىقلار سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىگە ئولتۇراقلاشقانىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئون ئوق قەبىلىسى دەپ ئاتالدى.»

---

[1] «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

بۇ ئابزاس خاتىرىدە ئىككى ئورۇندا خاتالىق بار، جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك: بىرىنچى، «شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېلى ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن» دېگىنى غەربىي تۈركلەردە ئەسلى بۇ ئون قەبىلە يوق بولۇپ، ئېلتېرىش قاغاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئاندىن ئون قەبىلىگە ئايرىلغان دېيەلىكتۇر. بۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، تۇغلۇق ۋە ساداقلىقلار دېگەن نام تارىخنامىلەردە ئەڭ دەسلەپ، جېنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، يېڭى - كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا جېنگۇەننىڭ 2- يىلى «ساداقلىقلار قەبىلىسىدىكىلەر نىشۇ باغا شادنى قاغان قىلىپ سايلىدى»، جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى «بىي تارقان بىلەن تۈركلەرنىڭ ساداقلىقلار قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئىزىيابغۇ قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى «تاڭنامە. ئاگنى تەزكىرىسى» دە يەنە جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى «غەربىي تۈركلەرنىڭ باغاشادى تۇغلۇق ۋە ساداقلىقلار قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن كېلىشەلمىگەچكە، ئاگنىغا قېچىپ باردى، تۇغلۇقلار بىلەن ساداقلىقلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى»① دەپ خاتىرىلەنگەن، ۋەھاكازالار. ئىككىنچى، «ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن ھۆكۈمران قويۇلۇپ، نامى ئون شاد دەپ ئاتالدى. ھەر بىر شادقا بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلگەچكە، شۇڭا ئۇلار ئون ئوق دەپمۇ ئاتالدى» دېگەندىكى شاد خاتا بولۇپ قالغان، چۈنكى ئون ئوق قەبىلىسىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن شاد تەيىن قىلىنغان، ئەمما ئۇلاپلا بەش تۇغلۇقلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىدە بىردىن چور، بەش ساداقلىقلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىدە بىردىن ئېركىن

---

① «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 94 - جىلدتىكى ئىشبارا ئېلتېرىش قاغاننىڭ بۇ ئون قەبىلىنى تەرتىپكە سالغان بەلگىلىگە ئائىت خاتىرىسىدىمۇ ئوخشاشلا خاتالىق بار. مېنىڭ جوقچىمەن «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە تېنقىلىما» ناملىق ئەسىرىمدە بۇنى ئاللىقاچان كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

بار دېيىلگەن. شاد، چور، ئېركىن دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسۇپ ناملىرى ئىدى،① ئون قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر قەبىلىدە ئىككىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بار بولۇپ، بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش سادىقلىقلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى، يەنى بەش تۇغلۇقلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىدە بىردىن شاد بىلەن چور، بەش سادىقلىقلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىدە بىردىن شاد بىلەن بىردىن ئېركىن بار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسىمىدا بۇنداق ئىككى باشلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى يوق ئىدى، شۇڭا «نامى ئون شاد دەپ ئاتالدى، ھەر بىر شادقا بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلدى» دېگەندىكى «شاد» شۈبھىسىزكى خاتا بولۇپ قالغان. ئەمما «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن «قاغان ئۆز ئېلىنى ئون قەبىلىگە ئايرىپ، ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن ئادەمنى ھۆكۈمران قىلىپ، بىردىن ئوق تارقىتىپ بەردى، نامى ئون شاد ياكى ئون ئوق دەپ ئاتالدى» دېگەندىكى «ئون ئوق» دېگەنمۇ ئوخشاشلا خاتا بولۇپ قالغان. پەقەت «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» (94 ـ جىلد) دە خاتىرىلەنگىنى توغرا بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

« (جېنگۇەننىڭ) 12 ـ يىلى 12ـ ئايدا (دەسلەپتە) غەربىي تۈركلەر ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەندە، ھەر بىر قەبىلە ئاقساقىلىغا

① «قانۇنلار قامۇسى» 197 ـ جىلد «تۈركلەر» دە «قاغاننىڭ پەرزەنت، ئىنىلىرى تېگىن دەپ ئاتىلاتتى. باشقا قەبىلىلەرنىڭ قوماندانلىرى شاد دەپ ئاتىلاتتى. چوڭ ئەمەلدارلاردىن يەنە كۆلچور، ئۇنىڭدىن قالسا ئېركىن بار ئىدى» دېيىلگەن. بىراق جاڭ شىڭلاڭ «ئاتالمىش چور بىلەن ئېركىن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قەبىلىلەردۇر» دەپ قارايدۇ («جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخنى ماتېرىياللار» 4 ـ كىتاب 210 ـ بەتكە قاراڭ). مەن ئۇنداق ئەمەس دەپ قارايمەن. چۈنكى «چور» بىلەن «ئېركىن»نىڭ ئەمەل نامى سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى، تارىخنامىلەردە ئاز كۆرۈلىدۇ، قەبىلە نامى سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى بولسا مۇتلەق چىقمايدۇ. لېكىن تارىخنامىلەردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «بىر چور بىر ئوق (يەنى بىر قەبىلىنى) نى باشقۇرىدۇ»، «بىر ئېركىن بىر ئوقنى (يەنى بىر قەبىلىنى) باشقۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، چور بىلەن ئېركىننىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن قەبىلىنى باشقۇرغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ؛ ئاۋادا چور بىلەن ئېركىن قەبىلە نامى بولسا، ئۇنداقتا «بىر قەبىلە بىر قەبىلىنى باشقۇرغان» بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنى چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ.

بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلىپ، ئون ئوق قەبىلىسى دەپ ئاتال-
دى. كېيىن يەنە ئوڭ- سول شادقا ئايرىلدى: سول شادتىكىلەر-
نىڭ نامى بەش تۇغلۇقلار بولۇپ، بەش چور تەسىس قىلىنغان؛
ئوڭ شادتىكىلەرنىڭ نامى بەش ساداقلىقلار بولۇپ، بەش ئېركىن
تەسىس قىلىنغان: ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئون قەبىلە دەپ ئاتىلىدۇ.»

بۇ يەردە «ئون شاد» تىلغا ئېلىنماي، پەقەت «ھەر بىر قەبىلە ئاقساقىلىغا بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلىپ، ئون ئوق دەپ ئاتالدى» دېگەندىكى «قەبىلە ئاقساقىلى» يەنى چور بىلەن ئېركىنلەرگە قارىتىلغانىدى. چۈنكى، ئېلتىرىش قاغان بۇ ئون قەبىلىنى قايتا رەتكە سالغاندا، ئاساسەن ئون قەبىلىگە بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلغاچقا، ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەۋەتكەن ياكى ھەر بىر قەبىلىنى ئىچىدىن ئۆزىگە سادىق ئاقساقاللارنى تاللاپ، ھەر بىر قەبىلىنىڭ چورى ۋە ئېركىنى قىلىپ، قەبىلىلەرنىڭ ئەمە-لىي ھوقۇقىنى باشقۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، بۇ ئون قەبىلە-گە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن، ئەكسىچە ھەرگىزمۇ چور ياكى ئېركىنلەرنىڭ ئۈستىگە بىردىن شادنى ئەۋەتىپ، بىر خىل ئىككى باشلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئە-مەس.

يۇقىرىدىكى بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش ساداقلىقلارنىڭ كونكرېتنى ناملىرىنى يېڭى - كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ، يەنى سول شادقا تەۋە بولغان بەش تۇغلۇقلارنىڭ بەش قەبىلىسى:

(1) چۈمۈكۈن قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ئەتراپىدا)؛

(2) قويلاۋچور قەبىلىسى «ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدە)؛

(3) ئېستەتون قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى بورتالا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى بورتالا دەرياسى ۋادىسىدا)؛

(4) تۈرگەش قالاش قەبىلىسى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا)؛

(5) چونىس چۇبەن قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلتۇز دەريا ۋادىسىدا)؛

ئوڭ شادقا تەۋە بولغان بەش ساداقلىقلارنىڭ بەش قەبىلىسى:

(6) ئاسكىل چور قەبىلىسى؛

(7) قوشۇچور قەبىلىسى؛

(8) باسايغان تۇن، شانبۇل قەبىلىسى؛

(9) ئاسكىل نىشۇ قەبىلىسى؛

(10) قوشۇ چۇبەن قەبىلىسى؛

بەش تۇغلۇق قەبىلىسگە بەش چور تەيىن قىلغان بولۇپ، ھەر بىر چور بىردىن قەبىلىنى باشقۇرغانىدى، بەش ساداقلىقلار قەبىلىسگە بەش ئېركىن تەيىن قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر ئېركىن بىردىن قەبىلىنى باشقۇرغانىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ناملىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

(1) چۇمۇكۇن لۇچۇر؛

(2) قويلاۋ كۆل چۇر؛

(3) ئېستى تونچور؛

(4) تۈرگەش قۇۋلاس چور؛

(5) چونىس چۇبەن چور؛

(6) ئاسكىل كۆل ئېركىن؛

(7) قوشۇ كۆل ئېركىن؛

(8) باسايغان تون شانبۇل ئېركىن؛

(9) ئاسكىل نىشۇ ئېركىن؛

(10) قوشۇ چۇبەن ئېركىن.

يۇقىرىدىكىلەر دەل ئىشپارا ئېلتىرىش قاغان تەرتىپكە سالغان ئون قەبىلە ئىدى. لېكىن، غەربىي تۈركلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبىلىلەر ئون قەبىلە بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، ئۇلاردىن سىرت يەنە تۆۋەندىكى قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى:

(11) تۈرگەش سۇغا باغا قەبىلىسى (هازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا)؛

(12) قارلۇق بۇلاق قەبىلىسى (هازىرقى زايسان كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا)؛

(13) قارلۇق چىگىل قەبىلىسى (بۇلاق قەبىلىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)؛

(14) قارلۇق توخسى قەبىلىسى (بۇلاق قەبىلىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتا چۇمۇكۇن قەبىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ)؛

(15) يانمىيەن قەبىلىسى؛

(16) باغا تارقان قەبىلىسى؛

(17) دومىج قەبىلىسى؛

(18) چۇمۇل قەبىلىسى (هازىرقى شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا)؛

(19) چۇنۇدا قەبىلىسى (هازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)؛

(20) چۆل تۈركلىرى (هازىرقى شىنجاڭدىكى بارىكۆل كۆلىنىڭ شەرقىدە)؛

(21) قازار قەبىلىسى (هازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدا).

مىلادى 708- يىلى (جوڭزوڭنىڭ جىڭلوڭ 2- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى تۈرگەشلەرنىڭ ئاقساقىلى شاھكۆلگە ئون تۆت قەبىلە

قاغانى دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى.[1] بۇ ئون ئوق قەبىلە بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش ساداقلىقلاردىن سىرت (ئون قەبىلە)، قالغان ئوق قەبىلە يەنى قارلۇق، يەنمىيەن، باغا تارقان، دومىجىدىن ئىبارەت ئوق قەبىلە ئىدى. ھەر قايسى قەبىلىلەردە كېيىن تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كۆپىنچە ئايماق، مەھكىمە تەسىس قىلىندى.[2]

چۆل تۈركلىرى ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ چۇنۇدا قەبىلىسى بولۇپ، غەربىي تۈركلەر قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە، غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقا قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىگەنىدى، كېيىن غەربىي تۈركلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، چۇنۇدالار بارسكۆل (ھازىرقى شىنجاڭدىكى بارىكۆل كۆلى) نىڭ شەرقىگە كۆچۈپ باردى، ئۇ جايدا زور قۇملۇق (چۆللۈك) بولغاچقا، چۆللۈكلەر دەپ ئاتىلىپ، چۆل تۈركلىرى دەپ ئاتالدى. گاۋزۇڭنىڭ يوڭخۇي 5 ـ يىلى (مىلادى 654 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئالتۇنبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. لوڭسو يىللىرى (661ـ 663 ـ يىللار) دا ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى جۇشىجىنشەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جازا يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇتۇغاتىغا ئېرىشتى، كېيىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ، بىرقانچە قېتىم كۆچتى. ئۇنىڭ ئەۋلادى جى ۋېنزوڭنىڭ تەيخې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (827 ـ 835) دا سەددىچىنىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى يۈنجو بىلەن سوجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ شىمالىدىكى سەددىچىنىنىڭ سىرتى) غا كۆ-

---

① سېن جوڭمىيەن «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» (80ـ بەت) دا «ئون ئوق» دېگەن سۆزدىكى «ئوق» سۆزى ئارتۇق بولۇپ قالغان دېيدۇ، مىق ئارتۇق ئەمەس دەپ قارايمەن.

② «كونا تاڭنامە» 79 ـ جىلد «گويۇمنجىننىڭ تەرجىمىھالى»، «يېڭى تاڭنامە» 43ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» VI، «ئەدلىيە ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 209ـ جىلد تاڭ جوڭزوڭنىڭ جىڭلوڭ 2 ـ يىلى ماددىسىدىكى خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھى بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ VI باب 3 ـ پاراگرافىغا قاراڭ.

چۇپ كېلىپ، چوغاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەيئەت قىلدى. جى يىنىڭ ئوغلى چىشەن خىزمەت كۆرسەتكەچكە داتۇڭ-نىڭ ھىراۋۇللىقىغا ئېرىشىپ، لى فامىلىسى ھەدىيە قىلىنىپ، ئىسمى گوچاڭغا ئۆزگەرتىلدى. گوچاڭنىڭ ئوغلى لى كېيوڭ خېدوگنىڭ ھىراۋۇللىقىغا ئېرىشىپ، جىن بېگىلىك ئوتوغاتى بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئوغلى لى سۇنجۇ يەنى مىلادى 923 - يىلى كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، كېيىنكى تاڭ پادىشاھ-لىقىنى قۇرغان جۇاڭزوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەن پادى-شاھلىقىدىكى ليۇ جىيۇەنمۇ چۆل تۈركلىرىدىن ئىدى.[①]

قازارلارنىڭ يەنە بىر نامى ھەزەرلەر بولۇپ، ئۇلار «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە «پىرسىيە تەزكىرىسى» بىلەن «فەرەڭ تەزكىرىسى» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان غەربىي تۈركلەرنىڭ ئايرىم بىر تارمىقى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ داۋامىدىكى كانگىيە بەگلىكى قوشۇمچە خارازىم بەگلىكى ماددىسىدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:

«خارازىم بەگلىكى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە (جەنۇب تەرىپىدە) ، غەربتە پىرسىيە بىلەن چېگرىداش، غەربىي شىمالدا تۈرك قازارلىرى بىلەن تۇتۇشىدۇ...»

چۈنكى قازارلار تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى، شۇڭا «يې-ڭى تاڭنامە»دە ئۇلارنىڭ تۈرك نامى بىلەن «تۈرك قازارلىرى» دەپ ئاتىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىنىڭ ئوتتۇر-لىرىدا تەخمىنەن مىلادى 750 - يىلىنىڭ ئەتراپىدا، قازارلار ھازىرقى رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدا چوڭ بىر دۆلەت قۇردى، ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە دوناي دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن، شەرقتە كاسپىي

---

① «يېڭى تاڭنامە» 218 - جىلد «چۆل تۈركلىرى ھەققىدە قىسسە» بىلەن «بەش دەۋر تارىخى»دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرە، قىسسەلەرگە قاراڭ.

دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالىغىچە يېتىپ باراتتى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شەرقىي رىم ۋە ئارساك (ئەرەبلەر) بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتى. كېيىن قازارلار ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پەيدىنپەي ئەسلىدىكى كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللاندى، ھەمدە كۆپلىگەن شەھەرلەرنى قۇرۇپ، ھازىرقى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئېدىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. فرانسىيىلىك مارتىن (St. Martin) نىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەرمىنىيىلىكلەرنىڭ كاسپى دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى تۈرك قازارلىرىنى جۇڭگولۇقلار دەپ ئاتىشى، تاڭ شۆەنزۇڭ بىلەن تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى «ئۆگلۈك - سۆيگىن توپلىكى» نى تىنجىتىش ئۈچۈن يۆتكەپ ئاپارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.①

## (7) غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىن ۋە تەۋە بەگلىكلىرى

غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنلىرى، تۈركلەر غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككى قىسىم (مىلادى 583 - يىلى) غا بۆلۈنۈشتىن ئاۋۋاللا، يەنى مىلادى 567 - يىلى (جۇۋۇدىنىڭ تيەنخې 2 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە تۈركلەر بىلەن پېرسىيە، ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشىۋالغاندىن كېيىن ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى) غا يېتىپ بارغانىدى، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرقاپقا ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو تۈركلىرى بىلەن پېرسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىدى. «تونيوقۇق مەڭگۇ تېشى» دا «شۇ يىلى ئەجدادلىرىم بىلەن تۈركلەر تېگىپ باقمىغان تۆمۈر قاپقىغا يېتىپ باردۇق» دەپ

① چاڭ شىڭلياڭ تۈزگەن «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 4 - كىتاب 293 - بەتتىكى تونۇشتۇرۇشقا قاراڭ.

تىلغا ئېلىنغانىدى. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە
قاغان مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تۇمەن قاغان
(بۇمىن قاغان) بىلەن ئىستەمى قاغانلارنىڭ «تۆت ئەتراپتىكى
خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، . . . . . . . شەرقتە قادىرقان تاغلىرى-
دىن غەربتە تا تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان جايلارغىچە ئولتۇراقلاش-
تۇرغان» لىقى بىردەك تىلغا ئېلىنغانىدى. VII ئەسىرنىڭ ئالدى
مەزگىلىدە تەختتە ئولتۇرغان كېيىنكى تۈركلەرنىڭ بىلگە قاغانى-
مۇ ئۆزىنىڭ «قوشۇن تارتىپ غەربتە ئىنچۇ دەرياسى (ھازىرقى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) بىلەن تا
تۆمۈر قاپىقىغىچە يېتىپ بارغان»① لىقىنى كۆرسەتكەنىدى. مىلا-
دى 628 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى) شۈەن
زاڭ غەربكە سەپەر قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندا، تۆمۈر
قاپىقىنىڭ ھەقىقەتەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ غەربتىكى چېگرى-
سى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن راھىب خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى مېھرى
شەپقەتلىك ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگ ئۇستازى
ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ II جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«تۆمۈر قاپقا، . . . . . . . يەنى تۈركلەرنىڭ چېگرا، ئۆتكە-
لىدۇر».

«يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ داۋامىدىكى
كانگىيە بەگلىكى قوشۇمچە كېش دۆلىتى ماددىسىدىمۇ مۇنداق
خاتىرىلەنگەن: «كېش بەگلىكى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
كېش شەھىرى) دە تۆمۈر قاپقا دەيدىغان بىر تاغ بار، ئۇنىڭ
ئوڭ- سول تەرەپلىرى تىك ھاڭ، تاشلىرىنىڭ شەكلى تۆمۈرگە
ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ ئىككى ئەلنىڭ چېگراسىدۇر (جۇڭگونىڭ
غەربىي تۈركلىرى بىلەن پېرسىيىنىڭ)».

① «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى».

تۈمۈر قاپقىنىڭ غەربىي يەنە پېرسىيىنىڭ زېمىنى ئىدى،

«تۈركلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ بارالمايتتى» .①

تاردۇ قاغان (مىلادى 576 ـ ، 603 ـ يىللار) بىلەن چۈرلۈق قاغان (587 ـ 611 ـ يىللار) نىڭ دەۋرىدە، ئاساسەن ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) دا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن چۈرلۇق قاغان قايتىدىن ئىككى نەپەر كىچىك قاغاننى ئۆز قوۋملىرىنى ئايرىپ باشقۇرۇشقا قويدى، بىرى شاش (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا) تا، يەنە بىرى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز دەرياسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز دەرياسى) ۋادىسىدا تۇردى.②ئۇنىڭدىن كېيىن شېگۈي قاغان (611 ـ ، 619 ـ يىللار) زېمىنىنى شەرقتە ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) دىن غەربتە غەربىي دېڭىز (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىز) غىچە كېڭەيتىپ، قاغان ئوردىسىنى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا قۇردى، ئۇنىڭ ئوغلى تونيابغۇ قاغاننىڭ دەۋرى (619ـ، 628ـ يىللار) دە، قاغان ئوردىسىنى شاشنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاققا كۆچۈردى. بۇنىڭدىن چۈرلۈق قاغاندىن باشلاپ، تۈمۈر قاپقىنىڭ شىمالىدىكى ياكارتىس دەرياسى (ھازىرقى سىر دەرياسى) ۋادىسىنىڭ غەربىي تۈرك قاغانىنىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق جايغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«كانگا (ھازىرقى سەمەرقەند) بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى ۋېن، ئۇلار توخرىلار نەسلىدىن، دەسلەپتە چىلىن تېغىنىڭ شىمالىدىكى چاۋۇپ شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. . . .

---

① «سۈينامە» 83 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» پېرسىيە دۆلىتى ماددىسى.
② «سۈينامە» 84 ـ جىلد «غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

سۇي دەۋرى (589 ـ ، 618 ـ يىللار) دا ئۇلارنىڭ خانى چۇمۇ-
جى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالدى. ھەمدە
تۈركلەرگە بەيئەت قىلدى.»①
«شاش بەگلىكى ياكسارت دەرياسى بويىغا جايلاشقان، . .
. . . . ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر بولغاچقا، تۈركلەرگە بويۇنتاۋلىق
قىلغانىدى، شىگۈي قاغان قوشۇن بىلەن ئۇلارنى باسقىن قىلىپ،
تېگىن بەگنى شاش ئېلىنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا
ئەۋەتكەنىدى.»②
«شۇياب دەرياسى (يەنى سۇياب دەرياسى ھازىرقى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىمغا
يېتىدۇ، دەريا بويىدا نەچچە ئون مىڭ غەيرى قامىلىلىك تۈركلەر
بار، تېرىقچىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىي-
گەنلەر بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى بۇلاپ قول ـ دېدەك
قىلىدۇ. تۈركلەر غەربتىكى قارام شەھەرلەردىن تالاس شەھىرى
بىلەن شاش بەگلىكىدە ئايرىم ـ ئايرىم قوشۇن تۇرغۇزۇپ مۇداپى-
ئەدە تۇرغۇزدى، بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر كاسپى دېڭىزغىچە يېتىپ
باردى.»③
ھالبۇكى غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى تۈمۈر قاپقا ۋە ئۇنىڭ
شىمالىدىكى جايلار بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانىدى، بەلكى ئەينى
ۋاقىتتا ساسانىلار خانلىقىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقان (VI ئەسىرنىڭ
كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان) لىقتىن پايد-
دىلىنىپ، زېمىنىنى ھىندى دەرياسىغىچە كېڭەيتتى، ھەمدە ئېف-
تالىتلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى (ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىن ھىندى دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلار) نى
پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالدى. «سۇينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرى-

① «يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ داۋامىدىكى كاڭگا بەگلىكى ماددىسى.
② «سۇينامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» شاش بەگلىكى ماددىسى.
③ «يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ داۋامىدىكى كاڭگا دۆلىتى ماددىسى.

سى» نىڭ ئېنتالىت بەگلىكى ماددىسىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«ئېنتالىتلار ئېلىنىڭ مەركىزى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جە-
نۇبىدىن 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا، توخرىلار
نەسلىدىن؛ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئېلىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەر-
گەندە، تۈركلەر ئۆز شادىنى ئەۋەتىپ، ئىشغال قىلىۋالدى، تۆ-
مۈر قاپقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان توخرىلارمۇ ئەينى
ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېيئەت قىلغاند-
دى.» شۈەنزاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت
خاتىرىسى» نىڭ 1 - جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«تۆمۈر قاپقىدىن چىقىپ، توخرى دۆلىتىگە بارغىلى بولى-
دۇ، ئۇ يەرنىڭ شەرقىي ... ... تەرىپى كۆكئارت بىلەن
ياندىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى پېرسىيە بىلەن تۇتۇشىدۇ.
جەنۇب تەرىپى چوڭ قارلىق تاغقا يېتىپ بارىدۇ. شىمال تەرىپى
تۆمۈر قاپقىنى توساق قىلىدۇ. بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان خان
جەمەتىدىكىلەر ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاق-
ساقاللىرى بىلەن يەرلىك زوراۋانلار ئۆزئارا ھاكىممۇتلەقلىق
تالىشىپ، ئۆز ئالدىغا خان ۋە ئاقساقاللارنى تىكلەپ، تاغ - دەريا
ۋە خەتەرلىك جايلارنى توساق قىلىپ، بىر تەرەپنى ئىگىلىدى،
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنى 27 بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى.
گەرچە ھەرقايسى زوراۋانلار ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىقىنى ئايرى-
شىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي تۈركلەرگە بېيئەت قىلغاند-
دى.»
تۆمۈر قاپقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى كىچىك بەگلىكلەر،
ئىلگىرى توخرىلارغا بېيئەت قىلغانىدى، كېيىن توخرىلار غەربىي
تۈركلەرگە بېيئەت قىلغاندا، بۇ كىچىك بەگلىكلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن
غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېيئەت قىلغانىدى. شۇڭا،
«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 12 -

جىلدىدا يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«قۇندۇز بەگلىكى ئىلگىرى توخرى دۆلىتىنىڭ زېمىن دائىرىسىدە ئىدى. . . . بۇ بەگلىكنىڭ مۇستەقىل پادىشاھى يوق، تۈركلەرگە تەۋە. . . . ئۇلارنىڭ پادىشاھى تۈركلەردىن، تۆمۈر قاپقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى كىچىك بەگلىكلەرنى ئىدارە قىلىدۇ.» قۇندۇز بەگلىكى يەنى تونيابغۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇش شادنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاردۇش شاد قوچۇبېگى چۈۋبىنتەيىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. تونيابغۇ قاغان بىلەن چۈۋبىنتەيىنىڭ قۇدۇ ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، شۈەن زاڭ غەربكە سەپەر قىلغاندا، قوچۇ بېگى ئۇنىڭ قولىغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرگەنىدى، شۇڭا تونيابغۇ قاغاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىگە ئېرىشكەنىدى، ھەمدە مەخسۇس ئادەم قوشۇپ، ئۇنى سۇياب شەھىرىدىن تاكى ھىندى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كاپىلاۋاستۇ بەگلىكىچە ئۇزىتىپ قويغانىدى.[1] بۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى بىر قارام بەگلىك ئىدى.

بۇ چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ چېگرىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي بىلەن ھىندى دەرياسىنىڭ ئەڭ غەربىي چېتىگىچە يېتىپ بارغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كورىيىلىك راھىب خۇي چاۋ يازغان «ئەنەتكەكتىكى بەش دۆلەت ھەققىدە خاتىرە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«كەشمىر ئېلىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن جاغۇدا ئېلىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. . . . يەرلىك ئاھالىلىرى غۇزلاردىن بولۇپ، خان ۋە ئەسكەرلىرى تۈركلەردۇر. ئۇلارنىڭ خانى . . . بىلەن قەبىلە ۋە ئەسكەرلىرىمۇ

---

① تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى مېھرى شەپقەتلىك ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ ئالىملىق تومۇر بىتىپك ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» 5 ـ جىلد، بىلەن يەنە چاۋانىسىنىڭ كاپىلاۋاستۇ يەنى كەشمىردۇر دېگىنىگە قاراڭ. «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» فېڭ چىڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا 121 ـ بەتتىكى بىرىنچى ئىزاھ.

مۇشۇ بەگلىكتە تۇرىدۇ.»

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى يۇقىرىقى چېگرا – زېمىنلار، دەل تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي تۈركلەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن (مىلادى 657 – يىلى)، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا تەسىس قىلغان چوڭ – كىچىك ئايماق مەھكىمىلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدى. ئايماق مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىشتىن ئاۋۋال، تاڭ گاۋزۇڭ يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. «يېڭى تاڭنامە» 58 – جىلد «ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى تەزكىرىسى» I دە خاتىرلەنگەن «غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر تەزكىرىسى 60 – جىلد»نىڭ داۋامىغا بېرىلگەن ئىزاھتا مۇنداق دېيىلگەن:

«تاڭ گاۋزۇڭ كانگىيە، توخرى بەگلىكلىرىگە ئايرىم – ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرى بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈردى. ئوردا تارىخچىلىرىنى تارىخ يېزىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشقا كۆرسەتمە بېرىپ، شيەنچىڭنىڭ 3 – يىلى (مىلادى 658-يىلى) تاماملاشنى ئېيتتى.»

بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن خەرىتىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ كەڭ تېررىتورىيەنىڭ ئىچىدە، قاغان ئوردىسى ھاكىمىيەتنىڭ تۈگۈنى، ئاساسلىق سىياسىي مەركىزىي بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر قانچە مۇھىم مەركىزىي بار ئىدى، مەسىلەن، توخار دەل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرلىنىشىچە، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دەۋرىدە، لوڭجۇ ئايمىقىدىكى نەنيونىڭ ئامبىلى ۋاڭ مىڭيۈەننى توخاردا ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تەيىن-

لىدى، ئۇدۇننىڭ غەربىي، پىرسىيىنىڭ شەرقىي قاتارلىق 16 بەگلىكنىڭ، خانلىق مەھكىمىسىنى تۇتۇق مەھكىمە، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلىلەرنى ئايماق، ناھىيە قىلدى، جەمئىي توقۇز تۇتۇق مەھكىمە، 76 ئايماق، 111 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىنىپ، خاتىرىلەش ئۈچۈن توخاردا خاتىرە تاش ئورناتتى.[①] مانا بۇ توخارنىڭ ئەسلىدە مەركەز بولغانلىقى بولۇپ، ئەمدىلىككە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەر بەيئەت قىلغانلىقتىن، بۇ خاتىرە تاش ئورنىتىلغانىدى، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىيالىشىدىكى سەۋەب ئىدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنە بىر مۇھىم مەركىزىي سۇياب شەھىرى ئىدى. شۈەن زاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ I جىلدىدا ئۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى:

«شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 6 ـ 7 چاقىرىم كېلىدۇ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ غۇز سودىگەرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. يەر شەكلى تېرىق، بۇغداي، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ، دەل ـ دەرەخلىرى شالاڭ. كىلىماتى قاتتىق سوغۇق، شامال كۆپ چىقىدۇ، ئاھالىلىرى ھايۋاناتلارنىڭ يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىگىز ۋە قوپال ئىشلەنگەن كاناپ رەخت بىلەن سوغۇقتىن دالدىلىنىدۇ.»

سۇياب ئەسلىدە ئون ئوق قەبىلىسىنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان بەش ساداقلىقلارنىڭ مەركىزى ئىدى، كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئۇنى ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى قىلغاچقا، ئورنى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئون ئوقلارنىڭ (ئوڭ قانات بەش سادىقلىقلار بىلەن سول قانات بەش تۇغلۇقلار) مەركىزى بولۇپلا قالماستىن،

① «كونا تاڭنامە» 40 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» II ، «يېڭى تاڭنامە» 43 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» VI بىلەن «غەربىي ئەللەرنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاپپاراتلار» بېلگىلىش ئومۇمىي ئۆزگەرتىلگەن ئىدارە ـ جىلد ئاڭ گاۋ شەنگنىڭ لوگىسى ئۇنىڭ يەنى ماددىسىغا قاراڭ.

بەلكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىدىكى سىياسىي، ھەربىي قورغىنى ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى ئالاقىلىشىش پونكىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ يەردە «قورغان» تەسىس قىلىنغان (مىلادى 579 ـ يىلى) دىن تارتىپ «قورغان» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان (مىلادى 619 ـ يىلى) دىن كېيىنمۇ، ئۇن ئوق قاغانى ھەمىشە بۇ جايدا تۇردى، غەربىي چېگرىدا ھەر قېتىم بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، سۇياب ئۇرۇشتا ئاۋۋال تالىشىدىغان نىشان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سىياسىي ئورنى بىلەن ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سۇياب شەھىرىنىڭ غەربىدىن 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدىغان تالاس شەھىرى مۇھىم بىر مەركەز ئىدى. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 1- جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«تالاس شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى 8 ـ 9 چاقىرىم كېلىدۇ، شەھەر ئىچىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى ۋە ھاۋا كىلىماتى سۇياب شەھىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.» IX ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئىبىن خۇردادبېھ (Ibn Khurdadbih) بىلەن X ئەسىردە ئۆتكەن ھەيكەل (Ibn Haukal) نىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، تالاس شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىدىغان مۇھىم جايى ئىدى.①

سۇياب بىلەن تالاسنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان مىڭبۇلاق، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، تونيابغۇ (مىلادى 619 ـ ، 628 ـ

---

① جاڭ شىڭلاڭنىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 4 ـ كىتاب 94 ـ بەتتىكى تونۇشتۇرۇشقا قاراڭ.

يىللار)، ئىشپارا ئېلتىرىش (توڭئاشاد، 634 ـ ، 639 ـ يىللار) ۋە ئىشپارا (ئاشنا قول، 651 ـ ، 657 ـ يىللار) دىن ئىبارەت ئۈچ قاغاننىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن يەنى قاغان ئوردىسى جايلاشقان بولغاچقا، ئەلۋەتتە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى پۈتكۈل رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 1- جىلدىدا سۇياب شەھىرىدىن غەربكە 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەندە يەنى مىڭبولاققا يېتىپ بارىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى:

«مىڭبولاقتىن ئىبارەت بۇ جاينىڭ دائىرىسى 200 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، جەنۇبىدا قارلىق تاغ بار، باشقا ئۈچ تەرىپى تۈزلەڭلىك. بۇ جاينىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، دەلدەرەخلىرى باراقسان، باھار پەسلىدە گۈل ـ گىياھلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆللەر مىڭدەك جايدا بولغاچقا، شۇڭا مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.»

مىڭبولاق مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ جاينى ئوردا قىلىپ تاللىۋېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

# يەتتىنچى باب تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاتارلىق رايونلاردا تەسىس قىلغان مەھكىمە، ئايماق، قورغانلىرى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتى بىلەن سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئۆزگەرتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەزكىزى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، تاڭ سۇلالىسى چوڭ چۆللۈنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ، مەھكىمە تەسىس قىلىپ، مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي سۇلالىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئەمەل مەھكىمىسىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا تەسىس قىلىشى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيگەن (غەربىي يۇرتتا ئەمەل مەھكىمە تەسىس قىلىش خەن دەۋرىدە باشلانغانىدى) لىكىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

## (1) شەرقىي تۈرك رايونىدا تەسىس قىلىنغان تەڭرىقۇت، ئەنبېي قاتارلىق مەھكىمە ئايماقلار

تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى) باھاردا، شەرقىي تۈركلەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن ياز 4. ئايدا ئىلگىرى ئېلىك قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار (چۆكلۈكنىڭ جەنۇبىي) نى ئالتە ئايماققا ئايرىپ، سول تەرەپتە

دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى نىڭسۇ ناھىيىسىدە، ھازىرقى شەنشىنىڭ جىڭبيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) نى، ئوڭ تەرەپتە يۈنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى (ئورنى سۇفاڭ ناھىيىسىدە، ھازىرقى شەنشىنىڭ خېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەيچېڭزىدا) تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ قوۋملىرىنى باشقۇردى. جېنگۇەننىڭ 23 - يىلى (649 - يىلى) 10- ئايدا يەنە ئىلگىرى ئىلتەبىر بىلگە قاغان (ئاشىنا سىماۋ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى، كېيىن شىڭ ۋە شياۋدىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنىڭ ئارىلىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبىي بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى بۆلىكىنىڭ غەربىدىكى جايلار) غا كېلىپ ماكانلاشقان قوۋملەرنىڭ يايلاقلىرىدا، سارىرا قاتارلىق بەش ئايماقنى تەسىس قىلىپ،① يۈنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلدى، سۇنوڭ قاتارلىق ئالتە ئايماق② دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلىنغانىدى.

گاۋزۇڭنىڭ يوڭخۇي تۇنجى يىلى (مىلادى 650 - يىلى) كۈز 9- ئايدا گاۋكان چۈبە قاغاننى تىنجىتقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى چۈبەلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ) غا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۆرى تېغى تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى باشقۇردى. چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىدا تەڭرىقۇت، دەشت ماكاندىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى مەھكىمە تەسىس قىلدى: تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بۆرى تېغى، يۈنجوڭ، ساڭگەندىن ئىبارەت ئۈچ تۇتۇق مەھكىمە، سۇنوڭ قاتار-

---

① «دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 199 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 23 - يىلىدىكى قىش 12. ئايدىكى ماددىسىغا خۇسەنشىڭنىڭ بەرگەن ئىزاھىدا «بەش ئايماق، سارىرا ئايمىقى، سىبى ئايمىقى، ئاشىنا ئايمىقى، جوجۇ ئايمىقى، بەيدەڭ ئايمىقى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

② خۇسەنشىڭنىڭ بەرگەن ئىزاھىدا «تارىخنامىلەردە پەقەت، سۇنوڭ، ئادى، جىشى، باييان ئايماقلىرىلا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، قالغان ئىككى ئايماق چۈشۈپ قالغان» دەپ كۆرسىتىلگەن.

لىق 24 ئايماق[1]نى باشقۇردى؛ دەشت ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەشت ماكان، جىنۋي، شىنلى قاتارلىق يەتتە تۇتۇق مەھكىمە، سىلىنگا قاتارلىق سەككىز ئايماقنى باشقۇردى؛[2] ھەر قايسى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تۇتۇق، ئاقماق بېگلىك[3] ۋەزىپىلە-رىنى ئۈستىگە ئالدى.

تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى (مىلادى 647 - يىلى) ياز 4- ئايدا (چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى-نى يوقاتقاندىن كېيىن)، يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (ئورنى بۇرۇنقى تەڭرىقۇت مەھكىمىسىدە، يەنى تاڭ سۇلالىسى-نىڭ غەربىي تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى، شەھەر ئورنى ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى كائىميەن خوشۇنىنىڭ دائى-رىسىدىكى ئۇجا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا) نى تەسىس قى-لىپ، دەشت ماكان قاتارلىق ئالتە تۇتۇق مەھكىمە بىلەن گاۋل-يەن قاتارلىق يەتتە ئايماق (تەپسىلاتى تۆۋەندە) نى باشقۇردى. گاۋزۇڭنىڭ لوڭسۇ 3 - يىلى (663 - يىلى) باھار 2 - ئايغا كەلگەندە، يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا يۆتكىلىپ، نامى دەشن ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆز-گەرتىلدى، ئەمما يوڭۋېينىڭ تۇنجى يىلى تەسىس قىلىنغان دەشت ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا) يۇن-

① خوسەنشىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 199 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭۋېي تۇنجى يىلى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسىغا بەرگەن ئىزاھىدا: «تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئايماقلار تارىخنامىلەردە چېلىقمىدۇ، سۇنۇڭ قاتار-لىق تۆت ئايماق، سارىرا قاتارلىق بەش ئايماق ۋە ساڭگىن مەھكىمىسىگە قاراشلىق يۇشى، يىشى، بىشى، جىلى قاتارلىق تۆت ئايماق، قويان مەھكىمىسىگە قاراشلىق قالا، قارلۇق، ئاتىبىر قاتارلىق تۆت ئايماقلا 19 ئايماقنى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان بەش ئايماق چۈشۈپ قالغان، دەلىللەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دېگەنگە، قويانىدىن ئىبارەت لىككى تۇتۇق مەھكىمە بىلەن بۇرى تۇتۇق مەھكىمىسىمۇ يوق، بەلكىم ئۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇن. ھەرلىشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئورنى ئېنىق ئەمەس» دەپ كۆرسىتىلگەن. خوسەنشىڭنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، 19 ئايماقتا توشمايدۇ.

② خوسەنشىڭنىڭ يۇقىرىدىكى يوڭۋېينىڭ تۇنجى يىل 9- ئاي ماددىسىغا بەرگەن ئىزاھىدا: «دەشت ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەشت ماكان، جىنۋي، شىنلى، بولىڭ، چىۋلىن، خاكەستىن قاتارلىق ئالتە تۇتۇق مەھكىمىنى، يەرى قىپ قالغان، سىلىنگا، جۇنجى، يۈۋۇ، جىلو، قويان، جىنىلان، توشى، جولۇڭ قاتارلىق سەككىز ئايماقنى باشقۇراتتى» دېيىلگەن.

③ «كونا تاڭنامە» 194 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىگە قاراڭ.

جوڭ قەدىمي شەھىرىگە كۆچۈرۈلۈپ، يۈنجوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (تۇرۇشلۇق ئورنى يەنى خەن دەۋرىدىكى يۈنجوڭ قەدىمي شەھىرى، شەھەر ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسىدە) دەپ ئاتالدى، چۆللۈكنى پاسىل قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى مەھكىمە، ئايماقلار دەشت ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى مەھكىمە، ئايماقلار يۈنجوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق قىلىندى. ياندۇرقى يىلى (لىندىنىڭ تۈنجى يىلى، مىلادى 664- يىلى) باھار 1- ئايدا يەنە يۈنجوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەڭرىقۇت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. زوڭجاڭنىڭ 2 - يىلى (669 - يىلى) كۈز 8- ئايدا دەشت ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ئەنبېي باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 2 - يىلى (714 - يىلى كەبىسە 2- ئايدا كېيىنكى تۈركلەرنىڭ كۈچىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەنبېي باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ئوتتۇرا يولدىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي) گە كۆچۈرۈپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇزدى. كەييۈەننىڭ 9 - يىلى (721 - يىلى) يەنە سۇفاڭ ھىراۋۇلىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى، شيا، يەن قاتارلىق ئالتە ئايماقنى، دىڭيۈەن، فىڭئەندىن ئىبارەت ئىككى ھەربىي راباتنى ۋە ئۈچ جايدىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (شەرق، ئوتتۇرا، غەربتىكى ئۈچ شەھەر) نى باشقۇردى.①

---

① يۇقىرىقىلارنى «كونا تاڭنامە» 39 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» I ، «يېڭى تاڭنامە» 43 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» VI نىڭ داۋامى بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193 - جىلدىنىڭ داۋامىدىكى مۇناسىۋەتلىك يىل، ئاي كۆزنەلەردىكى خاتىرىلەرگە قاراڭ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەھكىمە، ئايماق تۈزۈمى ئۈچ دەرىجە بويىچە تۈزۈلگەندى، يەنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى قورۇقچى ۋە باش قورۇقچى بىرىنچى دەرىجە، تۇتۇق ۋە ئايماق بېگى بولسا ئىككىنچى دەرىجە ئىدى، كېيىن يەنە قورۇقچى بەگنىڭ ئۈستىگە ھىراۋۇل دەيدىغان بىر دەرىجە قوشۇلدى، ئۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي ھىراۋۇل — قورۇقچى بەگ، تۇتۇق بەگ، ئايماق بېگىدىن ئىبارەت مەمۇرىي جەھەتتە بىر - بىرىگە تەۋە بولغان ئۆچ دەرىجىلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندى. ھالبۇكى ئۇ ئۈچ دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىش ۋە ئېلىپ تاشلىنىش ھوقۇقى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. «كونا تاڭنامە» 44 - جىلد «ئەمەل مەنسەپ تەزكىرىسى» II دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كەييۈەن، تيەنباۋ يىللىرىدىن بۇيان مۇداپىئە قىلىنىدىغان چەت ياقا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھىراۋۇل تەسىس قىلدى. ھىراۋۇل چېگرا رايونلاردىكى ئايماق مەھكىمىلەرنىڭ باش بۇغى ئىدى، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا، شۇڭا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە، ئوردا ئۇنىڭغا بەرگەن دەستەككە ئاساسەن شۇنداق نام بىلەن ئاتالغانىدى. قورۇقچى ياكى باش قورۇقچى بەگنىڭ ھوقۇقى ئۇ باشقۇرۇۋاتقان دائىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى، مەمۇرىي ئىشلىرى بىلەن ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، يەنى «ۋاساللارنى ئەمىن تاپقۇزۇش، تاشقىي دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، بەگلەرنى نازارەت قىلىپ، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش»[1] ۋەزىپىسى بار ئىدى.

(2) سىرتاردۇشلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇنقەرز بولۇشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇشلار رايونىدا تەسىس قىلد-

[1] «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى» 30 - جىلد.

غان يەنرەن (دەشتى ماكان) قاتارلىق ئايماق مەھكىمىلىرى

شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولۇشنىڭ ھارپىسىدا، مىلادى 628 ـ يىلى (تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 2 ـ يىلى) تېلىلار سىستېمىسىدىكى بولغان سىرتاردۇشلار (بەزى ئالىملار « 延 » خېتىنى « 延 » ئاھاڭى بولۇپ، دەن ( 但 ) دەپ ئوقۇلىدۇ دەپ قارايدۇ) ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا سىرتاردۇشلار ھاكىمىيىتىنى قۇردى، بۇ ھاكىمىيەت مىلادى 646 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 20ـ يىلى) گە بارغاندا، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، جەمئىي 19 يىل مەۋجۇت بولدى.

سىرتاردۇشلار تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ فامىلىسى سىر بولۇپ، كېيىن تاردۇش قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنى قوشۇۋېلىپ، سىرتاردۇشلار دەپ ئاتالغانىدى. «ئۇلارنىڭ ئەمەل مەنسەپلىرى، قورال ـ ياراغلىرى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشاتتى.»①

مىلادى VI ئەسىردىن ئىلگىرى، ھازىرقى توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى، سېلىنگا دەريا ۋادىلىرى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كەڭ رايونلاردا، نۇرغۇنلىغان تېلى قەبىلىلىرى بار ئىدى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۈرك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركلەر كۈچەيدى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تېلى قەبىلىلىرى تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، شەرق ۋە غەربتىكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى، شۇڭا كۆپ ساندىكىلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقىلىپ جايلاشقانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرىدىن سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق 15 قەبىلە بار ئىدى. «سۈينامە» 84 ـ جىلد «تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلەنگەن «تۈرك دۆلىتى

① «كونا تاڭنامە» 199 ـ جىلدنىڭ داۋامى «تېلىلار ھەققىدە قىسسە».

قۇرۇلغاندىن تارتىپ، شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈش قىلىشتا پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي دەشتىنى تىزگىنلەپ تۇردى» دېگىنى مۇشۇنىڭغا قارىتىلغاندى. تۈركلەر شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقالغان تېلىلار ئەڭ دەسلەپ، شەرقىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا بەيئەت قىلدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى (بۆكە قاغان) چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە، تاردۇش قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن (605 ـ يىلى)، نېيۋات چۇرلۇق قاغان قوشۇن باشلاپ، تېلى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى ھەمدە سىرتاردۇشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرقانچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، تېلى قەبىلىلىرى بىراقلا قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئېلتەبىر ئىركىن قىبىئار غالىنى باغاقاغان قىلىپ، يەنە سىرتاردۇشلارنىڭ ئىركىنى ئېلدارنى كىچىك قاغان قىلىپ تىكلەپ، چۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي چۇرلۇق شېگۈي قاغان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، باغا قاغانىنىڭ كۈچى پەيدىنپەي زورايدى. شېگۈينىڭ قايتا ـ قايتا نۇسرەت قازىنىشىغا ئەگىشىپ، باغا بىلەن ئىلدار ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئاخىرىدا قاغانلىق نامىنى بىكار قىلىپ، شېگۈيغا بەيئەت قىلدى. ئەمما، ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلەپ تۇرغان شەرقىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلغانىدى. شېگۈينىڭ ئوغلى تونيابغۇ قاغانىنىڭ كۈچى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مەزگىلدە، ئىلدارنىڭ نەۋرىسى يانۇن ئۆز قەبىلىسىدىكى 70 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمگە باشچى-

لىق قىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانىغا بەيئەت قىلـ
دى. ئېلىك قاغاننىڭ هۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادى 620-،
630- يىللار) دە، تۈركلەرنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى زىددىيەت قاتـ
مۇ قات بولۇپ، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرـ
لەشكەنىدى. «قول ئاستىدىكىلىرى بۇيرۇققا پىسەنت قىلمايتتى،
ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە كۆپلەپ ئىسيان يۈز بەردى.»[1] دەل
مۇشۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ تونـ
يابغۇ قاغانى تاغىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىچكىي
قىسمىدا زور مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىپ، غەربىي يۇرتتىكى
بەگلىكلەر بىلەن تېلى قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىلگىرىـ
ئاخىر بولۇپ، غەربىي تۈرك هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتـ
تۇلدى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى قوۋملەرمۇ
كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، سىرتاردۇشلارغا بەيئەت قىلدى.
مىلادى 628- يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 2- يىلى)
قىش دېكابىردا، سىرتاردۇش قەبىلىسىدىكىلەر بىرلىكتە يانۇننى
قاغان قىلىپ سايلىدى. يانۇن ئەسلىدە قەبىلىسىنىڭ ئىچكىي
قىسمىدا ئېركىن ئىدى، ئورنى يۇقىرى بولمىغاچقا، دەسلەپتە
قوبۇل قىلمىدى، تاڭ تەيزوڭ ئېلىكنىڭ هۇجۇمىغا كەلگـ
كۆلەمدە قايتۇرما زەربە بېرىشنى پىلانلىغاندا، بۇنى غەنىمەت
بىلىپ، يۆتكىلىپ زەربە بەرگۈچى سانغۇن چياۋشىۋاڭنى دەستەك
بىلەن سىرتاردۇشلارغا ئەۋەتىپ، يانۇنغا ئىنچۇ بىلگە قاغانلىق
ئۇنۋانىنى بېرىپ، دۇمباق ۋە تۇغ تەغدىم قىلدى. يانۇن قاتتىق
خۇرسەن بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىدا بارگاھ قۇرۇپ، چۆللۈكنىڭ
شىمالىدا سىرتاردۇش هاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. «كونا تاڭـ
نامە. تېلىلار هەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«ئىلگىرى سىرتاردۇشلار ئىشپارا بىلەن ئاشنا شىر قاتارـ

---

[1] «كونا تاڭنامە تۈركلەر هەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسى.

لىقلارنى مەغلۇپ قىلىشتا، قەدەم ئۇرۇشى ئارقىلىق غەلىبە قازان-
غانىدى، كېيىن باسقىن ھۇجۇملىرىنى قوللاندى، ئۆز ئېلىدە
باتۇرلۇقنى تەكىتلەپ، قەدەم ئۇرۇشى ئادىتىنى يېتىلدۈردى،
يەنى ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولغۇچىنىڭ
ئېتىنى يېتىلەپ ماڭاتتى، قالغان تۆتى بولسا، ئالدىدا جەڭ
قىلىپ ماڭىدۇ، غەلىبە قىلسا ئاتقا مىنىپ ئۇچقانداق قوغلايتتى،
مەغلۇپ بولغۇچىغا ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇلۇپ، ئائىلىدىكىلىرى
يىغىۋېلىنىپ، غەلىبە قىلغۇچىغا تارتۇق قىلىپ بېرىلەتتى، بۇ
سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قانۇن بولۇپ يۈرگۈ-
زۈلدى.»

«ئائىلىسىدىكىلىرىنى يىغىۋېلىپ، غەلىبە قىلغۇچىغا تار-
تۇق قىلىپ بېرىش قانۇنىنى يۈرگۈزۈش» دىن قارىغاندا، سىرتا-
دۇشلارنىڭ جەمئىيىتىنىڭ ئاللىبۇرۇن قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى
تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ھال-
بۇكى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى خۇددى تۈرك ھاكىمىيىتىگە ئوخ-
شاش، قۇلدارلارنىڭ بىر ھاكىمىيىتى ئىدى. سىرتاردۇش ھا-
كىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى «شەرقتە شىرۋىلار (ھازىرقى
ئېرگۇنا دەرياسى ئەتراپىدىن، غەربتە ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئال-
تاي تېغىغىچە، جەنۇبتا تۈركلەر (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي) گىچە،
شىمالدا دەشتى دېڭىز (ھازىرقى بايقال كۆلى بولۇپ، دەشتى
ماكانىنى كۆرسەتمەيدۇ) غىچە بولغان بۇرۇنقى ھونلارنىڭ زېمىنلى-
رى ئىدى»[1] ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئاتىز، توڭرا، بارغۇت، ئەقىشد
قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بەيئەت قىلغانىدى.

مىلادى 630 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى)، شەرقىي

---

① «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى قوشۇمچە «سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە».

تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىمال بوش قالغاچقا، ئىنچۇ قاغان (يانتۇن) ئوردىسىنى تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈردى. بۇ مەزگىلدە ئىنچۇ قاغاننىڭ كۈچى كۈچىيىپ، ئىلكىدە 200 مىڭ ئەسكەرلىككە ياراملىق ئادىمى بار ئىدى، ئىككى ئوغلى — بارتەك بىلەن ئېلىبىلگەنى جەنۇب بىلەن شىمالنى باشقۇرۇشقا قويدى. سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى ئەسلىدە تېلەلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنى مىللىي زۇلۇمى ۋە سىنىپىي زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشى جەريانىدا، سىرتاردۇش قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈرەشىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالغانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرك ھاكىمىيىتىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن بىر قوللۇق بۆلەپ تۇرغۇزۇشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى روناق تاپقاندىن كېيىن، تاڭ تەيزوڭ ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ «كېيىنچە ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىشى»دىن ئەندىشە قىلىپ، يەنە ئىنچۇ قاغاننىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، دۇمباق ۋە تۇغ ئىنئام قىلىپ بەردى، شۇ ئارقىلىق «كۆرۈنۈشتە ئىززەتلىگەندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ئىدى».①

مىلادى 641 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 15 - يىلى) ئىنچۇ قاغان جەنۇبقا 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئاشىنا سىماۋ باشچىلىقىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت

① «كونا تاڭنامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە».

قىلغان بۇرۇنقى قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى قۇتقۇزۇشقا زور قوشۇن ئەۋەتتى، ئىنچۇ قاغانىنىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئېغىر يارىلىنىپ، ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ياندۇرقى يىلى (جېڭگۇەننىڭ 16 - يىلى) ئىنچۇ قاغان يەنە تاڭ سۇلالىسىدىن قۇدۇلۇشىشنى تەلەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى. تاڭ تەيزوڭ دەسلەپ قوشۇلۇپ، مەلىكە شىنشىڭنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىنچۇ قاغان قاتتىق خۇرسەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ جىيەنىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، توي سوۋغىسى ئۈچۈن 50 مىڭ تۇياق ئات، ئون مىڭ تۇياق كالا، تۆگە، 100 مىڭ تۇياق قوي تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ تەيزوڭ ئىنچۇ قاغاننى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشكە بۇيرۇپ، يارلىق چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ شەخسەن لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيادىكى لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي)غا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۈچ يول قوشۇندىكىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، توي سوۋغىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى. قاغانىنىڭ ئەسلىدە توپلىغان بايلىقى يوق ئىدى، غەزىنىسى قۇرۇق بولغاچقا، ھەر قايسى قەبىلىلەردىن قاقتى - سوقتى قىلىپ توپلاشقا توغرا كېلەتتى، بېرىپ كېلىشكە ئون مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىشقا توغرا كېلەتتى، يولدا جەزمەن قۇملۇقلاردىن ئۆتەتتى، سۇ بولمىغاچقا، مال - چارۋىلار ئازىيىپ، يېرىمىغا يېقىنى قىرىلىپ كېتىپ، تاپشۇرۇلىدىغان مۆھلەتتىن ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ تەيزوڭ بۇنى باھانە قىلىپ، «قۇدىلىشىش توختامىنى ئۈزۈپ، توي سوۋغىلىرىنى رەت قىل-

دى» ھەمدە ئىنچۇقاغاننىڭ «ئۆزىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كوراگانى
دەپ تەمانىنا قويۇپ» ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ، توڭرا،
بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرگە تەھدىت سېلىشىغا يول قويمىدى،
ھەمدە «ھەر قايسى قەبىلىلەر مېنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىمنى
بىلسە، ئۇزاق قالمايلا، سىرتاردۇشلارنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈش-
ـۇۋالىدۇ»① دەپ قارىدى. ئىنچۇ قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋى-
سىدىن قورقۇپ، ئۇرۇش قوزغاشقا پېتىنالمىدى.
مىلادى 654 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 19 - يىلى) ئىنچۇ
قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى بارتەك تەختكە چىقىپ ئۆزىنى ئېل
كۆلۈگ شاد ئىستەمى قاغان دەپ جاكارلاپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى
(خېتاۋنىڭ جەنۇبى) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ قوشۇنلىرى قايتارما زەربە بەردى، بارتەك قاتتىق مەغ-
لۇپ بولۇپ، ئاتلىق قېچىپ كەتتى، قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىس-
مىدا مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى. بارتەكنىڭ مىجەزى چۇس،
ھەسەتخورلۇقى كۈچلۈك، شەپقەتسىز بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ ۋاق-
تىدىكى كونا ئەمەلدارلارنى تۇگەل ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
يېقىنلىرىنى ئىشقا قويدى، جەمەتىدىكىلەر قايىل بولمىسا، كۆپ-
لەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن جەمەتىدىكىلىرى
تېخىمۇ ئەنسىلىك تاپالمىدى. 646 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 20-
يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تۇمىد بارغۇت، توڭرا قاتارلىق
قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، بارتەك قاتتىق
مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى، جەمەتىدىكىلىرى تارقىلىپ كېتىپ
پۈتۈنلەي ھالەك بولدى؛ ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئېركىنلىرى

① نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەرنى «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەك-
لەر» 197 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 17 - يىلى كەبىسە 6. ئايدىكى ماددىسىدا قاراڭ.

ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ، ئەلچى ئەۋەتىشنى تالىشىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلمىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاڭ تەيزوڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جازا يۈرۈشكە زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۆتۈكەن تېغىدا، سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى مەغلۇپ قىلدى، سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى. تاڭ تەيزوڭ تېلى قەبىلىلىرىنى دالالەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت، تېلەنغۇت، ئىزگىل، ئاتئىز، چۇبە، ئاۋاسار، خۇن، قۇشۇ قاتارلىق 11 قەبىلە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلدى، ھەمدە «سىرتادۇشلار چوڭ، ئەل بولمىغىنى، زالىملىق قىلىپ تاپتىن چىقىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىزنى ئىدارە قىلىشقا پەزىلىتى توشمايتتى، ئۆزلىرىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، قىرىلىپ، قەبىلىلىرىمۇ خۇددى قۇشلاردەك توزۇپ كەتتى، قەيەرگە كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىز ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا ئۆلۈش يەرلىرىمىز بار، سىرتاردۇشلارغا ئوخشاش ھالەك بولۇشنى خالىماسلىق بىلەن بىرگە، تەڭرىقۇت ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. تەڭرىقۇت ئالىيلىرىدىن بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ، بىز ئۈچۈن مەھكىمە تەسىس قىلىپ بېرىپ، بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز»① دېدى. تاڭ تەيزوڭ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، زىياپەت تەييارلاپ، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، سوۋغا - سالام ۋە مەنسەپ - مەرتىۋە تارتۇق قىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا مۆھۈر تارقىتىپ بەردى، ئوڭ قانات قوشۇنلارنىڭ كەپتاۋۇلى ئەن يوڭشۇنى ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى.

مىلادى 647 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى) 1- ئايدا،

① «كونا تاڭنامە، تېلىلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198- جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلى كۈز 8- ئايدىكى ماددىسى.

تالڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلار ئىلگىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان را-
يوندا ئالتە مەھكىمە (تۇتۇق مەھكىمە) ، يەتتە ئايماق تەسىس
قىلدى:
(1) ئۇيغۇر قەبىلىسىنى دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى
(ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى جۇرماتەي دەريا-
سىنىڭ قىرغىقىدا) قىلدى؛
(2) بارغۇت قەبىلىسىنى جىنۋېي تۇتۇق مەھكىمىسى (چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدىكى بۇرۇنقى چېچىنخان قەبىلىسىدە) قىلدى؛
(3) تېلەنغۇت قەبىلىسىنى يەيرەن تۇتۇق مەھكىمىسى (ھا-
زىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇرنىڭ
ئەتراپىدا) قىلدى؛
(4) بايىرقۇ قەبىلىسىنى ياۋلىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (ھا-
زىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خۇلۇنبىر كۆلىنىڭ ئەتراپىدا) قىل-
دى؛
(5) توڭرا قەبىلىسىنى چيۇلىن تۇتۇق مەھكىمىسى (ھا-
زىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىدىكى توڭگىل دەرياسى ۋادى-
سىدا) قىلدى؛
(6) ئىزگىل قەبىلىسىنى لۇشيەن تۇتۇق مەھكىمىسى
(بەلكىم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى بۇرۇنقى قوبدۇنىڭ غەربىي
جەنۇبىدا بولسا كېرەك) قىلدى؛
(1) خۇن قەبىلىسىنى گاۋليەن ئايمىقى (بەزىلەر چۆللۈك-
نىڭ شىمالىنىڭ جەنۇبىدا دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ھازىرقى
گەنسۇنىڭ خېشى ئارىلىقىدىكى بۇرۇنقى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ سىر-
تىدىكى چۇخۇن تېغى ئەتراپىدا دەپ قارايدۇ) قىلدى؛
(2) قوشۇ قەبىلىسىنى گاۋچۈ ئايمىقى قىلدى؛
(3) ئاۋاسار قەبىلىسىنى جىلۇ ئايمىقى قىلدى؛
(4) ئاتئېز قەبىلىسىنى جىتەن ئايمىقى (ھازىرقى نىڭشيا-

نىڭ چېگرىسى ئىچىدە دەپمۇ قارىلىدۇ) قىلدى؛

(5) چۇبە قەبىلىسىنى يوشى ئايمىقى (هازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي ئارلىقىدىكى بۇرۇنقى گەنجۇ ۋە لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئارىلىقىدا) قىلدى؛

(6) ئىزگىللەرنىڭ باشقا بىر قەبىلىسىنى دەيلىن ئايمىقى قىلدى؛

(7) ئەقشىد قەبىلىسىنى دىيەنيەن ئايمىقى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خولۇنبىر كۆلىنىڭ شەرقى بىلەن چوڭ هىنگان تېغىنىڭ غەربىدە) قىلدى.①

مەھكىمىدە تۇتۇق، ئايماقتا ئايماق بېگى بار ئىدى، ئۇلارنى يەنىلا تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ياز 4 - ئايدا يەنە بۇرۇنقى تەڭرىقۇت كۆرەسى (ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كاڭمىيەن ئارقا خوشۇنىدىكى ئۇكا دەرياسىنىڭ شىمالىدا) دە، يەنرەت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (كېيىن دەشتى- ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شىمالنى تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) نى تەسىس قىلىپ، يۇقىرىدىكى ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماقنى باشقۇردى، باشقۇرۇش دائىرىسى پۈتكۈل چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي باشقۇرۇش هوقۇقى بىۋاسىتە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى بارلىق رايونلاردا يۈرگۈزۈلدى.

ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەر بىلەن تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ تەيزۇڭنى هۆرمەتلەپ، «تەڭرى قاغان» دەپ ئاتايتتى، هەمدە چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا مەخسۇس بىر يول ئېچىپ، ئۇنىڭغا

① «كونا تاڭنامە» 199 - جىلدنىڭ داۋامى «تېلېلار هەققىدە قىسسە»، 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار هەققىدە قىسسە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 2 - جىلد «تەيزۇڭ هەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ.

«تەڭرى قاغاننى تاۋاپ قىلىش يولى»[1] دەپ نام بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنىدى. «تەڭرى قاغاننى تاۋاپ قىلىش يولى»دا 68 ئورۇندا ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆتكۈچى ئەلچىلەرگە قولايلىق يارىتىلدى.

(3) «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ رايونىدا تەسىس قىلىنغان ئەنشى، بېشبالىق قاتارلىق مەھكىمە، ئايماقلار

شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆزگەرتتى.

غەربىي يۇرتنىڭ ئېۋۇرغول دېگەن جايىدىكى يەتتە قەلئە، ئەسلىدە غەربىي يۇرتلۇق غوز سودىگەرلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى ئىدى، ئۇ قەلئەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سۈي سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بەيئەت قىلىشنى خالىغاچقا، ئېۋۇرغول ئايىمىقى تەسىس قىلىنغانىدى، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى يۈز بەرگەندە، بۇ قەلئە شەرقىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلدى، مىلادى 630-يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى) شەرقىي تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن كۈز 9- ئايدا، ئېۋۇرغول شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىگە قاراشلىق يەتتە قەلئەگە باشچىلىق

[1] «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 73 - جىلدكە قاراڭ.

قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇ جايدا فەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى (جېنگۇەننىڭ 6- يىلى ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق ئورنى، هازىرقى شىنجاڭنىڭ قومۇل ناھىيىسىدە) نى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈركلەر غەربىي يۇرتنى ئىگىلىۋالدى، غەربىي يۇرت دائىم غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ۋە دەپسەندە قىلىنىشىغا چۈشۈپ قالدى. ئىشبارا يابغۇ قاغان سۇياب دەرياسىنىڭ شىمالىدا جەنۇبىي ئوردا قورغان مەزگىلدە (مىلادى 639- يىلى)، پىشامىشان، ئاگنى، كۇسەن، چۇرچان قاتارلىق «بەگلىكلەر» نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغاندىن تاشقىرى يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خېشى ئارىلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوچۇ بېگى چۈۋېنتەي غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە ئېۋىرغول بىلەن ئاگنىغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئولپان تەقدىم قىلىشىنى توستى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچى كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، فەربىي يۇرت بىلەن خېشى ئارىلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مىلادى 639 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى) قىش 12- ئايدا يارغول ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ باش بۇغى، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى خوجۇنجىنى قوشۇن بىلەن قوچۇغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ياندۇرقى يىلى (جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى) كۈز 9- ئايدا قوچۇنى ئىشغال قىلدى، چۈۋېنتەي دەككە -دۈككە ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى،

ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىنى بىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي ئايماق دېگەن ئايماقنى تەسىس قىلدى. چۇۋېنتەي دەسلەپ ئىشپارا يابغۇ قاغان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جىددىي ئەھۋال بولسا ئۆزئارا ياردەم بېرىش توغرىسىدا كېلىشكەنىدى، قاغان ئۆز يابغۇسىنى قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسى) دە تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى، بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلىپ، بۇ جايدا بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. 9- ئايدا تاڭ سۇلالىسى يارغولدا يەنە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەتراپىنى باشقۇردى.①

غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى غەربىي يۇرتقا بولغان كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقى كۆلەچورنىڭ ئىنىسىگە ئاگنى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئاگنى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى ئەتراپى) نى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، غەربىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلدۇرماقچى بولدى. ئەنشى قورۇقچى بېگى گاۋشياۋكى قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈش قىلىپ، ئاگنىنىڭ پادىشاھى تۈركەشنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى سۇپۇجۇننى ئاگنىغا ھۆكۈمران قىلىپ تىكلەپ قايتتى. گاۋشياۋكى قايتىپ كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆلچورنىڭ قوشۇنلىرى ئاگنىنى قوتقۇزۇشقا يېتىپ كەلدى ۋە سۇپۇجۇننى ئەسىرگە ئېلىپ، گاۋشياۋكىنى قوغلاشقا، 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى، بىراق غەربىي تۈركلەرنىڭ يەنە بىر بۇيرۇقى چۇبەن چور ئاگنىنى باشقۇرۇشقا تۇدۇن ئەۋەتتى. تۇدۇن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە، تاڭ

① «كونا تاڭنامە» 40 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 40- جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» IV گە قارالڭ.

تەيزۇلڭ ئۇنى ئەيىپلەپ، «ئاگىنىنى مېنىڭ قوشۇنلىرىم ئىشغال قىلغانىدى، سەنلەر قانداقلارچە ئىگىلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالىدىڭلار؟» دېگەندە، تۇدۇن قورقۇپ كېتىپ، غەربىي تۈركلەرگە قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاگىنىلىقلار سۈيۈجۈننىڭ ئاتىسىنىڭ قېرىندىشى شۈپوئاناجىنى بەگ قىلىپ تىكلىگەن بولسىمۇ، داۋاملىق چۈبەنچورغا بەيئەت قىلدى.①

ئاگىنىنىڭ غەربىدىكى كۈسەن (ھازىرقى شىنجاڭنى كۇچار ناھىيىسى ئەتراپى) دەسلەپتىلا ئىچكىرىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، كېيىن غەربىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلغانىدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋاسساللىق بەيئەت سوۋغىسىنى پەيدىنپەي كېمەيتكەنىدى. كۈسەننىڭ پادىشاھى خالى پۇشىبى مۇۋەققەت خان بولغان (مىلادى 647 ـ يىلى جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى قىش 12ـ ئاي) دىن كېيىن، ھەدەپ قوشنا بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. تاڭ تەيزۇڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، سول قول ياساۋۇلخانا باش سانغۇنى ئاشنا شىر بىلەن ئەنشى قورۇقچى بېگى گاۋشىياۋكى قاتارلىقلارنى بەش سانغۇن قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، كۈسەنگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاشنا شىر ناھايىتى تېزلىكتىلا ئاگنى بىلەن كۈسەننىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇرۇشلۇق چۇنۇدا (ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) بىلەن چۇمۇل قەبىلىسى (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدا) نى مەغلۇپ قىلدى (چۇنۇدا بىلەن چۇمۇل قەبىلىسى ئەسلىدە غەربىي تۈركلەردىن بولغان بەش تۇغلۇقلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئىدى)، مىلادى 648 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى) كۈز 10ـ ئايدا قوشۇن بىلەن ئاگىنىنىڭ غەربىدىن ئۆدۈل كۈسەننىڭ شىمالىي چېگرىسىغا قاراپ ئاتلاندى. غەربىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان

① «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «ئاگنى تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

ئاگىنىنىڭ پادىشاھى شۆپو ئاناج قاتتىق سارسامىگە چۈشۈپ، شەھەرنى تاشلاپ، شەرققە قاچقاندا، ئاشىناشىر قوغلاشقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، تۇتۇپ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئىنىسى شيەن ناجۇننى بەگ قىلىپ تىكلىدى. كۇسەن قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، قوشۇن قوماندانلىرى شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشتى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تورشاۋۇل قىسىملىرى تاغات شەھەرگىچە يېتىپ باردى، كۇسەنىنىڭ پادىشاھى خالىي پۇشىبى بىلەن ۋەزىرلىرى نالىي، جېلىيدىيەن 50 مىڭ قوۋمىگە باشچىلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ مەغلۇپ بولۇپ، كۇسەندىكى ئاستانە شەھەرنى ساقلاشقا چېكىندى، ئاشىناشىر شەھەرگە قىستاپ بېرىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىپ، گاۋشياۋكېنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. پۇشىبى غەربكە 600 چاقىرىم مېڭىپ، بارخان شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ناھىيىسى) نى ساقلاپ ياتتى، ئاشناشىر قوشۇنلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كەبىسە 12- ئايدا بارخان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، پۇشىبى بىلەن جېلىيدىيەننى تىرىك تۇتتى. نالىي قېچىپ چىقىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، گاۋشياۋكېغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، گاۋشياۋكې دۈشمەننى سەل چاغلاپ، غەربىي دەرۋازىدا ئۆلدى. گاۋشياۋكېنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن نالىينىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىدە ئۇرۇش قىلدى، شەھەر سىرتىدا تاڭ قوشۇنلىرى قورشاپ ھۇجۇم قىلغاچقا، نالىي چېكىندى. كېيىنكى ئون كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە نالىي شىمالىي تاغدىن كۇسەنىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىگە باشچىلىق قىلىپ، ئاستانە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، نالىي تەنها ئاتلىق قاچقاندا، كۇسەنلىكلەر تۇتۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئاشنا شىر ئىلگىرىلەپ، ئاخىر بولۇپ كۇسەندىكى بەش چوڭ شەھەرنى ئىشغال قىلدى،

قالغان كىچىك شەھەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بېيئەت قىلدى، نەچچە يۈز مىڭ ئەر ـ ئايالنى يىغىپ، كۆسەن خانىنىڭ ئىنىسى يابغۇنى خان قىلىپ تىكلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆسەن تىنچلاندۇرۇلدى.①

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۇڭتۇدا، چومۇل قەبىلىلىرىنى، ئاگنى، كۆسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغاچقا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتتى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسى غەربىي يۇرتنى لەرزىگە سالدى، ئىلگىرى غەربىي تۈركلەرگە بېيئەت قىلىپ كەلگەن ئۇدۇن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ خوتەن ناھىيىسى ئەتراپى) قاتارلىق «بەگلىكلەر»، تاڭ قوشۇنلىرىغا تۆگە، ئات، ھەربىي لەڭ تەقدىم قىلدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشكە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭ كۆسەننى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا كۆسەن، ئاگنى،② ئۇدۇن، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت جايدا، تۆت ھەربىي نۇقتا تەسىس قىلىپ، ئۇنى «تۆت قورغان» دەپ ئاتىدى. تۆت قورغان بىر تۇتاش ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغاچقا، ئادەتتە «ئەنشىدىكى تۆت

① «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «كۆسەن تەزكىرىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 111 ـ جىلد «ئاشناشىرنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

② يېڭى ـ كونا «تاڭنامە. كۆسەن تەزكىرىسى»دە پۈتۈنلەي كۆسەن، ئۇدۇن، سۇلى ۋە سۇيابنى تۆت قورغان دەپ ھېسابلىغان. لېكىن تاڭ تەيزۇڭنىڭ دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلىرى تېخى سۇيابقا يېتىپ بارمىغانىدى؛ تاكى گاۋزۇڭنىڭ دىياۋلۇ تۇنجى يىلى (مىلادى 679 ـ يىلى) ئەنشى قورۇقچى بەگ ۋاڭ فاڭيى سۇياب شەھىرىنى ياساتقاندىن كېيىنلا، سۇياب ئاندىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى مۇھىم بىر قورغانغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، «كۆسەن تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان تۆت قورغاننىڭ ئىچىدىكى «سۇياب» ئاگنىنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە توغرىسىدا يېقىندىن بۇيان دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا بەش ـ ئالتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانىدى.

قورغان» دەپ ئاتىلاتتى. مىلادى 658 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 ـ
يىلى) ياز 5 ـ ئايدا، گاۋزۇڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى
كۇسەن (ئەسلىدە يارغولدا ئىدى) گە كۆچۈرۈپ، بۇرۇنقى ئەنشى ـ
نى قايتا غەربىي ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، قوچۇ
قورغىنىدا تۇرغۇزدى. بۇ مەزگىلدە غەربىي تۈرك ھاكىمىيتى
ئاللىقاچان مۇنقەرز بولغان (مىلادى 657 ـ يىلى مۇنقەرز بولغا ـ
نىدى) ئىدى، بىراق تۇبۇتلەرنىڭ تەسىر كۈچى باش كۆتۈرۈپ
چىققانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي (670 ـ يىلى، شيەنخېڭنىڭ تۇنجى
يىلى ياز 4 ـ ئايدا) تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى ئىش ـ
غال قىلىۋالغانىدى، ھەمدە ئۇدۇن بىلەن بىرلىشىپ، كۇسەنگە
قاراشلىق بارخان شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. گاۋزۇڭ نائىلاج
كۇسەن، ئۇدۇن، ئاگنى، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت قورغاننى ئە ـ
مەلدىن قالدۇردى. مىلادى 692 ـ يىلى (ۋۇزېتيەننىڭ چاڭشۇ
تۇنجى يىلى) قىش 10 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى
تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى (بۇ
مەزگىلدىكى تۆت قورغاندا سۇياب بولۇپ، ئاگنى يوق ئىدى)،
ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى داۋاملىق كۇسەندە تەسىس
قىلىپ، قوغداشقا 30 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتتى. تاڭ سۇزوڭدىن تاڭ
دېزوڭغىچە بولغان (756 ـ ، 757 ـ يىللار) ۋاقىتتىن كېيىن
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆپلەپ ۋەقە («ئۆڭلۈك، سۆيگۈن توپىلا ـ
ڭى» يۈز بەرگەن) سادىر بولدى، خېشى بىلەن لوڭيونى قوغدا ـ
ۋاتقان قوشۇنلار پۈتۈنلەي ئىككى ئاستانىنى قوغداشقا يۆتكەپ
كېلىنگەچكە، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي
يۇرتقا قاراشقا ماجالى يەتمىدى. تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 3 ـ
يىلى (758 ـ يىلى)، ئەنشى تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەت ـ
تى. ①

① «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» II گە قاراڭ.

سۇياب (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دىياۋلۇ تۇنجى يىلى (مىلادى 679 ـ يىلى) دىن باشلاپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ مەزگىلدە غەربىي تۈركلەر تىنجىتىلغان بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلىرى كۆكئارتنىڭ غەربىدىن تېخىمۇ يىراق جايلارغىچە يېتىپ بارغانىدى، كۇسەننىڭ شەرقىدىن سەل چەترەك خىلۋەت جايغا جايلاشقان ئاگنى بولسا پۈتكۈل غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەتراپىدىكى رولىنى تازا جارى قىلدۇرالمىغانىدى، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشنا تۇرچى بىلەن ئۇنىڭ باشقا بىر قوماندانى لى جېبەگىنىڭ تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەنشىگە سالغان پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، دەرھال ئەنشى قورۇقچىبېگى ۋاڭ فاڭيىغا سۇياب شەھەرىنى قۇرۇش ھەمدە ئۇنى ئاگنىغا ۋاكالىتەن، غەربىي چېگرىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشنى بۇيرۇدى. تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋاڭ فاڭيى ياساتقان سۇياب شەھەرىنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ، ناھايىتى ئەپچىل لايىھىلەنگەنىدى، «تۆت تەرىپىگە 12 دەرۋازا ئورنىتىلغانىدى، شەھەر ئەگرى- بۈگرى، يوشۇرۇنۇشقا قولايلىق شەكىلدە سېلىنغان، شەكىل- قىياپىتىنى ئاسانلىقچە بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاماشا قىلىپ، سوۋغا-سالاملارنى تەقدىم قىلىشقانىدى».①

سۇياب شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 7 ـ يىلى (مىلادى 719 ـ يىلى) گىچە تۆت قورغاننىڭ بىرى قىلىنغانىدى. چۈنكى كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق

① «كونا تاڭنامە» 185 ـ جىلد «ۋاڭ فاڭيىنىڭ تەرجىمىھالى»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 73 ـ جىلد بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» 967 ـ جىلدقا قاراڭ.

قەبىلىسى كەينى ـ كەينىدىن توپىلاڭ كۆتۈرگەچكە، سۇياب دائىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونترول قىلىشىدىن ئايرىلىپ قالاتتى ھەتتا بەزىدە قولدىنمۇ كېتەتتى. شۇڭا، تۈرگەشلەرنىڭ ئاقساقىلى سۇ-لۇ (سادىق قاغان) ئەينى ۋاقىتتا سۇيابتا ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، شۈەنزوڭ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنشى ھىمايىچىلىق ۋاڭ جياخۇينىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ، سۇيابنى قورغانلىق ئورنىدىن قالدۇرىدۇ. بىراق ئاگنى-نى سوياب ئورنىغا قورغان قىلدى.[1] سۇياب شەھىرى 40 يىل (679 ـ 719 ـ يىللار) غىچە «قورغان» بولغانىدى.[2]

سۇياب شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تۆت قورغاننىڭ بىرى قىلىنىشى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى:

بىرىنچى، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەل ـ مەنسەپ تۇرغۇزۇپ، مەھكىمە تەسىس قىلغانلىقىنىڭ نامايەندى-سى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ كۆكتارتىنىڭ غەربىگە، تاكى ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغى-چە يېتىپ بارغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو-نىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ كۆكتارتىن ھالقىپ ئۇنىڭ غەربىدىكى تېخىمۇ يىراق جايلارغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشىدىكى تۆت قور-غاننىڭ خاراكتېرى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئالتە قورغان-نىڭ خاراكتېرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «قورغان» يەنى ھەربىي قورغان بولۇپ، بىر ھەربىي مەمۇرىي ئورگان ھەم بىر قوشۇن تۇرىدىغان ھەربىي ئىشلاردىكى نۇقتا

---

① «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلدقا قاراڭ. يەنە شۇ «تەزكىرە»دە دېيىلگەن «ئون ئوق قاغانى سۇيابتا ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلدى» دېگەننىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرگەن-دە، ئاتالمىش «ئون ئوق قاغانى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە سادىق قاغان سۇلۇ ئىدى.

② سۇياب شەھىرى كېيىن تيەنباۋنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىي 748 ـ يىلى) بېشبالىق ھىمايىچىلىق ۋاڭ جېڭجيەن تەرىپىدىن چېقىپ تاشلىنىپ بۇزۇلۇپ قىلىنغاندا، ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەنىدى. شۇڭا ئورنى قالمىغان («يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ داۋامىدىكى كانگا بەگلىكى قوشۇمچە ئىلاۋە بىلىپ ماددىسىغا قاراڭ).

ئىدى. ئۇ چېگرانىڭ ئەمىنلىكىنى قوغداپ ھەم چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى قوغدايتتى.

ئۈچىنچى، سۈياب ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە جايلاشقان بولغاچقا، تارىخنامىلەردە ئۇ «ھەر قايسى ئەل غۇز سودىگەرلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان»① شەھەر دەپ قارالغاچقا، تۆت قورغاننىڭ بىرىگە كىرگۈزۈلگەنىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئۆزئارا باغلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

تۆتىنچى، سۈياب دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسىدىكى بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش ساداقلىقلارنىڭ چېگرىسى ئىدى، سۈياب ئەسلىدە بەش ساداقلىقلارنىڭ بىر مەركىزى ئىدى، سۈياب شەھىرى بىنا قىلىنغان ۋە ئۇ «قورغان» قىلىنغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئون ئوقلارنىڭ مۇناسىۋەت باغلايدىغان مەركىزىگە ئايلاندى.

بەشىنچى، سۈياب ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئەڭ غەربىي چېتىدىكى مۇھىم بىر مۇداپىيە قورغىنى بولۇپ، ستراتېگىيە جەھەتتە ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ قورغان قىلىپ تەسىس قىلىنىپ گۈللىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ كۆپ قېتىم يۆتكىلىشى، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقان ۋە كۈچەيگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن چېگرا رايونىدىكى ھەر قايسى ئاز

① «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «كۈسەن تەزكىرىسى».

سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق مەھكىمە، ئاي-ماقلار ئىنتايىن كۆپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن باشقا، تۆۋەندىمۇ كۆرسىتىلدى، گەرچە رام بولغۇچى خاراكتېرىنى ئال-غان ھازىرقى تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنى ئانچە تەكشۈرۈپ دەلىللى-گىلى بولمىسىمۇ، مۇشۇ مەھكىمە، ئايماقلار ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى بىلەن تاڭ سۇلا-لىسىنىڭ سىياسىي ۋە نام ئابرۇيىغا چېتىشلىق بولغان ئىشلارنى قىسقىچە بولسىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، گاۋزۇڭنىڭ لوڭسۇ تۇنجى يىلى (مىلادى 661 ـ يىلى) ياز 6ـ ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەردە توققۇز تۇتۇق مەھكىمە، 76 ئايماق، 111 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىندى ھەمدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلىندى، ئاساسلىق مەھ-كىمە، ئايماقلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

(1) توخرى تۇتۇق مەھكىمىسى — توخرى دۆلىتى تۇرۇش-لۇق ۋارۋالىز شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛

(2) داخەن تۇتۇق مەھكىمىسى — ئېفتالىت قەبىلىسى تۇرۇشلۇق ھىرات شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛

(3) سۇرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى — قەندەھەر دۆلىتى تۇ-رۇشلۇق ھىباغان شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛

(4) تۇلپار تۇتۇق مەھكىمىسى — جىبىسۇ بەگلىكى جايلاش-قان سۇمان شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛

(5) گاۋخۇ تۇتۇق مەھكىمىسى — قۇندۇز دۆلىتى جايلاش-قان ۋاخشۇ شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛

(6) شيەنشۇ تۇتۇق مەھكىمىسى ـ كەشمىر دۆلىتى جايلاش-

قان خېفىي شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(7) شىغنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى — باميان دۆلىتى جايلاشـ
قان خوجكان شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(8) ياپبان تۇتۇق مەھكىمىسى — ساغانىيان دۆلىتى جايلاشـ
قان دىناۋ شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(9) پارس تۇتۇق مەھكىمىسى — پېرسىيە دۆلىتى جايلاشـ
قان زارالڭ شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(10) چىشا ئايمىقى — خوجەند بەگلىكى جايلاشقان خوـ
جەند شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(11) خېمۇ ئايمىقى - تالاس بەگلىكى جايلاشقان تالاس
شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(12) لۇئاۋ ئايمىقى - ئۇلاگې بەگلىكى جايلاشقان ماخې
شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(13) كۇنشۇ ئايمىقى — ۋاخان بەگلىكى جايلاشقان دىبانا
شەھىرىگە تەسىس قىلىنغان؛
(14) زىبا ئايمىقى — كۇئان بەگلىكى جايلاشقان لاس
شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(15) ئۇفىي ئايمىقى - ۋاخان بەگلىكى جايلاشقان مويۇن
شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان؛
(16) خانبالىق ئايمىقى كاۋادىيانا بەگلىكى جايلاشقان بوش
شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى مەھكىمە، ئايماقلار شۈەنزوڭنىڭ تيەنباۋ 14 ـ يىلى (مىلادى 755 ـ يىلى) غىچە بولغان ۋاقىتقىچە ئۇلپاننى ئۈزۈپ قويمىغانىدى.①

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىنى باشقۇرىدىغان غەربىي يۇرت قورۇقچى

① «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» II بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 200 ـ جىلد تاڭ ئاۋزۇڭنىڭ لوڭشو تونجى يىلى 6ـ ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ. پەرقلىق خەتلىرى «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» IV گە ئاساسەن تۈزىتىلدى.

بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن سىرت، ۋۇزېتيەننىڭ چاڭئەن 2 - يىلى (مىلادى 702 - يىلى) قىش 12- ئايدا يەنە بېشبالىق (تۈرۈشلۈق ئورنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسىدە) تا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ۋە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى «بەگلىكلەر» نى باشقۇرۇدىغان بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى.① دەيزوڭنىڭ دەسلەپكى يىلى (762 - ، 779 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تۇبۇتلەر خېشى بىلەن لوڭيۇنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، ئەنشى ۋە بېشبالىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئون يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالدى. دېزوڭنىڭ جيەنجوڭ 2 - يىلى (781- يىلى) چېگرا ئىشلىرى ۋەزىرى لى يۈەنجوڭ (بېشبالىق ھىراۋۇلى) بىلەن گوشى (تۆت قورغاندا تۇرۇپ قالغان) قاتارلىقلار، ئۇيغۇرلار رايونى ئارقىلىق پايتەختكە مەكتۇپ ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر ئەنشى ۋە بېشبالىقتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قاپسىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. مۇزوڭنىڭ دەۋرى (821 - 824 - يىللار) دە، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلاشقانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن تۇبۇتلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئەنشى بىلەن بېشبالىققا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ۋېنزوڭنىڭ كەيچىڭ 5 - يىلى (840 - يىلى) قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاراپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. رۇيزوڭنىڭ شيەنتوڭ 4 - يىلى (863 -

---

① «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» II بىلەن «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» N گە قاراڭ.

يىلى) قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، ئەنشىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گەرچە بۇ مەزگىلدە تۈبۈتلەرنىڭ كۈچى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما بېشبالىق ئەتراپىنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى (ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن غەربكە كۆچۈپ قوچۇ ئەتراپىغا بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى) ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، قىرغىزلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپلەپ ۋەقە سادىر بولۇپ تۇرغاچقا (ئىچكى جەھەتتە ئاغۋاتلارنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقى، تاشقى جەھەتتە ۋاساللارنىڭ تەپرىقىچىلىكى)، چېگرا رايونلارغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق تاشلاپ قويۇلدى.①

ئۇنىڭدىن باشقا، گاۋزوڭنىڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى (مىلادى 657 - يىلى) ئاشىنا قۇل تىنجىتىلغاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان كۇنلۇڭ ۋە مىڭچى ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەسلەپ، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بېشبالىققا قاراشلىق قىلىندى. كۇنلۇڭ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشى (سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىنى باشقۇرىدۇ) غا تۆۋەندىكى 23 تۇتۇق مەھكىمە قارايتتى، ھەمدە يەنە بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگىمۇ قارايتتى:

(1) بەگيان تۇتۇق مەھكىمىسى — چومۇكۇن قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ئەتراپى) دە تەسىس قىلىنغان؛

(2) پىغلۇ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى — تۈرگەشلەرنىڭ

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 200 - جىلدنىڭ تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك يىللارغا قاراڭ.

ساغاباغا قەبىلىسى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن-
كى ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقى) دە تەسىس قىلىنغان؛
(3) جىشەن تۇتۇق مەھكىمىسى ـ تۈرگەشلەرنىڭ ئالاش
قەبىلىسى (ساغا ـ باغا قەبىلىسىنىڭ غەربىدە) دە تەسىس قىلىنى-
غان؛
(4) قوش دەرياسى تۇتۇق مەھكىمىسى ـ ئېستېتۇن قەبىلە-
سى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بورتالا ناھىيىسىدىكى غەربىي بورتالا
دەرياسىنىڭ ۋادىلىرى) دە تەسىس قىلىنغان؛
(5) يۇلتۇز تۇتۇق مەھكىمىسى ـ چونس ـ چۇبەن قەبىلە-
سى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى يۇلتۇز دەريا ۋادىسىدا) دە تەسىس قىلىنغان؛
(6) تۇز كۆل ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ قوۋلاسچور
قەبىلىسى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدە) دە تەسىس قىلىنغان.
يۇقىرىدىكى ئالتە مەھكىمە گاۋزوڭنىڭ شيەنچىڭ 2 ـ يىلى ئاشنا
قۇلنى تىنجىتقاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈنلەي
بەش تۇغلۇقلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلغانىدى.
(7) قۇزتاغ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ قارلۇقلارنىڭ
بۇلاق قەبىلىسى (ھازىرقى زايسان كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ئېرتىش
دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) دە تەسىس قىلىنغان؛
(8) دەشت ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ قارلۇقلارنىڭ چىب-
گىل قەبىلىسى (بۇلاق قەبىلىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دە تە-
سىس قىلىنغان؛
(9) زايسان ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى — قارلۇقلارنىڭ
توخسى قەبىلىسى (بۇلاق قەبىلىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي، جەنۇ-
بىي بىلەن چومۇكۇن قەبىلىسىنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايىدا) دە
تەسىس قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئۈچ مەھكىمە، شيەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) ئايرىم ـ ئايرىم قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى («ئۈچ يابغۇ» دەپمۇ ئاتالغان) دە تەسىس قىلىنغانىدى.

(10) جىنفۇ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ بارخان ئايمىقىدا تەسىس قىلىنغان.

(11) ئىرۇ ( 轮台 ) ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بۇگۇر ناھىيىسى ياكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا) ؛①

(12) ئالتۇنبالىق ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى — گاۋزوڭنىڭ يوڭخۇي 5 ـ يىلى (654 ـ يىلى) چۇنۇدا قەبىلىسى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دا تەسىس قىلىنغان؛ دەسلەپتە ئايماق بولۇپ، ئىرۇغا قارايتتى، لوڭسونىڭ 2 ـ يىلى (662 ـ يىلى) مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەن؛

(13) يەنمىيەن ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ـ زايسان بىلەن يەنمىيەننىڭ ھەر ئىككىلىسى ئايماق بولۇپ، يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى، ۋۇزېتيەننىڭ چاڭئەن 2 ـ يىلى (702 ـ يىلى) مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، بېشبالىققا قاراشلىق قىلىندى. تۆۋەندىكى ئون مەھكىمىنىڭ تەسىس قىلىنغان يىل دەۋرى بىلەن ھازىرقى جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس:

(14) يەنلۇ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛

(15) گېشى ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛

(16) گۋاشۇ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛

(17) شيەن ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛

(18) دوڭيەن ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛

---

① چاۋانىس مۇندلاق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» 1 ـ جىلدگە ئاساسلانغاندا، خىمن دەۋرىدىكى ئىرۇنىڭ ئورنى ھازىرقى لوتەي ناھىيىسى ـ بۇگۇردە ئىدى، ھالبۇكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىرۇ ئايمىقىنىڭ ئورنى بولسا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئىدى» («غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا 69 ـ بەت).

(19) تۇرا ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛
(20) قاش ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛
(21) پىئلىياۋ ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛
(22) چۆل تۈركلىرى ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى؛
(23) دالان ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى.①

تاڭ سۇلالىسى تەرەققىي قىلىپ، كەييۇەن، تيەنباۋ يىللىرى (مىلادى 713 ـ، 755 ـ يىللار) غا كەلگەندە، دۆلەت كۈچى مىسلىسىز كۈچەيگەنىدى.

«بۇ مەزگىلدە ئوردىنىڭ شۆھرىتى تارىلىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 331 ئايماق بار ئىدى، رام بولغۇچى ئايماقتىن 800 بار ئىدى، جەمئىي ئون ھىراۋۇل، باسقاق بېگى تەسىس قىلىنىپ،» چېگرىنى قوغدىغانىدى:

ئەنشى ھىراۋۇلى كۇسەندە تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى دالالەت قىلاتتى، كۇسەن، ئاگنى، ئۇدۇن، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت قورغاننى باشقۇراتتى، 24 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى؛ بېشبالىق ھىراۋۇلى تۇرگەش، قىرغىزلاردىن مۇداپىيە كۆرەتتى، دەشتى ماكان، تەڭرى تاغ، ئىبۇرغولدىن ئىبارەت ئۈچ قورۇلنى ئىدارە قىلاتتى، تۇرۇشلۇق ئورنى ئىبۇرغول ئايمىقى بىلەن غەربىي ئايماقنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىدە ئىدى، 20 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى؛ خېشى ھىراۋۇلى تۇبۇتلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ كۈچلىرىنى توسۇپ، قىزىل سۇ، دارۇ، بەيتىڭ ئۈچ قورۇلى، جيەنكاڭ، نىڭگو، يۇمېن، مورى، دۇلۇ، شىنچۈەن سەككىز قورۇلى، جاڭيې، جياۋچىڭ قاتارلىق قورۇللارنى باشقۇراتتى، لياڭ، سۇ، گۇا، شيا، خۇيدىن ئىبارەت بەش ئايماقتا تۇراتتى، مەھكىمىسى لياڭجۇ ئايمىقىدا بولۇپ،

① «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» 43 ـ جىلد «يېڭى تاڭنامە» 23 مەھكىمىنى يۇقىرىدىكى نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

73 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى؛

سۇ فاڭ ھىراۋۇلى تۈركلەردىن مۇداپىيە كۆرۈپ، جىڭلى، فېڭتيەن، دىڭيۈەن ئۈچ قورۇلى، ئۈچ جايدىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى، ئىككى گورۇندىكى تەگرىنقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى باشقۇراتتى، لىڭ، شيا، فېڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇراتتى، مەھكىمىسى لىڭجو ئايمىقىدا ئىدى، 67 مىڭ 800 ئەسكىرى بار ئىدى؛

خېدۇڭ ھىراۋۇلى سۇفاڭ ھىراۋۇلى بىلەن ئۆز ئارا بۇرجەك ھاسىل قىلىپ، تۈركلەرگە تاقابىل تۇراتتى، تيەنبىڭ، داتۇڭ، خۇاڭيى، كېگاڭدىن ئىبارەت تۆت قورۇل ۋە يۈنجوڭ قورۇلىنى باشقۇراتتى، تەييۈەن مەھكىمىسى، دەي، كاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇراتتى، مەھكىمىسى تەييۈەن مەھكىمىسىدە ئىدى، 55 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى؛ فەنياڭ ھىراۋۇلى تاتابى، قىتانلارنى تىزگىنلەپ، خۇاڭخەيدىكى توقغۇز قورۇلىنى باشقۇراتتى، ياۋجۇ بىلەن ساڭجيۇ ئايماقلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇراتتى، مەھكىمىسى ياۋجۇ ئايمىقىدا ئىدى، 91 مىڭ 400 ئەسكىرى بار ئىدى؛

پىڭلۇ ھىراۋۇلى شىرۋېلار بىلەن موغالالارنى دالالەت قىلىپ تۇرۇپ، پىڭلۇ، لۇلوڭ، يۈگۈەن قورۇللىرىنى، ئەندوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى باشقۇراتتى، يىڭ، پىڭ ئايماقلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇراتتى، مەھكىمىسى يىڭجۇ ئايمىقىدا ئىدى، 37 مىڭ 500 ئەسكىرى بار ئىدى؛

لوڭيۇ ھىراۋۇلى تۇبۇتلەردىن مۇداپىيە كۆرۈپ، لىنتاۋ قاتارلىق ئون قورۇلنى باشقۇراتتى، شان، كو، ياۋ، خې ئايماقلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تۇراتتى، مەھكىمىسى شانجو ئايمىقىدا ئىدى، 75 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى؛

جيەننەن ھىراۋۇلى غەربتە تۇبۇتلەرگە قارشى تۇرۇپ، جە-

نۇپتا مەنلىپاۋلارنى دالالەت قىلاتتى؛ لىڭنىيەندىكى بەش مەھكىمە يىلار بىلەن لياۋلارنى باشقۇراتتى. . . . . .

ۋاسسالاردا جەمئىي 490 مىڭ ئەسكەر، 80 مىڭ ئات بار ئىدى. ھەر يىلى 120 مىڭ توپ ھەربىي كىيىم - كېچەك، ئاشلىقتىن 190 مىڭ كۇرە سەرپ قىلاتتى، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ چىقىمىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ بولۇشى، پۇقرالارنىڭ تۇر- مۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.① بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى- نىڭ تۈرك (تۈبۈت قاتارلىقلارمۇ بار) قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىنىپى ھۆكۈمە- رانلىقىنى قوغداش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكىنىڭ ئامانلى- قىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەت- لىك قىلىش ئۈچۈن، غايەت زور ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچى ئاجرىتىلغانلىقى بىلەن زور بەدەل تۆلىگەنلىكىنى كۆ- رۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۈركلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى- نىڭ جۇڭگو تارىخىغا قارىتا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى- مۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**(4) تۈركلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۇجۇمىنىڭ تاڭ سۇلالى- سىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى**

تۈركلەر مىلادى 552 - يىلى ئاشىنا تۈمەن دۆلەت قۇرغاندىن باشلاپ، 630 - يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركلەر مۇنقەرز بولدى؛ غەربىي تۈركلەر 583 - يىلى تۈركلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، 659 - يىلىغا كەلگەندە مۇنقەرز بولدى؛ كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى 682 - يىلى قايتا قۇرۇلۇپ، 745 - يىلىغا كەلگەن-

① «كونا تاڭنامە» 38 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» مۇقەددىمە بىلەن «ئەللەرنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئەينەكلەر» 215 - جىلد تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ ئونىنجى يىلى بىلەن 1 - ئاينىڭ ماددىسى.

دە مۇئەييەن بولدى: قىسقىسى، تۈركلەر چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بىلەن غەربىي يۇرتتا 200 يىلغا يېقىن سەلتەنەت سۈرگەندى. ئۇنىڭ سۇيى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۆز ئارا تەسىرى كۆپ تەرەپلىمە ھەم مۇرەككەپ ئىدى. بۇ خىل ئۆز ئارا تەسىرنىڭ كونكرېتنى مەزمۇننى يۇقىرىدىكى ھەرقايسى بابلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق، تۆۋەندە پەقەت تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا قاراتقان ئۇزاق مۇددەتلىك ھۇجۇمىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدا كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

تاڭ سۇلالىسى دەسلەپتە سۇيى سۇلالىسىدىن بۇيانقى ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، ئاساسلىق ھەربىي كۈچى (تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ھەربىي كۈچىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى) نى گۇەنجوڭ رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى (يەنى ھازىرقى شەنشىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمى، شەرقىدە خەنگو ئۆتكىلى، جەنۇبىدا ۋۇگۇەن ئۆتكىلى، غەربىدە سەنگۇەن ئۆتكىلى، شىمالىدا سۇگۇەن ئۆتكىلى بار ئىدى، جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورنى تۆت ئۆتكەلنىڭ ئوتتۇرىدا بولغاچقا، شۇڭا گۇەنجوڭ ئوتتۇرا ئۆتكەل دەپ ئاتالغانىدى)، بۇنداق «ئىچىگە كۆپ، سىرتىغا ئاز» دېگەن ئىبارەت ھەربىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مەقسىدى ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاشنى كۈچەيتىش بولۇپ، «گۇەنجوڭ ئارقىلىق باشقا جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش»① ئىدى. تاڭ تەيزوڭ، تاڭ گاۋزوڭ ۋە ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىدە، تۈرك، تۈبۈت ۋە قىتانلار (بولۇپمۇ تۈركلەر)، ئۇزاققىچە ئۇرۇش قوزغاپ تۇرغانلىقتىن، جازا ئۇرۇشلىرى كۆپلەپ يۈز بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاساسلىق

---

① «سۆزلەر كانى» 138 ـ جىلد «ھەربىي تۈزۈملەر» تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي مەھكەمىسى ماددىسىدا كەلتۈرگەن نەقىل.

ھەربىي كۈچىنى شىمال بىلەن غەربكە يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى، «شىرمەت سانغۇنلار بىلەن خىل ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى غەربىي شىمالغا ئورۇنلاشتۇردى، »①بۇنىڭ بىلەن «ئىچىگە كۆپ، سىرتىغا ئاز» ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە توپلىنىشى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئوردا يەنە چېگرىدىكى ھەربىي ئىشلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، رۇيزوڭ (مىلادى 710ـ 711ـ يىللار) نىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرىدا زور ھوقۇققا ئىگە بولغان ھىراۋۇللارنى تەسىس قىلدى. بۇ ھىراۋۇللار كۆپىنچە «ئايماق ۋە شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلارنى ئۆزلىرى تەسىس قىلىپ، نوپۇس رويىخەتلىرىنى مەھكىمىگە مەلۇم قىلماي، باج ـ سېلىقنى ئوردىغا تاپشۇرمايتتى، ئۆزلىرىنى ۋاسسال ئەمەلدارلار دەپ ئاتىدىسمۇ، ئەمەلىيەتتە دەستەك بويىچە ئىش قىلمايتتى. »②نەتىجىدە فېئودال تەپرىقىچى كۈچلەر پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسىنى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا ئېلىپ كەلگەن ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى (تاڭ شۈەنزوڭنىڭ تيەنباۋ 14 ـ يىلىدىن تاڭ دەيزوڭنىڭ گۇاڭدې تۇنجى يىلىغىچە، مىلادى 755ـ 763 ـ يىللار) نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئەسلىدە يەر تەڭشەش تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئۈششاق دېھقان ئىگىلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. بۇ بىر خىل ھەربىي ئىشلار بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن فېئودالىق خاراكتېرىدىكى تۈزۈم ئىدى، ئەينى ۋاقىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر ئىلغار ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى ئىدى، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەمە-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 216 ـ جىلد تاڭ شۈەنزوڭنىڭ تيەنباۋ 8 ـ يىلى قوشۇمچە بايىدىكى ماددىسى.
② «كونا تاڭنامە» 141 ـ جىلد «تيەن چېڭسىنىڭ تەرجىمىھالى».

لىي تۆۋرۈكىگە ئايلانغانىدى. لېكىن، مەھكىمە ئەسكەرلىرى قىسمەن ھاشار ۋە سىپلىقتىن كەچۈرۈم قىلىناتتى، ئەمما ئۇلار ھەر يىلى ئاستانىنى قوغداشقا ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە جازا يۈرۈشىكە قاتناشقاچقا، جەزمەن ھەربىي جابدۇق ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تەييارلىشى شەرت ئىدى، شۇڭا ئۇستىدىكى يۈكىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. تاڭ تەيزوڭ بىلەن گاۋزوڭنىڭ دەۋرىدە، تۈركلەر ھۇجۇم قوزغىغانلىقتىن، ھەربىي مەجبۇرىيىتى بارغانسېرى كۆپەيدى، جازا يۈرۈشكە چىققان ۋاقتىمۇ بارغانسېرى ئۇزاردى. خۇددى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر دوفۇ «لەشكەرلەر ھارۋىسى» ناملىق شېئىرىدا كۆرسەتكەندەك ئىدى:

قوغداش ئۈچۈن شىمال تەراپتىكى چېگرىنى،
ماڭغىنىدا خېشىغا بەزىلەر ئىدى 15 تە.
يەنە باراتتى غەربكە بوز يەرلەرنى ئېچىشقا،
قىران ئەر بولۇپ بىردىن كىرگىنىدە 40 قا.
بەزىلەرنىڭ يېشى بەكلا كىچىك بولغاچقا،
يول بېگى بۆيرۈيتتى بېشىنى چۇمكىۋېلىشقا.
قايتقىنىدا چاچلىرى ئاقىراتتى ئۇلارنىڭ،
كېلىپلا يەنە ماڭاتتى چېگرىنى قوغداشقا.

شۇڭا ئەسكەرلەر كۆپلەپ قېچىپ كېتەتتى. ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن بۇلاڭ - تالىڭى تېخىمۇ كۆپەيدى، شۇ سەۋەبلىك ۋەزىر دى رېنجې مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دەپ تىلغا ئالغانىدى: «يېقىندا دۆلەت ئۇزۇلدۇرمەي قوشۇن چىقىرىپ تۈرغانلىقتىن، چىقىم كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ بارماقتا، غەربىي چېگرىدىكى تۆت قورغان بىلەن شەرقىي چېگرىدىكى ئەندوڭ ئۈچۈن ھەربىي مەجبۇرىيەت بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن، پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بىكارغا زايە كەتمەكتە».

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «يېقىندىن بۇيان ھەربىي ئىشلاردا قوشۇنلار ئىشقا سېلىنغان بىلەن پاجىئەمۇ ئېغىر بولماقتا. ئائىلە ئەھكاملىرى بۇزۇلغانلىقتىن، قېچىپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپەيمەكتە، كىشىلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆي - بىساتلىرى بىلەن يەرلىرىنى ساتالمىغانلىقتىن، ئەتراپ بوش قالماقتا».[①] بۇنىڭغا ئاقسۆڭەك، بيروكرات، سودىگەرلەرنىڭ يەر بۆلۈپ بېرىلگەن ئاھالىلەرنىڭ يەرلىرى بىلەن دۆلەتكە باج تاپشۇرۇدىغان ئاھالىلەرنى قوشۇۋېلىش ئىشلىرىنى قوشقاندا، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ۋۇزېتيەن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان مەزگىل (690 - 704) دىن باشلاپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تاڭ شۈەنزوڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. تيەنباۋ يىللىرى (742 - 755) دىن كېيىن يەر قوشۇۋېلىش بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، يەر تەڭشەش تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، دۆلەتنىڭ باج مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى، مالىيىسى خارابلاشتى. «يېڭى تاڭنامە» 53 - جىلد «ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» II دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«جېنگۈەن، كەيۈەن يىللىرىدىن بۇيان چېگرا ئەسكەرلىرى غەربتە قوچۇ، كۇسەن، ئاگنى، كىچىك بولۇرنى، شىمالدا سىرتاردۇشلارنىڭ بورۇتقى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، چېگرا ئەتراپىدىكى سان - ساناقسىز ئايماقلارنىڭ قورۇللىرىدا قوشۇن تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، گازارما يەرلىرى بىلەن يەر ئىجارىسى ھەربىي ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى.»

«كىتابلار جەۋھىرى» 495 - جىلدىمۇ مۇنداق خاتىرلەنگەن:

① «كونا تاڭنامە» 89 - جىلد «دى رېنجېننىڭ تەرجىمىھالى».

«شاھزادە، بەگلەر بىلەن ئەمەلدار ۋە زەردار پومىشچىكلار، قائىدە ـ نىزاملارنى قايرىپ قويۇپ، قورۇق سېلىپ، يەرلەرنى ھەدەپ قوشۇۋالدى، پۇقرالارنى ماكانسىز قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى پۇتۇنلەي ئىجارە بىلەن جان ـ باقىدىغانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، يىراق ـ يېقىندىكى جايلارمۇ تامامەن شۇنداق بولۇپ، بۇنىڭ ئادەتكە ئايلانغىنىغا ئۇزاق بولدى.

بۇنىڭ بىلەن يەر تەقسىمات تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ياللانما ھەربىي تۈزۈمگە ئۆزگەرتمەي بولمىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 212 ـ جىلد تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 10 ـ يىلى (مىلادى 722 ـ يىلى) كۈز 8- ئايدىكى ماددىسىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«دەسلەپتە ھەر قايسى مەھكىمىلەردىكى قوشۇنلار توشقان يىلىدىن باشلاپ ئەسكەرلىككە قاتناشسا، 60 يېشىدا ئائىلىسىگە قايتۇرۇلاتتى، ئائىلىسىدىكىلىرىمۇ ھەر خىل سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنمايتتى، شۇڭا ئائىلىلەر پەيدىنپەي نامراتلىشىپ كېتەتتى، ئەسكەرلەرمۇ ئاساسەن قېچىپ كېتەتتى، پۇقرالار بولسا ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايتتى. جاڭ شۇ تەكلىپ بېرىپ ياللاشقا ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى قورۇل ئەسكەرلىكىگە سەپلەپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەرخىل سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇلازىمەت نىزامىنى تۈرغۈزۇپ، قېچىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى جەلپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە ئون كۈن ئىچىدىلا 130 مىڭ خىل ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، ياساۋۇلخانىلارغا ئايرىلىپ، قىسىملارغا تەقسىم قىلىندى. ئەسكەرلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاندى.»①

---

① ئۇنىڭدىن باشقا «كونا تاڭنامە» 97 ـ جىلد «جاڭ شۇنىڭ تەرجىمىھالى»غىمۇ قاراڭ.

كەييۈەننىڭ 26 ـ يىلى (738 ـ يىلى) باھار 1- ئايدا، ئوردا پەيدىنپەي چىگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى چاقىرىق بىلەن كەلمىگەن ئەسكەرلەرنىڭ بىردەك قايتۇرۇشىنى پەرمان قىلدى. بۇ توغرىسىدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ شۇ يىلى 1- ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«چېگرىدىكى جازا يۈرۈشكە ئاتلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى چاقىرىق بىلەن قوبۇل قىلىنىپ توشقاندىن كېيىن، بۇگۈندىن ئېتىبارەن قورغان ئەسكەرلىرى قايتا ئەۋەتىلمەيدۇ، چېگرىنىڭ ئۆزىدىلا قايتۇرۇلىدۇ.①» بۇنىڭ بىلەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

بىر تەرەپتىن يەر تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن ھوقۇقنىڭ مەركەزگە توپلىنىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، يەرلىك تەپرىقىچى كۈچلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭغا تۈرك، تۈبۈت ۋە قىتانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ۋە ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان ھۇجۇمىنى قوشقاندا، يۇقىرى ئورۇن ۋە ئالىي مەرتىۋىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھىراۋۇللار، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرك، قىتان قاتارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچلىرىنى تېزدىن ئاشۇرۇپ، ئوردىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئۆڭلۈك دەل مۇشۇ خىلدىكى پىلان ۋە سۇيىقەستلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق، تاڭ شۈەنزوڭنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىۋالدى.②گەرچە ئۆڭلۈك، سۈيگۈن توپىلىڭىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن

① «تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇق يارلىقلىرى» 73 ـ جىلد بىلەن «كونا تاڭنامە» 9 ـ جىلد «شۈەنزوڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامىدا قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە» 200 ـ جىلد «ئۆڭلۈكنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى «ئىچىگە كۆپ، سىرتىغا ئاز» ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، مەھكىمىلەرنىڭ كۆپلەپ «جازا يۈرۈشكە ئاتلاندۇرغان ئەسكەرلىرىنىڭ يارىدار ۋە نابۇت بولۇپ، ئائىلە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ، ھەتتا قېچىپ كېتىش» تىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ توپ سەۋەبى، يەر تەڭشەش تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئۇششلىق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشى بولسىمۇ، ئەمما تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۇجۇمى ۋە ئۇنىڭ ئوينىغان رولى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپلىق تەسىرىگىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

# سەككىزىنچى باب تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى

### (1) يېزىق ۋە مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى

تۈركلەر قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، شۇنىڭدەك ھەم بىر قەدەر بالدۇر يىلنى ھايۋاناتلارنىڭ ناملىرىنى بەلگە قىلىپ ھېسابلاشنى قوللانغان مىللەت ئىدى. «جۇنامە» 50 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە «ئۇلارنىڭ يېزىقى غۇزلارنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىمالىي چى پادىشاھلىقى تارىخى» 20 - جىلد «قوغۇرسۇچياڭجونىڭ تەرجىمىھالى»دىمۇ خۇجۇنى «تۆت ئەتراپتىكى ياتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان» دەپ بەلگىلىگەندىكى ليۇشىچىڭغا «نىرۋانا سۇترا»نى «تۈرك تىلى»غا تەرجىمە قىلىپ تۈرك قاغانىغا تەقدىم قىلىشنى بۇيرۇغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. لېكىن، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ قانداق شەكىلدىكى يېزىق ئىكەنلىكى، XIX ئەسىردىن ئاۋۋال، دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەلۇم ئەمەس ئىدى. مىلادى 1889 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 15 - يىلى رۇسىيە ئالىمى يادرىنتسېۋ ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قوشۇ سەيدام كۆلىنىڭ قىرغىقىدىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نى تېپىپ قايتىدىن ئورناتقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ دانىيە ئالىمى تومسېن يۇقىرىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى ئوقۇپ، 1894 - يىلى (گۇاڭ-

شۇيىنىڭ 20 ـ يىلى) ، «ئورقۇن ۋە يەنىسەي مەڭگۈ تاش تېكىس-لىرىنىڭ ئوقۇلۇشى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن كې-يىن، كىشىلەر قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ شەكلى ۋە مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە باشلىدى.

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نى مىلادى 732 ـ يىلى (كەيۋەننىڭ 20 ـ يىلى) تۈركلەرنىڭ بىلگە قاغانى، ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىسى كۆل تېگىن (كۆل ئىسمى، تېگىن ئەمەل نامى) نى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئورناتقانىدى. مەڭگۈ تاشنىڭ ھەر ئىككىسىلا ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى تۈرك يېزىقى بىلەن خەنزۇچىدىن ئىبا-رەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تۈرك يېزىقىدىكى قىسمىنى بىلگە قاغان بىلەن كۆل تېكىننىڭ جيەنى يولىغ تېگىن (Yolix) يېزىپ چىققانىدى. مەڭگۈ تاش چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغانىدى. كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى 60 قۇر خەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچە تاشنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا 80 قۇر خەت بار. ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ نۇرغۇن جايىدىكى يېزىقلىرى بىلەن مەزمۇنى ئوخشايدۇ. ئىككى مەڭگۈ تاشتا ئاساسەن كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاشنا قۇتلۇق (ئېلتېرىش قاغان) نىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە قاغان بىلەن ئىككىنچى ئوغلى كۆل تېگىننىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، نۆۋەتتە ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى، خەت سانى ئەڭ كۆپ مەڭگۈ تاش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ تىكلىنىش جەريانى يېڭى ـ كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە خاتىرىلەنگەن. «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە كۆل تېگىن ئۆلگەندە تاڭ شۇەن-زوڭنىڭ جىنئۇ ۋ سانغۇنى جاڭ چۈيى بىلەن، پاششاپ بەگ لۈشياڭ

قاتارلىقلارنى تەزبىيەنامىنى ئېلىپ تۈرك خانلىقىغا بېرىپ، ماتەم بىلدۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بالبال تىكلەپ، مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى (خەنزۇچە يۈزى) نى ئۆزى يازغانلىقى؛ يەنە ئىبادەتخانا ياسىتىپ، رەسىمنى ئويدۇرغانلىقى، ئىبادەتخانىدىنىڭ تاملىرىدىكى رەسىمگە ئۇنىڭ جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلىق ھالىتى سىزىلغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. قىسمەدە يەنە تالڭ شۆەنزوڭنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك ئۇستىدىن ئالتە نەپەر ئادەمنى مەڭگۈ تاشنى تىكلەشكە ياردەم بېرىشكەن ئەۋەتىپ، خەتلەرنى نەپىس ۋە سىزما قىلىپ سىزدۇرغانلىقى، تۈركلەرنىڭ بولسا بۇنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەپ قارىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ ۋەزىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، تالڭ شۆەنزوڭنىڭ ئەركان لى چۈەنى تۈركلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياساتقانلىقى، يەنە ئوردا تارىخچىسى لى روڭنى مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى (خەنزۇچە يۈزى) نى يېزىشقا بۇيرۇغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى.

تۈرك يېزىقى تەخمىنەن مىلادى V ئەسىردە ئىجاد قىلىنغان ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. چۈنكى، تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئورقۇن دەريا ۋادىلىرىدىن تېپىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىقىنىڭ شەكلى (مەزمۇنى ئەمەس) قەدىمكى گېرمانلار ئىشلەتكەن رۇنىك (Runic) يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، ئورقۇن رۇنىك يېزىقى[①] دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە كېلىپ تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىنمۇ تېپىلغان بولغاچقا، ھەم ئورقۇن - يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① رۇنىك يېزىقى دېگەن بۇ ئىسىمنى نامى گالك دېسلېر رۇسىيە ئالىمى موسۇلىمەت (1685 - 1747) ئوتتۇرىغا قويغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كەڭ قوللىنىلدى.

تۈرك يېزىقى بىر خىل نوقۇل تاۋۇشلۇق يېزىق (بىر بەلگە بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان) ھەم نوقۇل بوغۇملۇق يېزىق ئەمەس (بىر بەلگە بىر بوغۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان) ئىدى. ئۇنىڭ 35 ھەرپى، بەش سوزۇق تاۋۇشى، يېرىم سوزۇق تاۋۇشتىن ئىككىسى بار ئىدى، ئۈزۈك تاۋۇشلىرى قاتتىق، يۇمشاق ۋە دەرىجە خاراكتېرىگە ئايرىلىدۇ. ھەر بىر ھەرپىنىڭ بىرقانچە خىل يېزىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. ھەرپ بىلەن ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ياكى ئىككى چېكىت بولىدۇ (مەسىلەن، چېكىت(.) ياكى قوش چېكىت(:)). ئادەتتە ئوڭدىن سولغا تىك يېزىلىدۇ. ئەمما، سولدىن ئوڭغا تىك شەكىلدىمۇ يېزىلىدۇ. ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار بىلەن ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپ بەلگىلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ، ئوخشاش بىر خىل تاۋۇش كۆپىنچە ئوخشاش بولمىغان بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىناتتى، شۇڭا بەزىلەر (مەسىلەن، گېبىڭ شىمېن شۇلاردىن بىرى) «تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 38 – 40 قىچە بولغان بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان، ھەر بىر بەلگە بىردىن سوزۇق تاۋۇش ياكى دەرىجە سوزۇق تاۋۇشلۇق ئۈزۈك تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ. تۈرك يېزىقى ئەرەب يېزىقىنىڭ يازما ھەرب شەكلىدىن بارلىققا كەلگەن، بىراق تۈركلەر بۇ يېزىق تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتكەنىدى، شۇڭا بەلگىلىك ئىجادىيلىق خاراكتېرى بار ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ ھەر ئىككىلىسى مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئورنىتىلغانىدى. مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۈرك يېزىقى

① گېبىڭ شىمېن يازغان «ئويغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو تارىخ تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان.

تەرەققىي قىلىپ، VII ئەسىرگە كەلگەندە، قۇرۇلمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە مۇكەممەللىشىپ، سۆزلۈكلىرىمۇ كۆپىيىپ بارغان. بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشتا گەرچە پۈتۈنلەي قاغان ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇرۇش تۆھپىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تۈرك مىللىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋالغا يۈزلىنىشى بىلەن قولدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇنقەرىز بولۇش جەريانىنى يېزىپ، كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى پۈتۈنلەي نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، سۆز - جۈملىلىرى راۋان، تىلى پاساھەتلىك، ئەدەبىي ئوقۇمى چوڭقۇر ئىدى، مۇنداقچە قىلغاندا ئۇنى تۈركلەرنىڭ بىر تارىخى ياكى بىر داستانى دېيىشكە بولاتتى. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا بىلگە قاغان كۆل تېگىننىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

«ئىنىم كۆل تېگىن قازا تاپتى، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم. كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى، ئەقىل ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم.»

بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ يېزىقلىرى رەڭدار بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىنىڭ سىنىپىي ئاساسلىرى خۇلاسىلەنگەنىدى. گەرچە مەڭگۈ تاشنىڭ ئاپتورى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ خۇلاسىلەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا خەلق ئاممىسى بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشنىڭ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققانىدى. مەسىلەن، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«بەگلىرىدە خەلقىدە ساداقەت بولمىغىنى ئۈچۈن، ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ.»

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ يەنە باشقىمۇ ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي قىممىتى بار، ئۇ بولسىمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان تارىخىي پاكىتلار بولۇپ، كۆپ ھاللاردا مەڭگۈ تاشنى تولۇقلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تەركىبىگە ئائىت خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈركلەر ئەسلى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مىللەت بولۇپ، تېلېلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، بۇ يۇقىرىدىكى مەڭگۈ تاش تېپىلىشتىن ئاۋۋال ئېنىق ئەمەس ئىدى؛ كېيىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تېپىلىپ، مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى» دېگەن سۆزدە، تۈركلەرنىڭ تېلېلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنگەندى.


بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشتىكى بايانلار، ئىنتايىن كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچى مىللەت تۈسىگە ئىگە. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دا كۆل تېگىننىڭ ھەر قېتىمقى قاتناشقان جېڭىنى تىلغا ئالغاندا، ھەممىشە ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى (كۆل رەڭ، بوز ئات ياكى قارا تورۇق ئات) تىلغا ئېلىنىدۇ؛ جەڭدە ئۆلگەن ئاتنىمۇ بىر ۋەقە سۈپىتىدە يازىدۇ. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئاتنىڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە مۇھىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ مەڭگۈ تاشتا كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.


تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكلى تۆۋەندىكىچە ئىدى:





ئەمما ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك يازما شەكلىمۇ بار ئىدى:






«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ھايۋاناتلارنىڭ نامىنى يىلنى ھېسابلاشنىڭ بەلگىسى قىلىنغانىدى. مەڭگۈ تاشتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئاتام قاغان ئىت يىلى 10- ئاينىڭ 26 - كۈنى قازا تاپتى. توڭگۇز يىلى 5- ئاينىڭ 27 - كۈنى دەپنە - مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇم.»

بۇ قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە تۈركلەرنىڭ بىرقەدەر بالدۇر ھايۋانات نامىنى بەلگە قىلىپ يىل ھېسابلىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ھايۋاناتنىڭ ناملىرى بىلەن يىل بەلگىلەشنىڭ ئۇسۇلى: 1. چاشقان، 2. كالا، 3. يولۋاس، 4. توشقان، 5. ئەجدىرھا، 6. يىلان، 7. ئات، 8. قوي، 9. مايمۇن، 10. توخۇ، 11. ئىت، 12. توڭگۇز ئىدى. ھەر ئون ئىككى يىلدا بىر قېتىم تەرتىپ بويىچە دەۋر قىلاتتى (مەسىلەن،

توڭگۇز يىلىدىن كېيىن يەنە چاشقان يىلى قايتىلىناتتى). ئۇنىڭ ئاجىزلىقى شۇ يىلنىڭ قايسى يىل ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمايتتى، شۇڭلاشقا «ئاتام قاغان ئىت يىلى قازا تاپتى، توڭگۇز يىلى دەپنە مۇراسىم ئۆتكۈزدۈم» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئىت يىلى بىلەن توڭگۇز يىلىنىڭ قايسى يىل ئىكەنلىكىنى تەكشۈرگىلى ياكى بىلگىلى بولمايتتى. ①

ئارخېئولوگلار كۆل تېگىننىڭ قەبرىسىنى قازغاندا، كۆل تېگىننىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدىن چىيەنلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاش ھەيكەللەرنى تاپتى، ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نىلۇپەر گۈللۈك كاھىشنى تاپتى. بۇ تېپىلىشلار بىلەن «كونا تاڭنامە» 194 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «كۆل تېگىن ئۆلگەندە، تاڭ شۈەنزوڭ مەڭگۇ تاشنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياسىتىپ، رەسىمنى ئويدۇردى، ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىغا ئۇنىڭ جەڭدە قازا تاپقانلىق ھالىتى سىزىلدى» دېگەن ئەھۋاللار بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ؛ ھالبۇكى بۇ ئەسەرلەرنى يەنە كېلىپ تاڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن يۇقىرى ماھارەتلىك ھۈنەرۋەنلەر ياسىغانىدى. بۇنىڭدىن تۈرك مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت بىلىملەرىنىڭ خەنزۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ②

① مەن بىلەن لۇجىۋنىڭ بىرلىكتە تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ يىلنامىلىرى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 1- ئاي نەشرى) قوشۇمچە «ھايۋاناتلارنىڭ نامىغا قويۇلغان يىل ھېسابلاش يىلنامىسى» غا قاراڭ.

② ئۇنىڭدىن باشقا كۆل تېگىن قەبرىسىدىن يەنە مەرمەر تاشتىن ياسالغان ھەيكەلنىڭ بېشى قىسمى تېپىلغان، تۈرقى كۆركەم. ئۇنىڭدىن مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ، بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن بۇ شەخسنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شىر - گوزاپ «كۆل تېگىن قەبرىسىدىن تېپىلغان تەگى ھەيكەلنىڭ بېشى قىسمى» 1956 - يىلى ئۇلانباتوردا چىققان «ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار رەسىملىرى» نىڭ 1 - جىلد 6- سانىغا بېسىلغان.

تۈركلەر ئۈزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئادەتتىكى چارۋىچىلاردا تې ى ئومۇملىشىپ كەتمىگەندى، شۇڭا «ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھەربىي يۆرۈشكە ئاتلانسا ياكى باج - سېلىق يىغقاندا بولسا (يەنىلا) ياغاچنى ئويۇپ سانىنى ئالغانىدى، ھەمدە بىردىن ئالتۇن ئوق باشىقى ۋە رەڭنى سۈرۈپ، بەلگەن نىشان قىلغانىدى.»[①]

كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى تېپىلغاندىن كېيىن يەنە ئارقىدىنلا «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» تېپىلدى. تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىنى 1897 - يىلى كېلىمىنتىز ئەر - ئايال تۇغلا دەرياسىغا ئانچە يىراق بولمىغان، ھازىرقى ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باينچوكتۇ دېگەن جايدىن تاپقانىدى. مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى ئىككى پارچە تاشقا ئويۇلغان، جەمئىي 62 قۇر خەت بار. مەزكۇر مەڭگۈ تاش كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىغا ئوخشاش ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىتىلغان ئەمەس، يەنى ئۇنى تونيوقۇق ئۆزى يېزىپ (تەخمىنەن مىلادى 716 - يىلى، كەيۋەننىڭ 4 - يىلى يازغان)، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىسىنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان (تەخمىنەن 720 - يىلى، كەيۋەننىڭ 8 - يىلى تىكلەنگەن). ئورنى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.[②]

تونيوقۇق بىلگە قاغاننىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى ئىدى. مەڭگۈ تاشتا سۆزلەنگىنى ئۆزىنىڭ ئىش ئىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمھالى دېيىشكە بولاتتى.

---

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
② كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، تونيوقۇقتىن ئىبارەت ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ تېپىلىش جەريانى بىلەن شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، ۋە توقسەن يازغان «مۇڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە» ناملىق ماقالىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. «مۇقەددىمە»نى خىن رولىن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، «يۈيگوڭ» مەجمۇئەسىنىڭ 1937 - يىللىق 7 - جىلد 1-، 2-، 3 - بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، تونيو-قۇقتىن ئىبارەت ئۈچ مەڭگۈ تاشتىن سىرت، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش ۋە پۈتۈكلەردىن يەنە ئوندىن ئارتۇقى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركلەرگە تەۋەسى يەتتە:

(1) (2) (3) كۆل تېگىن، بىلگە قاغان ۋە تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى.

(4) ئۆنگىن مەڭگۈ تېشى، مەزكۇر مەڭگۈ تاشنى 1891-يىلى يادرىنتسېۋ موڭغۇلىيىدىكى خوشۇ سەيدامنىڭ جەنۇبىدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئونگىن دەرياسىنىڭ تارمىقىغا يېقىن جايدىن تاپقان، جەمئىي 20 قۇر خەت بار. ئۇنى كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى بىلگە ئىشپارا تارقان ئاتىسى ئېل ئىت-مىش يابغۇنىڭ تەڭرى قاغان (735 ـ ، 741 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى خاتىرىگە ئې-لىپ، تەخمىنەن مىلادى 739 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 27ـ يىلى) ئورناتقانىدى، ئەمما مەزمۇنى قىسقا ئىدى.

(5) «كولىچور مەڭگۈ تېشى» ، مەزكۇر مەڭگۈ تاش 1912-يىلى پولشا ئالىمى كوتۋىزىچ تەرىپىدىن ئۇلانباتوردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئىخى خوشۇتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان بولغاچقا، «ئىخى خوشۇتۇ مەڭگۈ تېشى» دەپ ئاتالغان، جەمئىي 29 قۇر خەت بار. كولىچور تونيوقۇق بىلەن بىر دەۋردە ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، مەڭگۈ تاش VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئورنىتىلغان، مەزمۇنى كول-چورنىڭ هاياتىدىكى جەڭ تۆهپىلىرىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان.

(6) «چۆرىن مەڭگۈ تېشى» ، مەزكۇر مەڭگۈ تاش 1971-يىلى ئۇلانباتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 180 كىلومېتىر يىراق-لىقتىكى چۆرىن بېكىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تېپىلغان. بەزد-

لەر تونيوقۇق ئېلتېرىش قاغان (ئاشىنا قۇتلۇق) قا ياردەملىشىپ، ئۆتۈكەن تېغىدا دۆلەت قۇرغاندا ئورناتقان (تەخمىنەن 686 - 687 - يىللار) دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ راستتىنلا شۇنداق بولسا، بۇ مەڭگۇ تاش نۆۋەتتە بايقالغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

(7) ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس (*Talas*) دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشتىن يەنە ئوندىن ئارتۇقى بار، مەزمۇنى كۆپىنچە، خەت سانى كۆپ بولمىغان قەبرە پۈتۈكلىرى بولۇپ، بەزى ئالىملار ئۇنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ دەۋرى (تالاس دەرياسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇلاس دەرياسى بولۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ساداقلىقلار قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىدى) گە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.①

ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلارنى ھەممىدىن بۇرۇن بىلگەندى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يالۇغجۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «شۇۋاڭشى دەريا بويىدا تەھسىل بولغان نەزمىلەر توپلىمى» دا «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» نى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندى (گەرچە ئۇ مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ)، مەزكۇر توپلامنىڭ ئىككىنچى جىلد «قارا قۇرۇمنى ئىشغال قىلىش» ناملىق شېئىرىغا بەرگەن ئىزاھىدا مۇنداق دېگەندى:

① ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئائىت ئوندىن ئارتۇق مەڭگۇ تاشنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغانلىرىدىن (1) 1909 - يىلى تېپىلغان «بايانچور قاغان مەڭگۇ تېشى» (يەنە بىر نامى «ئۇيغۇر تۆھپىكار بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»)؛ (2) 1957 - يىلى تېپىلغان «تارىيات مەڭگۇ تېشى» (يەنە بىر نامى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»)؛ 1890 - يىلى تېپىلغان، «توققۇز ئۇيغۇر تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس پارلىق ۋە مۇقەددەس يورۇشلىرىغا ئائىت پۈتۈكى» (يەنە بىر نامى «ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ تۆھپە ئابىدىسى»)؛ (4) 1969 - يىلى تېپىلغان «سۇۋرى مەڭگۇ تېشى» بار. قىرغىزلارغا تەۋەلىرىدىن 1900 - يىلى تېپىلغان «سۇجى مەڭگۇ تېشى» بار. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى قاملاشمىغان ماقالىم «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ. «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيەسى» 1983 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان.

«قارا قۇرۇم شەھىرى بىلگە قاغاننىڭ بۇرۇنقى زېمىنىدۇر. ... شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا بىلگە قاغاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئىزى بار. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چىۋەر پادىشاھىنىڭ كەييۈەن يەنى مايمۇن يىلىدىكى يارلىقى پۈتۈلگەن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بار. تاڭ سۇلالىسى تارىخى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، كۆل تېگىن قۇتلۇق قاغاننىڭ ئوغلى بولۇپ، بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسىدۇر، ئىسمى كۆل، قاغاننىڭ پەرزەنت ئىنىلىرى تېگىن دەپ ئاتىلاتتى. مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈستى بىلەن مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى 〈تېگىن〉سۆزى 〈يىنچىن〉 خېتىدىكى 〈چىن〉 سۆزىدۇر. كونا ـ يېڭى تاڭنامىلەردە تېگىن سۆزى پۈتۈنلەي «شۈەنلى» ( 衔勒 ) دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىكى 'لې' ( 勒 ) خېتى توغرا ئەمەس. 〈 ... ...چىن〉 ( 勤 ) خېتى بولسا مەڭگۈ تاشتا توغرا يېزىلغان.»

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»نى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى ئەينى زاماندىكى ئەدىپلەر بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئا-خىرلىرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ يىللىرىدا، رۇسىيىلىكلەر ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىنلا ئاندىن، دۆلەت ئىچىدە ئىلىم ـ ساھاسىدىكى-لەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. ۋاڭ گوۋېي «گۇەن-تاڭ توپلىمى»نىڭ 20 ـ جىلد «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشىغا مۇقەددىمە»دە مۇنداق دەيدۇ:

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى ئەزەلدىن مېتال، تاش پۈتۈكشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن، گۇاڭشۈي يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، رۇسىيىلىكلەر ئۇنى كۆرۈپ بىلدى.

رادلوۋ «موڭغۇلىيىنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»دا ئۇنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى تونۇشتۇردى. گۇاڭشۇينىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى) رۇسىيە ئەلچىسى كاسىنىرا بۇ كىتابنى زوڭلى يامۇل مەھكىمىسىگە تەقدىم قىلىپ، ئىزاھلىماقچى بولدى. دەل بۇ چاغدا جياشىڭ بىلەن شېن زىڭجى ئەپەندىلەر تەرجىمە قىلىپ، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دەپ ئاتاپ ۋە مەڭگۈ تاشلار توغرىسىدا ئۈچ خاتىمە يېزىپ، رۇسىيە ئەلچىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. رۇسىيىلىكلەر ئۇنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. غەربلىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈلۈپ سۆزلەنگىنى، مانا مۇشۇ ئاتالمىش «زوڭلى يامۇلى كىتابى» ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلاستايدا جياڭجۈن بولۇپ تۇرۇۋاتقان جى ۋېنجيەن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى خەتلەرنى قەغەزگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن بەگ جەمەتىدىن بولغان باش مۇدەررىس بويى (شېڭ يۈ) نى ئەۋەتىپ خاتىمە يازدۇردى. شېن زىڭجى ئۇنى كىتابچە قىلغاندىن كېيىن كىشىلەر بىلدى. بولمىسا ئەينى ۋاقىتتا تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. يانداش بەگ شۇندى لى ۋېنتيەن رادلوۋنىڭ كىتابىدىكى باشقا مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستلىرىنىمۇ خاتىرىلەپ، «قارا قورۇمدىن تېپىلغان مىتال، تاش پۈتۈكلەر» گە كىرگۈزۈپ، چاڭشادا نەشر قىلدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ تېشىنىڭ بارلىقى بىلىندى دېيىلگەندى، ھالبۇكى ئۇنىڭ مۇشۇ چاپى نۇسخا ئىكەنلىكى ئاخىرغىچە بىلىنمىدى.»

شۆەنتوڭ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كيۇلۇن (ھازىرقى ئۇلانباتۇر) دا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەمەلدارى سەندو (ليۇ چياۋ) چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»نى 200 پارچىدىن ئارتۇق كۆچۈرۈپ، دوستلىرىغا تەقدىم قىلدى ۋە بىر پارچە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىغا خاتىمە» ناملىق ماقالىنى يېزىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئە-

دەبىيات سەنئەت ژۇرنىلى» نىڭ 8 - ساندا ئېلان قىلدى. مەز-كۇر «ژۇرنال» نىڭ نەشر قىلىنغان يىل، ئېيى يوق بولۇپ، «ژۇرنال» نى تەپسىلىي ئوقۇپ تەكشۈرسەك، شۈەنتوڭنىڭ 3 - يىلى تارقىتىلغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى سەندو ئۆزى يازغان «خاتى-مە» دە «ئىت يىلى (شۈەنتوڭنىڭ 2 - يىلى 1910 - يىلى) كىيۇلۇندا تۇرۇپ، ياندۇرقى يىلى 200 ۋاراق كۆچۈردۈم» دەپ كۆرسەتكەندى. «خاتىمە» دەپ مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ مەڭگۈ تاش يالۇغجۇدىن بېرى كىشىلەرگە ئازمەلۇم بولۇپ كەلدى، گەرچە رۇسىيىلىك باناردا بىلەن سانغۇن جى ئەن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بايقىغان بولسىمۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدىپلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ تەھسىللىرى بار. مەڭگۈ تاشنىڭ تەتۈر يۈزىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە تۈرك يېزىقى قوشۇمچە قىلىنغان بولسىمۇ، ئانچە كۆپ تارقالمىغاچقا، كۆچۈرۈلمەي ئەدىپلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنى ئاشنا جەمەتىدىكىلەر قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، پايدىلانسا كەم ئۇچرايدۇ.»

ھالبۇكى سەندو كۆل تېگىن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئې-نىق ئايرىۋالالماي، خاتا ھالدا «كۆل» سۆزىنى «ئىككى» دەپ قاراپ، «كۆل تېگىن» نى «ئىككىنچى تېگىن» دەپ چۈشەندۈر-گەن، ھەتتا يەنە خاتا ھالدا «تېلى ( 特勒 ) سۆزىنى تېگىن ( 特勤 ) نىڭ ئەسلى ئاھاڭى» دەپ قارىغان.

1929 - يىل ئۆكتەبىردە «جۇڭشەن داشۆسى تىل - تارىخ-شۇناسلىق تەتقىقات مەجمۇئەسى» نىڭ 100 سان چىقىرىلغان خا-تىرە ساندا خۇاڭ چوڭچىن يازغان «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ناملىق ماقالە بېسىلغان. مەزكۇر ماقالىدە ئاساسەن لى ۋېنتيەن يازغان «قارا قۇرۇمدىن تېپىلغان مېتال تاش - پۈتۈكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە قىسمى-

نىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان، ھەمدە سەندۇ ئوتتۇرىغا قويغان «كۆل» سۆزىنى «ئىككى» دېگەن سۆز دەپ قارىغانلىق خاتالىقىنى قىسقىچە توغرىلاپ، شۇنىڭدەك تىلىنى تېگىنىنىڭ خاتا يېزىلىشى دەپ تۈزىتىپ، كۆل تېگىننى ئىسىم دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇاڭ چوڭچىن يەنە شۇ «مەجمۇئە» نىڭ 10 - توپلام 120 - سانىدا (1930 - يىل 2 - ئاي نەشرى) «يەنە كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزى «قارا قۇرۇمدىن تېپىلغان مىتال تاش - پۈتۈكلەر» نىڭ «كىرىش سۆزى» نىڭ دەسلەپكى توپلام 3 - جىلدىنى كۆرۈش جەريانىدا غىل - پال ئۆتكۈزۋەتكەن باش مۇدەرس بويى يازغان مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىنىڭ خاتىمىسىنى تولۇقلاپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن (1933 - يىلى) «خېبېي بىرىنچى مۇزېي يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسى» نىڭ 40 ۋە 43 - سانلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈركلەرنىڭ كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» ۋە «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈركلەرنىڭ بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» ناملىق ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، ماقالىدە ئىككى مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە ئەسلى تېكىستىنى بەرگەن بولۇپ، باشقا ھېچقانداق ئىزاھلاش ئېلىپ بارمىغانىدى. 1934 - يىلى يۆجيا ساۋمۇ يەنە شۇ «مەجمۇئە» نىڭ 40 - سانىدا «قارا قۇرۇمدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئۈچ مەڭگۇ تاش توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلىپ، كۆل تېگىن، بىلگە قاغان ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ تىكلەنگەن دەۋرى بىلەن ۋە ھەر قايسى مەڭگۇ تاشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزگەنىدى.

تاكى 1934 - يىلىغا كەلگۈچىلىك، دۆلەت ئىچىدىكى تۈركلەرنىڭ مەڭگۇ تاشلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات، پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمى ئۈستىدە

تونۇشتۇرۇش ۋە تەھسىل ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەندى.
مەڭگۈ تاشلارنىڭ تۈركچە قىسمىنىڭ ئايرىم مەزمۇنلىرى ئۈستە-
دىكى تەرجىمە ۋە تەھسىلنى تۇنجى بولۇپ خەن رولىن ئەپەندى
ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ 1935- يىلى 11- ئايدا نەشر قىلىنغان
«دۆلەتلىك بېيىپىڭ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقات ئۇچۇرلىرى»
نىڭ 6 - جىلد 6- سانىدا «تۈركچە كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ
تەرجىمىسى ۋە ئىزاھى» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى، ماقالىدە
گېرمانىيىلىك H • H • Schaeder نىڭ نېمىس تىلىدىكى تەرجە-
مىسى بىلەن ئەنگلىيىلىك E • D • Ross نىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى
تەرجىمىسىگە ئاساسلىنىپ، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نى ۋاسىد-
ىلىك تەرجىمە قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىچىدىكى
ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى
مەزمۇنلىرىنى بىلىشكە باشلىدى. خەن رولىننىڭ ماقالىسى جەم-
ئىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ بىرىنچى قىسىمدا مەزكۇر مەڭگۈ
تاشنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىق قىلىنىش
جەريانى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئىككىنچى قىسمى مەزكۇر مەڭگۈ تاش-
نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى؛ ئۈچىنچى قىسمى مەڭگۈ تاشقا
بېرىلگەن ئىزاھ ئىدى. ئىزاھقا، خەن رولىن ئەپەندى ھەر قايسى
ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى نەقىل ئېلىپ ۋە پايدىلىنىپ، تۈركلەر-
نىڭ ئاقساقاللىرى (مەسىلەن، تۇمەن، ئىستەمى) نىڭ قاغانلىق
نامى، قاغان نەسەبنامىسى، تۈركلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپ ناملى-
رى (مەسىلەن، يابغۇ، شاد، تارقان)، تۈركلەرنىڭ يەر ناملىرى
(مەسىلەن، ئۆتۈكەن تېغى، تۆمۈر قاپقا، يىنچۇ دەرياسى)،
تۈرك قەبىلىلىرى (مەسىلەن، تۈرگەشلەر)، ئېتنىكداش مىللەت-
لەر (مەسىلەن، توققۇز ئۇيغۇر، بايىرقۇلار) ۋە قوشنا مىللەتلەر
(مەسىلەن، قىرغىز، ئۈچ قورىقان، ئوتتۇز تاتار)، كۆل تېگىن-
نىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ

مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە، تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تىلشۇناسلىقنى دەلىللەپ ۋە تەدبىقلاپ، پۈتۈنلەي تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزاھلاش ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئىجادىي خاراكتېرلىك قاراشلار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەن رولىن ئەپەندى يەنە 1936 ـ يىلى 11ـ ئايدا «يۈيگوڭ» يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسىنىڭ 6 ـ جىلد 6 ـ ساندا كەينى ـ كەينىدىن «تۈركچە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ماقالىدە نېمىس ۋە ئىنگلىز تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدىكى تەرجىمىسىگە ئاساسەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نى ۋاستىلىك تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، يەنە مەزكۇر مەڭگۈ تاشقا خاتىرىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە تەپسىلىي ئىزاھلاش ئېلىپ باردى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسىگە ئاساسەن، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نى ۋاستىلىك تەرجىمە قىلىپ، «تۈركچە تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن نام بىلەن شۇ يىلى 12ـ ئايدا «يۈيگوڭ» يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسىنىڭ 6 ـ جىلد 7 ـ ساندا ئېلان قىلدى. تەرجىمىنىڭ ئاخىرىغا يەنە يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۈ تاشتىكى ئادەم ئىسمى، يەر نامى ئەمەل نامى، قەبىلە ناملىرىنىڭ ئىندېكسىنى بەردى. 1937 ـ يىلى 4ـ ئايدا خەن رولىن ئەپەندى يەنە تومسېن يازغان «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە» نى تەرجىمە قىلىپ، «يۈيگوڭ» يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسىنىڭ 7ـ جىلد 1ـ، 2ـ، 3ـ بىرلەشمە ساندا ئېلان قىلدى. مانا بۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىـ شىگە ياردەم بېرىپ ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرـ نىڭ بۇ مەڭگۈ تاشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا ئىنتايىن زور رول ئويىنىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

يەنە تۈرك تارىخى ۋە تۈرك تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىش ئۈچۈن، قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

كېيىن سېن جوڭمىيەن 1937 - يىلى 7- ئايدا «فۇرېن داشۆ مەجمۇئەسى» نىڭ 6 - جىلد 1 -، 2 - بىرلەشمە ساندا «تۈركچە كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىغا خاتىمە» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى، جۇيەنفېڭ 1943 - يىل 1- ئايدا «جىلىن مەجمۇئەسى» 4- ساندا «تۈركچە تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسىگە تۈزىتىش» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى، ھەر قايسى مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن تارىخىي پاكىت، قەبىلە، يەر نامىلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئىزاھلاش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سېن جوڭمىيەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن خەن رولىن تەرجىمە قىلغان كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، تونيوقۇقنى ئىبارەت ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇ ئۆزى يازغان «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (1958 - يىل جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى نەشرى) گە كىرگۈزدى. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى ھەر بىر مەڭگۈ تاشنى تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە نەقىل كەلتۈرۈپ، تەپسىلىي ئىزاھلاش ئېلىپ باردى. ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئۆزگەرتىپ قىلىنغان تەرجىمىسىنىڭ دەسلەپكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئۆزى «خەن رولىن ئەپەندى بىۋاسىتە تەرجىمە قىلمايلا قالماستىن، ئەسلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن پەرقلەندۇرۈپ قويغان» دەپ قارىغانلىقتىن، شۇڭا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغانىدى. لېكىن، سېن جوڭمىيەننىڭ تەرجىمىسى بىلەن خەن رولىننىڭ تەرجىمىسىنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ ناچارلىقىغا كەلسەك، سېن جوڭمىيەننىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك «ئەنگلىيىلىك E. دىنىد-

سون. روسنىڭ قايتا تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلغاندا، باشقىچە تەرجىمە بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى خەن رولىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقلىق بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىر قاراپلا كۆرۈۋالالايدۇ، بۇ خۇددى مۇھىم بولمىغان كونسېرت ناچار بولغاچقا، قايتا كۆرۈشتىن قالغاندەكلا ئىش» دېدى.

دۆلەت ئىچىدىكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا، يېقىنقى يىللاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئىلگىرى بىر بۆلۈم كىشىلەر پەقەت كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، بايانچۇر (ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان) ۋە توققۇز ئۇيغۇر قاغان (يەنى ئالىپ بىلگە قاغان) دىن ئىبارەت بەش مەڭگۈ تاشنىلا بىلەتتى، خەنزۇچە تەرجىمىسى بارلىرى ئالدىنقى تۆتى بىلەنلا چەكلىنەتتى، ھالبۇكى بۇ تۆت مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى پۈتۈنلەي ياۋروپا (نېمىس، ئىنگلىز) يېزىقىغا ئاساسەن ۋاستىلىك تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللەردە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، تۈرك يېزىقىدىكى يېڭى مەڭگۈ تاشلاردىن ئوندىن ئارتۇقى تېپىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ ھەم يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىققانىدى. 1977 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل فاكۇلتېتى «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق ئوقۇشلۇقنى باستۇردى، مەزكۇر ئوقۇشلۇقنىڭ بىرىنچى قىسمىغا، قەدىمكى تۈرك تىلى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسلى تېكىستتىن تەرجىمە قىلغان كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، تونيوقۇق، بايانچۇر، ئۆنگىن، كولىچور، سۇجى ۋە تالاس قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى كىرگۈزۈلدى. بۇ ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ باشقا دۆلەت يېزىقلىرىدىن

ۋاستىلىك تەرجىمە قىلىندىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، بىۋاسىتە
مەڭگۈ تاشتىكى ئەسلى تېكىستتىن تەرجىمە قىلىشىدىكى ئىجادى-
يىتى ئىدى. بۇ شەكسىزكى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلىم ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش، تۈرك تارىخى ۋە تۈرك
تىل يېزىقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكە-
لىك رول ئوينايدۇ.

(2) ئۆرپ - ئادىتى

تۈركلەرنىڭ توي - تۆكۈن ئادىتىدە، ئادەتتە ئۆلگۈچىنى
دەپنە قىلىدىغان ئورۇندا بىر - بىرىگە جۆرە تاللايتتى. «شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە
خاتىرىلىنىشىچە دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ياش ئەر - ئاياللارنىڭ
ھەممىسى بىزەكلىرىنى تاقاپ، دەپنە مەيدانىدا جەم بولىدۇ،
مۇبادا يىگىت مەلۇم بىر قىزنى يارىتىپ قالسا، ئۆيىگە قايتىپ
بارغاندىن كېيىن دەرھال ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋە-
تىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى رەت قىلسا بولمايتتى. بۇنداق
جۆرە تاللاش ئۇسۇلىدا ھەم يايلاق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. چۈنكى، كۆچمەن ئىگىلىك تارقاق،
كۆچمەنلىك تۇرمۇش يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بولغاچ (گەرچە ماس
ھالدا كۆچۈپ تۇرسىمۇ) قا، ئادەتتە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا ئۇچرىشىش پۇرسىتى ۋە سورۇن بولمايتتى، جەم بولۇشى
قىيىن، ئىزىغا چۈشۈش قولايسىز ئىدى. شۇڭا، دەپنە ۋاقتى،
لايىق تاللاشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ۋە ئورنى ئىدى.

تۈركلەردە يەنە نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ئادىتى بار ئىدى.
«شىمالىي سۇلالە تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلە-
نىشىچە، ئاتىسى، ئاكىسى، ئاتىسىنىڭ ئاكىسى، تاغىسى ئۆل-
سە، پەرزەنت، ئىنىلىرى بىلەن جىيەنلىرى ئۆگەي ئانىسىنى،
يەڭگىسىنى، چوڭ ئاپىسىنى، ھامىسىنى ئەمرىگە ئالسا بولات-
تى، «پەقەت چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان بو-

لۇپ، ئەۋلاد قالدۇرسا بولمايتتى.» ئەمەلىي مىساللارغا ئاساسلانغاندا، سۇي سۇلالىسىنىڭ يى چىڭ مەلىكىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانى، چىمەننىڭ ئوغلى سىۋار قاغان، سىۋارنىڭ ئىنىسى چۇرلۇق قاغان ۋە چۇرلۇقنىڭ ئىنىسى ئېلىك قاغانغا ياتلىق بولغانىدى.① بۇ نىكاھ مىسالى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، تۈركلەرنىڭ نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشىدا چوڭلارنىڭ نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشى بىلەن تەڭتۇشلەرنىڭ نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. «ئەۋلاد قالدۇرسا بولمايتتى» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ نىكاھ تۈزۈمى، مەلۇم دائىرە ئىچىدە كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى، شۇڭا بۇ خىلدىكى نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش، تۈركلەرنىڭ بىر خىل نىكاھ ئادىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل نىكاھ تۈزۈمى ئىدى. «شىمالىي سۇلالە تارىخى» 97-جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، قوچۇنىڭ بېگى كۇجيەن ئۆلگەندە، «ئوغلى كۇبايار تەختكە چىققان، ئۇنىڭ ئانىسى (كۇبايارنىڭ تۇغقان ئانىسى ئەمەس) ئەسلىدە تۈرك قاغانىنىڭ قىزى ئىدى، ئاتىسى ئۆلگەندە، تۈركلەر پەرمان چۈشۈرۈپ، كۇبايارنى تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىشنى ئۇقتۇرغاندا، كۇبايار ئۇنداق قىلىشنى خالىمىغان، تۈركلەر ئۇنى مەجبۇرلىغانلىقتىن، ئامالسىزلىقتىن بويسۇنغاندى». بۇنىڭدىن نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ كۈچلۈك خاراكتېرىگە ئىگە بىر خىل تۈزۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ئادىتى، VII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، غەربىي تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە داۋاملىق تارقالغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مېھرى - شەپقەتلىك ئىبادەتخا-

① «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر»نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

نىسىنىڭ ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىك ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمى-ھالى» (2- جىلد) دا تونيابغۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇش شاد ئۆلگەندىن كېيىن، «ئوغلى تېگىن شادلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆگەي ئانىسىنى ئەمرىگە ئالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن، مەسىلەن، يەنە «سۈينامە» 84 ـ جىلد «غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە نىيلات قاغان ئۆلگەندە، تارمان تەختكە چىقىپ، نېيۋات چۈرلۇق قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئانىسى شاڭ خانىم ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بولۇپ، تارماننى تۇغقانىدى، نېيۋات ئۆلگەندىن كېيىن بولسا ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئىنىسىگە ياتلىق بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ تۈركلەردە يەڭگىسى بىلەن نىكاھلىنىدىغان (يەنى ئاكىسى ياكى ئىنىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئالىدىغان) ئادەتنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى مىسالنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل ئۆگەي ئانىسى ۋە يەڭگىسى بىلەن نىكاھلىنىش ئادىتى، تۈركلەردىلا بولۇپ قالماستىن، يېغىلىق، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۇن - ئۇسۇن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى جۇرجان قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئۆرپ - ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، ئىپتىدائىي توپ نىكاھلىنىشنىڭ قالدۇق تەسىرىدىن ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇرۇقنىڭ سىرت بىلەن نىكاھلىنىش تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئۇقۇمىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، يەنى ئاتىسى ياكى ئاكا - ئىنىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىسى بىلەن يەڭگىسىنى ئۆز ئۇرۇقى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ئادىتى (تۈزۈمى) نى يولغا قويغانىدى، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنى ئۆز ئۇرۇقىدىن چىقىپ، سىرتقا ياتلىق قىلغۇزمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئۆز ئۇرۇقىنىڭ نوپۇسى بىلەن كۈچىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىلىق ئىدى. كېيىن ئىجتىمائىي

ئشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن، خۇسۇسىي تۇزۇم تەرەققىي قىلىپ، يەككە ئائىلىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان ئىقتىسادىي رولى، ئۇرۇقنىڭ رولىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتىكى ئۆگەي ئانا بىلەن يەڭگىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مەقسىتىمۇ، دەسلەپ قەدىمكى ئەنئەنە بىلەن ئۇرۇق ئاھالىلىرىنى ساقلاپ قېلىشتىن ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر جەمەتتىكى يەككە ئائىلىلەردىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن ئائىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ ئشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاشۇرۇشىدىغان ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى بولۇپ قالدى. بۇ توغرىسىدا قاملاشمىغان ئەسىرىم «ھۇن تارىخى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1979 - يىل قايتا نەشرى) نىڭ VII باب تۆتىنچى پاراگرافتىكى «ھۇنلارنىڭ نىكاھ ئادىتى» دە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈلگەچكە، قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتسىز.

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىردە تارىخ سەھنىسىگە چىققان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئىپتىدائىي ئۇرۇق تۈزۈمىدىن قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قەدەم قويغانىدى، چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ بىسىپ ئۆتۈش مۇساپىسى بەكلا ئۇزۇن بولغاچقا، ھەر خىل ئەنئەنە، ئادەتلىرى ساقلىنىپ قېلىنغانىدى، ئۆگەي ئانىسى بىلەن يەڭگىسىگە ئۆيلىنىش ئادىتى ئۇنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە بۇ خىلدىكى نىكاھ جەھەتتىكى ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى (توپ نىكاھ، ئۇرۇق) گە ئۇچراپ، يوقالغان ياكى كۈندىن - كۈنگە تەۋرىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى شارائىت (يەككە ئائىلە ياكى جەمەت) ئىگىلىدى ھەمدە بۇ خىل ئادەتنى قوللىدى. مانا بۇ، بۇنداق نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى دەۋردە شىمالدا ياشىغان تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۇن، ئۇسۇن، جۇرجانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبىدۇر.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ دەپنە - مۇراسىم ئادىتىمدە، ئۆلگۈچى چېدىرغا قويۇپ قويۇلاتتى، پەرزەنت ۋە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولغان ئەر - ئاياللار-نىڭ ھەممىسى قوي ، ئات ئۆلتۈرۈپ، چېدىرنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، ئۆلگۈچى ئۈچۈن نەزىر بېرەتتى. يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان-لىرى چېدىرنى ئاتلىق يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن بولسا چېدىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا چېكىسىنى تىلىپ، قاتتىق يىغلايتتى، قان بىلەن ياشنى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇشۇنداق ھەرىكەتتىن يەتتىنى تاماملام بولدى قىلاتتى. ئاندىن خەيرلىك كۈندىن بىرنى تاللاپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئادەتتە مىنىدى-غان ئېتى بىلەن دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىنى جەسەت بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈۋېتەتتى، كۈلىنى يىغىۋېلىپ، ۋاقتىنى كۈتۈپ ئاندىن دەپنە قىلاتتى. مەسىلەن، ئەتىياز بىلەن ياز پەسلىدە ئۆلسە، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ سارغىيىشىنى كۈ-تەتتى، كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئۆلسە، دەل - دەرەخلەرنىڭ باراق-سان بولۇشىنى كۈتۈپ، ئازگال كولاپ، كېپەنلەپ كۆمەتتى. دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاكى دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقۇچە، نەزىر ئۆتكۈزۈپ ۋە ئاتلىق مېڭىپ، چېكىسىنى تىلىپ، قاتتىق يىغلايتتى. دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بولسا قەبرىنىڭ ئالدىغا تاش تۈۋرۈك تىكلەپ بەلگە قىلىنىپ قويۇلا-تتى، قەبرە ئەتراپىدىكى تاشلارنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى ئۆلگۈچى-نىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ سانىنى بىلدۈرەتتى (بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، بىر تاش قويۇپ قويۇلاتتى، شۇڭا كۆپ بولغانلىرىنىڭ بىرقانچە يۈز ۋە بىر قانچە مىڭدىن ئېشىپ بولاتتى). ھەمدە نەزىر قىلىنغان قوي بىلەن ئاتنىڭ باشلىرى بەلگە تۈۋرۈك-كە ئېسىپ قويۇلاتتى. تۈۋرۈككە يەنە ئۆلگۈچىنىڭ قىياپىتى

بىلەن ھايات چېغىدا قاتناشقان جەڭلىرىنىڭ ھالىتى سىزىپ قويۇلاتتى،[1] بۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن بىردەك ئىدى. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

شىمال تەرەپتە Baz خاقان دۈشمىنى ئىكەن؛ قىرغىزلار ··· ··· ئەزەلدىن دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىكەن. ئاتام خاقان شۇنداق قىلىپ (ئۇرۇش قىلىپتۇ). 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، 20 قېتىم جەڭ قىلىپتۇ. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىپتۇ. . . . تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرۇپ، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتام خاقاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باز خاقاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: تاغام قاغان (بىلگە قاغاننى كۆرسىتىدۇ) ھاياتىدىن ئايرىلغاندا، ئالدى بىلەن قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدۇق (مەڭگۇ تاشنىڭ ئاپتورى يولىغ تېگىن).

بۇ قائىدىگە ئاساسەن، تاڭ تەيزوڭ خېنگۇەنىڭ 8 - يىلى ئىلىك قاغان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئۇنى دەپنە قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنلىكتىن «تۈركلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، باشۇي دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىدە دەپنە قىلدى.»[2] كۆل تېگىن ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۇ تاش تىكلەپ، سۈرىتىنى ئويۇپ، تۆت تەرىپىگە ئۇنىڭ ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىق ھالىتى سىزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلار

---

① «جۇنامە» بىلەن «سۈينامە» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
② «قانۇنلار قامۇسى» 197 - جىلد «تۈركلەر» نىڭ ئالدىنقىسى.

«ھەر يىلىنىڭ 5-، 9- ئايلىرىدا ئۆز ئارا يىغىلىپ ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ، ھەر يىلى ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرىنى ئەجداتلىرى تۇرغان دەپ قارايدىغان ئۆڭگۈرگە ئەۋەتىپ، نەزىر بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«يېڭى تاڭنامە» 80 ـ جىلد «تاڭ تەيزوڭنىڭ پەرزەنتلىرى-نىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، چاڭشەن بېگى چىڭگەن تۈركچىنى ياخشى سۆزلەيتتى ۋە تۈركچە كىيىنىپ، چىراي ـ شەكلى تۈركلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەرنى تاللاپ، ئۇلارغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، چاچ-لىرىنى ئۆرۈۋېلىشنى بۇيرۇيتتى، بەش ئادەمنى بىر تۇتۇن بو-لۇپ، چېدىر تىكىپ ئولتۇراقلىششنى، چېدىرنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغدىن بەشنى قاداپ قويۇشنى، يالمانلارنى سانجاق قىلىپ قويغۇزۇپ، توغ ـ ئەلەملەرنى باستۇ-رۇپ قوياتتى، ئۆزى بولسا چوڭ چېدىر (قاغانلار تۇرىدىغان كېگىزدىن ياسالغان چوڭ چېدىر) دىن بىرنى ياساپ ئولتۇرۇپ، «قوۋمىلىرى» (ئۇ تەشكىللىگەن تۇتۇنلەر) گە، قوي گۆشىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى، گۆشنى پىچاق بىلەن كېسىپ يېيىشنى بۇي-رۇيتتى؛ چىڭگەن يەنە قاغاننىڭ ئۆلگەنلىك ھالىتىنى دوراپ، قول ئاستىدىكىلىرىنى چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، ئاتلىق چېدىرنى ئايلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا بۇيرۇق قىلاتتى. گەرچە بۇ ئابزاس خاتىرىدە چىڭگەنىنىڭ نادان ھەم تەلۋە ھەرىكىتى تەسۋىر-لەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەينى مەزگىلدىكى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە، چېكىسىنى تىلىپ قان چى-قىرىش ئادىتى ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى، يالغۇز دەپنە ـ مۇرا-سىمىدىلا قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىش مۇراسىملىرى-دىمۇ قوللىنىلغانىدى. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە» 122 ـ جىلد

«گويۇەنجېننىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شېنلوڭ يىل-
لىرىنىڭ ئوتتۇرلىرى (مىلادى 705 - ، 706 - يىللاردا)
گويۇەنجېن ئەنشىنىڭ قورۇقچى بېگىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان
ۋاقىتتا، ئوردا تەرىپىدىن ئوردا مىرا قۇلى ئەركانىغا ئۆستۈرۈل-
گەن بولۇپ، «قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئەنشىنىڭ ئاقساقىلى
(تۈرك) چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ ئۇزد-
تىپ قويغانىدى» . چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىش ئادىتى يەنە
ناھەقچىلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنىمۇ بىلدۈرەتتى. مەسى-
لەن، يۇقىرىدىكى ئەسەرنىڭ 209 - جىلد «زالىم ئەمەلدار لەي
جۇنچېننىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، لەي جۇنچېن
تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى (ئەسلىدىكى ماتېرىيالدا «تۇبۇت» دەپ
خاتا يېزىلىپ قالغان) ئاشنا قۇبئارنىڭ ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر
بىر دېدەكىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئاشنا قۇبئارغا زىيانكەشلىك
قىلىپ، ئۇنىڭ دېدەكىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن،
«ئۇنىڭ قوۋمىدىكى نەچچە ئون ئاقساقالنى قولىقى ۋە چېكىسىنى
تىلغۇزۇپ قان چىقارغۇزۇپ، ناھاقچىلىك ئۈستىدىن شىكايەت
قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق بۇ دېدەككە ئېرىشكەن» . كېيىن بۇ
خىل ئادەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ تارقالغان بولۇپ، بەزى خەن-
زۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تىلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. مە-
سىلەن، «كونا تاڭنامە» 141 - جىلد «تيەن چېڭسىنىڭ تەرجى-
مھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ دەيزوڭنىڭ دالى 10 - يىلى
(مىلادى 775 - يىلى) ئۆڭلۈكنىڭ بۇرۇنقى سانغۇنلىرىدىن
بولغان تيەن چېڭسى شياڭ، ۋېي، مىڭ، سىدىن ئىبارەت تۆت
ئايماقنى بىراقلا ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئاتامانى بولۇش ئۈچۈن، قول
ئاستىدىكى سانغۇنلىرىنى يوشۇرۇنچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى
سۇن جىڭۇنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، قۇلاق ۋە چېكىسىنى تىلغۇ-
زۇپ، تيەن چېڭسىنى ئاتامان قىلىشنى تەلەپ قىلغۇزغانلىقىمۇ،

بۇنىڭ بىر مىسالى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «سۇينامە» 84 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە تۈركلەرنىڭ «ئەرلىرى قىمار ئويناشنى، ئاياللىرى كېگىزدىن ياسالغان تەپكۈشنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، قىمىزنى كەيىپ بولغۇچە ئىچىشىپ، بىر ـ بىرىگە جۆرە بولۇشۇپ ناخشا توۋلايدۇ... ئۆرپ ـ ئادىتى ئاساسەن ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى شەرەپ ھېسابلاپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادى 599 ـ يىلى)، تۇربيان قاغان سۇي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىنىسى دۇسۇلىۇ، تۇربيان قاغاننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قارىتا، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشنى قوزغىشىنى خالىماي، ئايالىدىن ۋاز كېچىپ، تولى بىلەن بىرلىكتە سۇي سۇلالىسىغا كەلگەندى. سۇي ۋېندى ئۇنىڭ ساداقىتىنى مەدھىيىلەپ، تولىنى ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئويناپ،[①] قەستەن بىر مۇنچە ئۇنچەمەرۋايىتنى ئۇتتۇرۇپ، بېرىشنى بۇيرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق كۆڭلى يېرىمچىلىككە تەسەللىي بەرگەنىدى. بۇ تۈركلەرنىڭ قىمار ئوينايدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

تۈركلەرنىڭ قاغانلىقتا ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا، «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە بىر ئابزاس خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەيخۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادى 587 ـ يىلى)، ئىشپارا قاغان ئۆلۈدىغان چاغدا، ئوغلى يوڭ يۇلۇگە ئۆزىنىڭ ئىنىسى يابغۇ چۇرلۇقخۇر (يوڭ يۇلۇنىڭ تاغىسى)نى تەختكە چىقىرىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. چۇرلۇقخۇر يوڭ يۇلۇگە: «تۈرك خانلىقىدا مۇقان قاغاندىن بۇيان

---

① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

كۆپىنچە ئاكىسىنىڭ ئورنىنى ئىنىسى ئىگىلەپ كەلگەنىدى، چوڭ خوتۇن بىلەن كىچىك خوتۇندىن بولغان ئوغۇللار تەخت تالاشقاچ-قا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، بىر - بىرىدىن ھېيىقمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. سەن تەختكە چىقساڭ مەن سۆز-سىز ساڭا ئىتائەت قىلىمەن» دېگەنىدى. يوڭ يۆلۈ تەختنى كۈچ قېتىم قايتا - ئۆتۈنگەندىن كېيىنلا، چۆرلۈقخور ئاندىن تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى يابغۇ قاغان دەپ جاكارلىغانىدى، يوڭ يۆلۈ بولسا يابغۇ بولدى. بۇ ئابزاس خاتىرىدىن قارىغاندا، تۈركلەر ھاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلى ئاتىدىن بالىغا داۋاملىشىش بولۇپ، مۇقان قاغاندىن كېيىن ئاكىسى ئۆلسە ئورنىنى ئىنىسى ئىگىلەشكە باشلىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى. تۈركلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قاغانى - ئېل قاغان (ئاشنا تۇمەن) ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى قارا (ئىشىگ قاغان) تەختكە چىققانىدى، قارادىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئېركىن (مۇقان قاغان) تەختكە چىققانىدى، ھالبۇكى، ئېركىندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى تابار تەختكە چىققانىدى. تابارىدىن كېيىن بولسا يەنە ئۇنىڭ ئوغلى ئىشپارا تەختكە چىققانىدى، ئەمما ئىشپارا بولسا ئۆز ئىنىسى چۆرلۈقخۆرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئاتىدىن بالىغا داۋاملىشىش بىلەن ئاكىسىنىڭ ئورنىنى ئىنىسى ئىگىلەشنىڭ تەڭ قوللىنىپلا قالماي، بەلكى قانداق ئەھۋالدا ئاتىدىن بالىغا داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ياكى ئاكىسىنىڭ ئورنىنى ئىنىسىنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ مۇقۇم پرىنسىپىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ياكى ۋەسىيەت بىلەن ئەينى مەزگىلدىكى ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىش ۋە «ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھوقۇق تالىشىپ،

تاغىلىرىنىڭ ھەسەت قىلىدىغان» لىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋاقتىدىكى مۇراسىمدا، بىر خىل ئادەت تارقالغانىدى. «جۇنامە» 50 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە بۇ خىل ئادەت توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. «قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغاندا، يېقىن بۇيرۇقلىرى قاتارلىقلار ئۇنى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ قۇياشنى چۆرىدىگەن قىياپەت بىلەن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ھەر بىر قېتىم ئايلاندۇرغاندا، قاغاننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ، سەجدە قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرىدۇ، قاغاننىڭ بوينىنى يىپەك تانا بىلەن بوغۇپ، ئۇ نەپەس ئالالمىغۇچە، تارتىپ، ئاندىن قويۇپ بېرىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىن «سىلى قانچە يىل قاغان بولالايلا» دەپ سورايدۇ، قاغاننىڭ روھىي كەيپىياتى قالايمىقانلىشىپ ھودۇقۇپ كەتكەچكە، تەپسىلىي جاۋاب بېرەلمەيدۇ، قول ئاستىدىكىلىرى قاغاننىڭ سۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىدۇ.»

### (3) دىن

تۈركلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاتىدا، شامان، ئاتەشپەرەسلىك، نەستۇرىيان ۋە بۇددا دىنلىرى بار ئىدى.

شامان دىنى ئەسلىدە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن ئىدى، تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، گەرچە سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان (قۇلدارلىق جەمئىيەت) بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالدى، شۇڭا شامان دىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە داۋاملىق تارقالدى. شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئالەمنى ئۈچكە (ئۈچ قاتلام) ئايرىيدۇ: جەننەت ئەرشتە بولۇپ، ئۇنىڭغا

ئىلاھلار جايلاشقان؛ يەر پەرىشتە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسانلار جاي-لاشقان؛ دوزاخ پانىي ئالەمدە بولۇپ، ئۇنىڭغا يامانلىق ئالۋاستى-لىرى ماكانلاشقان. ھالبۇكى ئىلاھلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، يامان-لىق ئالۋاستىلىرىنى يوقۇتۇشقا مەسئۇل بولغان ئەر باخشىلار «شامان» دەپ (ئايال باخشىلار «پېرىخون» دەپ) ئاتىلىدۇ. شامان ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى باسالماي تىنىم تاپمايدىغان ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كېسەلنى داۋالاپ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلىغاندا دۇرۇت ئوقۇپ، قولىنى كۆتۈ-رۈپ، پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ، بەدىنى جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان-دا، ئىستەمى قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىسى زىماركۇس (Zemarchus) غەربىي تۈركلەرگە ئەلچىلىككە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانا چېگرىسى (تېخى قاغان ئوردىسىغا يېتىپ بارمىغاندا) غا يېتىپ كەلگەندە، بىر نەپەر تۈرك كېلىپ، «ئۆزىنىڭ جىن ـ ئالۋاستى-لارنى قوغلاپ، ياخشىلىقنىڭ يامانلىققا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ زىماركۇس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئەتراپىنى ئايلىنىپ، يۈك ـ تاقلىرى-نى ئالغۇزۇپ، ئۈستى ـ باشلىرىغا قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، داپ بىلەن تەڭكەش قىلغان. ھەمدە يەنە قولىغا شاڭ كۆتۈرۈپ، كۆيۈۋاتقان ئوت دۆۋىسىنى سەۋدايىلارچە ئايلىنىپ ئاسمان ۋە يەر ئىلاھىغا قاراپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى راستتىنلا قوغلىغان ئا-دەمدەك قوغلىغان. دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن زىماركۇس-نى ئىككى ئوت دۆۋىسىنىڭ ئارىلىقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىل-غان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئوت دۆۋى-سىدىن ئۆتكەن. شۇنداق قىلىپ جىن ـ ئالۋاستىلار قوغلىنىپ

پاكىزلىنىپ بولغان. جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاش تاماملانغاند-
دىن كېيىن زىماركوس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يول باشلىغۇ-
چى بىلەن داۋاملىق سەپەر قىلغان.»[①]بۇ تۈركلەرنىڭ شامان
دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى.

تۈركلەرنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر
خىل ئىپادىسى، قۇياش چىققاندا ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ، ئەجداد
ۋە كۆك تەڭرىسى بىلەن يەر ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىشى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە قاغاننىڭ
«چېدىرىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدۇ، كۈن چىققاندا قۇياشقا
قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ. ھەر يىلى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن
بىرگە ئەجدادلار ئۆڭكۈرگە بېرىپ نەزىر قىلىدۇ. 5 - ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا دەريا بويىغا يىغىلىپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر
ئۆتكۈزىدۇ. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم كېلىدى-
غان جايدا ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ ئۆسمەيدىغان بىر جاي
بار، بۇ جاينى يەر تەڭرىسى دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.
تۈركلەر كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىگە چوقۇناتتى ۋە ھۆرمەت بىل-
دۈرەتتى. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان
مەڭگۈ تېشى» دا قايتا - قايتا «مەن ۋە تەڭرىدەك، تەڭرىدىن
تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان»، «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن،
مەن تىرىشچانلىقىم ئۈچۈن قاغان بولۇپ تىكلەندىم» دەپ تىلغا
ئېلىنغانىدى. ئۇنىڭدا يەنە قۇتلۇق كېيىنكى تۈرك خاكىمىيىتىنى
قۇرغان ۋاقىتتا «تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئاتام قاغان (قۇتلۇق) نىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى
قويدەك ئىكەن» دېيىلگەنىدى. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپ-
تىدائىي دىن بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

① جالال شىڭلىيالىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ماتېرىياللار» 4 - كىتاب
285 - ، 286 - بەتلەردە كەلتۈرگەن نەقىل.

پال ئېچىپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلىشمۇ، شامان دىنىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 3 - يىلى (مىلادى 620 - يىلى) چۇرلۇق قاغان بېگجۇ ئايىمىقىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭغا ياڭ جېگداۋ (سۇي سۇلالىسىنىڭ چى بېگى ياڭ جيەنىنىڭ قوساقتا قالغان ئوغلى)نى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا، «پال ئېچىپ خەيرلىك چىقمىغاچقا، ھەدەپ ئۇنىڭغا توختاپ تۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. چۇرلۇق قاغان مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئەجدادلىرىم ئېلىدىن ئايرىلدى، سۇي سۇلالىسىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇنى ئۇنتۇساق ياخشىلىق بولمايدۇ. پالدا خەيرلىك چىقمىسا، بۇنىڭدا ئىلاھنىڭ قولى بولامدىكەن؟ مەن ئۆزۈم ھۆكۈم قىلىۋېرىمەن.[①] گەرچە ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى پالنىڭ نەتىجىسىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاخىر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىدىن گۇمانلىنىپ پال ئاچقانىدى. تۈركلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم پالغا ئىشىنىپلا قالماي، بەلكى يۇقىرى قاتلامدىكى ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە ئۆزلىرى پالچىلىقنى بىلىدىغانلار بار ئىدى. مەسىلەن، ئاشنا سىماۋشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولغاچقا، تارىخنامىلەردە «ئاشنا سىماۋ پال سېلىپ تەدبىر ئىگىلەشكە ماھىر ئىدى» دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى.

ئاتاشپەرەسلىك زورۇئاستېر دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قەدىمكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى زورۇئاستېر (*Zoroaster*) كەشىپ قىلغاچقا، شۇڭا زورۇئاستېر (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI — VII ئەسىر) دىنى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى «قەدىمكى پېرسىيە كالامى» (ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى نامى «ئاۋستا»

---

①. ② «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

Avesta) دا ساقلانغانىدى. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئالەمدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنىڭ كۆرۈشى مەۋجۇت، ئوت يەنى ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، شۇڭا مۇقەددەس ئوتقا چوقۇنۇش ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇراسىم شەكلى ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دارىي I نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن (شۇڭا پېرسىيە دىنى دەپمۇ ئاتالغان). جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيە 518 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينى) دە ئىلىمىزگە تارقىلىپ كىرگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 5 ـ يىلى (631 ـ يىلى) چاڭئەندە بۇ دىنىنىڭ بىر ئىبادەتخانىسى ياسىلىپ، «پېرسىيە ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتالغانىدى.

تۈركلەرنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئاتاشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب خۇي لى يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىك ئۇستازى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، شۈەنزاڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا «تۈركلەرنىڭ ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقى، ئۇنى تەشتەككە ئېلىپ قويمايدىغانلىقى، ياغاچ بىلەن ئوت قالايدىغانلىقى، شۇڭا بىر يەردە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرمەيدىغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭ كەڭ تارقالغان» لىقىنى كۆرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇەن شىچىڭ يازغان «يۇياڭ مەجمۇئەسى» نىڭ 4 ـ جىلدىدا «تۈركلەر ئاتەش ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ، ئۇلاردا ئىبادەتخانا بولمايدۇ، كىگىزدىن شەكىل ياساپ، بەلۋېغىغا ئېسىپ بىرگە ئېلىپ يۈرۈيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆسۈملۈك يېغىنى سۈرۈپ قويىدۇ، بەزىدە خادىغىمۇ ئېسىپ قويۇپ، دائىم ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شۈەنزاڭ سەمەرقەندە ئۇلارنىڭ «خان ۋە پۇقرالىرىنىڭ بۇددا

قانۇنىغا ئەمەل قىلماي، ئوتتا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جايدا ئىككى ئىبادەتخانىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما راھىپلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، راھىپلار ياتىدىغان ياتاقلارنىڭ ھۇزلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، ئادەم تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان»لىقىنى كۆرگەنىدى. سەمەرقەند يەنى توققۇز چاۋۇپلارنىڭ كانگا ئېلى بولۇپ، سۈي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 589 ـ 618 ـ يىللار) دا، ئۇلارنىڭ خانى كۆمۈش غەربىي تۈركلەرنىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، تۈركلەرگە بېيئەت قىلغانىدى.[①] شۇڭا، سەمەرقەندلىكلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى، تۈركلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

نەستۇرىيان دىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، نەستۇرىنىڭ دىنىي تەشەببۇسىغا ۋارىسلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «نەستۇرى مەزھىپى» دەپ ئاتالغانىدى. نەستۇرى ئەسلىدە كونستانتىنپولنىڭ باش ئېپىسكوپى بولۇپ، «بۈۋى مەريەمنىڭ كاتولىك ئانىسى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئەقىدىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، باستۇرۇلغان، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى پېرسىيىگە قېچىپ بېرىپ، پېرسىيە پادىشاھىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، V ئەسىرگە كەلگەندە، مۇستەقىل دىنىي جەمئىيەت بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ دىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 635 ـ يىلى) ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرىپ، نەستۇرىيان دىنى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. تاڭ دېزوڭنىڭ جيەنجوڭ 2 ـ يىلى (781 ـ يىلى) «داكچىن دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشى توغرىسىدىكى ئابىدىگە مەدھىيە» ئورنىتىلغان

① «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى كانگا دۆلىتى ماددىسىغا قاراڭ.

(بۇ ئابىدە مىڭ شىزوڭنىڭ تيەنچى 5 ـ يىلى، مىلادىيە 1625ـ يىلى تېپىلغان، ھازىر شىئەندىكى بېيلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا).

چاۋانىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (219 ـ بېتىدە) ناملىق ئەسىرىدە غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، نەستۇرىيان دىنى مىلادىيە 561 ـ يىلى كانگا ئەتراپىدىكى تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مىلادىيە 591 ـ يىلى شەرقىي رىم پادشاھى پېرسىيە پادشاھى خىسراۋنىڭ ئاسىي سانغۇن بەھرامنى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتكەن، توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ تەركىبىدە تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن ئارىلاشما قوشۇنلارمۇ بار ئىدى. بۇ تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ پىشانىلىرىدە كىرسىنىڭ بەلگىسى بار ئىدى. خىسراۋ بۇ ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى پىلغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، پەقەت پىشانىسىدە كىرسىنىڭ بەلگىسى بار ئەسىرلەرنىلا قالدۇرۇپ قويۇپ، رىم پادشاھىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. پادشاھ ئەسىرلەردىن بۇ كىرس بەلگىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىغاندا، ئۇلار بۇرۇن سوغدىيانانىڭ شەرقىدە ۋابا تارقالغاندا، خرىستىيان مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىشانىلىرىگە مۇشۇ بەلگىنى سىزىپ قويغانلىقىنى، ۋابانىڭ يۇقۇملىنىشىدىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. چاۋانىس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بايىاندىن قارىغاندا، نەستۇرىيان دىنى ئالاھازەل مىلادىيە 591 ـ يىلىدىن 30 يىل ئاۋۋال كانگىيە ئەتراپىدىكى تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغان، بۇ كىرس بەلگىسى ئۇلارغا ئۇسمۇرلۇك چېغىدىلا سىزىلىنغانىدى. تۈركلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ خرىستىيان مۇخلىسلىرى بار ئىدى. 635 ـ يىلىدىكى شىئەندىكى نەستۇرىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش توغرىسىدىكى ئابىدىدە خاتىرىلەنگەن ئالوپىننىڭ جۇڭگوغا دىن تارقىتىش ۋەقەسىمۇ، ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس».

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V — VI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا قەدىمكى ھىندىستان كاپىلاۋاستۇ دۆلىتى (ھازىرقى نې-پالنىڭ چېگرىسى ئىچىدە) نىڭ شاھزادىسى ساكيامۇنى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، گەرچە ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە «خەلقنىڭ بارا-ۋەر بولۇشىنى، ھەممىيلەننىڭ بۇدداغا ئايلىنىشى» نى تەشەببۇس قىلىسمۇ، ئەمما ئۇ «تۇغۇلۇش بىلەنلا ئازاب چېكىدۇ» دەپ قارايدۇ، ھالبۇكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈمىدىنى نىرۋانا (جىمجىتلىقنى يوقىتىش دېگەن مەنىدە) دائىرىسىگە باغلاپ قويىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پادى-شاھ ئاسوكا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلغاچ-لىقتىن، بۇ دىن پەيدىنپەي ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلار بىلەن قوشنا ئەللەرگە تارقالغان. جەنۇبتا سىرلانكا، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنى جەنۇبتىن تارقالغان بۇددا دىنى ياكى ھىنايانا بۇددا دىنى دەپ ئاتالغان؛ شىمالدا ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرىپ، ئۇ-نىڭدىن يەنە كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنى، شىمالدىن تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنى ياكى ماھايانا بۇددا دىنى دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنى ئېلىمىزگە ئەڭ دەسلەپ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەيدى پادىشاھىنىڭ يۈەنشۇ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - يىلى) تارقى-لىپ كىرگەنىدى، يەنى شۇ يىلى ئۈلىمالارنىڭ شاگىرتى بولغان جىڭلۇ توخرى پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى يىسۇنىڭ قولىدىن «بۇددا نومى» نى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاق-تىغا كەلسەك، «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتى-رىگە ئاساسلانغاندا، تابار قاغاننىڭ دەۋرى (مىلادىيە 572 - 581 - يىللار) دە ئىدى. مەزكۇر «قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەن-

گەن:

«چى پادىشاھلىقىنىڭ سىرامانى خۇي لىن تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، تابار قاغانغا چى پادىشاھلىقىنىڭ باياشات ۋە كۈچلۈك بولۇشى بۇددا قانۇنىنىڭ بولغانلىقىدىن دېگەنىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا سەۋەب ـ نەتىجە توغرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى. تابارقاغان ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، بىر ئىبادەتخانا ياسىتىپ، چى پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «بىراھمانا»، «نىرۋانا»، «بۇددا ۋاتام ساكا ماخاۋاپۇليا سۇترا» قاتارلىق نوملار بىلەن «ئون ۋەج»نى قوشۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. تابار قاغاننىڭ ئۆزىمۇ پەرز تۇتۇپ، دىيانەت يولىدا ماڭغاچقا، ئىچكى جايلارغا ئاداۋەت قىلمايدىغان بولدى.»

«شىمالىي چى پادىشاھلىقى تارىخى» 12 ـ جىلد «قوغۇرسۇ چياڭجۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ مۇندا خاتىرىلەنگەن:

«دەي بەگلىكىدىكى ليۇ شىجىڭ ئەينى چاغدا يات قوۋملارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ ئۇنىڭغا «نىرۋانا سۇترا»نى تەرجىمە قىلىپ، تۈركلەرگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى بۇيرۇدى.»

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردا دېيىلگەن ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيە 574 ـ 576 ـ يىللاردىكى ۋەقە بولۇپ، يەنى تابار قاغاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئىدى.

«ئالىي راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«بىراپىكارامىدورو گەنەتكەك ئېلىدىن. شىمالدىكى دىلار ئاچكۆز، تەرسا بولغاچقا، دىيانەت يولىدىن چىقىپ، ئادىمزاتنى دەپسەندە قىلماقتا، شۇڭا ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىش زۆرۈردۇر. شۇ ۋەجىدىن بۇددا يولىنى تۇتقانلاردىن ئون ئادەم

شىمالغا سەپەر قىلىپ، غەرب تەرەپ قاغانى يابغۇ (يەنى تونيابغۇ قاغان) نىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، ئۇنى بۇددا قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسىمۇ، روگلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىخلاسى بەكلا چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنى قىزىقتۇرالمىغان، ئۇ 20 ئادەمگە نىمەت تارقىتىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچىلا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەمراھلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇددانىڭ تۇغۇلۇش بىلەن بەخت توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ھۆرمىتى ئاشقان بولسىمۇ، ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىدا قالغان.»

(بۇ ۋەقە تاڭ سۇلالىسىنىڭ زۇۋۋدې 9 ـ يىلى، مىلادىيە 622 ـ يىلىدىن ئاۋۋالقى ۋەقە ئىدى).

تونيابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلىرى بىر مەھەل بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغاندەك تۇرىدۇ، بىر مەزگىللىك ئۇرۇش ئارقىلىق (ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس)، قايتىدىن ئېتىقاد قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. شۆەنزاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە بۇ ئەھۋالنى مەلۇم جەھەتتىن بولسىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. مەزكۇر «خاتىرە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«يېقىندا تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ ئوغلى ئىز يابغۇ قاغان ئۆز قوۋملىرىدىكى قوشۇنلارنى ئېلىپ ئىبادەتخانىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى بۇلاشقا ئۇرۇنغان. قوشۇنلىرى بىلەن ئىبادەتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دالىدا تۇنەپ ئەتىسى ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. ئۇ شۇ كېچىسى چۈشىدە بىر ساماۋى سىرامانىنى كۆرگەن، سىرامان ئۇنىڭغا ‹سەن قايسى كۈچۈڭ بىلەن ئىبادەتخانىنى بۇزۇشقا پېتىنىدىڭ؟!›، دەپ ئۆزۈن ساپلىق يالمان بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرغان. قاغان ئويغىنىپ قارىسا، يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ

چۈشىدە كۆرگىنىنى قول ئاستىدىكىلىرىگە ئېيتىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىبادەتخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلىگەن. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى قايتىپ كەلگۈچە، ئۆزى جايىدا ئۆلۈپ قالغان.»

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىللا دۆلىتىنىڭ راھىبى خۇي چاۋ يازغان «ئەنەتكەكتىكى بەش دۆلەت ھەققىدە خاتىرە»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«جىيەندۇ دۆلىتىنىڭ خانى بىلەن ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تۈركلەردىن، يەرلىك ئاھالىسى غۇزلاردۇر، يەنە بىراھمانلارمۇ بار. ... ئۇلارنىڭ خانى تۈركلەردىن بولسىمۇ، ئۈچ گۆھەرگە①ئېتىقاد قىلىدۇ. خان، خانىش، شاھزادە، ئاقساقال قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياسىغان ئىبادەتخانىلىرى بار بولۇپ، ئۈچ گۆھەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئەلنىڭ خانى ھەر يىلى ئىككى نۆۋەت ئاشكارا چوڭ زارەخەتمە ئۆتكۈزىدۇ، بىراق كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈملىدىن خوتۇن، پىل، ئات قاتارلىقلارنى يىغىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ... ... خانىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ياساتقان ئىبادەتخانىلىرى بار، ئۇلارمۇ زارە خەتمىدە نەرسە - كېرەك يىغىۋالىدۇ.» يۇقىرىدىكى كىتابىدا يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«شۇنىڭدىن كېيىن كەشمىر دۆلىتىدىن غەربكە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، جاغۇدا دۆلىتىگە يېتىپ باردۇق. ... ... يەرلىك ئاھالىلىرى غۇزلار بولۇپ، خان ئەسكەرلىرى تۈركلەر ئىكەن. ... بۇ ئەلنىڭ خانى بىلەن ئاقساقاللىرى تۈركلەردىن بولسىمۇ، ئۈچ گۆھەرگە بەكلا ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئىبادەتخانىلىرى بىلەن

① بۇددا دىنىنىڭ — بۇددا، بۇددا كالامى، راھىبى ئادەمتە ئۈچ گۆھەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇددا — بۇددا دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئادەمنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇددا كالامى بولسا بۇددانى تەرغىب قىلىنىدىغان كىتاب - نامىلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ راھىب - بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچى بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغاچقا، شۇڭا ئۇ «گۆھەر»گە تەمسىل قىلىنىدۇ.

راھىبلىرى تولۇق ئىكەن، ماھايانا مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدىكەن. تۈركلەرنىڭ يۈلتۈز تارقان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاقساقىلى بار بولۇپ، ھەر يىلى سان - ساناقسىز ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى توپلىغاندا، كۆپ قىسمىنى خان ئالىدىكەن.»

ئۇنىڭدىن باشقا، «تىرى پىتاكا» نىڭ 51 - جىلدىدىكى «ۋۇكوڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە دېيىلىشىچە، ۋۇكوڭ مىلادىيە 759 - 764 - يىللار ئارىلىقىدا كەشمىر بىلەن گاندىخارادىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتە تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇ ئۆزى پۈتكەن ئىككى دۆلەتنىڭ تەزكىرىسىدە، ئۇ جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۈركلەرنىڭ خان ۋە شاھزادىلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقىنى، يۈز يىل بۇرۇنقى تۈركلەرنىڭ تەسىرىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكەنىدى. مەزكۇر «سەپەر خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن:

«كەشمىر دۆلىتىدە تېگىن ئىبادەتخانىسى بار، بۇ تۈرك شاھزادىسى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان، ئۇنىڭدىن قالسا خاتۇن ئىبادەتخانىسىمۇ بار، بۇ تۈرك خانىشى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان، گاندىخارا شەھىرىدىمۇ تېگىن ئىبادەتخانىسى بار، بۇنىمۇ تۈرك شاھزادىسى بىنا قىلغان، خاتۇن ئىبادەتخانىسىنى تۈرك خانىشى بىنا قىلغان.»

ئاخىردا، «قانۇنلار قامۇسى» 193 - جىلدىكى دۇخۇەن يازغان «سەپەر خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن:

سۇياب شەھىرى، تيەنبۇباۋنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 748-يىلى) بېشبالىق ھېراۋۇلى ۋاڭ جېڭجيەنىڭ باسقىنىغا ئۇچرىغاندا، شەھەر سېپىللىرى بۇزۇۋېتىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرى تارقىتىۋېتىلگەن؛ ئىلگىرى يارغۇل مەلىكىسى (غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قاغانى ئاشناشىنىڭ ئايالى) تۇرغان جايدا بىنا قىلىنغان ئىبادەتخانا ھېلىھەم ساقلىنىپ قېلىنغان.

بۇددا دىنىغا كېيىنكى تۈركلەردىنمۇ بىر بۆلۈم كىشىلەر

ئېتىقاد قىلغانىدى، بۇ توغرىسىدا تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«جىڭلوڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 708 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، جاڭ رېنيۈەن دەريانىڭ شىمالى (خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى خېتاۋنىڭ شىمالى) دا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى قۇرغانىدى. دەسلەپتە سۇفاڭ قوشۇنى بىلەن تۈركلەر دەريانى پاسىل قىلغانىدى، دەريانىڭ شىمالىدا فويۈن ئىبادەتخانىسى بار ئىدى، تۈركلەر ھەر نۆۋەت بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ئالدى بىلەن ئىبادەتخانىگە كىرىپ نەزىر قىلىپ ئاسايىشلىق تىلەيدۇ. ئاندىن دەريا مۇز تۇتقاندا، ئات ۋە چارۋىلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ.»①

بۇ ۋەقە قاپاغان قاغاننىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەنىدى. كېيىن قاپاغان قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا بىلگە قاغان تەختكە چىقتى، بۇددا دىنىنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار تەشەببۇس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە تارقالمىدى. تارىخنامىلەردە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«بىلگە قاغان شەھەر بىنا قىلىپ، ئىبادەتخانا ياساتماقچى بولدى. تونيوقۇق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، تۈركلەرنىڭ ئاھالىسى ئاز، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىدىكى سەۋەب ـ بىزنىڭ سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، بىر جايدا مۇقىم تۇرماي ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغانلىقىمىزدا، ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى قورال تۇتۇپ ئوقيا ئاتالايدۇ، قۇدرەت تاپقان چېغىمىزدا بۇلاڭچىلىق قىلساق، ئاجىزلاشقان چېغىمىزدا تاغ ـ ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇۋالساق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. مۇبادا شەھەر بىنا قىلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشساق، بۇرۇنقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز-

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد «تۈركلەر»

نى ئۈزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە، بىراقلا مەغلۇپ بولۇپ،
جەزمەن ئۇلار تەرىپىدىن يوقىتىلىمىز. ساكيامۇنى، لياۋزىلار-
نىڭ تەلىماتلىرى ئادەملەرنى رەھىمدىللىككە ئۈندەپ، ئاجىزلاشتۇ-
رىدىغان، قورال تۇتۇپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان تەلىمات
ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ، دېدى. بۇنىڭ بىلەن
بىلگە قاغانمۇ نىيىتىدىن ياندى.»①

يۇقىرىقى خاتىرىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تۈركلەرنىڭ دى-
نىي ئېتىقادىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىن قېپقالغان شامان دىنى شەر-
قىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە داۋاملىق تارقالغان-
دىن سىرت، ئاتەشپەرەسلىك بىلەن نەستۇرىيان دىنى پەقەت غەر-
بىي تۈركلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئولتۇراقلاش-
قان غەربىي تۈركلەرنىڭ ئارىسىدىلا تارقالغانىدى. شەرقىي تۈرك-
لەرنىڭ ئارىسىدا، ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن نەستۇرىيان دىنىدى-
نىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى تارىخنامىلەردە كۆرۈل-
مەيدۇ، بۇددا دىنىغا كەلسەك، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئېتىقاد قىلغانىدى، يەنە
كېلىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
خەنزۇلاردىن تارقالغانىدى، غەربىي تۈركلەرگە تارقىلىشى بولسا
ئەنەتكەك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى، لېكىن يارغول مەلىكىسى سۈياب شەھىرىدە ئىبادەتخانا
ياساتقاندا، بۇددا دىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغانى-
دى، بۇنىڭلىق بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قىلچە مۇناسىۋ-
ىتى يوق ياكى پۈتۈنلەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىمىغان دىگىلى بولمايدۇ.

① «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد «تۈركلەر» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 211 ـ جىلد تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن 4 ـ يىلى قىش 10 ـ ئايدىكى ماددىسى.

# توققۇزىنچى باب تۈركلەردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈركىي مىللەت ئۇيغۇرلار

(1) ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى ۋە جەمئىيەت قىياپىتى

ئۇيغۇرلار ئەسلى خۇيخې ( 回纥 ) دەپ ئاتالغانىدى. تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 4 - يىلى (مىلادىيە 788 - يىلى) قىش 10- ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى قۇتلۇق قاغان تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان»① دېگەن مەنىدە ئۆزگەرتىپ قوللىنىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئۇيغۇرلار تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى چىلېلار (قاڭقىللار) نىڭ ئالتە ئۇرۇقىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې ئۇرۇقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن. «قاڭقىللارنىڭ ئىچىدە ... ... دى ئۇرۇقى، يۈەنخې ئۇرۇقى ... ... بار» (يۈەنخې سۆزىدىكى «يۈەن» خېتى ئەسلى مەنبەدە «بىياۋ» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان، بۇ يەردە تۈزىتىپ ئېلىندى) . «سۈينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«تېلىلارنىڭ ئۇرۇقلىرى ھەممىدىن كۆپ. ... ... توغلا دەرياسى (ھازىرقى تۇلا دەرياسى) نىڭ شىمالىدا بارغۇت، تۇڭرا،

① «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئەسلى تاڭ شىيەنزوڭنىڭ «يۈەنخې 4 - يىلى (مىلادىيە 809 - يىلى) ئاي تەڭرىدە بولمىش قاموغ بىلگە قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى خۇيخۇ دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتاشنى تەلەپ قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر ھەققىدە تەپسىل» دىكى يۈەنخېنىڭ 4- يىلى قۇتلۇق قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزگەرتىپ ئاتاشنى تەلەپ قىلدى دەپ تۈزىتىشنى ئاساس قىلىندى.

ئۇيغۇرلار بار ... ...؛ گېۋىرغولنىڭ غەربىي، ئاگىنىنىڭ شىمالىدا، ئاقتاغنىڭ ئەتراپىدا ئوغۇزلار بار ... ...»

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئۇيغۇرلار ... ... يۈەن ۋېي زامانىغا كەلگەندىمۇ قاڭقىل قەبىلىسى ياكى چىلى قەبىلىسى دەپ ئاتالغانىدى، بۇ تېلى دېگەننىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى ئۇيغۇر، سىرتاردۇش ... ... بارغۇت، ... ... توڭرا ... ... قاتارلىقلار ئىدى، جەمئىي 15 قەبىلە بولۇپ، ھەممىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.»

يەنە شۇ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«يۈەنخېلار ئوغۇز ياكى ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، سۈي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر (ۋېيخې) دەپ ئاتالدى، دايې يىللىرى (مىلادى 605 ـ 618 ـ يىللىرى) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (تۈركلەرنىڭ) چۇرلۇق قاغانى تېلى قەبىلىلىرىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىۋالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئاقساقاللىرىدىن بىرقانچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ۋېيخېلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ جاكارلاپ، ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى.»

شۇڭا يۈەنخې، ۋېيخې، ۋۇخې، خۇيخې، خۇيخۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى *Uyghur* دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، *Uyghur* دېگەن سۆز بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تالڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا توققۇز ئوغۇزلار بار ئىدى، يەنى:

(1) ئۇيغۇر؛
(2) بارغۇت (چۆللۈكنىڭ شىمالىدا)؛
(3) خۇن (چۆللۈكنىڭ شىمالىدا)؛
(4) بايىرقۇ (بارغۇتلارنىڭ شەرقىدە)؛
(5) توڭرا (سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالىدا)؛
(6) ئىزگىل (هازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە)؛
(7) قىبئار (يۇلتۇز ۋادىسىدا، هازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىچىك يۇلتۇز دەرياسى)؛
(8) باسمىل (ئابۇسلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بېشبالىقتا، بېشبالىقنىڭ ئورنى شىنجاڭنىڭ هازىرقى جىمسار ناھىيىسىدىكى خوباۋزىدا ئىدى)؛
(9) قارلۇق (هازىرقى ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ئىدى).

بۇ توققۇز قوۋم يەنىلا تېلىلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار باشلىقلىق ئورنىدا تۇرغاچقا، دائىم «تاشقى توققۇز قوۋم» ياكى «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتالغانىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسى تۆۋەندىكى توققۇز ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانىدى:

(1) ياغلاقار؛
(2) ئۇتىگى؛
(3) تۇرلەمۇر؛
(4) باشقىرىت؛
(5) ئاۋاسار؛

(6) قاسار؛

(7) قوغۇرسۇ؛

(8) ئاياۋۇر؛

(9) يابۇقتار.

بۇ توققۇز ئورۇق ئادەتتە «ئىچكى توققۇز جەمەت» ياكى «ئىچكي توققۇز قوۋم» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارغا ياغلاقارلار باشچىلىق قىلاتتى، شۇنىڭدەك «ئۇيغۇر قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغۇچى يادىرۇ ئۇرۇق بولغاچقا، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى قاغانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپىنچە مۇشۇ ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققانىدى.①

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى سېلىنگا دەرياسى (سەلەنگا دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى سېلىنگا دەرياسى) بىلەن ئورقۇن دەرياسى (ھازىرقى ئورخۇن دەرياسى) ۋادىسى،②يەنى سىرتارۋشلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىم تارماقلىرى ھازىرقى تەڭرى تېغى ئەتراپىدا بولۇپ، يەنى يۇقىرىدىكى نەقىلدىكى «ئاق تاغنىڭ ئەتراپىدا ئوغۇزلار بار» دېيىلگەنلەر دەل شۇلار ئىدى.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا، ئۇيغۇرلار تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇيغۇرلا «دەسلەپتە تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان ئىدى، تۈركلەر ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. سۇي ياڭدىنىڭ دايې تۇنجى يىلى (مىلادىيە 605 ـ يىلى)، تۈركلەرنىڭ چۇرلۇق قاغانى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 98 ـ جىلدىگە قاراڭ.

② تۈرك يېزىقىدىكى «ئۇيغۇر تۇمېيدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا قاراڭ.

دەھشەتلىك تۈردە قاقتى ـ سوقتى قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاقسا-
قاللىرىدىن بىرقانچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن
ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن
بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى تۈرك قۇلدار ھاكى-
مىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. زۇلۇمغا قارشى كۈرەش
جەريانىدا، ئۇيغۇرلار پەيدىنپەي كۈچىيىپ، «100 مىڭ نوپۇسقا،
50 مىڭ يارامىلىق ئەسكەر» گە ئىگە كۈچكە ئايلاندى. تاڭ تەيزوڭ-
نىڭ جېنگۇەن دەسلەپكى يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بوسات
5 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئېلىك-
نىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە
تۈركلەرنىڭ كۆپلىگەن قوۋملىرىنى ئەسىرگە ئالدى. جېنگۇەن-
نىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيە 627 ـ يىلى) دىكى چوغاي تېغىنىڭ
شىمالىدىكى سىرتادۇرش، بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق
ئوندىن ئارتۇق تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك قۇلدار ھاكىمىيىتىگە
قارشى كۈرىشىدە، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق كۈچ ئىدى. جېنگۇەننىڭ
2 ـ يىلى سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى
ئۆتۈكەن تېغى (يەنى ئۇتۇكىن تېغى) دا قۇرۇلۇپ ۋە كۈچەيگەندە،
ئۇيغۇرلار سىرتاردۇشلارغا بېقىندى قىلغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق-
ساقىلى بوسات ئېلتەبىر دېگەن نام بىلەن تۇغلا دەرياسى بويىدا
بارگاھ قۇردى. جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى
ئەۋەتىپ، ئولپان تەقدىم قىلدى. جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى شەرقىي
تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شى-
مالىدىكى قوۋملارنىڭ ئىچىدە سىرتادۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئەڭ
كۈچلۈك ئىدى. جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيە 646 ـ
يىلى) ئۇيغۇرلار سىرتاردۇشلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقان-
چىلىق ۋە سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپى-
دىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى

قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سىرتاردۇشلارغا قىلغان ھۇجۇمىغا ماسلاشتى. سىرتاردۇشلارنىڭ ھاكىمىيىتى تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ قوۋملىرى بىلەن زېمىنلىرىغا ئىگە بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى، شۇ يىلى تۇمىد قاغان تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «سىرتاردۇشلار چوڭ ئەل ئەمەس ئىدى، ئەمدىلىكتە مۇنقەرز بولدى. ... ... كەمىنلىرى تەگرىقۇت ئالىيلىرىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپلىرىنى تەسىس قىلىشنى ئىلتىجا قىلىدۇ»[①] دەپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە «ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدا ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىپ، شىمالغا تۇتاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.»[②] تاڭ تەيزوڭ شەخسەن ئۆزى «لىڭجو (ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى) غا كېلىپ، جىڭياڭ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ پىڭليانىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى) دىن ئۆتۈپ» ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى. تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇش ئۇيغۇر ۋە تېلىلارنىڭ باشقا قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرىدا ئايرىم — ئايرىم ئالتە مەھكىمە ۋە يەتتە ئايماق تەسىس قىلىپ، «مەھكىمىدە تۇتۇق، ئايماقتا ئايماق بېگى، مەھكىمە بىلەن ئايماقلاردا دورغاپ، ئەمرلەشكەر، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە يەنە ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنى ئىدارە قىلدى.» ئۇيغۇر قەبىلىسىنى دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى قىلىپ، تۇمىدقا مەرتىۋەت قوچقان سانغۇن، دەشتى ماكان تۇتۇقى دېگەن ئۇنۋانلارنى بەردى. باشقا ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق، ئايماق بېگى، دورغاپ، ئەمرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلىرىگە ئېرىشكەنلەرمۇ،

① «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② ③ «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، بۇنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم رولى بار ئىدى.

ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىدە (مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە)، شەرقىي تۈركلەر شەرقىي تاغدا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققانلىقتىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېڭىۋاشتىن تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىگە ئۇچرىدى. دەھشەتلىك زۇلۇم ئاستىدا بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې، ۋۇۋېي ناھىيىلىرى ئەتراپىدا) ئايماقلىرىغا كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. شۈەنزوڭنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى (مىلادىيە 744 - يىلى) كېيىنكى تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كۆل بويلا تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ جاكارلاپ،①بارگاھىنى ئۆتۈكەن تېغى (يەنى ئۆتۈكىن تېغى، ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ)غا قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۆيىنگىل خاقان دېگەن ئوتۇغات نامىنى بەردى، تيەنباۋنىڭ 4 - يىلى (745 -يىلى) باھار 1- ئايدا، سۆيىنگىل خاقان كېيىنكى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانى بولمىش قاغانىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى-

---

① كونا - يېڭى «تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان» دېيىلگەن، بۇنىڭدا «كۆل» سۆزى خاتا ھالدا «بىلگە» سۆزىنىڭ ئارقىسىغا يېزىلىپ قالغان، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا ئاساسلانغاندا، kül BilgaQaghan دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا «كۆل» سۆزى ئالدىغا كەلگەن.

نى يوقاتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار «شەرقتە شىرۋىلار (ھازىرقى ئېرگۇنا دەرياسىنىڭ ئەتراپى) دىن غەربتە ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) قىچە، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كونترول قىلىپ»① تەسىر كۈچى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزاققىچە قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار كۆچمەن قەبىلە بولۇپ، مۇقىم بىر جايدا تۇرماي، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى.② ئۇلار «ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى». ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى «كۆپىنچە چوڭ تۇياقلىق قويلار ئىدى.»③ ئاتنى كۆپرەك يېتىشتۈرەتتى، شۇڭا كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىدا، ئۇيغۇرلار ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىغا نەچچە ئون مىڭ ئاتنى يىپەك ماللارغا ئالماشتۇراتتى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تاڭ دېزوڭنىڭ دەۋرىدە قەھرىمان تۆھپىدار قاغان (مىلادى 780 - ، 789 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) شەنئەن مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغاندا، تويلۇق ئۈچۈن 2 مىڭ تۇياق ئات تەقدىم قىلغانىدى.④ تاڭ مۇزوڭنىڭ دەۋرىدە بىلگە قاغان تەيخې مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغاندا، تويلۇق ئۈچۈن 20 مىڭ تۇياق ئات، مىڭ تۇياق تۆگە ھەدىيە قىلغانىدى.⑤ بۇنىڭدىن چارۋىچىلىقنىڭ، بولۇپمۇ ئاتچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوۋچىلىقمۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا ئوخشاشلا بەلگىلىك ئورۇننى تەشكىل قىلغانىدى. تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلار «ئات مى-

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
④ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
⑤ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ىنىپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بوسادمۇ «ئوۋ خۇمار ئىدى.»[1] بۇ ھال بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن ئەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋچىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يەنىلا مۇئەييەن رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۈەن 20 - يىلى (مىلادىيە 646 - يىلى) سىرتاردۇش ھاكىمىيىتى مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغان» لىقىنى بىلدۈردى ھەمدە «ھەر يىلى بۆلغۈن تېرىسى بىلەن تارتۇق تەقدىم قىلىپ تۇردى»،[2] ئەگەردە ئوۋچىلىق تەرەققىي قىلمىغان بولسا ئۇيغۇرلار ھەر يىلى بۆلغۈن تېرىسىنى تاڭ سۇلالىسىگە تارتۇق ئورنىدا تاپشۇرمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى قۇلدارلىق تۈزۈم ئىدى. تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ «تەبىئىيتى قەبىھ، ... ... ئاچكۆز، بۇلاڭچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ»[3] دەپ خاتىرىلەنگەن. گەرچە بۇنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈم ئىدى، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللارغا كۆپلەپ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، تاڭ سۇلالىسىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا «ئۆتكۈلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى» مەزگىلىدە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ، ئىككى ئاستانە (چاڭئەن بىلەن لوياڭ) نى قايتۇرۇۋالغاندا، تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن «شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا، يەر - زېمىن تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ، خوتۇن - قىزلار ئۇيغۇرلارغا

---

① «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

تەۋە بولىدۇ»[1]دەپ كېلىشىم تۈزگەنىدى. بۇ ھال يەرنىڭ ئۇيـ
غۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (ئىككى ئاسـ
تاننىڭ يەرلىرىنى بۆلۈپ بېرىشكە بولمايتتى) بولمىغانلىقتىن،
ئۇلارنىڭ ياردەمگە قوشۇن چىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا
قالماي، بەلكى خوتۇن - قىزلارنى قۇل قىلىشنىڭ، ئۇيغۇر
قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ مۇقەررەر
نەتىجىسى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ يەنە بىر
جەھەتتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سىـ
نىپىي مەنپەئەتى ۋە لىڭشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ
قېلىش ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرىنى قۇربان قىـ
لىشتىن يانمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، ئەمما يەنە بىر جەـ
ھەتتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن
قۇلدارلىق تۈزۈمدە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى،
شۇڭا كۆپلىگەن خەنزۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ ۋە قۇل قىلىشى
زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كېيىن
شەرقىي ئاستانە (لوياڭ) قايتۇرۇۋېلىنغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆـ
كۈمرانى شەھەرگە كىرگەندە، ئەسكەرلەرگە ئاھالىلەرنى ئۈچ
كۈن بۇلاڭ - تالاڭ[2] قىلىشقا رۇخسەت قىلغانىدى. تاڭ دەيزۇڭـ
نىڭ دالى 7 - يىلى (مىلادىيە 772 - يىلى) باھار 1- ئايدا،
ئۇيغۇرلار يەنە سىرتقا چىقىپ، خوتۇن - قىزلارنى بۇلاپ تالىدى.
بۇ بۇلانغان ئاھالىلەرنىڭ بىر بۆلۈملىرى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكى
تۇدۇن تەرىپىدىن تاغارلارغا سېلىنىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتىـ
ۋېتىلگەنىدى. بۇلار ئەلۋەتتە قۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن تاغارلار-
غا قاچىلانغان مال سۈپىتىدە (سۆزلىيەلەيدىغان قۇل) تۇشۇلغانىـ

---

① «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 220 - جىلد تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدى 2 - يىلى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسى.
② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ. ③
③ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

دى.③ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى جەنۇبقا بې-
سىپ كىرگەن مەزگىلدە، ئەسكەرلەرنىڭ ئاھالىلەرنى بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىشىغا تېخىمۇ يول قويغانىدى. مەسىلەن، دالىنىڭ 3-
يىلى (768 - يىلى) باھار 1- ئايدا تەيۇەنگە بېسىپ كىرگەن
مەزگىلدە،① تېخىمۇ شۇنداق قىلغانىدى. تاڭ دېزوڭنىڭ جيەن-
جوڭ تۇنجى يىلى (780 - يىلى) ياز ئېيىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
زور ماتەمگە مۇپتىلا بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ (تاڭ دەي-
زوڭ ئالەمدىن ئۆتكەن)، جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىشقا ئورۇنغانىدى.② تاكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بول-
غاندىن كېيىنمۇ (840 - يىل)، قېچىپ يۈرگەن نايانچۇر،
خېشۈي دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خوخاخوت شەھە-
رىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا سۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا) بويىدا، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ۋە خەلقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانىدى.
بۇ ھال ئۇيغۇر قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىردەملىك قولغا ئىگە
بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا قول بولاشنى بىردەممۇ توختات-
مايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەنزۇلاردىن سىرت، باشقا
مىللەتلەرگە قارىتا ئوخشاشلا بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارغانىدى،
مەسىلەن، تاڭ ۋۇزوڭنىڭ خۇيچاڭ 2- يىلى (842- يىلى) كۈز
8- ئايدا ئۆگە قاغان يۈنجو، سۈجۇ قاتارلىق ئايماقلارغا ھۇجۇم
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چياڭ، ھۇن قاتارلىق قەبىلىلەر-
نىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانىدى.③ مەسىلەن يەنە، سۇڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ مىڭچىڭ يازغان «قۇيرۇق يەلپۈگۈچ خاتىرى-
لىرى» نىڭ 4 - جىلدىدا «قىتانلار بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن
قوي باقاتتى، تاتارلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كالا باقاتتى»

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «كەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 246 - جىلد، تاڭ سۇلالىسى-نىڭ خۇيچاڭ 2 - يىلى كۈز 8- ئاي ماددىسى.

دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ قىتانلار بىلەن تاتارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئى-دى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ئاساسەن تۈركلەرنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، «ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى-نىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى.»[①] قاغاننىڭ پەرزەنت، ئىنىلىرى تېگىن دەپ ئاتىلاتتى، قوشۇن قوماندانلىرى «شاد» دەپ ئاتىلاتتى، ۋەزىرلىرىدىن يابغۇ، ئىلتەبىر، ئاپا، چور، ئىركىن، تارقان قاتارلىقلار بار بولۇپ، ۋارىسلىق قىلى-ناتتى، مۇقىم شتات نورمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇ-لار ئۇزاققىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئالتە تاشقى ۋەزىر، ئۈچ ئىچكى ۋەزىر، ھەم تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر-لەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغانىدى.[②]

ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە ئوخشاش، قاغاننىڭ بىۋاسىتە باشقۇ-رۇشىدىكى رايونلاردىن سىرت، قالغان ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىنى سول - ئوڭ دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم سول شاد، ئوڭ شادلارنى تەيىنلەپ ئەۋەتىپ، بۆلۈپ باشقۇرغانىدى.[③]

قاغان، ئاقسۆڭەك، بەگ (چارۋىدار ئاقسۆڭەك) قاتارلىقلار ھۆكۈمران سىنىپلار بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى، نۇرغۇنلىغان چارۋا ۋە قۇللارغا ئىگە ئىدى، ھەمدە قۇللارنى ھەرخىل ئەمگەك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە زورلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي

---

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئىگىلىۋالغان «ئۇلۇش يەرلىرى بار»[①]بول-
غاچقا، يايلاقلارنى مەجبۇرىي كونترول قىلىۋېلىپ، ئادەتتىكى
چارۋىچىلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە دۇچار قىلاتتى.
ئۇيغۇر ھۆكۇمرانلىرى يالغۇز ئۆز مىللىتىنىڭ خەلقىنى ئېكسې-
پىلاتاتسىيە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدى-
كى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلاتتى، ئۇلار
قول ئاستىدىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا مەخسۇس باج-
سېلىقلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا، كۆپلىگەن نازارەتچى ئەمەل-
دارلارنى ئەۋەتىپ تۇرغۇزاتتى. مەسىلەن، تاتابىلار بىلەن قىتان-
لارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىپ تۇرغۇزغان نازارەتچى ئەمەلدارلىرى
800 دىن ئارتۇق ئىدى، ھالبۇكى، شىرۋىلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەت-
كەنلىرىنىڭ سانى بولسا ھەددى - ھېسابسىز ئىدى.[②]بۇ نازارەت-
چى ئەمەلدارلار قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئېغىر باج - سېلىق
يىغىپ، ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنى ئېغىر ئازابقا دۇچار
قىلغانىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆ-
كۇمرانلىرىنىڭ «نەپسى يوغىناپ كەتكەن» بولغاچقا، چۆل
تۈركلىرىنىڭ 6 مىڭ ئۆيلۈك باشقا قەبىلىسى بىلەن تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (ئورنى ھازىرقى
شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسىنىڭ خوباۋزى دېگەن جايىدا) گە
يېقىن ئەتراپتىكى جايلار، ئۇلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن
خالىي بولالمىغانىدى، ئۈچ قارلۇقلار بىلەن ئاق كىيىملىك تۈرك-
لەر (ئەسلى تېكىستە «ئاق كۆزلۈك» دېيىلگەن) قاتارلىقلارمۇ
بىر مەھەل ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تارتقان ئازابى
تېخىمۇ ئېغىر بولغانىدى.[③]

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى دېيۇ يازغان «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ 2-جىلدى بىلەن 14 - جىلدىغا قاراڭ.
③ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

ئۇيغۇرلار دائىم تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلغاندا ئاساسەن ئاتنى چاي بىلەن يىپەك (تاۋار ـ دۇردۇن) كە ئالماشتۇراتتى. «يېڭى تاڭنامە» 196 ـ جىلد «لۇيۇنىڭ تەرجىمھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«شۇنىڭدىن باشلاپ چاينىڭ بازىرى چىقىشقا باشلىدى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئوردىغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە، ئاتلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ چاي سودىسى قىلىشقا باشلىدى.»

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن فېڭ يەن يازغان «كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» (1 ـ جىلد) دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە، نۇرغۇنلىغان داڭدار ئاتلارنى ھەيدەپ كېلىپ، ئورنىغا چاي سېتىۋېلىپ قايتاتتى.»

بۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاشكارا سودىسى ياكى «ئوردىنى تاۋاپ قىلىش» ۋە «ئالماشتۇرۇش» شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا شەكلىنى كۆرسىتەتتى. ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىدىنىڭ ئەلچىلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چېگرادىن ئېلىپ چىقىدىغان ياكى ئېلىپ كىرىدىغان شەخسىي ماللىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تاڭ دېزوڭنىڭ جېنيۈەن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 792 ـ يىلى) كۈز 7ـ ئايدا، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ياغلارقار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كەلگەندە، كۆپلىگەن ئاتلارنى ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، شەخسەن ئۆزىلا 70 مىڭ توپ يىپەككە ئېرىشكەنىدى.① مەسىلەن يەنە، جېنيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تاڭ سۇلالىسى شيەنئەن مەلىكىنى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلغاندا، گۇەن بونى قوغداپ بېرىشقا بۇيرۇپ، جاۋجىڭنى نائىب ئەلچىلىككە تەيىنلىگەنىدى. «ئىلگىرى ئەمەلدارلار ئەلچە-

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

لىككە چىققاندا، چېگرىدىن نۇرغۇن مىقداردا مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ، قايتىشىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئات ئېلىپ كېلىپ زور پايدا ئالاتتى؛ بۇ نۆۋەت جاۋجىڭلا ئۇنداق قىلمىغانىدى».①

يەرلىكتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى بار ئىدى. مەسىلەن، تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خۈيچاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 842 ـ يىلى) ياز 5- ئايدا ئۇكا قاغان ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن جېنۋۇ قورۇلى (تاڭ سۇلالىسى تەرەپنىڭ قورۇل نامى، ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېلىنگىر ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) دا، ئاتنىڭ نەرقىگە 3 مىڭ كۈرە ئاشلىق ئالماشتۇرغانىدى.② مەسىلەن يەنە، تاڭ ۋېنزوڭنىڭ كەيچېڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى) كۈز 9- ئايدا، قازار قاغان ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇنمىش ۋە ۋەزىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوۋملار تيەندې قورۇلى (ئورنى داتۇڭ دەرياسىنىڭ غەربىدە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە) نىڭ تۆۋەندىكى «ئارىلاشما زىلۇ» (تۆيخۇن، چۆل تۈركلىرى، تاڭغۇت چاڭلىرى) لاردىن ئاشلىق سېتىۋالغانىدى.③

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسى، ئاساسەن يەنىلا يىپەك، ئات سودىسى ئىدى. ئەمما، بۇ خىلدىكى يىپەك ۋە ئات سودىسى كۆپرەك قاقتى ـ سوقتى خاراكتېرىنى ئالغانىدى، بۇ توغرىسىدا يەنە ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

**(2) ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

---

① «يېڭى تاڭنامە» 150 ـ جىلد «جاۋجىڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن لى دېيۇ يازغان «خۈيچاڭ يىللىرىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 5 ـ جىلدىغا قاراڭ.

③ «ئەللىنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 246 ـ جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5 ـ يىلى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسى جەھەتتىن ياخشى ئىدى.

تاڭ شۈەنزوڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 745 ـ يىلى) باھار 1 ـ ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيىنگىل خاقانى (كۆل بويلا) ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى بايانچۇر تەختكە چىقىپ، قارا قاغان دەپ ئاتالدى. تيەنباۋنىڭ 14 ـ يىلى (755 ـ يىلى) قىشتا، تاڭ سۇلالىسىدا «ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى» يۈز① بېرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى ئاستانىسى قولدىن كېتىپ، خېبېيدىكى 13 ئايماقتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى «ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن» نىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. ياندۇرقى يىلى كۈزدە، تاڭ شۈەنزوڭ سىچۈەنگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ۋەلىئەھد لىڭۇۋ (ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۇۋ ناھىيىسى) دا تەختكە چىقىپ، تاڭ سۇزوڭ دەپ ئاتالدى، تاڭ سۇلالىسى قاتمۇ قات ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆگلۈككە جازا يۈرۈش قىلىشقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، تاڭ سۇزوڭ دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىسى لى چىڭسەينى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جىدېنىڭ 2 ـ يىلى (757 ـ يىلى) كۈزدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن غەربىي ئاستانە (چاڭئەن) نى قايتۇرۇۋالدى. باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (757 ـ يىلى) قىشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرى يەنە تاڭ سۇلىسىنىڭ شەرقىي ئاستانە (لوياڭ) نى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. ھەر قايسى جايلاردىكى خانىغا سادىق قوشۇنلار بىلەن توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئىچكى

---

① تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭلۇ، فەنياڭ، خېبروگدىكى ھىراۋزلى تۆگلۈك بىلەن قول ئاستىدىكى سانسىنى سۆيگۈن ۋەزىر ياڭ گوجىڭنى بوقسىنى باھانە قىلىپ، فەنياڭدا ئەسكەر توپلاپ توپلاڭ كۆتۈرۈپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، تارىختا بۇ ئىككىيلەننىڭ توپىلىڭى «ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكتىن، ئېنىمۇ مۇھىمى توپىلاڭ-چى قوشۇنلار ھەرقايسى ئايماق، ناھىيىلەرنى قورۇقداپ قويغان-لىقتىن، جايلاردىكى خەلقلەرنى كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلىپ، ئۆزىنى قوغداپ، توپىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. كۆپلىرى بىرقانچە ئون مىڭغا، ئاز-لىرى بىرقانچە مىڭغا يەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، يەتتە يىل تەۋرىنىپ كەلگەن داۋاملاشقان توپىلاڭ ئاخىرى تاڭ دەيزوڭ-نىڭ گۇاڭدې تۇنجى يىلى (763 ـ يىلى) تىنجىتىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆكتۈك ـ سۆيگۈن توپىلى-ڭىنى تىنجىتىشىغا ياردەم قىلىشى، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن زور بىر ياردەم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىكتىكى خەلقلەرگىمۇ پايدىلىق ئىدى. لېكىن، تاڭ سۇلالىسى-نىڭ ھۆكۈمرانلىرى قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش تەقەززاسىدا، خەلقنىڭ جىسمى ۋە قان تەرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتى قىلغاچقا، تۆلىگەن بەدىلىمۇ ئىنايىن زور بولغانىدى.

بىرىنچى، دەسلەپ ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ كېلىپ تەكلىپ قىلىنىشنىڭ ھارپىسىدا، تاڭ سۇزۇڭ ئىككى ئاستانىنى تېزدىن قايتۇرۇۋېلىش ئىستىكىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن «شەھەر قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن يەر ـ زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن خوتۇن ـ قىزلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ»[1] دەپ كېلىشىم تۈزگەنىدى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىككى ئاستانىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 220 ـ جىلد، تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدې 2 ـ يىلى كۈز 9 ـ ئاي ماددىسى.

مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئاھالىلەرنى خالىغانچە تالان - تاراج
قىلىشقا ۋە ئەسىر قىلىشقا روخسەت قىلىنغانىدى. دەرۋەقە ۋە
غەربىي ئاستانە قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قو-
شۇن قوماندانى يابغۇ (قاراقاغاننىڭ ئىنىسى) كېلىشىم بويىچە
ئىش قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى، گۇاڭپىڭ بېگى لى شۇ ئۇنىڭدىن
ئۆتۈنۈپ «غەربىي ئاستانە ئەمدىلا قايتۇرۇۋېلىندى، مۇبادا بۇلاڭ-
تالاڭغا يول قويۇلسا، بۇنىڭدىن شەرقىي ئاستانىدىكى پۇقرالار
خەۋەر تاپىدۇ - دە توپىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرۇپ، شەھەرنى قاتتىق
قوغدىسا، ئۇ چاغدا شەھەرنى ئىشغال قىلغىلى بولماي قالىدۇ.
شۇڭا، كېلىشىمنى شەرقىي ئاستانىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن
ئاندىن ئىجرا قىلساق» دېگەچكە يابغۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي ئاستانە قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئۇيغۇرلار
شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە، يەنى ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى پاك - پاكىز قو-
رۇقداپ قويىدى، ھەمدە «خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈردى، ئۆلتۈرگەن
ئادىمىنىڭ سانى 10 مىڭغا يەتتى، ئوت يالقۇنلىرى كەينى -
كەينىدىن بىرقانچە كۈنگىچە ئۆچمىدى.»[1] ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ
سۇلالىسىنىڭ سۇفاڭ قورۇلى بىلەن شېنسى قورۇلىدىكى قوشۇن-
لىرى شەرقىي ئاستانە بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جېڭ، جيەن،
رۇ قاتارلىق ئايماقلارنىڭ ھەممىسىنى توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ
«ئۇۋىسى» دەپ قارىغاچقا، ئۈچ ئايغىچە بۇلاڭ - تالاڭنى توختات-
مىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق
ئازاب تارتقانىدى، «كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىل-

---

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 222 - جىلد، تاڭ سوزوڭنىڭ باۋيىڭ تۇنجى يىلى قىش 10 - ئايدىكى ماددىسى.

گەچكە، قەغەزنى كىيىم قىلىپ بەدىنىنى يېپىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى.»①

ئىككىنچى، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن شەرقىي ئاستانە-نى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جىدېنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 757 - يىلى) قىش 11- ئايدا، يابغۇ (قارا قاغاننىڭ ئىنىسى) غا ئەمرى مىمار، سادىق ئادىل ۋاڭ دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىپ، ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ يىپەك رەخت ھەدىيە قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن (گەنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى يەنى مىلادىيە 758 - يىلى كۈز 7- ئايدا)، تاڭ سۇزۇڭ يەنە ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى نىڭگو مەلىكىنى قاراقاغانغا ياتلىق قىلىپ بەردى، ھەمدە قارا قاغانغا تۆھپىكار بىلگە قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى.② ياندۇرقى يىلى (گەنيۈەننىڭ 2 - يىلى) ياز 4- ئايدا، قارا قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى ئېل تېگىن تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى بۆكە قاغان دەپ ئاتىدى، تاڭ دەيزوڭنىڭ گۇاڭ-دې تۇنجى يىلى (763 - يىلى) كۈز 7- ئايدا، ئۇنىڭغا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىپ، مۇھىم ۋەزىر بۆكە خۇيۇننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا بەردى ۋە ئۇنىڭغىمۇ بىلگە خاتۇن دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىپ، خاقان-دىن ۋەزىرگىچە بولغان مەرتىۋىدىكىلەرگە 20 مىڭ تۇتۇن ئاما-لە، ئوڭ ۋە سول شادلارنىڭ تۆۋەندىكىلەرگىمۇ ھەسسىلەپ ئىنئام بەردى. كېيىن بىلگە خوتۇن ئۆلگەندە، تاڭ دەيزوڭ دالىنىڭ 4-

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 222 - جىلد، تاڭ سۇزۇڭنىڭ ياۋىياڭ تۇنجى يىلى قىش 10- ئايدىكى ماددىسى.

② «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ بىر نەچچە يېرىدە «بىلگە قاغان» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «كۆل» دېگەن سۆز ئارتۇق يېزىلىپ قالغان.

يىلى (769 ـ يىلى) ياز 5ـ ئايدا، قايتا يەنە بۆكە خۇيۇننىڭ كەنجى قىزىنى لاتاپەتلىك مەلىكە دېگەن نام بىلەن بۆكە قاغانغا خوتۇنلۇققا بەردى ھەمدە 20 مىڭ توپ يىپەك ھەدىيە قىلدى.①

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق نۇرغۇن يىپەك قاقتى ـ سوقتى قىلىنىۋالغانىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ يىپەك ھەدىيە قىلىغاندىن تاشقىرى، جىدېنىڭ 2 ـ يىلى قىش 10ـ ئايدا، ئۇيغۇرلار شەرقىي ئاستانىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ بولۇپ، قايتا يەنە شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقچى بولغاندا، شەرقىي ئاستانىدىكى پۇقرالار يىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇنىغا 10 مىڭ توپ كىمخاپ پارە بەرگەندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار ئاندىن بولدى قىلغانىدى. تاڭ دەيزوڭنىڭ يوڭتەي تۇنجى يىلى (مىلادىيە 765 ـ يىلى) قىش 10ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گوزىيى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئىنىسى قۇتلۇق تۇتۇق ياغلاقارنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىشىنى نەسىھەت قىلىپ توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 3 مىڭ توپ يىپەك پارە بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى ئاچ كۆزلۈكتە ئۈچىغا چىقىپ، يەنە ئات سېتىش نامى بىلەن دائىم ناچار ئاتلارنى يۇقىرى باھادا تاڭ سۇلالىسىغا نۇرغۇن يىپەككە ئالماشتۇرغانىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇمۇ بىر خىل قاقتى ـ سوقتى ئىدى. تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرلەنگەن:

«گەنيۈەن (758 ـ 759) يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، ھەر يىلى ئاتقا يىپەك

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «كونا تاڭنامە» 121 ـ جىلد «بۆكە خۇيۇننىڭ تەرجىمىھالى»، ۋە «گەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 220 ـ جىلدنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىل، ئايلىرىدىكى ماددىلىرىغا قاراڭ.

تېگىشىشكە باشلىدى. ئېلىپ كەلگەن ئاتلىرى ناچار ئاتلار بول-
غاچقا، ئىشلىتىشكە بولمىدى». ①

تارىخنامىلەردە يەنە مۇنداق خاتىرلەنگەن:

«ئۇيغۇرلار گەنيۈەن يىلىدىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ كې-
لىشىم بويىچە سودا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەر بىر تۇياق ئات
40 توپ يىپەككە تېگىشىلەتتى، بەزىدە بولسا بىرقانچە تۇمەن
ئاتنى بىراقلا سودا قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلارنىڭ ھەممىسى
ئورۇق بولغاچقا، ئىشلىتىشكە يارىمايتتى، ئوردا بۇنىڭدىن ئىنتا-
يىن بىئارام ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىنى
ۋاقتى - ۋاقتىدا تولۇقى بىلەن سېتىۋالالمىدى، ئۇيغۇرلار بولسا
ھەدەپ يىپەككە ئېرىشىش ئۈچۈن خوڭلۇ ئىبادەتخانىسىغا كەلگىلى
تۇردى. ئەمدىلىكتە خان ئۆزى ئۇيغۇرلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىشنى ئەمىر قىلدى.
كۈز 7- ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇيغۇرلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ
قايتقاندا، ئىنئام قىلىنغان ۋە ئاتقا تېگىشكەن يىپەك رەختلىرىنى
جەمئىي 1000 ھارۋىغا قاچىلاپ ئېلىپ ماڭغانىدى.» ②

بۇ قانچىلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان-تەرى ۋە بايلىقى--
ھە! شۇڭا، كېيىن بەي جۈيى مۇنداق دەپ نادامەت چەككەنىدى:

چوغاي يولى چوغان يولى مۇندا،
سۈيى ئەلۋەك قولان بولىقى.
ئېلىپ كېلىنسە ئاتلار چېگرىدىن،
قالماس ئەتراپىدا ئوت - چۆپى.
كۈزدە ئۆكسۈپ سۇ، قۇرىسا ئوت - چۆپلەر،
ئاتلار ئورۇقلاپ قىردىن ھېچ ئاشالماس.
ئايلىنار بۇندا ياخشى ئاتمۇ قاشاڭغا،

① «يېڭى تاڭنامە» 50 - جىلد «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى».
② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق قومۇسى ئۈرنەكلەر» 224 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى 8 - يىلى كۈز 7- ئايدىكى ماددىسى.

شۇندىمۇ ئەرقى 50 تەپكىدىن كەم بولماس.
ئالماشتۇرۇۋەرگەچ شۇ يوسۇندا،
كۆنەلمىسىمۇ سۇ، ئوت ـ چۆپىگە.
ئەتىجىدە نېمە بولماق لازىم،
ئەجەل كېلەر ئوندىن يەتتىسىگە.①

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىگە تەمەننا قويۇپ، ھەدەپ بېشەملىك قىلغىلى تۇردى. قاغان ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىر پارچە خاتىرە تاش تىكلەپ ئۇنىڭغا «تابغاچلاردىن ئادەم كەلسە، بىزنىڭ ئىككى قېتىملىق تۆھپىمىزنى بىلگەي»② دەپ يازدۇرغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەملەشكەن ھەربىي سانغۇنلىرى كۆپىنچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ھاقارەتلەپ، ئۆز مەيلىچە ئادەم ئۆلتۈرگەنىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شەرقىي ئاستانىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ھارپىسىدا، يوڭ ۋاڭ بېگى لى شې (يەنى كېيىنكى تاڭ دېزوڭ) تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالىي قوماندانى قىلىپ تەيىنلەنگەندە، قوشۇن بىلەن شەنجۇ ئايمىقى (ھازىرقى خېنەننىڭ سەنمېنشيا شەھىرى) گە بارغانىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرى قاغانى (يەنى بۆكە قاغان) بولسا قوشۇنلىرى بىلەن خېبېي (شەنجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا) دا تۇرغانىدى، يوڭ ۋاڭ بېگى قول ئاستىدىكى يۆزىئاڭ، لى جىن، ۋېي جۇ، ۋېي شياۋخۇا قاتارلىق ئون نەچچە ئادەمنى ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىغا كۆرۈنۈش قىلغىلى بارغانىدى. قاغان يوڭ ۋاڭ بېگىنى ئۇسسۇل ئوينىمىدى دەپ ئەيىبلىگەندە، يۆزىئاڭ ئۇسسۇل ئويناسا رەسىم قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ دېگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇنى چۇبە

① بەي جۈيى «بەي جۈيىنىڭ چاڭچىڭ توپلىمى» 4 ـ جىلد.
② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئۇسسۇل ئويۇنىشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالغان، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىش كېلىپ چىققان، چۆبە يۆزدئاڭ قاتارلىق تۆت ئادەمنىڭ ھەر بىرسىنى يۈز قامچىدىن ساۋاپ چىققان، ۋېي جۇ بىلەن ۋېي شياۋخۇانىڭ جاراھىتى ئېغىر بولغاچقا، بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن؛ يولىڭ ۋاڭ بېگى قوغلاپ چىقىرىلغان.①

كېيىن شەرقىي ئاستانە قايتۇرۇۋېلىنغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا يول قويغاندا، شەھەر ئىچىدىكى خەلق ھەدەپ شىڭشىيەن ئىبادەتخانىسى بىلەن بەيما ئىبادەتخانىسىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى غەزەپلىنىپ، ئىبادەتخانىگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى، ھەمدە بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، كېچىسى چاڭئەن شەھىرىنىڭ تەيجى ئوردىسىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى چېپىپ تاشلاپ، خوڭلۇ ئىبادەتخانىسىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرگەندە، ئىشىك باقار توساشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، بۇ دەل تاڭ دەيزوڭنىڭ گۇاڭدې تۇنجى يىلى (مىلادىيە 763 - يىلى) باھار 1- ئاي مەزگىلى ئىدى. شۇ ئايدا «تەڭرى قاغان دۆلىتىگە قايتقاندا، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بارغانلىكى جايلارنى خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى، جايلار ئۇلارنىڭ تەلىپىنى سەللا قاندۇرالمىسا، شۇ ھامان قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، ھېچكىممۇ ئۇلارنى توساپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.»② دالىنىڭ 7 - يىلى (772 - يىلى) باھار 1- ئايدا، خوڭلۇ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى سىرتقا چىقىپ خو-

---

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 222 - جىلد، تاڭ سۇزوڭنىڭ باۋيىڭ تۇنجى يىلى قىش ئۆكتەبىردىكى ماددىسى.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 222 - جىلد.

ئون- قىزلارنى بۇلىماقچى بولغاندا، ئىبادەتخانا مەسئۇلى يول قويمىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى ئۇنى قاتتىق دۇمبالىغان ھەمدە 300 ئاتلىق ئەسكەرنى ئەۋەتىپ جىنگۋاڭمېن دەرۋازىسى بىلەن جۇچۇمېن دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىدى. كۈز 7- ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى خوڭلۇ ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، چاڭئەننىڭ ئامبىلى شاۋشۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغان ھەمدە ئۇنى ئېتىمنى ئېلىۋالدى دەپ تۆھمەت قىلغان، شاۋشۇ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىشقا پېتىنالماي، باشقا بىر ئاتنى مىنىپ كېتىپ قالغاندى.① چاڭئەن شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا چوڭ- كىچىك ئاتامانلىرىمۇ ھەدەپ قانۇنغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغانىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ دەيزوڭنىڭ دەيلى 10 - يىلى (775 - يىلى) كۈزدە، بىر نەپەر ئۇيغۇر يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئادەم ئۆلتۈرگەن، پايتەخت بېگى ئۇنى قولغا ئالغاندا، ئامبال كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بەرگەنىدى. 9- ئايدا، يەنە بىر ئۇيغۇر كۈپكۈندۈزدىلا شەھەر پۇقراسىنىڭ قورسىقىنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۈچەيىنى سىرتقا چىقىرىپ قويغان، ئەمەلدارلار ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قاماپ قويغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامانى تەپ تارتماستىن تۈرمىگە باستۇرۇپ كىرىپ، تۈرمە ئەمەلدارىنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۇ ئۇيغۇرنى قايتۇرۇپ كەتكەن، تاڭ دەيزوڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرمەسلىكنى تاپىلىغانىدى.② بۇ ھەقتە يەنە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى:

«ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردىن پايتەختتە تۇرۇپ قالغانلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. خەنزۇچە كىيىنىپ تىجارەت

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 224 - جىلد.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى 10 - يىلى كۈز 9. ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جايلاردىكى باشقا غۇزلارنى قوشقاندا ئۇلارنىڭ سانى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئىدى، ئوردا ھەر يىلى بۇ ئادەملەرگە ئاشلىق بېرەتتى، ھالبۇكى غۇز سودىگەرلىرى ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ زور پايدا ئالغانسېرى، كۈندىن - كۈنگە ئاچ كۆزلىشىپ كەتتى، ئەمەلدارلار بولسا سۈرۈشتۈرۈشكە پېتىنالمىدى، خەنزۇچە كىيىنىۋالغانلاردىن بەزىلىرى بولسا ئالدامچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە توقالمۇ ئېلىۋالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە كىيىنىشىنى چەكلەش كېرەك» .①

ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا غۇزلار خالىغانچە ئەسكىلىك قىلغاچقا، تاڭ دېزوڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن (دالىنىڭ 14- يىلى 5- ئاي)، پايتەختتە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىكى تۇدۇن ۋە باشقا چوڭ - كىچىك بۇيرۇقلارنى پۈتۈنلەي دۆلىتىگە قايتۇرۇشقا ئەمر قىلغانىدى. تۇدۇن قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنى كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، سەپەر خالتىلىرىنى توشقۇزۇپ، ھەشەمەت بىلەن قايتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بولۇۋالغان خوتۇن - قىزلارنى تاغارغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇلار جېنۋۇ (تاڭ سۇلالىسى تەرەپنىڭ قورغان نامى، ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېلىنگىر ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) گە يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ قالدى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىپ كۈنىگە بىر قانچە مىڭ جىڭ گۆش يىدى، باشقا چىقىملىرىمۇ بەك ئېشىپ كەتتى. خالىغانچە مال-چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىۋالدى، ھەتتا زىرائەتلەرنىڭ ئۈستىدە مال بېقىپ، زىرائەتلەرنى دەسسەپ چەيلەتكۈزۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ تاقەتتى تاق بولدى. جېنۋۇنىڭ باقاۋۇل بېگى جاڭ گۇاڭشېڭنىڭ غەزىپى

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 225 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى 14- يىلى كۈز 7- ئايدىكى ماددىسى.

تېشىپ قول ئاستىدىكىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، تۇدۇن قاتارلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن 900 دىن ئارتۇق غۇزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان نەچچە مىڭ تۇياق تۆگە، ئاتلىرى بىلەن 100 مىڭ توپ يىپەك رەختنى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلدى، بۇلاپ ئېلىپ ماڭغان خوتۇن - قىزلارنى چاڭئەنگە قايتۇرۇۋەتتى، بۇ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خەلقنىڭ بىر قېتىملىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى ئىدى. تاڭ دېزوڭ (يەنى ئىلگىرىكى يوڭۋاڭ بېگى لى شى) تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، شەنجۇ ئايمىقىدا تەڭرى قاغان تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەنىدى، بۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگىمۇ ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى قىسىپ قالغان ئاتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلغاندا،[①] تاڭ دېزوڭ جاڭ گۇاڭشېڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، تۇدۇن قاتارلىقلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا ئەۋەتىپ بەردى، ھەمدە ئىلگىرىكى ئات سودىسىنىڭ قەرز پولى ۋە تۆلەم ھەققى بولۇپ 100 مىڭ توپ يىپەك، 100 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ، بۇ ئىشنى بولدى قىلدى.[②]

بەشىنچى، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى چىن دىلى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشىغا ياردەم بەرمىگەنىدى، بەلكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاپ، زور پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلىگەچكە، پۇرسەت بولسىلا ئۇنىڭدىن پايدىلاندى، يەنى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەنلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى، ھەتتا

① «يېڭى تاڭنامە» 51 - جىلد «گۇزۇق - تۇلۇق، مال مۇلۇك تەزكىرىسى»دە «ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم قىلىپ، غەربىي ئىستانىنى قايتۇرۇۋېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، تاڭ دېزوڭ ئۇلارغا ئىلتىپات قىلدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشقا قوشۇلدى، ئۇيغۇرلار ھەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئاتنى ھەيدەپ كېلىپ، 100 مىليون توپتىن ئارتۇق يىپەككە تېگىشىپ كېلىپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيە كۈچى پۈتۈنلەي ئۆكلىنىپ قالغان ئاتنىڭ ھەققىگە سەرپ قىلىناتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 226- جىلد تاڭ دېزوڭنىڭ جيەنجوڭ تۇنجى يىلى كۈز 8- ئايدىكى ماددىسى بىلەن 227- جىلد جيەنجوڭنىڭ 3- يىلى ياز 5- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

نىيىتىدىن يېنىۋېلىپ، ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدى. تاڭ سوزۇڭنىڭ باۋيىڭ تۈنجى يىلى (مىلادىيە 762 ـ يىلى) كۈز سېنتەبىردە، ئۈگلۈك ـ سۆيگۈن تۇپىلىڭى تىنجىتىلمىغان، شەرقىي ئاستانا تېخى قايتۇرۇۋېلىنمىغان مەزگىلدە، تەڭرى قاغان شى چاۋيى (سۆيگۈننىڭ ئوغلى) نىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى، پەقەت بۆكە خويۇن نەسىھەت قىلغاچقىلا نىيىتىدىن ياندى.① تاڭ دەيزوڭنىڭ گۇاڭدې 2 ـ يىلى بۆكە خويۇن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇيغۇرلار يەنە بۆكە خويۇن بىلەن بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھۇجۇم قىلدى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولغاچقا، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەتتى. ② دالىنىڭ 10ـ يىلى (775 ـ يىلى) قىش 12ـ ئايدا ئۇيغۇرلار يەنە شياجۇ ئايمىقى (ھازىرقى شەنشىنىڭ چىڭبيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) غا ھۇجۇم قىلدى، گوزىيى قوشۇن بىلەن قوغلاپ قاچۇرۇشقا بارغاچقا قېچىپ كەتتى. دالىنىڭ 13 ـ يىلى باھار 1ـ ئايدا، يەنە تەييۈەن (ھازىرقى سەنشىنىڭ تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلەرگە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا يول قويدى، تاڭ قوشۇنلىرى قايتۇرما زەربە بەرگەندىن كېيىنلا، چېكىنىپ كەتتى. ③

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇپىلاڭنى تىنجىتىشىغا ياردەم بېرىشىدىن ئىبارەت پۈتكۈل جەريانىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، پايدىدىن زىيان كۆپ بولغانىدى، بۇ توغرىسىدا «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ پۈتۈكچىلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنىدى. ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى:

---

①  ③ ② «يېڭى تاڭنامە» 137 ـ جىلد «گوزىيىنىڭ تەرجىمىھالى»، 224ـ جىلدتىكى «بۆكە خويۇننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «كونا تاڭنامە» قىلىشقا بايدىلىق گومومىي تۈزگەن كىلەر» 220ـ، 223ـ ، 225ـ جىلدتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قاراڭ.

«تاڭ سوزۇلۇڭ ئۇيغۇرلانى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىنى قايتۇ-رۇۋالغاندا، تاڭ دەيزوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن خۇاڭخې-نىڭ شىمالىنى تىنجىتقاندا، ئۇلار قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ھېچنېمە تەلەپ قىلماي، ئېغىر كۈندە قالغان تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتكەنىدى؛ ئوردىنىڭ ئەمىر - پەرمان-لىرى بوشىغانسېرى، ئۇلارمۇ ئانىي تاپقىلى تۇردى. تاڭ سۇلالد-لىرى نومۇسسىز قۇدىلىشىشقا يول قويۇپ، مەلىكىلەرنى ئۇزۇل-سى نومۇسسىز دۆرمەي بېرىپ تۇردى. بۆكە خۇيۇن ئىسيان كۆتۈرگەندە، خەتەر يەنە يېقىنلىشىپ قالغانىدى؛ ھېلىمۇ ياخشى گوزىيى قوشۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىر بۇ ئاپەتنى يوقاتتى. قىسقىسى، بۇ روڭلار-نىڭ دۆلەتكە تۆھپىسى زور بولغىنى بىلەن پۇقرالارغا كەلتۈرگەن زىيىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغانىدى.»

لېكىن، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچىدە يىراقنى كۆرەر-لەرنىمۇ پۈتۈنلەي يوق دېگىلى بولمايتتى، مەسىلەن، تەڭرى قاغاننىڭ باش ۋەزىرى تونباغا تارقان (تەڭرى قاغاننىڭ تاغىسى) ئىنتايىن دانا شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرد-لىنىشىچە، تاڭ دەيزوڭ ئۆلۈپ، تاڭ شېزوڭ تەختكە چىققان، جيەنجوڭنىڭ تۈنجى يىلى (مىلادىيە 780 - يىلى) ياز ئېيۇندا، تاڭ سۇلالىسى ئىچكى ئەمەلدار لياڭ ۋېنشۇنى ئۇيغۇرلارغا ئەلچە-لىككە ئەۋەتىپ، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ھەم بۇرۇنقى-دەك مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بىراق، تەڭرى قاغان ناھايىتى تەكەببۇر بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى نەزىرىگىمۇ ئىلىپمۇ قويمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە توق-قۇز غۇز يالىۋاچلىرى (سوغدىلارنىڭ) گېپىگە كىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى باي دەپ قاراپ تاڭ سۇلالىسى چوڭ مۇسىبەتكە چۈمگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبقا زور قوشۇن ئەۋەتىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. بۇ ۋەقەگە قارىتا باش ۋەزىر

تونباغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

«تاڭ سۇلالىسى چوڭ دۆلەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزگە ياماﻧ-لىق قىلمىدى، بىز ئالدىنقى يىلى تەيىيۇەنگە ھۇجۇم قىلغىنىمىزدا نەچچە تۈمەنلىگەن قوي، ئاتلارنى ئېلىپ قايتتۇق، بۇنى بىز ئۇچۇن زور بىر غەلىبە دېگەندىمۇ، لېكىن يول يىراق، ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقتىن، قوشۇنلارنى قايتۇرشقا توغرا كەلگەچكە، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە قايتىپ كەلگەنىدى. بۇگۇنكى كۈنلۈكتە يەنە پۇتۇن ئەلدىكىلەرنى قوزغاپ ھۇجۇمغا ئاتلاتماقچى بولۇۋاتىسىز، ناۋادا غەلىبە قازىنالمىساق، چېكىنىپ نەگىمۇ با-رالايتتۇق - ھە!»①

تەڭرى قاغان بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلماقچى بولغان، يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ئەسكەرلەرمۇ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىشنى خالىمىغان. «تونياب-غۇ ئەسكەرلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى خالىمىغان، مۇشۇنداق پەيتتە» ئەسكەرلەرنى قوزغاپ، تەڭرى قاغاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ھەم تەڭرى قاغاننى جەنۇبقا بېسىپ كىرىشكە قۇتراتقان. توققۇز غۇزلاردىن 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇيرۇق كۆل تارقاننى لياڭ ۋېنشيۇ بىلەن بىرگە تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، «قارام ئەل بولۇشنى خالايدى-غانلىقىنى، چاچ - ساقاللىرىنى ئالماستىن، يارلىق كۈتىدى-غان»②لىقىنى بىلدۈرگەنىدى. تاڭ دېزوڭ تونباغا قاغانغا باتۇر

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجوڭ تۇنجى يىلى ياز 6- ئايدىكى ماددىسى.

② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجوڭ تۇنجى يىلى ياز 6- ئايدا ماددىسى.

رەھىمدىل تۆھپىدار قاغان دېگەن ئوتۇغات نامىنى بەرگەنىدى.

جېنيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 787 ـ يىلى) كۈز 9 ـ ئايدا، قۇتلۇق قاغان تاڭ سۇلالىسىدىن قۇدىلىشىشنى ئۆتۈنۈپ، تاڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇبۇتلەرنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىۋاتقان ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا، تاڭ دېزوڭ ۋەزىر لى مىننىڭ «شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جەنۇبتا يۈننەن بىلەن ئالاقە ئورناتساق، غەربتە ئەرەب ۋە ئەنەتكەك بىلەن بىرلەشسەك، تۇبۇتلەرنى ناھايىتى ئاسان مۇھاسىرىگە ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قۇدىلىشىشىغا قوشۇلدى. لېكىن، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلگىرى سۆزىدىن يېنىۋالغان، مەككارلىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، قۇدىلىشىشنىڭ بەش تۈرلۈك شەرتىنىڭ چەكلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقراسى دەپ ئاتاش؛

(2) ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ھەر نۆۋەتتىكى ئەلچىلىرىنىڭ سانى 200 دىن ئاشماسلىق؛

(3) كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ يىپەككە تېگىشىش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئاتلىرىنىڭ سانى 500 تۇياقتىن كۆپ بولماسلىق؛

(4) (5) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرى بىلەن غوز سودىگەرلىرىنى ئېلىپ قورۇلدىن چىقماسلىق. ①

قۇتلۇق قاغان يۇقىرىدىكى چەكلىمىنى قوبۇل قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، «پەرزەنت» بولۇشنى، «پۇقرا» بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ دېزوڭ ئۆز قىزى شيەن-

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233 ـ جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 3 ـ يىلى ۋە 4 ـ يىلىدىكى كۈز 9 ـ ئايدىكى ماددىسى.

ئەن مەلىكىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى ھەمدە ئاۋۋالقى ئات سودىسىدا ئېشىپ قالغان قەرز ئۈچۈن 50 مىڭ توپ يىپەك بەردى[1]، جېنيۈەننىڭ 4 ـ يىلى كۈز 9- ئايدا، قاغان ئۆز سىڭلىسى ۋە بۇيرۇقنىڭ باشچىلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە مەلىكىنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتىپ، قۇتلۇقلاپ مۇنداق دېدى:

«ئىلگىرى بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىدۇق، ھازىر مەن كۈيئوغۇل بولدۇم، بۇ يېرىم ئوغۇل دېگەن بىلەن باراۋەر. مۇبادا تۇبۇتلەر ئاپەت بولسا، ئوغۇل بولغۇچى جەزمەن ئاتىسىغا ئەگىشىپ بۇ ئاپەتنى يوقۇتۇشى كېرەكتە ـ ھە!»[2]

شۇڭا، تۇبۇتلەرنىڭ ئەلچىسىنى قاتتىق ھاقارەتلەپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدى. قىش 10- ئايدا، تاڭ سۇلالىسى قۇتلۇق قاغانغا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى، رەھىمدىل قاغان دېگەن ئۇتتۇغات نامىنى بەردى ھەمدە مەلىكىنى ئەلچى ئارقىلىق ئۇزىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشتى.

جېنيۈەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 789 ـ يىلى) قىش 12- ئايدا رەھىمدىل قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى تاراس تەختكە چىقتى. تاڭ دېزوڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا تەڭرىدە بولمىش قامۇغ كۈچلۈك سادىق بىلگە قاغان دېگەن ئۇتتۇغات نامىنى بەردى. ئىلگىرى خېشى بىلەن لوڭيۇنى تۇبۇتلەرنىڭ كۈچلىرى توسۇپ تۇرغاچقا، قاتناش راۋان ئەمەس ئىدى، ئەنشى بىلەن بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى پەقەت ئۇيغۇرلار رايو-

---

① ئاتالمىش «ئات سودىسىدا ئېشىپ قالغان قەرز» توغرىسىدا «يېڭى تاڭنامە» 51- جىلد «يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇلۇق تەزكىرىسى» دە «ھەر يىلى ئات سودىسىدىكى قەرز يۈكلىنىپ تۇردى» دېيىلگەن. تەپسىلاتىنى مۇشۇ كىتابنىڭ 193- بېتىدىكى ئىزاھقا قاراڭ.

② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 233 ـ جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 3 ـ ۋە 4 ـ يىلىدىكى كۈز 9- ئايدىكى ماددىسى.

نى ئارقىلىقلا ئاستانىدىن يولىيورۇق سورايتتى، شۇڭا بېشبالىق
ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرى بىلەن تۇتاشقانىدى. ئۇيغۇرلار پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ، مال - مۈلۈكلەرنى «چېكىمدىن ئاشقۇچە قاق-
تى- سوقتى قىلاتتى، دائىم بېشبالىقنىڭ ئەتراپىدىكى چۆل
تۈركلىرى، ئۈچ قارلۇقلار (يەنى قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى)
، ئاق كىيىملىك تۈرك قاتارلىق قەبىلىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ
قىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن تۈيۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قارلۇق، ئاق
كىيىملىك تۈركلەرنىڭ قوۋملىرىدىن پايدىلىنىپ، بېشبالىققا
ھۇجۇم قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئېل ئۆگەسى زور
قوشۇن بىلەن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغانىدى.[①]جېنيۈەننىڭ 6 - يىلى
باھار 3- ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىي قىسمىدا مالىمانچىلىق يۈز
بېرىپ، ساداقەتمەن قاغان ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئور-
نىغا ئىنىسى تەختكە چىقتى[②]بۇ چاغدا ئېل ئۆگەسى غەربتە تۈبۈت-
لەرگە زەربە بېرىش بىلەن بەنت بولغاچقا، تېخى قايتىپ كەلمىگە-
نىدى. ياز 4- ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نائىب ۋەزىرى ساداقەتمەن
قاغاننىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ساداقەتمەن قاغاننىڭ ئوغلى ئاي-
چۇرنى قاغان قىلىپ تىكلىدى، ئۇ ئاران 15 ياشتا ئىدى. ئېل
ئۆگەسى ئورۇشتا پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاچقا، تۈبۈتلەر
بېشبالىققا جىددىي ھۇجۇم قىلغانىدى. بېشبالىق خەلقى ئۇيغۇر-
لارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، چۆل تۈركلىرى-
نىڭ ئاقساقىلى جۇيسجېنجوڭ ۋە قارلۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
تۈبۈتلەرگە بەيئەت قىلدى؛ بېشبالىقنىڭ ھىراۋۇلى ياڭ شىگونىڭ
كۆچلىرى ياردەمسىز قالغاچقا، قول ئاستىدىكى 2 مىڭدىن ئارتۇق

---

① «كىتابلار جەۋھىرى» 994 - جىلد بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 73 - جىلدىگە قارالسۇن.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق گومۇمىي ئۆرنەكلەر» 233 - جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 6 - يىلى باھار 3. ئايدىكى ماددىسى. «غەيرى ئىشلار»دا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە ،قاغان كىچىك خوتۇنى بىلگە مەلىكە تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئورنىغا ئىنىسى تەختكە چىققان، دەپ كۆرسىتىلگەن، بۇ خاتىرە شۇنىڭدىن ئېلىنغان» دېيىلگەن.

ئادەمنى ئېلىپ، غەربىي ئايماق (ئورنى قۇچۇدا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دەقيانۇس شەھىرى) گە قېچىپ كەتتى. 6- ئايدا ئېل ئۆگەسى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، نائىب ۋەزىر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، يېڭى قاغان تىكلىگەنلىكىدىن ئەندىشەقىلىپ، قاغان بىلەن شەھەردىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئايچورنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن گۇناھىدىن ئۆتۈنۈشنى تىلىدى؛ قاغانمۇ تىزلىنىپ باش تۆكۈن تۇرۇپ، «مەن بولسام نادان بىر بالىمەن، ناۋادا بەختىم ئۇڭدىن كېلىپ، تەختتە ئولتۇرۇۋەرسەم، ئاتامنىڭ بەرگەن ئاش - نېنىغا قانائەت قىلىپ، كەلنى ئىدارە قىلىشقا ئارىلاشمايمەن» دېدى. ئېل ئۆگەسى ئۇلارنىڭ كەمتەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ، قاغانغا بەيئەت قىلىش يولىنى تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ئاستا - ئاستا مۇقىملاشتى.

كۈزدە، ئېل ئۆگەسى بارلىق قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، بىراق يەنە تۇبۇتلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلدى. ياڭ شىگومۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى قالدۇق ئادەملىرىنى يىغىپ، قايتا يەنە غەربىي ئايماققا قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئېل ئۆگەسى ئۇنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا بېشبالىق پۈتۈنلەي تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنشىگە بارىدىغان يول ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ئوردىسى بىلەن قايتا ئالاقە باغلىيالمىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالدى.

قارلۇقلار تۇبۇتلەرنىڭ كۈچى ۋە غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسى) نى تارتىۋالدى، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ،

غەربىي شىمال تەرىپىدىكى قەبىلىلەرنى پۈتۈنلەي باركامىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ پاناھلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تارىبېك تېگىن① بۇيرۇقنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ساداقەتمەن قاغاننىڭ قازا تاپقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، يېڭى قاغانغا ئوتۇغات نامىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى باھار 2- ئايدا، تاڭ دېزوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئايچورغا سەممىمىي سادىق قاغان دېگەن ئوتۇغات نامىنى بەردى.

جېنيۈەننىڭ 11 - يىلى (مىلادىيە 795 - يىلى) ياز 4- ئايدا، سەممىمىي سادىق قاغان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، جەمەتىدىكىلەر باش ۋەزىر قۇتلۇقنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، قۇتلۇق ئەسلى ئاتىسىز ئۆرۈقى (ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تېلىلارنىڭ باشقا ئۆرۈقىدىن كېلىپ چىققانىدى) دىن ئىدى، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولغاچقا، رەھىمدىل قاغاننىڭ دەۋرىدە قوشۇنلارنى باشقۇرۇپ، ئوردىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىپ تۇرغانىدى، شۇڭا بويرۇقلار بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئىتائەت قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قاغان بولغاندا، داۋاملىق ياغلاقار ئۆرۈقى (ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قاغانلىرى كېلىپ چىققان ئۆرۈقنىڭ جەمەت نامى) نىڭ نامىنى سېتىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئۆزىنى رەھىمدىل قاغاننىڭ ئاۋۋالقى ئەۋلادى ياكى پۇشتى قىلىپ مەلۇم قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياغلاقار ئۆرۈقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈلۈپ قالدى. ياز 5- ئايدا، تاڭ دېزوڭ قۇتلۇققا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قامۇغ بىلگە ئىشەنچ قۇچقان قاغان دېگەن ئوتۇغان

① ئىككى «تاڭنامە». ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە پۈتۈنلەي «تېگىن» دېيىلگەن. باشقا كىتابلاردا «تېلې» دەپ تىلغا ئېلىنغان. تېگىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، «لې» خېتى ئەسلى «چىن» خېتىنىڭ خاتا يېزىلىشى ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە بىردەك تۈزىتىلدى.

نامىنى بەردى.①

تاڭ شۇنزوڭنىڭ يۇڭجېن تۇنجى يىلى (مىلادىيە 805 ـ يىلى) قىش 11 ـ ئايدا، ئىشەنچ قۇچقان قاغان ئۆلدى، تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ماتەم بىلدۈردى، ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلىغا تەڭرى يابغۇكۆل بىلگە قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. تاڭ شيەنزوڭنىڭ يۈەنخې 3 ـ يىلى (808 ـ يىلى) باھار 3 ـ ئايدا، تەڭرى قاغانمۇ ئۆلدى، ياز 5 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاي تەڭرىدە بولمىش قامۇغ كۈچلۈك بىلگە ئادالەت قۇچقان قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى قايتىدىن كۈچەيدى، يۈەنخېنىڭ 8 ـ يىلى قىش 10 ـ ئايدا قوشۇن باشلاپ جەنۇبتا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، غەربتە تۇبۇتلەرگە زەربە بەردى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئەچى قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ تاكى چۆمگەك ئۆردەك بۇلىقى (غەربىي تەرەپتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىڭ شىمالىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خاڭجىن خوشۇنىدىكى ئۇجا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا) غىچە يېتىپ بارغانلىقىنى ئىشىتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىشى مۇمكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى ھەمدە شەرق تەرەپتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا) گە قوشۇن ئەۋەتتى. يۈەنخېنىڭ 9 ـ يىلى ياز 5 ـ ئايدا يەنە يۇجۇ ئايمىقى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ژۇشىن خوشۇنىدا) نى قايتا تەسىس

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 233 ـ ، 235 ـ جىلدلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا قاراڭ.

قىلىپ، ئىسلەتلىك قوشۇندىن 9 مىلىڭ ئادەمنى بۇ جايغا يۆتكەپ كېلىپ، ھەر جەھەتتىن مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇردى.
ئىلگىرى ئۇيغۇرلار كۆپ قېتىم قوزغىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، تاڭ سۇلالىسى مەلىكە ياتلىق قىلىنسا چىقىم كۆپ بولۇپ كېتىدۇ (بەزى مەھكىمىلەرنىڭ مۆلچەرىچە تەخمىنەن 5 مىليون تىزىق يارماق كېتەتتى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەرەپتىمۇ قوشۇن ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغاچقا، قوزغىلىشقا قوشۇلمىدى. يۈەنخېنىڭ 9 ـ يىلى ياز 5- ئايدا شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى لى جياڭ مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دېدى:
«ئۇيغۇرلار ناھايىتى ياۋۇز، ئۇلاردىن مۇداپىئەلەنمەي بولمايدۇ. خۇيشى تەرەپتە بولسا نامراتلىق قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ، تېزگىنلىمەك زۆرۈر. ھازىر چاڭجياڭ، خۇيخې ۋادىسىدىكى ناھىيىلەر ھەر يىلى 200 مىڭ تىزىق يارماق تاپشۇرىدۇ، بۇ دەل مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا ئاجراتقان خىراجەت بىلەن تەڭ. ئالىيلىرى نېمە ئۈچۈن بىر ناھىيىدىن يىغىلغان باجنى ئاياپ، كۈچلۈك دۈشمەننى تىزگىنلىمەس بولۇۋالدىلا، مۇبادا ئۇيغۇرلار قوزغىلىشقا ماقۇللۇق ئالسا، جەزمەن يامان نىيىتىدىن يانىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىزمۇ شەھەر سېپىللارنى رېمونت قىلىپ، قورال ـ ياراقلارنى تەخلەپ، چېگرادىكى مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىيەلىسەك، ئۇ ھالدا خۇيشى تەرەپنى تېخىمۇ ئوبدان تېزگىنلەپ، جەزمەن ئۇتتۇق قازىنىمىز، ھازىر مەلىكىنى ياتلىق قىلمىغاچقا، غەرب تەرەپتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى بوش قالدى، قوراللىق كۈچلەرمۇ يوق. قۇملۇققا باردىغان يوللاردا مۇداپىئە تەييارلىقلىرى تېخىمۇ يوق، شۇڭا تيەندى شەھىرى دۈشمەننىڭ خەۋپىگە بەك ئۇچرىماقتا. شىمالدىكى چېگرادا جىددىيلىك يۈز بەرسە، ئۇنداقتا خۇيشىدىكى ۋۇشاۋياڭ

تېخىمۇ خاتىرجەم ياشىمامدۇ. ئەگەردە دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەنۇبقا بېسىپ كىرسە، ئۇردا دەرقەمدە 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر ئىشلىتەلەيدۇ، بۇنىڭدا 5 مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا قانداق تاقابىل تۇرالايدۇ. ناۋادا ئۇلارنى بىر يىل ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ قىلساقمۇ، بۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا كەتكەن خىراجەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامتى؟»①

تاڭ شيەنزوڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى، 12 - يىلى باھار 2- ئايدا ئۇيغۇرلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ مەقسىتىنى ئېيتىپ، قۇدىلىشىشنىڭ ۋاقتىنى ئارقىغا سوزدى.

يۈەنخېنىڭ 15 - يىلى (مىلادىيە 820 - يىلى) ئۇيغۇرلار قامۇغ تارقاننى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، تاڭ شيەنزوڭ بۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى. تاڭ موزوڭنىڭ چاڭچىڭ تۇنجى يىلى (821 - يىلى) باھار 2- ئايدا ئادالەت قۇچقان قاغان ئۆلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ئوغلىغا تەڭرىدە بولمىش كۈچلۈك بىلگە پەزىلەت قۇچقان قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. ياز 5- ئايدا، قاغان ئۆزىنىڭ تۇتۇق، باش ۋەزىر قاتارلىق ئادەملىرىنى مەلىكىنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى، تاڭ موزۇڭ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى - تەيخې مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. تۈبۈتلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدىلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەسكەر چىقىرىپ چىڭجەي قورۇلى (ھازىرقى نىڭشيانىڭ چېگراسى ئىچىدە)غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلار مەكتۇپ سۇنۇپ، «بېشبالىقتىن 10 مىڭ ئاتلىق، ئەنشىدىن 10 مىڭ ئاتلىق قوشۇن چىقىرىپ، تۈبۈتلەرنى توسۇپ مەلىكىنى

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەملىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 239- جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 9 - يىلى 5- ئايدىكى مادىسى.

قارشى ئالىدىغان»لىقىنى بىلدۈردى. كۈز 7ـ ئايدا مەلىكە چاڭ-ئەندىن يولغا چىقتى. تەيخې مەلىكىنىڭ ياتلىق قىلىنىشى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. بۇ مەزگىلدە ياۋجۇ بىلەن جېجوۋدىن ئىبارەت ئىككى ئايماق (هازىرقى بېيجىڭ شەھىرى بىلەن خېبېينىڭ جىڭ-دىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەتراپى). تا توپىلاڭ يۈز بەرگەچكە، تاڭ سۇلالىسى جازالاشقا قوشۇن چىقارغانىدى، ئۇيغۇرلار دوستلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جازالاشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆكتۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا قىلغان ياردىمىدىكى ساۋىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئەل-چى ئەۋەتىپ ئۇلارنى توستى. بىراق، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى-نىڭ قايتا ـ قايتا دېگىنىگە قارىماي، دەرھال فېڭجو ئايمىقى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى لىنخې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) نىڭ شىمالىغا 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى قوشۇندىكىلەرگە 70 مىڭ توپ كىمخاپ پارە بەرگەندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار ئاندىن قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى.

چاڭچىڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 824 ـ يىلى) پەزىلەت قۇچقان قاغان ئۆلدى، ئورنىغا ئىنىسى قازار تېگىن تەختكە چىقتى، تاڭ جىڭزوڭنىڭ باۋلى تۇنجى يىلى (825 ـ يىلى) باھار 3ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئاي تەڭرىدە بولمىش قامۇغ بىلگە ئەدەب قۇچقان قاغان دېگەن ئۇنۋانلارنى نامىنى بېرىپ، 12 هارۋا يارماق ھەدىيە قىلدى، ۋېنزوڭنىڭ دەسلەپكى يىلىدا يەنە ئات سودىسى ئۈچۈن 500 مىڭ توپ يىپەك بەردى. داخېنىڭ 6ـ يىلى (832 ـ يىلى) باھار 3ـ ئايدا، ئەدەب قۇچقان قاغان قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئورنىغا ئوغلى قۇت

تېگىن تەختكە چىقتى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئاي تەڭرىدە بولمىش قاموغ كۈچلۈك بىلگە ئىناۋەت قۇچقان قاغان دېگەن ئوتۇغات نامىنى بەردى، كەيىنكىسىنىڭ 4 ـ يىلى (839 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىنەيىن كۆل سايغا تېگىن بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئىناۋەت قۇچقان قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. باش ۋەزىر كۈرلەمۈر سىرتتا بولغاچقا، چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاتامانى جۈيې چىشىندىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ، ئىناۋەت قۇچقان قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. قاغان مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، جەمەتىدىكىلەر قوزا تېگىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا ۋابا تارقالدى، يەنە ئۇدا قېلىن قار يېغىپ، قوي ۋە ئاتلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى، ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرغىزلار[①] پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بىر سانغۇنى كۈلۈك باغا بىلەن تىل بىرىكتۈردى. كەيىنكىسىنىڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى) كۈزدە، كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100

---

① قىرغىزلار خەن دەۋرىدە خاككاس، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كىرگۇز ياكى قىرغوز دەپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قىرغىز دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەسلىدە تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. قىرغىزلار تاڭ ئاۋۋال ھازىرقى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ماكانلاشقان، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى يەنە ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقىدا ماكانلاشقان. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 648 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى قىرغىزلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنىدا خاككاس تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئىشبارا كۆل ئارزىنى سول ياساقبەگ كۈلۈغ سانغۇن، خاككاس تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن تەخمىنەن 100 يىل قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كەلدى. تاڭ سۇزۇڭنىڭ گەنيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (تەخمىنەن مىلادىيە 758 ـ يىلى) قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. IX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىشقا قارىپ ماڭغانلىقتىن، قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۇلارغا قارىتا 20 يىلغا سوزۇلغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدا غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. مىلادى 840 ـ يىلى قىرغىزلار ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدىكى «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ).

مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاغاننىڭ قوۋملىرىنى مەغلۇپ قىلدى، قاغان قوزا تېگىن بىلەن باش ۋەزىر كۈرلەمۈر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى.①شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، قوۋملىرى تارقاپ كەتتى، ئۈچ تارمىقى (ئادەم سانى ئەڭ كۆپ) غەربكە، ئىككى تارمىقى (ئادەم سانى بىر قەدەر ئاز) جەنۇبقا كۆچتى، جەنۇبقا كۆچكەن ئىككى تارماقتىكىلەرنىڭ بىرىگە ئۇنمۇش، يەنە بىرىگە ئۈكى تېگىن (كېيىن ئۈكا قاغان دەپ ئاتالغان) باشچىلىق قىلدى.

ئۇنمۇش قاغان قوزا تېگىننىڭ ئىنىسى ئىدى، قوزا تېگىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ۋەزىر قىرچىن، بارغۇت، تېگىن نايانچۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ، جەنۇبتا تيەندى قورغىنى (ئورنى داتوڭ دەرياسىنىڭ غەربىدە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇيۇۋەن ناھىيىسىنىڭ چېگراسى ئىچىدە) نىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، خۇيچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 841 ـ يىلى) كۈز كەبىسە 9 ـ ئايدا، تاڭ ۋۇزوڭ ۋەزىرلى دېيۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا 20 مىڭ كۈرە ئاشلىق قۇتقۇزۇش بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنمۇش قىرچىننى ھىيلىگەر دەپ ھېسابلاپ ئۇنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ھەمدە بارغۇتنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. نايانچۇر قىرچىننىڭ 7 مىڭ

---

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 98 ـ جىلد بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 264 ـ جىلد تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچاڭ 5 ـ يىلى كۈز 9. ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شەرققە يۆتكە-
لىپ، خېڭشۈي دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خوخاخوت
شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا سۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا) بويىغا
بېرىپ ئورۇنلىشىپ شۇ جايدىكى ئەسكەر ۋە پۇقرالارنى بۇلاڭ-
تالاڭ قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە شاكيا كۆلىنىڭ شەرقى (ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلدىكى خاجىن ئارقا خوشۇنىدىكى ئۇجا دەرياسىنىڭ
شىمالىي قىرغىقى ئەتراپى) غا بېرىپ ئورۇنلاشتى. خۇيچاڭنىڭ
2 - يىلى 4- ئايدا، ئونمۇش ئۆزىنىڭ تېگىن، ۋەزىر قاتارلىق
2200 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت
قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ دالالەت قىلدى، ئونمۇش-
نى سول ياساۋۇلخانا ئۇلۇغ سانغۇنى، خۇيخەي ئايمىقىنىڭ ئىناز-
چىخانى قىلىپ تەيىنلىدى؛ قول ئاستىدىكى باشقا ئاقساقاللارغىمۇ
ئەمەل ۋە ئىنئام بەردى. ھەممە قول ئاستىدىكى قوۋملىرىگە 5
مىڭ كۇرە گۈرۈچ، 3 مىڭ توپ شايى ھەدىيە قىلدى. 5- ئايدا
نايانچۇر شەرقتە ياۋجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرگەندە، لۇلۇڭ ھىرا-
ۋۇلى جاڭ جوڭۋۇ قايتۇرما زەربە بېرىشكە 30 مىڭ ئەسكەرنى
ئەۋەتىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى،
ئۇلاردىن ئەل بولغان 7 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم، ھىراۋۇل-
نىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىندى. نايانچور
قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇكا قاغاننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈل-
دى. 6- ئايدا، ئونمۇش ئوردىنى تاۋاپ قىلدى، تاڭ سۇلالىسى
ئۇنىڭ قوۋملىرىنى بەيئەتچى قوشۇن قىلىپ تەشكىللەپ، ئون-
مۇشنى سول ياساۋۇلخانا ئۇلۇغ سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، بەي-
ئەتچى قوشۇنىنىڭ قوشۇن باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى. ئونمۇش
قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەييۈەن (ھازىرقى
سەنشىدىكى تەييۈەن شەھىرى) گە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىپ، ئۆزى ئىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن تاڭ

سۇلالىسىنىڭ چېگراسىنى قوغدىدى. تاڭ ۋۇزۇڭ ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، يارلىق چۈشۈرۈپ جېنۇۋ ھەراۋۇلى لىيۇمىيەنگە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى كۆتۈپ قويۇشنى تاپىلىدى. 8- ئايدا يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئونمۇش ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىمك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە لى دېگەن فامىلە بىلەن لى سىجېن، لى سىجوڭ دېگەن ئىسىملارنى ھەدىيە قىلدى.①

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جەنۇبقا كۆچكەن قالدۇق قوۋملەرنىڭ بىر تارمىقىدۇر.

يەنە بىر تارمىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغان ئوردىسىغا يېقىن جايدىكى 13 قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى يەنى خۇيچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 841 - يىلى) باھار 2- ئايدا، جەنۇبتا ساۋزىشيەن تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خاڭجىن ئارقا خوشۇنىدىكى ئۇجا دەرياسىنىڭ شىمالىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى چۆمگەك ئۆردەك بۇلىقىنىڭ شىمالىدا) نى ساقلاپ ياتتى. دەسلەپتە قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تەيخې مەلىكىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لى لىڭنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەگرىقۇتى بىلەن فامىلىداش دەپ قارىغاچقا، يەنىلا ئون نەپەر تارقاننى مەلىكىنى قوغداپ تاڭ سۇلالىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇكا قاغان قوشۇن بىلەن تارقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلدى، مەلىكىنى گۆرەگە ئېلىۋېلىپ، جەنۇبتا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تيەندى قورغىنىنىڭ چېگرىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. مەلىكە تاڭ سۇلالىسىگە

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 246 - جىلدتىكى مۇناسىۋەتلىك يىل - ئايلارنىڭ ماددىلىرىغا قاراڭ.

ئەلچى ئەۋەتىپ، قاغاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى، ئوتۇغات نامى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇكا قاغانمۇ ۋەزىر ئېل ئۆگەسىنى ئەلچى قىلىپ، مەكتۇپ ئەۋەتىپ، جېنئۇ قورغىنى (ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېلىنگىر ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) نى مەلىكە بىلەن قاغاننىڭ تۇرۇشىغا ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى قىش 12- ئايدا تاڭ ۋۇزۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلاردىن هال سوراپ، 20 مىڭ كۇرە گۈرۈچ قۇتقۇزۇش بەردى. ھەمدە ئۇكا قاغانغا يارلىق ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قوۋمىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئاستا - ئاستا قايتۇرۇۋېلىش، ئۇزاقىچە چېگرا - قورۇقلاردا سەرسان بولۇشتىن ياخشىراق؛ جىنئۇ قورغىنىنى ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرۇش، ئىلگىرىكى سۇلالىلەردە بولۇپ باقمىغان؛ مۇبادا باشقا جايدىكى ياخشىراق بىر ئورۇنغا كۆچمەكچى بولساڭلار، تاڭ سۇلالىسى چوڭ دۆلەتلىك سالاھىيىتى بىلەن ياردەم بېرىدۇ؛ شۇنىڭدەك چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى بىرەر جايدا تۇرۇپ قالساڭلارمۇ بولىدۇ؛ مەن مەلىكىگە ئوردىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىپ، ئەھۋالنى سورۇشتۇرغەندىن كېيىن، راستىنلا شۇنداق بولسا، ھەرگىز قاراپ تۇرمايمەن، دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسى يەنە كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «شىمالدا چوڭ قۇملۇقتىن، شەرقتە يۇن، سۇ ئايماقلىرىغىچە، غەربتە جىنئۇ قورغىنى» غىچە بولغان بارلىق جايلاردىكى تۇرلارنى ئۇزۇل - كېسىل رېمونت قىلىپ، قوغدايدىغان ئەسكەرلەرنى كۆپەيتتى ھەمدە شەرق ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىمۇ رېمونت قىلىپ، تيەندى قورغىنىنىڭ ھەيۋىسىنى زورايتتى. خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلى باھار 2- ئايدا ئۇيغۇرلار يەنە ئاشلىق ۋە جېنئۇ قورغىنىنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاشلىقنى بېرىدىغانلىقىنى، لې-
كىن قورغاننى بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە ئۇكا
قاغانغا يارلىق ئەۋەتىپ، قاغاننىڭ ئەمدى چېگرىغا بېسىپ كىرد-
ىشىنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇكا قاغاننىڭ قوۋملىرى ئاجىزلاپ ۋە كېمە-
يىپ كەتكەن بولسىمۇ، نامدا يەنىلا 100 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنى
ئىلكىدە تۇتۇپ، داتۇڭ قورغىنى (ئورنى يۈنجو ئايمىقىدا، ھازىر-
قى سەنشىنىڭ داتۇڭ شەھىرى) نىڭ شىمالىدىكى يەنمېن تېغىدا
بارگاھ قۇرغانىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ياڭ گۇەن ئۇي-
غۇرلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتقاندا، قاغان ياڭ گۇەندىن مەك-
تۇپ ئەۋەتىپ، ئاشلىق، قوي، كالا بېرىشنى ھەمدە ئۇنىمۇش
قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى
ئۇنىڭ چېگرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن يامانلاپ ھەمدە تەلەپلىرىنى
ئورۇنسىز ھېسابلاپ، قايتا يارلىق چۈشۈرۈپ رەت قىلدى.①

خۇيچاڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 843 ـ يىلى) كۈز 7-
ئايدا، ئۇكا قاغان يەنە ۋەزىرىنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپ، تاڭ
سۇلالىسىنى دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇن ئارىيەت بې-
رىپ تۇرۇشنى ھەم تيەندى قورغىنىنى بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ
قىلدى. بۇ نۆۋەتمۇ تاڭ سۇلالىسى ئوخشاشلا رۇخسەت قىلمىدى.
8- ئايدا ئۇكا قاغان قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، تۇفېڭ تۇرد-
ىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، داتۇڭ دەرياسى ۋادىسىغا بېسىپ كىردى،
دەريانىڭ شەرقىدىكى «ئارىلاشما غوزلار» نىڭ نەچچە ئون مىڭ
كالا، ئاتلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، يۈنجو شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغى-
چە باستۇرۇپ باردى. 9- ئايدا، تاڭ ۋۇزۇڭ قايتۇرما زەربە
بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى: جېنۇۋ ھىراۋۇلى ليۇمىيەننى قوشۇمچە

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن لى دېيۇ يازغان «خۇيچاڭ يىللىرى-
دىكى مەكتۇپلار توپلىمى» نىڭ 5 ـ جىلدىغا قاراڭ.

ئۇيغۇرلارنى دالالەت قىلىش ئەلچىلىكىگە، لولۇڭ ھېراۋۇلى جاڭ
جوڭڭۇنى شەرقىي تەرەپ ئۇيغۇرلارنى دالالەت قىلىش ئەلچىلىكە-
گە، لى سىجوڭ (ئونمۇش) نى خېشى تاڭغۇت تۇتۇق سانغۇنى،
غەربىي جەنۇب تەرەپ ئۇيغۇرلىرىنى دالالەت قىلىش ئەلچىلىكىگە
تەيىنلەپ، تەيىۋەندە ئۇچرىشىشقا بۇيرۇدى؛ ليۇمىيەن يەنىمۇ ئۆت-
كىلى (ھازىرقى سەنشىدىكى فەنجى ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 60
چاقىرىم كېلىدىغان جايدا) گە بېرىپ ئورۇنلاشتى. دەرھال يەنە
خېدۇڭ، ياۋجۇ، جېنۇۇ، تيەندى قاتارلىق جايلاردىكى ھېراۋۇل-
لارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، زور قوشۇن چىقىرىشنى، گازارمىلە-
رىنى سەل ئالدىغاراق يۆتكەشنى بۇيرۇدى. ئەمما، لى سىجۇڭ
بواسا چۇبە، چۆل تۇركلىرى، تۇيخۇن قاتارلىقلارنىڭ 6 مىڭ
ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇكا قاغانغا بىرلىكتە زەربە
بەردى. خۇيجاڭنىڭ 3 - يىلى باھار 1- ئايدا، ئۇكا قاغان قوۋمىلە-
رىنى ئېلىپ جېنۇۇ قورغىنىغا يېقىنلاپ كەلدى، ليۇمىيەن شى
شيۇڭنىڭ باشچىلىقىدا چۆل تۇركلىرىنىڭ جۈيېچىشىن ئۇج قەبى-
لىسى بىلەن تاڭغۇنلارنىڭ 3 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى ئۇكا قاغان-
نىڭ بارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، شى شيۇڭ
جېنۇۇ قورغىنىغا يېتىپ بېرىپ، سېپىل دەرۋازىسىغا چىقىپ
كۆزىتىپ، ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئون
نەچچە هارۋىلىق كىگىز ئۆينىڭ تۇرغانلىقىنى، ئەتراپىدا يۇرگەن-
لەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ-
كىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆردى، ئايغاقچى ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈ-
رۈپ كۆرسە ھەقىقەتەن تەيخې مەلىكىنىڭ چېدىرى ئىكەنلىكىنى
بىلدى. شى شيۇڭ شەھەر سېپىلىدىن سىرتقا لەخمە كولاپ،
قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇدۇل
قاغاننىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ باردى، قاغان ئۇ باستۇرۇپ كەل-
گەندىن كېيىنلا ئاندىن تۇيۇپ، پاتپاراق بولۇپ، ئېغىر يۇكلىرى-

نىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي، بەدەر قاچتى، شى شيۇڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ غۇز تېغى (جىنشۇ قورغىنىدىكى شىمالىي قۇرۇلنىڭ سىرتىدا) دا مەغلۇپ قىلدى. قاغان يارىلىنىپ بىرقانچە يۈز ئاتلىقلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. شى شيۇڭ مەلىكىنى قارشى ئېلىپ قايتتى. قاغاننىڭ قوۋملىرىدىن بىر تۈمەنگە يېقىن ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەسلىم بولدى. ئۇكا قاغان قارا هارۋىلىق شىرۋىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ باردى، ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياۋجۇ ئايمىقىغا بېرىپ بەيئەت قىلدى، ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى، تاڭ ۋۇزۇڭ ئۇلارنى هەرقايسى ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. 2- ئايدا تاڭ ۋۇزۇڭ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بەيئەتچى قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى هەرقايسى ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ ئاتلىق ئەسكەر قىلدى، ئەمما بۇ بەيئەتچى قوشۇندىكىلەرگە بېرىلىدىغان ئېتىبار بىلەن ئۇكا قاغاننىڭ تەسلىم بولغان ئەسكەرلىرىگە بېرىلىدىغان ئېتىبار ئوخشاشمايتتى، بەيئەتچى قوشۇندىكىلەرگە كۆپلەپ تارتۇق بېرىلدى، لى سىجوڭ ئوردىنى تاۋاپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا سول قۇۋۇق ياساۋۇلخانا سانغۇنى، قوشۇمچە دالالەت تۆرىسى دېگەن ئوتۇغات نامى بېرىلىپ، يوڭلې قەسىرىدىن قوراجاي ئىنئام قىلىپ بېرىلدى.

ئۇكا قاغاننىڭ قوۋملىرى داۋاملىق تارقاپ ۋە سوغاق هەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، قول ئاستىدىكى ئادەملىرى 3 مىڭغا بارمايتتى. خۇيچاڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 846 - يىلى) كۈز 7- ئايدا، ئۇكا قاغاننىڭ ۋەزىرى ئىنەيىن چور ئۇكانى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنئەل تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئىنئەل قاغان هېچقانداق ئىش قىلالمىغاچقا، قۇمۇقلارنىڭ خانى شى شىلياڭدىن پاناهلىق تىلىدى. تاڭ شۈەنزوڭنىڭ داجوڭ تۇن-

جى يىلى (مىلادىيە 847 ـ يىلى) ياز 5ـ ئايدا، جاڭ جوڭۋۇ قوموقلارنىڭ قوۋملىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىنئەل قاغانىنىڭ يەيدىغىنى قالمىغاچقا، قوۋملىرى كۆندىن ـ كۈنگە تارقىلىپ كەتتى، ۋەزىرلىرىدىن تۆۋەن 500 گە يەتمەيدىغان ئادىمى قالغاچقا، ئامالسىز شىرۋىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. داجوڭنىڭ 2 ـ يىلى باھار 1ـ ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاغان بايرىمىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ياۋجۇ ئايمىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، جاڭ جوڭۋۇ ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ بېرىپ، ئىنئەل قاغاننى ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇغانىدى، ئىنئەل قاغان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، يېرىم كېچىدە ئايالى قارلۇق خوتۇن، ئوغلى دوس تېگىن قاتارلىق توققۇز ئادەمنى ئېلىپ ئاتلىق غەربكە قېچىپ كەتتى. قالدۇق قوۋملىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ باقسىمۇ، يېتىشەلمىگەنلىكتىن شىرۋىلارنىڭ يەتتە جەمەتى (يەنى شىرۋىلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى) تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي قىرغىزلار شىرۋىلارغا قارشى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. گەرچە تاغ ـ ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇپ، بۆلەكچىلىق بىلەن جان ساقلاۋاتقانلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تارىختا ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى.①

(3) ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇچرىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سوۋغا سالاملىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ،

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 246 ـ ۋە 247 ـ جىلدلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك يىل، ئايلاردىكى ماددىلارغا قاراڭ.

قاغانلىرى تاڭ مەلىكىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىگە ئېلىپ تۇر- غاچقا ۋە ۋەزىر، ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق بېرىپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى، شۇڭا بۇ ئىجتىمائىي ئېگىلىكنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ناھايىتى ئاد- دىي - ساددا ئىدى، ئەمەلدارلىرى بىلەن پۇقرالىرىنىڭ ئوتتۇرى- سىدىكى پەرقمۇ ئانچە ئالاھىدە ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۆتكۈلۈك - سۆيگۈن تۇپىلىڭنى باستۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەندىن كېيىنلا تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا كۆپلەپ سوۋغا سالام بەردى. شۇڭا، تەڭرى قاغان ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئوردا- قەسىر ياسىتىپ، ئۇنىڭدا خانىش ۋە توقاللىرىنى تۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر ياسىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۇ- زۇر كېيىنىشنى قوغلىشىدىغان بولۇۋالدى. . . »[1]

بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە يەنە تۆۋەندىكىدەك خاتىرە قالدۇ- رۇلغان:

«سۇزوڭنىڭ دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆتكۈلۈك - سۆيگۈن تۇپىلىڭى يۈز بەرگەندە، يابغۇ قارا قاغان ئاكا - ئۇكىلار ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇپىلاڭنى تىنى- جىتىشىغا ياردەم بەرگەنىدى. . . . . . . دەرۋەقە تۇپىلاڭ تىنى- جىتىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن كاتتا ئىنئام بېرىلدى. بولۇپمۇ يابغۇغا ئەمرى مىمارلىق ئوتۇغاتى بېرى- لىپ، ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ يىپەك بېرىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىغا خان

[1] «ئەدلىي ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 226 - جىلد تاڭ دىزوڭنىڭ جيەنجوڭ تۇنجى يىلى ياز 6. ئايدىكى ماددىسى.

جەمەتىنىڭ قىزلىرى خوتۇنلۇققا بېرىلگەچكە، قاغانلىرى ئوردا قەسىر ياسىتىپ ئۇلارنى شۇ قەسىردە تۇرغۇزدى. ئۇلاردىن ئاستانىدا تۇرۇۋاتقانلىرى بولسا ئېسىل قاش - تېشىدىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى سالدى، قارادەك ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، ھەشەمەتلىك ئېگىز تۇرالغۇلارنى ياساتتى، ناھايىتى پۇزۇر كىيىنىپ يۈردى. نەپنى قوغلىشىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئەسكىلىكلىرىمۇ ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مەنسەپدارلىرى بىلەن ئاقسۆڭەكلىرى بىزنىڭ تونلىرىمىزنى كىيىپ، زىبۇ - زىننەتلىرىمىزنى تاقاپ، ياخشى سۆزلەردىن كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ، ئېسىل تائاملاردىن يىرگىنىپ، تاڭ دۆلىتىنىڭ مال - دۇنياسىنى يۈز يىلدىن ئارتۇق يەپ خوراتتى.»①

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ فېئودال مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇيغۇرلار رايونى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شەھەر ۋە ئوردا - قەسىرلەر ياسالغان، يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قاراپ ماڭغانىدى، تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، قارا قاغان سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا بايبالىق شەھىرىنى ياساتتى،② بۆكە قاغان ئورقۇن دەرياسى بويىدا شەھەر ۋە قەسىر سالدۇردى،③ تەڭرى قاغانمۇ ئوردا - قەسىر سالدۇردى.④ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئېجىنا دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاتۇنبالىق شەھىرىنىڭ خارابە ئىزى بار ئىدى.⑤ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىرقانچە ئۇيغۇر شەھىرى

---

① لى دېيۇ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى مەكتۇپلار توپلىمى» 2 - جىلد.
② قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «ئۇيغۇر تۇھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا قاراڭ.
③ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى مەكتۇپلار توپلىمى»نىڭ 2 - جىلدىغا قاراڭ.
④ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 226 - جىلد تاڭ - دېزوڭنىڭ جېنيۈەنجۇڭ تۈنجى يىلى ياز 6 - ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.
⑤ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاتۇنبالىق شەھىرى تىلغا ئېلىنغانىدى.[①] ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كەيپۇەن كالىندارىنى قوللىنىپ، تاكى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلەتكەنىدى؛ X XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئورقۇن دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»[②] نىڭ شەكلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەڭگۇ تاشلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھەمىشە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتناپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى مەدەنىيىتى ئۇتاشقانىدى.

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ھامان بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تاڭ شۇەنزوڭنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا ئۇيغۇرلار ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ئىككى ئاستانە (چاڭئەن بىلەن لوياڭ) نى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەرگەنلىكتىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر چاڭئەندە تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاغانلار ھەر قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكىنى قارشى ئېلىشقا بارغاندا يەنە كۆپلىگەن ئايال ئەلچىلەر بىلەن ئايال غۇلاملارنى ئەۋەتەتتى (مەسىلەن، تاڭ دېزوڭنىڭ دەۋرىدە سادا قەتمەن تۆھپىدار قاغان شەنئەن مەلىكىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە سىڭلىسى ۋە باش ۋەزىرىنىڭ باشچىلىقىدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەۋەتكەنىدى). شۇ سەۋەبلىك چاڭئەن بىلەن لوياڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر، ھەتتا ئەمەلدارلارمۇ ئۇيغۇرلار-

---

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 2 ـ جىلد «تېيزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى بىلەن 37 ـ جىلدىكى «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» I گە قاراڭ.

② فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» بىرىنچى كىتاب (مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى) نىڭ 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ قىستۇرما سۈرەتلەرگە قاراڭ.

نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانـ
دى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر يۈەن جېن
يازغان «فاچۇي كۈيى» دە مۇنداق تەرپىلەنگەنىدى:
چاڭ سۇرۇپ ئۇيغۇر چەۋەندازلار بويان كەلگەن زامان،
قاپلىدى ئۇيغۇر پۇرىقى شەنياڭ ـ لوياڭنى شۇئان.
بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سومرۇغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ ـ زىنىنەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بويان.①
ئايال شائىرە خۇارۇي خانىمنۇ ئۆزىنىڭ «قەسىر نەزمىسى»
ناملىق شېئىرىدە مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:
شاھىمىز چىققاندا چىلە سەيلىسىنى قىلغىلى،
بىللە چىققۇچى خېنىملار بەلگىلەندى ئەۋۋىلى.
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.②
ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن بىر مىللەت بولغاچقا، ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى كۆپ جەھەتتىن تۈركلەرنىڭكى بىلەن
ئوخشىشىپ كېتەتتى. مەسىلەن، تۈركلەر دەسلەپتە بۆرىنى توتېم
قىلىدىغان بىر قەبىلە ئىدى، شۇڭا نەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى
ئۈچۈن قاغان چېدىرىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخكە بۆرە
بېشى چۈشۈرۈلگەن زەر تۇغنى ئېسىپ قوياتتى. ھالبۇكى تارىخـ
ناملەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلە-
قىغا ئائىت خاتىرە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىنىڭ

---

① يۈەن جېن «يۈەن خېزىرمېتىنىڭ چاڭچىلىق توپلىمى» 24 ـ جىلد.
② «تاڭ نەزمىلىرى» 21 ـ جىلد 10 ـ كىتابقا قاراڭ.

چېدىرىنىڭ ئىشىكىگىمۇ بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن توغ ئېسىپ قويۇلاتتى، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سوزۇڭنىڭ دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئەسكەر باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم بەرگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گوزيى قاغان بىلەن قويان جىلغىسىدا كۆرۈشىدىغان چاغدا، «قاغان ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى رەتلىك سەپكە تۇرغۇزغان، گوزيى بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن توغقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندى.»

ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش چاقلىق كېگىز ئۆيلىرى بار ئىدى. ئاتالمىش چاقلىق كېگىز ئۆيلەرنى خۇسەنشىڭ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە «كېگىزدىن ياسالغان ھارۋىلىق ئۆي» دەپ تەبىر بەرگەندى، بۇ دېگەنلىك كېگىزدىن ياسالغان بۇ تۇرالغۇ ئۆينى ھەم ھارۋا ئورنىدا يۆتكىگىلى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 843 - يىلى) باھار 1- ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شى شيوڭ جېنۋۇ قورغىنىنىڭ سىپىلىغا چىقىپ، ئۇكا قاغاننىڭ بارگاھىنىڭ ئەتراپىدا تەيخى مەلىكە تۇرالغۇ قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە ئون چاقلىق كېگىز ھارۋىلىرىنى كۆرگەندى.①

ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادىتى بىلەن دەپنە - مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭمۇ تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشايدىغان تەرەپلىرى بار ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ مۇزۇڭنىڭ چاڭچىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 821 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ دې

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 247 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيچاڭ 3 - يىلى باھار 1- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

قاغاننىڭ تەيخې مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان ۋاقتىدىكى مۇراسىمى
مۇنداق بولغانىدى: مەلىكە قاغان تۇردىسىغا يېتىپ كەلگەندە،
قاغان خەيرلىك كۈندىن بىرنى تاللاپ، مەلىكىنى خاتۇنلۇققا ئالى-
دىغان بولدى. قاغان ئاۋال بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىنانىڭ
پېشايۋىنىدا كۈنچىقىشقا قاراپ ئۆرە تۇردى، مەلىكىنىڭ تۇرالغۇ-
سى قىلىش ئۈچۈن بىنانىڭ ئالدىغا كېگىز ئۆيدىن بىرنى تىككۈز-
دى. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭلىرى مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە -
يوسۇنلىرى توغرىلىق چۈشەنچە بەردى. ئاندىن مەلىكە تاڭ سۇلا-
لىسى پوسۇنىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇر-
چە كىيىملەرنى كىيدى. مەلىكە ياشانغان بىر ئايالنىڭ ھەمراھلى-
قىدا بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ، قاغانغا قاراپ تازىم قىلدى. قاغان
ئولتۇرغان جايدىن مەلىكىنىڭ ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىپ تۇر-
دى. مەلىكە قايتا يەنە تازىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن،
كېگىز ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئارقىدىنلا باشتا كىيگەن كىيىمله-
رىنى سېلىپ تاشلاپ، خاتۇنلۇق كىيىملىرىنى كىيدى. خاتۇنلۇق
كىيىمىنىڭ شەكلى «ئالدىدىن ئىزمىلىنىدىغان كالتە چاپان ئى-
دى، رەڭگى قىزىل ئىدى، باش كىيىمىگە خۇددى مۈڭگۈزگە
ئوخشايدىغان ئالتۇن بېزەك تاقايتتى»، ئاندىن كېيىن يەنە بىنا-
دىن چىقىپ دەسلەپتىكىگە ئوخشاشلا قاغانغا ئىگىلىپ تازىم قىلى-
دى. قاغان مەلىكە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەختىراۋان تەييارلاپ، ئۇ-
نىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كىچىك بىر ئورۇن راستلىغانىدى. بۇيرۇق-
لار مەلىكىنى تەختىراۋانغا باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز بۇيرۇ-
قى (ۋەزىرى) تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ، ئوردا ئىچى-
گە كىرىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندى.
بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن مەلىكە تەختىراۋاندىن چۈشۈپ
بىناغا چىقتى ۋە كۈنچىقىشقا ئالدىنى قىلىپ، قاغان بىلەن يانمۇ
يان ئولتۇردى. بۇيرۇقلار مەلىكىگە تازىم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ

خاتۇن بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. مەلىكە ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ كېگىز ئۆيىدە تۇراتتى، ئىككى نەپەر بۆيرۇق ئۇنىڭ كېگىز ئۆيىگە كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى.[1] «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى (تۈركلەرنىڭ قاغانى) تەختكە ئولتۇرغاندا، يېقىن مەرھەملىرى بىلەن بۆيرۇق قاتارلىق قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى قاغان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قۇياشنى تەقلىد قىلىپ توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ، ھەر بىر قېتىم ئايلانغاندا، قول ئاستىدىكىلىرى بىر قېتىم تازىم بەجا كەلتۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مەلىكە بىلەن توي ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتىكى، مەلىكىنىڭ شەرتسىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ توققۇز قېتىم ئايلىنىشى، دەل تۈرك قاغانلىرى تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى قۇياشنى تەقلىد قىلىپ توققۇز قېتىم ئايلىنىشىدىكى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركلەردە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ ئۆكسۈپ يىغلايدىغان ئادىتى بار ئىدى.[2] ھالبۇكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇ خىل ئادەت بار ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇزۇڭنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارا قاغانى (بايانچۇر) ئۆلگەندە، ئۇلارنىڭ بۆيرۇق، تارقانلىرى بىلەن تۇتۇقلىرى نىڭگو مەلىكىنى قوشۇپ دەپنە قىلماقچى بولغاندا، مەلىكە رەت قىلىپ، مۇنداق دېگەنىدى: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قائىدىسىدە كۈيۈسى ئۆلسە، پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇپ ئۆكسۈپ يىغلايدىغانلا ئادەت بار. «دەرۋەقە مەلىكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى (ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە) گە ئاسا-

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

سەن، چېكىسىنى تىلىپ ئۆكسۈپ يىغلىغانىدى.»[1]

ئۇيغۇرلار دەسلەپتە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئۇلار جازا يۈرۈش قىلغاندا، پېرىخونلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلايتتى. ياكى بولمىسا «پېرىخونلار بوران ۋە قار ياغدۇرغان» دىن كېيىن ئاندىن ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.[3] بۇنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان «دوسسان موڭغۇل تارىخى» دا كۆرسىتىلىشىچە «ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار (غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ موڭغۇللار ۋە يەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئاتىلىشى) ھازىرقى موڭغۇللارغا ئوخشاش شامان دەپ ئاتىلىدىغان باخشىلارغا ئىشىنەتتى. باخشىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار جىن ـ ئەرۋاھلارنى بويسۇندۇرالايدىكەن، جىن ـ ئەرۋاھلار ئۇلارغا بەزى ئىشلاردىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىكەن»[2]

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مانى دىنى پېرسىيىلىك مانى (*Mani*، تەخمىنەن 216 ـ ، 276 ـ يىللار) تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە ئالەمدە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنىڭ كۈرىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا يورۇقلۇق كۈچى جەزمەن قاراڭغۇلۇق كۈچىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ دەپ قارالغاچقا، شۇڭا بۇ دىن يورۇقلۇق دىنى دەپمۇ ئاتالغانىدى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى (ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرى) دە ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىر مەھەل مەخپىي دىنىي تەشكىلات بولۇپ راۋاجلىنىپ، جاڭ جياۋ (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى) نى دىنىي بۇزرۇكۋار، مانىنى يورۇقلۇق ئىلاھى دەپ قارىدى. تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 20 ـ

---

① ③ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا (جۇڭخۇا نەشرىيات ئىدارىسى 1962 ـ يىل نەشرى) بىرىنچى كىتاب 174 ـ بەت.

يىلى (مىلادىيە 732 ـ يىلى) بىر مەزگىل تارقىلىشى مەنئى قىلىندى.

مىلادىيە 763 ـ يىلى (تاڭ دەيزوڭنىڭ گۇاڭدې تۇنجى يىلى) مانى دىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلاپ، پەيدىنپەي ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلاندى. «ئۇيغۇر بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس مەرىپەتى ۋە ئۇلۇغۋار ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدىكى يادنامىلەر»①دە خاتىرىلىنىشىچە، بۆگۈقاغان (754 ـ، 780 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دەۋرىدە، «مانى مۇرتلىرىدىن يەتتە كالامنى پىششىق بىلىدىغان» روھانىيلار ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارىسىدا دىننىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلغانىدى. بۇ روھانىيلار «يۈكسەك ئىلمگە، ياخشى ـ يامانلىقلارنى پەرق ئېتىشكە ماھىر» بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇق، ئايماق يەڭلىرى بىلەن ئىچ ۋە چەت بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى يورۇقلۇق دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «يوقىرىدىن تۆۋەنگە تارقاتتى، شۇڭا باشقا ئەللەرنى قان بىلەن بويىغۇچە، ئۆز ئېلىنى باياشاد جايغا ئايلاندۇرغان تۈزۈك؛ قوشنا ئەللەرنى قىرىپ يۈرگۈچە ئۆز ئېلىنى ياخشىلىقتا ئۈندەيدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىققان ياخشىراق» دەپ قارالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مانى روھانىلىرىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئېلىپ بارغان ۋاقتى، ئەڭ بالدۇر بولغاندا تاڭ شۈەنزوڭنىڭ يۈەنخې تۇنجى يىلى (مىلادىيە 806 ـ يىلى) يۈز بەرگەنىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن «يۈەنخې يىلىنىڭ دەسلىپىدە ئوردىغا سوۋغا ـ سالاملار تەقدىم قىلىنىپ،

① لوجېنيۇ ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «قارا قۇرۇم مېتال ۋە تاش پۈتۈكلىرى»گە قارالا.

مانى روھانىيلىرىمۇ ئېلىپ كېلىندى» دېيىلگىنى دەل مۇشۇ ۋەقەگە قارىتىلغانىدى. بۇ مانى روھانىيلىرىنىڭ ھەر كۆڭلۈك ئوزۇقىنى كەم قىلمايدىغان، كۆندىلىك ئوزۇقىدا ئاشلىقتىن ئېتىلگەن تائاملارنى يەپ، سۈت ۋە قېتىق ئىستېمال قىلمايدىغانلىقى، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بەكلا ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى، «قاغانمۇ دائىم ئۇلار بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشەتتى». كېيىنى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى چاڭئەندە ئۇلار ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا «دايۈن يورۇقلۇق ئىبادەتخانىسى» دەپ نام بەرگەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى روھانىيلىرىنىڭ قەدەملىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغىچە يەتتى، شۇڭا جىڭ، ياڭ، خوڭ، يۆ قاتارلىق ئايماقلاردىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، دايۈن يورۇقلۇق ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلدى.① مانى روھانىيلىرى گەرچە راھىب بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەرگىز ئۆز ئىستىقامەتلىرى بىلەن بەنت بولمايتتى، ئۇلارنىڭ چاڭئەندە تۇرۇپ قالغانلىرى «سودا قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى غەربكە قاتناپ، سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكىلىكلەردىن قول ئۈزمەيتتى»،② شۇڭا تاڭ شيەنزوڭ يۈەنخېنىڭ 12 - يىلى (817- يىلى) باھار 2- ئايدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىگە قايتۇرغاندى.③

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانىدى. بۇ توغرىسىدا ۋۇكوڭ يازغان «ئەنەتكەككە بېرىش خاتىرىسى» دە مۇنداق يېزىل-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 237 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې تۈنجى يىلىدىكى ماددىسى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1 - كىتاب 35 - بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «بۇددا پېشۋالىرى توغرىسىدا ئومۇمىي خاتىرە» نىڭ 41 - جىلدىدىغا قاراڭ.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 240 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 12 - يىلى باھار 12- ئايدىكى ماددىسى.

غان:

«جېنيۇەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 780 ـ يىلى) ...... 9 ـ ئايدا ئەنشىنىڭ مەلۇماتچى بېگى چېڭ ئى قاتارلىقلار ئوردىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققانىدى. ئەينى ۋاقىتتا خېشى ئارىلىقىنىڭ يولى راۋان بولمىغاچقا، ئۇيغۇر يولى ئارقىلىق بېرىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق تەڭرىقۇت (قاغان بولۇشى كېرەك) بۇدداغا ئېتىقاد قىلمايتتى، شۇڭا ئۇلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي، بۇددانىڭ ئارزۇسى بويىچە بېشبالىقتىكى لوڭشى ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى......»①

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىدى، غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغانىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ ھەر ئىككىلىسى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغانىدى.②

### (4) غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار

مىلادى 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بەش تارماققا بۆلۈنۈپ تارقىلىپ كەتتى، ئادەم سانى نىسبەتەن ئاز ئىككى تارمىقى جەنۇبقا كۆچكەندىن تاشقىرى، كۆپ قىسمى ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. غەربكە كۆچكەن ئۈچ تارماقنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق بىر تارمىقى بولسا كۆكئارتنىڭ غەربىگە كۆچتى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا: قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلغاندا، «قوۋملىرى تارقىلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ۋەزىرى سارچۇق ۋە پان تېگىن باشچىلىقىدىكى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» نىڭ 1 ـ كىتاب 36 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» نىڭ 1 ـ كىتاب 30 ـ 40 ـ بەتلىرىدىكى قىستۇرما سۈرەتكە قاراڭ.

15 قەبىلىسى قارلۇقلارنىڭ ئارىسىغا كەتتى، قالغان قالدۇق قوۋملىرى تۇبۇتلەر بىلەن ئەنشىگە كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قارلۇقلار ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى، دەسلەپتە ھازىرقى زايسان كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغان، كېيىن سەل - پەل جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، «ئۈچ يابغۇلۇقلار» دەپ ئاتالغانىدى. مىلادى 657 - يىلى (تاڭ جوڭزوڭنىڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى بولغان تۈرگەشلەر (تۈرۈشلۈق ئورنى ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىدا ئىدى) باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۇياب دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى) نىڭ شەرقىدىكى ئون ئوق قاغانىنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، 708 - يىلى (جىڭلوڭنىڭ 2 - يىلى) قارلۇقلار تۈرگەشلەرنىڭ ئاقساقىلى شاھكۆل تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئون تۆت ئوق قاغانى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن مەزگىلدە، ئون تۆت ئوق قوۋمىنىڭ بىرى سۈپىتىدە شاھكۆلنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغانىدى.[1] شۇنىڭدىن كېيىن تۈرگەشلەرنىڭ كۈچى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئۇيغۇرلار داۋاملىق باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، قارلۇقلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق كۆرسەتكەن:

«شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن يىللىرى (713 - ، 741 - يىل.

---

① خۇسەنشىنىڭ «گەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئوبزورنى» نىڭ 209 - جىلد، تاڭ جوڭزوڭنىڭ جىڭلوڭ 2 - يىلى قىش 11. ئايدىكى ماددىسىدا بېرىلگەن «تاڭ سۇلالىسى شاھكۆلگە ئون تۆت ئوق قاغانى» دېگەن ئۇنۋانات نامىنى بەردى دېگەن سۆزنىڭ داۋامىنى ئىزاھلاپ، «غەربىي تۈركلەردە ئەسلىدە ئون قەبىلە بار ئىدى، كېيىنلىكتە شاھكۆل يانىمەن، قارلۇق، بالغاتارقان، دۇمۇچ قاتارلىق تۆت قەبىلىنى قوشۇۋالغانلىقتىن ئون تۆت ئوق دەپ ئاتالغان» دەپ كۆرسىتكەنىدى.

لار) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار بارا ـ بارا كۈچەيدى، ... ...
باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، بىر قەبىلە قوشۇۋالدى، قارلۇقلار-
نى مەغلۇپ قىلىپ يەنە بىر قەبىلە قوشۇۋالدى، ھەر بىر قەبىلىگە
بىردىن تۇتۇق بەلگىلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئون بىر قەبىلە دەپ
ئاتالدى. ھەر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە بۇ ئىككى قەبىلە مېھ-
مان قەبىلە سۈپىتىدە ئالدىدا ماڭاتتى.»

كېيىن قارلۇقلارنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى، ئون ئوق قاغانىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىگە
كۆچۈپ بېرىپ، سۇياب ۋە تالاس شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ،
ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆز ئارا دۈشمەنلىشەلەيدىغان ئورۇنغا ئۆتتى.
بۇ توغرىسىدا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ
داۋامىدىكى قوشۇمچە «قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دې-
يىلگەن:

سوزۇڭنىڭ «جىزدى يىللىرى (756 ـ 757) دىن كېيىن،
قارلۇقلار كۈچەيدى، ئۇيغۇرلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ئون
ئوق قاغانىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىغا كۆچۈپ، سۇياب، تالاس قاتار-
لىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ چەكلىمىسى
تۈپەيلىدىن ئوردىغا ئۆزلىرى ئۇدۇل بارالمايدىغان بولۇپ قالدى».

قارلۇقلار كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇبۇتلەر تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىنغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاڭ دېزوڭنىڭ جېن-
يۈەن 5 ـ يىلى (789 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن قاغانبۇت
شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى جىمسار) نى تارتى-
ۋالدى. ئۇيغۇرلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، قوۋملىرىنى
جەنۇبقا كۆچۈرۈپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى.[①] ئۇزاق
ئۆتمەي قارلۇقلار يەنە قەشقەر (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي
جەنۇبىدىكى قەشقەر شەھىرى) نى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇيغۇرلار-

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئالدىنقىسىغا قاراڭ.

نىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قارلۇقلار يەتتە سۇ رايونى (شەرقتە ھازىرقى تىيانشاننىڭ شىمالىدىن تارتىپ، غەربتە چۇ دەرياسىغىچە، جەنۇبتا ئىسسىق كۆلدىن، شىمالدا بالقاش كۆلى ئەتراپىغىچە بولغان جايلار) نىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار كۆكئارتنىڭ غەربىگە كۆچۈپ بارغاندا، قارلۇقلار بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمما تارىخنامىلەردە، بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىكى كونكرېت جەريانى ۋە قارلۇقلار بىلەن توقۇنۇشقاندىكى ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەنىدى. پەقەتلا بىز ئۇلارنىڭ كېيىن مىلادى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆكئارتنىڭ غەربىدە قاراخانىيلار نامىدىكى قۇدرەتلىك بىر خاندانلىقنى قۇرۇپ چىققانلىقىنىلا بىلىمىز.① رۇسىيىلىك ئالىم بىرتشىنەيدرنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ خاندانلىقنىڭ پېشۋاسى ساتۇق قاراخان② بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. بۇغراخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (مىلادىيە — 993 - يىلى) دە، دۆلەت كۈچى تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى جايلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس، ئوترار ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى قەشقەر، يەركەن، كېرىيە، خوتەن قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، پايتەختى بالا ساغۇن شەھىرى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ

---

① قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى توغرىسىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. لېكىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، باشقا قارلۇق ياكى تۈرك، ياغما، چىگىل، تۈركمەنلەر قۇرغان دېگەن قاراشلارنىڭ دەلىللىرى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ توغرىسىدا ۋېي لياڭتاۋ «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلغان «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ نامى» ناملىق ماقالىسىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغان، پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

② قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخقا ئائىت ماتېرىياللار بەكلا كەمچىل بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز، خانلىقنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىلىدە تەختتە ئولتۇرغان قاغانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ناملىرى توغرىسىدىمۇ ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغانلىرى پەقەت پايدىلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان، توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ئىدى، قەشقەر بولسا ئىككىنچى پايتەختى ئىدى. قەشقەر ئەينى ۋاقىتتا چوڭ بىر پايتەخت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر مەدەنىيەت، ئىلىم مەركىزى ئىدى.① دۇنياغا مەشھۇر ئىككى كاتتا ئەسەر ـ قامۇس شەكلىدىكى «دىۋان لۇغەت تۈرك» بىلەن 13 مىڭدىن ئارتۇق مىسرادىن تەركىب تاپقان كىلاسسىك داستان «قۇتاد قۇبىلىك» دەل ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر بىلەن بالاساغۇندا ئاپىرىدە بولغاندى.② قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەركىزىي رايونلار ئەسلىدە قارلۇقلارنىڭ ماكانلىرى ئىدى، شۇڭا بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىمۇ قارلۇقلار ئىدى.③ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خانلىقنى قانداق قۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز، پەقەت بۇ خانلىقنىڭ چېگراسى ئىچىدە ھەربىي فېئوداللىق خوجىلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى، يەنى خوجىلىق زېمىنلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى مائاش ياكى مائاشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ھەربىي قوشۇنلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىنىلا بىلىمىز. ئۇنىڭدىن④ باشقا يەنە سىياسىي جەھەتتە بۇ خانلىقنىڭ «قوش خانلىق تۈزۈم»نى يۈرگۈزگەنلىكىنى، يەنى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، «چوڭ تارماق» بىلەن «كىچىك تارماق»نىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىلا بىلىمىز.

---

① برتشنەيدىر «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (1910 ـ يىل، لوندون نەشرى) I توم، «ئۇيغۇرلار».

② «دىۋان لۇغەت تۈرك» ناملىق ئەسەر، XI ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس، قەشقەرلىق مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، خوجىنخۇا بىلەن كىياڭ شىمىن بىرلىشىپ يازغان «دىۋان لۇغەت تۈرك ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى» («شىنجاڭ ئەدەبىياتى»نىڭ 1961- يىللىق 5. ئايلىق سانىغا بېسىلغان) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ؛ «قۇتادغۇ بىلىك»، 1069 ـ يىلى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان، مەزكۇر ئەسەرنىڭ كىياڭ شىمىن بىلەن ۋې سۈيى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا قاراڭ (1979 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى).

③ رۇسىيىلىك بارتولد يازغان «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى 1943 ـ يىل فرونزا قايتا نەشرى) IV بەت، «قاراخانىيلار»غا قاراڭ.

④ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» 1 توم، «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، موسكۋا 1962 ـ يىل نەشرى 369 ـ بەتكە قاراڭ.

چوڭ تارماق يەنى چوڭ خان بولۇپ، تۇرۇشلۇق ئورنى بالاساغۇن ئىدى، «ئارسلان قاراخان» دەپ ئاتالغانىدى، يەنى پۈتۈن مەملەكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. كىچىك تارماق نائىب خان بولۇپ، دەسلەپ تالاستا، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ نامى «بۇغرا قاراخان ئىدى». قاغاننىڭ تۆۋەنىدىكى ئەمەللەردىن ئىلىك بىلەن تېگىن بار ئىدى، شۇڭا ئارسلان ئىلىك، بۇغرا ئىلىك، ئارسلان تېگىن، بۇغرا تېگىن قاتارلىق ناملار بار ئىدى. ئىلىك بىلەن خان ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل دەرىجە ئىدى، خان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، چەكسىز ھوقۇق كۈچىگە ئىگە ئىدى؛ ھالبۇكى ئىلىك بولسا خاننىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدار ئىدى، تېگىن بولسا ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇراتتى. ۋەزىرلىرىدىن يابغۇ، سانغۇن، ھاجىب، ئاغىچى قاتارلىقلار بار ئىدى.①

بۇغراخان مىلادى 993 - يىلى ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئىلىكخان 1008 - يىلى خانلىقنىڭ سىياسىي تەسىرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتتى، ئۇ پارسلارنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. ئىلىكخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئىنىسى تۇغانخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيىسى) گە قارىتا ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇ پايتەخت بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەردى، ئۆزى

---

① گېڭ شىمىن يازغان «قارا خانىيلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان) دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن، گېرمانىيىلىك ئالىم لومرۆل. پرتساك يازغان «قارا خانىيلار» (1953) قاتارلىق ماقالىلەرگە قارالسۇن.

بولسا 1018 ـ يىلى يۇرۇشتىن قايتىشىدا، يېرىم يولدا ئۆلدى.
ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان خان ئارسلانخان دەپ ئاتالدى.①
XI ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى بىرقانچە سۇيۇرغال بەگ-
لىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بۇ سۇيۇرغال بەگلىكلەر چوڭ
خانغا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغانىدى، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى
تالىشىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن
بىر - بىرىنى ئۆزئارا قىرغىن قىلىدىغان ئىچكى ئۇرۇشلارنى
قوزغاپ تۇراتتى. لېكىن، بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:
«يەتتە سۇ رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئەھۋالى-
غا ئائىت ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل، ھەتتا بەزى ماتېرىياللار
بىر - بىرىگە ئۆز ئارا زىت. ... ... شۇنىڭدىن تارتىپ (مىلادى
1102 ـ يىلدىن كېيىن) تاكى قاراختايلار بېسىپ كىرگۈچە-
لىك (1141 ـ يىلى ئەتراپى)، بىز يەتتە سۇ رايونى توغرۇلۇق
قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئىگە ئەمەسمىز.»②

بىراق، يەتتە سۇ رايونىغا ئائىت ئۇچۇرلار شۇنچىلىك ئاز
بولسىمۇ، يەنىلا بار. غەرب ئالىملىرىنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن
بۇيانقى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار قارا خانىيلار خانلىقى XI
ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە غەرب (ئەلى سىستېمىسى) ۋە
شەرق (ھەسەن سىستېمىسى) تارماقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىم-
دىكى كۈچكە بۆلۈنۈشكە باشلاپ، 1041 ـ يىلىغا كەلگەندە شەرق
ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل خاندانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى
دەپ قارايدۇ. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى يەتتە سۇ
رايونى، قەشقەر، ئۇدۇن ۋە پەرغەنىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي قىسىمنىڭ مەركىزى يەنىلا بالاسا-
غۇن بولۇپ، نائىب خانمۇ ئوخشاشلا قەشقەردە تۇراتتى، بەزىدە

---

① بىر تىشنەيدېر «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» I توم، «ئۇيغۇرلار»غا قاراڭ.
② بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» IV باب، «قارا خانىيلار».

تالاستا تۇراتتى. غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى ماۋرائۈننەھر (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ئەتراپى) نى، غەربىي پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى دەسلەپتە ئۆز كەنت شەھىرى، كېيىن سەمەرقەند بولدى، نائىب خان بۇخارادا تۇردى. شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ چېگراسى ھازىرقى سىر دەرياسى ئىدى.

مىلادى 1140 ـ يىلى ئەتراپىدا، شەرقىي قارا خانىيلارنىڭ چوڭ خانى ئەخمەت ئىبنى ھەسەن ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت تەختكە چىقتى. بۇ ۋاقىت دەل قىتان مىللىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان لياۋ خاندانلىقى مۇنقەرز بولۇپ (1125ـ يىلى مۇنقەرز بولغان)، ئاقسۆڭەك ياللۇغ تاشىنىڭ باشچىلىقىدىكى قىتانلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋاقتى ئىدى. ھەسەن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، تەخمىنەن 1128 ـ يىلى ياللۇغ تاشىنىڭ غەربكە كۆچكەن قوۋملىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى، شۇنىڭدەك ياللۇغ تاشىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنى بىر مەھەل توسقانىدى. ئىبراھىم تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قارلۇق ۋە قاڭلىلاردىن تەشكىللەنگەن كۆچمەن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. بۇ توقۇنۇشتىن پايدىلانغان ياللۇغ تاشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىۋالدى، ھەمدە ئۇنى قاراقىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلدى («لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا بۇ شەھەر خۇس ئوردۇ دەپ تىلغا ئېلىنغان). ياللۇغ تاشى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىبراھىمغا «تۈركمەن ئېلىك» دېگەن ئوتتۇغات نامىنى بەردى، ئۇنى قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ تۇرۇشقا

مەجبۇر قىلدى. 1211 - يىلى قارا قىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتى نايمان خانى (تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ ئەتراپىدا) كۈچلۈك تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. شۇ يىلى كۈچلۈك يەنە قەشقەردە ھۆكۈمرانلارنىڭ قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى (ھەسەن سىستېمىسى) مۇنقەرز بولدى.①

شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى توغرىسىدا «جىن سۇلالىسى تارىخى» 121 - جىلد «نانگې خەننۇنىڭ تەرجىمىھالى»دا بەزى بىر خەۋەرلەر خاتىرىلەنگەن:

«دادىڭ يىللىرى (مىلادىيە 1161 - ، 1189 - يىللىرى) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇرلاردىن ئىشلان قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ غەربىي جەنۇبتىكى جازا مەھكىمىسىگە سودا قىلغىلى كەلگەندە دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ دۆلىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زوكوپان قەبىلىسى تۇرۇۋاتقان شەھەر خۇس ئوردۇ (يەنى قۇز ئوردۇنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى) دەپ ئاتىلىدىكەن. شەھەردە ئادەتتە قوشۇنلار تۇرمايدىكەن، تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئالغان ھوسۇلنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى باج ئورنىدا ئەمەلدارلارغا تاپشۇرىدىكەن، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دەسلەپ قاراقىتانلار بېسىپ كەلگەندە، ئۇلار قاراقىتانلارغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن قاراقىتانلارغا بەيئەت قىلغانىكەن. ... ... يېقىندا قاراقىتانلارنىڭ كوراگانى ئامۇس 50 مىڭ قوشۇن بىلەن شىمالدا ئىببۇلان قاتارلىق قوۋملارنى بويسۇندۇرالماي قايتىپ كەلدى، ھېلىھەممۇ ھۇجۇم قىلىپ بويسۇندۇرالمايۋاتىدۇ.»

---

① يۇقىرىقىلارنى گېلاڭ شىمېن يازغان «قارا خانىيلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن پرىتساكنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

غەربىي قىسىم قارا خانىيلار خانلىقىغا 1072 ـ يىللار
ئارىلىقىدا، تۈركلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلجۇقىيلار سۇلالىسى
(ئوتتۇرا ئاسىيادا) كەڭ ـ كۆلەمدە بېسىپ كىردى، قاغان
قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالغاچقا، نائىلاج سۈلھى تەلەپ
قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي قىسىم
خانلىق سەلجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدى.
1141 ـ يىلى ئەتراپىدا غەربىي قىسىم خانلىق يەنە قاراقىتانلار-
نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ياللۇغ تاشىن شەرقىي قىسىم قارا
خانىيلار خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا دەر-
ھال غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقىغا قارىتا ھۇجۇم قوزغى-
دى. غەربىي قىسىم قاراخانىيلارغا قاراشلىق قارلۇقلارنىڭ قو-
شۇنلىرى ئۆز ئىچىدىن قارشى چىقىپ، قاراقىتانلارغا تەسلىم بول-
غاچقا سەمەرقەند ئەتراپىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا، غەربىي
قىسىم قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى
ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
شۇ قېتىمقى جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن 30 مىڭ ئادەم قازا تاپقان
بولۇپ، غەربىي قىسىم خانلىقىنىڭ چوڭ خانى مەخمۇت ئىبنى
مۇھەممەد خۇراسانغا قېچىپ كەتكەنىدى. قاراقىتانلار پۈتكۈل
ماۋرا ئۇننەھىر رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. گەرچە مەخمۇد-
نىڭ ئىنىلىرى داۋاملىق چوڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بولسى-
مۇ، ئەمما پەقەت قاراقىتانلارنىڭ قارىمىقىدىكى بىر قۇر چاققىلا
ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي قىسىم قارا خا-
نىيلار خانلىقىنىڭ نامىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئاللىقا-
چان مۇنقەرز بولغانىدى. غەربىي قىسىم قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ
XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خانى ئوسمان ئىبنى
ئىبراھىم ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئەتراپىدى-
كى ئايرىم جايلارغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. 1212 ـ يىلى

سەمەرقەند خارازم شاھى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپ، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى رەسمىي مۇنقەرز بولدى.①

قاراخانىيلار خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ قالغانلىرى يەنىلا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى جىچاڭ يازغان «گەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» نىڭ بىرىنچى جىلدىدا، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئۈزۈندىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

«قەمەرىيە ئۆكتەبىرىنىڭ 8 - كۈنى چوڭ بىر دەريادىن ئۆتۈپ، سەمەرقەندكە يېتىپ باردۇق، شەھەر دەريانىڭ شىمالىدا ئىكەن، خەلىپەت بەگ ياللۇغ ئاخاي بىلەن موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامانلىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى، چېدىر تىكىپ مەي - شاراپلار بىلەن مېھمان قىلدى، شۇ يەردە تۇندۇق. دەريا سۈيى ئازلىغاندا، شەرقىي شىمال دەرۋازىدىن شەھەرگە كىردۇق. شەھەر دەريانىڭ قىرغىقىغا سېلىنغانىكەن. كۈز ۋە ياز پەسىللىرىدە دائىم يامغۇر ياغمايدىكەن، شۇ جايدىكىلەر دەريانى راۋانلاشتۇرۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىكەن. سۇلتان تېخى ھالاك بولمىغاندا شەھەردە دائىم تۇرۇشلۇق 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈن بار ئىكەندۇق، ھالاك بولغاندىن كېيىن بولسا ئاران تۆتتىن بىرىلا قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىكەن، ئۇلار ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرمايدىكەن. خەنزۇ، قىتان ھەم تاڭغۇتلارغا قوشۇمچە باشقۇرغۇزىدىكەن. ئۇلارنىڭ مەنسەپدارلىرىمۇ

---

① گېبلىڭ شىمىن يازغان «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن پىرتساكنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

رەڭدار كۆزلۈكلەردىن ئىكەن، خەنزۇ ئۇستىكارلار بىلەن شە-
ھەردە ئارىلاش ئولتۇرىدىكەن، ئىگىزلىكى ئون غۇلاچتىن ئارتۇق
كېلىدىغان بىر تۆپىلىك بار ئىكەن، سۇلتانىنىڭ يېڭى ئوردىسى
شۇ جايدا ئىكەن. گەۋلىيا چوچوجى دەسلەپتە شۇ يەردە تۇردى،
ئۇيغۇرلاردا ئاشلىق كەمچىل ئىكەن، ئوغرى - قاراقچىلار كۆپ
بولغاچقا، ئۇلار بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ،
دەريانىڭ شىمالىغا بېرىپ تۇرىدىكەن. گەۋلىيا چوچوجى بولسا
داۋاملىق بالدۇر تۇرغان جايىدىكى ئوردىدا تۇرۇۋەردى. ... ...
ۋە ئارىلىقتا ئۆزىمۇ بىكار بولۇپ قالغاچقا، مۇنۇ نەزمىنى تۈزدى:
《چىققاندا سەپەرگە چاغى باھار ئىدى، مانا ئەمدى تامام ئەتتۇق
چاغى كۈزدە؛ يەتتى قەدەم ئىزلىرىمىز غەربتە تا شۇل، كۈنگە-
رىلىك شەھىرى ئۇيغۇر ماكانىغىچە. يول بويى كۆرمەي ئەنبىيا
مۇنارىنى، خاسلا كۆرۈپ تالاي - تالاي كولدومىنى؛ ئارقىدا
قالدۇرۇپ كۇرمىلىڭ تاغۇ - دەريانى، بېسىپ ئۆتتۇق نەچچە ئون
مىڭ مۇساپىنى، ... ...》

قاراخانىيلار خانلىقى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن
قۇرۇلغان خانلىق ئىدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئوبيېكتىنىڭ كۆپ
قىسمى قارلۇقلار ئىدى. شۇڭا قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەت مەۋجۇت
ئىدى. بۇنى مىلادىيە 1140 - يىلىدىكى شەرقىي قىسىم قاراخا-
نىيلارنىڭ چوڭ خانى ئىبراھىم بىلەن قارلۇق قاتارلىق مىللەت-
لەردىن تەشكىللەنگەن كۆچمەنلەرنىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا يۈز
بەرگەن زىددىيەت ۋە غەربىي قاراخانىيلار بىلەن قاراقىتانلارنىڭ
ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشىدا، قارلۇقلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن قارشى چىقى-
شىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ زىددىيەتلەر ئەڭ ئاخى-
رىدا بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنىڭ تەڭلا مۇنقەرز
بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردە مۇنداق

بىر تەسەۋۋۇرنى — يەنى بۇ خانلىقنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكىنى قارلۇقلار ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر خانلىق ئىدى، چۈنكى بۇ خانلىقنىڭ خان جەمەتىدىكىلەر جۇڭگونىڭ شىمالىي چۆللۈك رايونىدىن كۆچۈپ بارغاچقا، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە «تابغاچ» (يەنى جۇڭگو) دېگەن نامنى قوللانغانىدى. مەسىلەن، مىلادى 1031 ـ يىلى ئەتراپىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى تاكى ماۋرائۇننەھرگىچە كېڭەيتكەن ئەلى تېگىن ئۆزىنى ماۋرائۇننەھرنىڭ قاغانى دەپ جاكارلىغاندا، تارقاتقان پۇللىرىغا ئۆزىنىڭ نامىنى «تابغاچ بۇغراخان» داپ يازدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىبراھىم ئىبنى ناسىرمۇ ئۆزىنى «تابغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتىغان، ھەمدە تارقاتقان پۇللىرىدا ئۆزىنى بىۋاستە ھالدا «شەرق ۋە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانى»① دەپ ئاتىغانىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ناسىرمۇ ئۆزىنى «شەرق ۋە جۇڭگونىڭ سۇلتانى» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 ـ يىلى يېزىپ چىققان كىلاسسىك داستان «قۇتادقۇبىلىك» نىڭ «نەسرىي مۇقەددىمىسى» دىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ھەسەن ئىبنى سۇلايماننىڭ نامىنىڭ «تابغاچ بۇغراخان» ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى.②

قاراخانىيلار خانلىقى گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يىراق رايوندا قۇرۇلغان خانلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خاندانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن

① «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» 1 توم 367 ـ بەتكە قاراڭ.
② «قۇتادقۇبىلىك» نىڭ 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان، گېڭ شىمىن بىلەن ۋېي سۇيى تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 2 ـ بەتكە قاراڭ.

قويۇق ئالاقە داۋام قىلىپ تۇرغان، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بارغۇ-
چى ئەلچىلەر توختىماي قاتناپ تۇرغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارى-
خى» 490 ـ جىلد «ئۇدۇن تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، بۇ
ھەقتە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«داجوڭنىڭ شياڭفۇ 2 ـ يىل (1009 ـ يىلى) ئۇدۇننىڭ
قارا خانى ئۇيغۇرلاردىن بولغان لاساغۇن قاتارلىق كىشىلەرنى
يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. لاساغۇن
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: 〈يىراق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تەڭرىقۇت
ئالىيلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، ئالىيلىرىغا ئۇزۇن
ئۆمۈر تىلەيمەن، يىراقتىكىلەرگىمۇ باش ـ پاناھ بولغايلا〉 دېدى.
خان ئۇنىڭدىن قانچە ۋاقىت يول يۈردۈڭلار؟ بۇ يەرگە قانچە
چاقىرىم كېلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، لاساغۇت جاۋاب بېرىپ، 〈بىر
يىل ماڭدۇق، كۈندۈزى يول يۈرۈپ كېچىسى دەم ئالغاچقا،
قانچىلىك كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق، بۇرۇن يوللاردا دائىم
بۇلاڭچىلار〉 بولۇپ تۇراتتى، ئەمدىلىكتە گۇاجۇ، شياجۇ ئايماقلى-
رىدىن ئۇدۇنغىچە بولغان يوللار راۋان ئىكەن، يولۇچىلارنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئالىيلىرى ئېلىمىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ،
ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرغايلا دېدى. خان جاۋاب بېرىپ، 〈ئارىلىق
يىراق بولغاچقا، ئەلچى ئەۋەتكەندە ئېلىشلارغا ئاۋارىچىلىق بولى-
دۇ، شۇڭا ئۆز نامىمدىن يارلىق پۈتتۇم، بۇنى ئېلىپ بارسىڭىز،
ئەلچى ئەۋەتكەنگە باراۋەردۇر〉 دېدى.»

ئۇنىڭدىن باشقا، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرى-
لەر» 197 ـ توپلام «ۋاسسالار»نىڭ تۆتىنچىسى، ئۇدۇن دۆلىتى
ماددىسىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«سۇڭ جېنزوڭنىڭ يۈەنيۇ ... ... 2 ـ يىلى (1087 ـ
يىلى) 1ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن:
ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قاراخانى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تارتۇق

قىلغان، بۇنىڭغا قىممىتى بويىچە پۇل بەرگەندىن تاشقىرى، قالغان تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىرى بولسۇن ھەممىسىگە 300 مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام قىلىپ بېرىلسۇن.»

«2- ئاينىڭ 14 - كۈندىكى يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: پۇل قايتۇرۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈەنفېڭنىڭ 8 - يىلىدىكىگە ئوخشاش،① ئالتۇن كەمەر، كىمخاپ تون، بىر يۈرۈش كىيىم - كېچەك، قاچا - قۇچا، پۇل - پۇچەك ئىنئام قىلىپ بېرىلسۇن.»

«سوڭ شياۋشىڭنىڭ ... ... 4 - يىلى (1097 - يىلى) 2- ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەلچى ئەۋەتىلىپ، تارتۇق ئېلىپ كېلىندى. كۇتۇۋالغۇچىلار تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچى قوتلۇقتىن، قاراخانىيلارنىڭ ۋەلىئەھدىسىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بىلگەندە، مەنيۆلەر جىنايەت سادىر قىلغان، باشقا ئامال بولمىغاچقا، قوشۇن ئەۋەتىپ، گەن، شيا، سۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلدۇق دېدى. خان كۇتۇۋالغۇچىلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەلچىلەر ئوردىدىن ئايرىلغان چاغدا، قاراخانىيلارنىڭ خانىنىڭ ساداقىتىدىن بەكلا خۇرسەن بولغانلىقىنى، ناۋادا ئۈچ شەھەرنى ئىشغال قىلالىسا ئېخىمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى.»

ئۇنىڭدىن باشقا «سوڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە يەنە، شېنزوڭنىڭ شىنىڭ، يۈەنفېڭ، شاۋشىڭ ۋە خۇي زوڭنىڭ داگۇەن، شۈەنخې يىللىرى (1068 - 1125) دا ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللار بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى

① يۇقىرىدىكى «سوڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»نىڭ ئۇدۇن ماددىسىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا: «[يۈەنفېڭنىڭ] 8 - يىلى (1085 - يىلى) سېنتەبىرنىڭ 18 - كۈنى ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 18 - كۈنى تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچى خان ئالىيلىرىغا يېمەك - ئىچمەك تەقدىم قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى، يارلىق چۈشۈرۈلۈپ ئىنئام بېرىلدى. نويابىرنىڭ 12 - كۈنى يەنە تارتۇق ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئالاھىدە ئىنئام بېرىلىپ، 1 مىليون يارماق بېرىلدى».

داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ سانىنىڭ نەچچە يۈزمىڭ جىڭغا يېتىدىغانلىقى، سوڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇپ بەر-گەن خىراجىتىنىڭ بىرقانچە يۈزمىڭ يارماققا يېتىدىغانلىقى خاتى-رىلەنگەن. تارتۇق ئۇچۇن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇلاقلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھەر نۆۋەتلىك تارتۇق ئېلىپ كېلىشتە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ سانى 50 ئادەمدىن ئېشىپ كېتەتتى. سوڭ سۇلالە-سى ئوردىسى يەنە ئېلىپ كەلگەن تارتۇق بۇيۇملىرىنى چىنجۇ ئايمىقى (ئورنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ تيەنشۈي شەھىرى) دە سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىغانىدى. تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن چاي سېتىۋېلىپ قايتقاندا، ئۇلار يەنە باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارىغا ئېرىشەتتى.

غەربكە كۆچكەن ئۇچ تارماقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارمىقى (ئادەم سانى كۆكتارتىنىڭ غەربىگە كۆچكەنلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن ئاز) تۇبۇتلەرنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ بارغانى-دى. ئاتالمىش تۇبۇتلەرگە دېگىنى تۇبۇتلەرنىڭ ئەسلى ماكانىغا ئەمەس، بەلكى تۇبۇتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان خېشى ئارىلىقى-نى كۆرسىتەتتى. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 ـ جىلد «ۋاس-سالار، قوشۇمچە ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەن-گەن:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ... ... قالدۇق قوۋملىرى غەربكە كۆچۈپ تۇبۇتلەرگە بەيئەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە تۇبۇتلەر خېشى بىلەن لوڭيۇنى ئاللىقاچان ئىشغال قىلىۋالغاچقا، ئۇيغۇرلار تارقىلىپ ئولتۇراقلاشتى.»

بۇ دەل غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغانى-دى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشى، نوقۇل بۇ ۋاقىتتىنلا باشلانغان ئەمەس ئىدى، ئالاھەزەل مىلادى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (ۋۇزېتيەن-نىڭ دەۋرى) دە، شەرقىي تۈركلەر چوغاي غۇزى تېغىدا قايتا باش

كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى قۇرغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇر قوۋملىرى يېڭىۋاشتىن تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ۋە دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ رايونىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«ۋۇزېتيەنىڭ دەۋرىدە، تۈركلەرنىڭ بەگچور (قاپاغان) قاغانى كۈچەيگەنلىكتىن، تېلىلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئەگىلىۋالدى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن چۇبە، ئىزگىل ۋە خۇن قاتارلىق ئۈچ قەبىلە قوملۇقتىن ئۆتۈپ، گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىغا كۆچۈپ باردى».

دېمەك، ئەمدىلىكتە بۇ (ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن) غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارمىقىنىڭ خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈپ كېلىشى، ئېھتىمال ئۇ جايلاردا ئەسلى ئۇلار بىلەن بىر جەمەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى ماكان تۇتقانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قېتىم غەربكە كۆچۈپ خېشى ئارىلىقىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى كىم؟ يېڭى - كونا «تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەر پۈتۈنلەي مۇجمەل بولسىمۇ، ئەمما «يېڭى تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەرنىڭ باش - ئاخىرىدا سەل ئوخشىماسلىقلار بار. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ باش تەرىپىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«... ... قوۋملىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەزىر سارچۇق ۋە پان تېگىنىنىڭ[1] باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىسى

---

① يېڭى - كونا «تاڭنامە»دە پان تېگىن دېگەن سۆزنى پاڭ تېلى، پاڭ لى پاكى تېلى دەپ تىلغا ئالغان. «تېگىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلى نامى ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، تېلى دېگەن سۆز «تېگىن»نىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە پۈتۈنلەي تۈزىتىپ ئېلىندى.

قارلۇقلار تەرەپكە كەتتى، قالدۇق قوۋملىرى بولسا تۇبۇتلەر بىلەن ئەنشىگە كەتتى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى رايونلار بولۇپ، غەربىي ئايماق ئەتراپى بولۇشى كېرەك).»

ئۇنىڭدا ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«(قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنى توپلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتكەندە) تاغ ئېدىر ۋە ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇۋېلىپ بۇلاڭچىلىق بىلەن جېنىنى ساقلىدى، دەسلەپتە ئۇلار پان تېگىنگە تەۋە ئىدى. بۇ چاغدا پان تېگىن ئۆزىنى ئاللىقاچان قاغان دەپ جاكارلىغان بولۇپ، قوملۇقنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەر ئۇنىڭغا قارايتتى.»

ھالبۇكى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بولسا مۇنداق دېيىلگەن:

«(ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى قىرغىزلار تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كېتىلگەندە) سىرتتا گاڭگىراپ يۈرگەن بىرقانچە جېدىرىدىكىلىرى تاغ ئېدىر ۋە ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئەتراپتىكى ۋاسساللارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇلار ئەنشىدىكى پان تېگىننىڭ كېلىشىنى تەققەززالىق بىلەن كۈتتى. پات تېگىن ئۆزىنى ئاللىقاچان قاغان دەپ جاكارلىغان بولۇپ، قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەر ئۇنىڭغا قارايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، گەنجۇدا ئولتۇراقلىشىپ، ئىلگىرىكىدەك قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.»

بۇنىڭغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، پان تېگىن قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قارلۇقلار (ھازىرقى پامىرنىڭ غەربىدە) نىڭ ئارىسىغا كۆچكەن؛

ئىككىنچى، پان تېگىن ئەنشى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا) دا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان؛

ئۈچىنچى، پان تېگىن گەنجۇ (هازىرقى خېشى ئارىلىقىدا) دا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان.

ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگىلى بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللار بولمىغاچقا، بۇ يەردە پان تېگىننى بىراقلا خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈپ بارغان تارماقنىڭ رەھبىرى ياكى ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىش قېيىن.①

ئۇنىڭدىن باشقا، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا يەنە بىر ئابزاس خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«جىژدې (مىلادىي 756- 757- يىللار) يىلىدىن كېيىن، تۈرگەشلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، سېرىق ۋە قارا تۈرگەشلەر ئۆز ئالدىغا قاغان تىكلەپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ ۋەقە كۆپ سادىر بولغاچقا، ئۇلارغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى. ... ... دالى (766 - ، 779 - يىللار) يىلىدىن كېيىن، قارلۇقلار كۈچىيىپ سۇياب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشتى، بۇنىڭ بىلەن قارا ۋە سېرىق تۈرگەشلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى قارلۇقلارغا بەيئەت قىلدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى قۇبئارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بولسا ئۇيغۇرلارغا بەيئەت قىلدى. ئۇيغۇرلار مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن پان تېلې قارا شەھەردە تۇرۇپ، ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىدى، قالغان قوۋملىرى بولسا ئالتۇن چوققىدا قوغداندى، بۇ ئاھالە 200 مىڭغا يېتىدۇ.»

بۇنىڭدىكى پان تېلېنى ياپونىيە ئالىمى سىبن ئەن شياۋفۇ باشتىكى نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان پان تېگىن دېگەن سۆزنىڭ بۇ-

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە كونا - يېڭى «تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرنى بىر قىلىۋېتىكەن. «قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «... ... پان تېگىن غەربتە ئەنشىگە كەتتى. ئۇيغۇرلار ياۋجىۇ قايسىقىدا جاڭ جوۋۋ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. پانتېگىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، گەنن، شيا، شىجۇ ئايماقلىرىدا تۇردى».

زۇپ ئېيتىلىشى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پان تېگىن باشچىلىقىدىكى ئاشۇ بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، قارا شەھەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇپ، كېيىنچە پۈتكۈل تىيانشان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىغا ئايلانغان؛ تاكى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقساقىلى بۆكە تېگىن مىلادى 866 - يىلى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆز تەسىرىنى غەربتە ئۈرۈمچى، جەنۇبتا تۇبۇت ھەمدە قاراشەھەر رايونىغا كېڭەيتكەندىن كېيىنلا، قارا شەھەر ئاندىن غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بولۇشتىن قالغان دەپ قارايدۇ.① بۇنى قايتا يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھى گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ناھىيىسى) دە ئىدى،② شۇڭا بۇ بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى خېشى ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغانىدى. دەسلەپتە خېشى، لوڭيۇ رايونلىرى پۈتۈنلەي تۇبۇتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغاچقا خېشى ئۇيغۇرلىرىمۇ تۇبۇتلەرگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى، كېيىن خېشى ئارىلىقىدىكى يەرلىك كۈچلەرنىڭ كاتتىبېشى جاڭ يىچاۋ يىجۇ، شياجۇ، گۇاجۇ، سۇجۇ قاتارلىق 11 ئايماق (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ، گەنشى، جيۇچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ ئەتراپى) غا باشچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، خېشى ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ جاڭ

---

① مىن ئىن شياۋفۇ يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 1977 - يىللىق 59 - جىلد 1-، 2 - سانىغا بېسىلغان؛ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» نىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىدىن كۆرۈڭ.

② «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 - جىلد «تۇبۇتلەر ھەققىدە قىسسە» دە «گەنجۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىچاۋغا بەيئەت قىلغاندى. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، توبۇتلەرنىڭ كۈچى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقتىن، خېشى ئۇيغۇرلىرى پەيدىنپەي كۈچىيىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خېجو بىلەن لەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرى ئەتراپى) دىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنى تىزگىنلەپ، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش يولىنى كونترول قىلدى، كېيىن يەنە گۇاجۇ، شىاجۇ قاتارلىق ئايماقلاردىكى جاڭ فېڭ بىلەن ساۋيىجىنىنىڭ يەرلىك كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، گۇاجۇ بىلە شىاجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماق ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونغا ئايلىنىپ، جاڭ فېڭ بىلەن ساۋيىجىنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقى (چۆل تۈركلىرىدىن لى سۇنجۇ قۇرغان ھاكىمىيەت، پايتەختى لوياڭ ئىدى) بىلەن ئالاقە قىلىدىغان بولۇپ قالدى؛ ھەتتا جاڭ فېڭ ئۆزىنى «ئالتۇن تاغنىڭ ئاق يەكتەكلىك تەڭرىقۇتى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر قاغاننى ھۆرمەتلەپ ئاتا دېمەي تۇرالمىغان. فرانسىيىلىك پىللىئوت نەشرگە تەييارلىغان «پارىژ دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

شىاجۇ پۇقرالىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىغا يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن: « ... ... شىاجۇ ئەسلىدە ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئايماق ۋىلايىتى ئىدى؛ مانا ئەمدى قاغان ئالىيلىرىنىڭ جاڭيىدا تۇرۇپ قېلىشى نېسىپ بولغاچقا، ھەممە بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، بىرگە ياشايدىغان بولدۇق. ... ... 26 ـ كۈنى تېگىن قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۆتكەلنىڭ ئىچىگە يېتىپ بارغانىدى. تەڭرىقۇت (ئالتۇن تاغنىڭ ئاق يەكتەكلىك تەڭرىقۇتى) نى چىقىپ تازىمغا كېلىشقا بۇيرۇدى، ھەممە ئۆز ئارا پۈتۈشتى، ... ... قاغان ئاتا، تەڭرىقۇت بالا بولدى. بۇ دېگەنلىك ئىككى جايىمىز يېقىن بولدى دېگەن گەپ، ئەمدى

كىممۇ بۇنىڭغا ئىشەنمىگەي! ... ...». ①

خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى ئىنتايىن كەڭ ئىدى، IX ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، گەنجۇنى مەركەز قىلىپ، غەربتە سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۇەن ناھىيىسى)، گۇاجۇ (ھازىرقى ئەنشى ناھىيىسى)، شياجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ ناھىيىسى) دىن، شەرقىي جەنۇبتا لياڭجو (ھازىرقى ۋۇۋېي ناھىيىسى) دىن، لەنجۇ (ھازىرقى لەنجۇ شەھىرى)، چىنجو (ھازىرقى تيەنشۇي شەھىرى) غىچە، شەرقىي شىمالدا خېلەنشەن تېغى (ھازىرقى نىڭشيانىڭ چېگرىسى ئىچىدە) غىچە، غەربىي شىمالدا ھازىرقى ئېجىنا دەرياسىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار ماكانلاشقانىدى.② شۇڭا سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خوڭ خاۋ «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىردە مۇنداق يازغانىدى:

«گەن، لياڭ، گۇا، شيا ئايماقلىرىدا ئۇيغۇرلار بار، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ھەممىلا جايىنى قاپلىغان».

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۇيغۇرلار تارقالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىلىك دەرىجىدە بولسىمۇ ئورنىتىلغانىدى. گەنجۇ قاغانىنىڭ بارگاھى ئورنىتىلغان جاي بولغانلىقتىن تاشقىرى، خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى ئىدى، بۇنداق بولغانلىقتىن ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھېچكىم ھۆكۈمرانلىق قىلمايتتى؛ لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرى خېجۇ بىلەن لەنجۇنى كونترول قىلغانلىقتىن كېيىن، خېجۇ بىلەن لەنجۇنىڭ غەربىدىكى لياڭجۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى تەبىئىي ئىدى. گۇاجۇ

① ۋاڭ جوڭمىن يازغان «ئالتۇن تاغ بەگلىكىگە ئائىت كىمتۇڭ ۋەسىقىلىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «بېيپىڭ كۇتۇپخانا مەجمۇئەسى» نىڭ 9 - جىلد 6 - سانىغا بېسىلغان.

② «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 48 - جىلدىتىن 86 - جىلدكىچە بولغان «تائفۇت تەزكىرىسى»، 490 - جىلدىتىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «ئوۋدۇن تەزكىرىسى» بىلەن «سوڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما، چېگرا زېمىن» 21- «ۋاسسالار» 4، 5، 7- گە قاراڭ.

بىلەن شياجۇنىڭ ئەھۋالى بولسا سەل ئوخشاشمايتتى، چۈنكى مەزكۇر رايون ئەسلى جاڭ جەمەتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، جاڭ جەمەتىدىن كېيىن ساۋجەمەتىگە مەنسۇپ بولغانىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار گەرچە بۇ ئىككى ئايماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بەش دەۋرگىچە جاڭ جەمەتى بىلەن ساۋ جەمەتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، يەنىلا شەھەرنى قوغداپ كەلگەنىدى، ئۇيغۇرلار بولسا پەقەت ئوتلاقلاردىلا مال باققانىدى. بۇ ھال «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 - جىلد «تۆت ئەترايىتىكى ۋاسساللار قوشۇمچە 3 . توبۇتلەر ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان ئاتالمىش «ئۇيغۇرلار ··· ··· ئايرىم-ئايرىم ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنى ئىدارە قىلمىدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

سۇجۇ ئايمىقىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغانلىقى توغرىسىدا تارىخنامىلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن لياۋشېڭزۇڭنىڭ تۇڭخې 28 - يىلى (مىلادىيە 1010 - يىلى) لياۋ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى سۇتۇيۇ قوشۇن بىلەن مەزكۇر ئايماققا ھۇجۇم قىلغاندا، گەرچە ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىم بولغان بولسىمۇ، ئەمما لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇ جاينى ئىشغال قىلمىغانىدى.① شۇڭا تاكى گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنلا، مىلادى 1035 - يىلىدىن باشلاپ، تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغانىدى.

خېجۇ بىلەن لەنجۇنىڭ شەرقىدىكى خېلەنشەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 15 - جىلد «شېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» 6 بەتتىن 93 - جىلدىكى «سۇتۇيۇنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

ئورناتقانىدى، بۇنى مەزكۇر جايدا تېگىن، تۇتۇق ۋە سەييارە ئامبال قاتارلىق مەرتىۋە ۋە ئەمەل ناملىرىنىڭ بولغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، مەزكۇر رايونىنىڭ ئارىلىقى گەنجۇدىن خوپلا يىراق بولغاچقا، قاغان ئوردىسىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان تىزگىنى بوشراق ئىدى، شۇڭا تارىخنامىلەردە شىمالىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تارتۇق ئەۋەتىشمۇ، گەنجۇ قاغان ئوردىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى.

بۇ ھەقتە تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇق بېگى شى رېنجىڭ، ۋەلىئەھدىسى مېلو بىلەن مياۋنۇ، خۋاڭشۇيدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەييارە ئامبىلى يۈدۈ قاتارلىقلار ھەممە خىلەنشەن تېغى ئېتىكىدە تۇرۇشلۇق، بىر تۇتاش باشقۇرۇشتا بولمىغان قوۋملىرىمۇ كۆپ قېتىم شۇ جايدىن تارتۇق ئەۋەتتى» .①

بۇ دەل خوڭ خاۋ يازغان «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» دا تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇرلار ··· ··· تۆت ئايماق (گەن، لياڭ، گۇا، شيا ئايماقلىرىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ سىرتىدىكى جايلارغا ماكانلاشقان، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان بولۇپ، ئايرىم ئاقساقاللىرى بار» دېگەن ئۇيغۇرلاردۇر. شۇڭا، خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلار، ئۇيغۇرلارنىڭ تارقالغان رايونلىرىغا قارىغاندا سەل كىچىك ئىدى. ئومۇمەن شەرقتە خۋاڭخېدىن، غەربتە گۇاجۇ بىلەن شياجۇغىچە، جەنۇبتا چىلەنشەندىن، شىمالدا چوڭ قۇملۇققىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرى ئىدى، يەنى بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىپ باشقۇرالايدىغان دائىرىسى ئىدى. شۇ سە-

① ② «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

ۋەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى ساۋفاڭتوڭ سۇڭ جېنزوڭغا: «[ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلكىدىكى زېمىنلار] شەرقتە خۇاڭخېدىن غەربتە قارلىق تاغقىچە بارىدۇ، ئۇنىڭ بىر قانچە يۈز كىچىك ئايماق ـ كەنتلىرى بار»② دېگەنىدى.

خېشى ئارىلىقىنىڭ يېرى مۇنبەت، سۇ ۋە ئوت - چۆپى ئەلۋەك بولغاچقا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلەتتى، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان توخرى، ئۇسۇن، ھۇن قاتارلىق كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايى بولۇپ كەلگەنىدى، كېيىن خەن ۋۇدى خېشى ئارىلىقىدا تۆت ئايماق (ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭ)نى تەسىس قىلغاندا، دېھقانچىلىقمۇ مەزكۇر رايونلاردا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارمۇ كۆچمەن مىللەت ئىدى، غەربكە كۆچۈپ، خېشىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەكلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشى تەبىئىي ئىدى، ئەمما خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونى بولۇشى سەۋەبلىك، بارا ـ بارا دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋالدى ھەمدە يېرىم دېھقانچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىققا قاراپ ئۆتتى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، گەنجۇدىن قۇتاز، كۆك ياۋا كالا، بىر لوكىلىق تۆگە چىققاتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇغداي، يالغاچ ئارپا، پۇرچاق، كۆك لوبۇ ئۆستۈرۈلەتتى، «يۈك تۆگىلىرى بىلەن يەر ئاغدۇرۇلغانىدى»، ①بۇنىڭدىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خېشى ئۇيغۇرلىرى بولۇپمۇ مەركىزىي رايوندىكى گەنجۇ ئۇي-

---

① «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 ـ جىلد «تۆت ئەتراپتىكى ۋاسساللار قوشۇمچە 3. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.

غۇرلىرى، غەرب ـ شەرق قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەنلا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارماستىن، غەربىي يۇرت بىلەنمۇ داۋاملىق ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى، ھەتتا غەربتىكى پېرسىيە، ئەنەتكەك، رۇم قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇراتتى.①

خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇرلار كۆپلەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بېرىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بۇ ھەقتە خوڭ خاۋ يازغان «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بارا ـ بارا ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى، ... ... گەن، لياڭ، گۇا، شيا ئايماقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرى بار، كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلارغا بەيئەت قىلدى. ... ... ئۇلاردىن خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر يەنە زېمىندا سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار يۇڭ تۆگىلىرى بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكەندە، تاڭغۇتلار تۇپلىشىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتەتتى، سودىگەرلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرايتتى. ئۇيغۇرلار ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى پەرق ئېتىشكە ماھىر ئىدى، ئادەتتە ۋاسىتىلار بەلەن خەنزۇلارنىڭ بازارلىرىدا ئۇلارنىڭ دەللاللىرى ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە باھا بولمايتتى.»

خېشى ئۇيغۇرلىرى X ئەسىردىن كېيىن، فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا گەنجۇ بىلەن

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 6 ـ جىلد بىلەن 8 ـ جىلدتىكى «چىڭزوڭ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» 972 ـ جىلد، «سوڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما چېكرا ـ زېمىن» 21 گە قاراڭ.

ئېجىنا دەرياسى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسىسى بىر قانچە قەبىلىگە بۆلۈنگەنىدى، ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا «ئاقساقال» دەپ ئاتىلىدىغان فېئودال خوجىلىرى بار ئىدى، خوجىلارنىڭ بولسا ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق يەرلىرىدىكى «تۇتۇق-لەر»نى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى.①

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋاللا خەنزۇلارنىڭ سىيا-سىي بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە ۋەزىر، تۇتۇق، سانغۇن، ئەمرى مىمار قاتارلىق ئەمەل ناملىرى بار ئىدى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋەزىر، تۇتۇق دېگەن ئەمەللەر داۋاملىق بولغاندىن سىرت، يەنە مۇراسىم بەگ، زوراغا قاتارلىق ئەمەل ناملىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى.②

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن ئالىلىقاچان شەھەرلە-شىشنى باشلاپ، يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قاراپ ماڭغانىدى، غەربكە كۆچۈپ گەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىگىلە-كىدىن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىققا ئۆتۈشكە ئەگە-شىپ، تەبىئىي ھالدا ئولتۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا تارىخنامىلەردە «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى دائىم سارايدا تۇ-راتتى»③ دەپ خاتىرىلەنگەنىدى.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، گەنجۇ ئۇي-غۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە، ۋەزىر قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، باش كىيىمىنى ئېلىۋېتىپ، چاچلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئاندىن كۆرۈشەتتى. ئاياللار چاچلىرىنى تاراپ، بەش - ئالتە سوڭ ئېگىز قىلىپ ئۆرۈۋېلىپ، قىزىل لېنتا بىلەن چېگىۋالات-

---

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
② «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ.
③ «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

تى، ياتلىق بولغاندا بولسا كېگىز تەلپەك كىيىۋالاتتى.① ئۇنىڭ-
دىن باشقا تارىخنامىلەردە يەنە ئاياللارنىڭ كۆك كىيىم كىيىدىغان-
لىقى، كىيىمىنىڭ شەكلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر كىيىدىغان
ئۇزۇن چاپانغا ئوخشايدىغانلىقى، بېشىغا نېپىز كۆكۈچ تور ئارتى-
ۋالىدىغانلىقى، تور بەكلا نېپىز بولغاچقا، ئادەتتە چىرايىنى ئې-
نىق كۆرگىلى بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.②

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن مانى دىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاللىبۇرۇن تارقىلىپ كىرگەنىدى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بولسا بۇ دىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا يەنە داۋاملىق تارقالدى. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر بار:

كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ خانى مىڭزوڭنىڭ تيەنچىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 929 - يىلى) ئۇيغۇرلار ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مانى دىنى ئۇستازىنى دەپنە قىلدى؛ مىندىنىڭ يىڭشۈن تۇنجى يىلى (934 - يىلى) باھار 1- ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ئەلچىلىرىدىن مانى دىنىنىڭ راھىبلىرىدىن سەككىز كىشى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كەلدى؛

كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقىنىڭ خانى تەيزۇنىڭ گۇاڭشۈن تۇنجى يىلى (951 - يىلى) باھار 2- ئايدا ئۇيغۇرلار ئەلچى ئەۋەتتى، ھەمدە مانى دىنىنىڭ راھىبلىرى قاشتېشى تارتۇق قىلدى؛ يېلان يىلى ئۇيغۇرلار يەنى مانى راھىبلىرىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.③

بۇنىڭدىن بەش دەۋر مەزگىلىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئار-

---

① «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② خۇاڭ خاۋ يازغان «دەشت جۇل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم»غا قاراڭ.
③ «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 11 - جىلد «جۇتەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»گە قاراڭ.

سىدا مانى دىنىنىڭ داۋاملىق تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا جايلارغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ داۋاملىق مانى دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانىدى. مەسىلەن، تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 842 - يىلى) خۇەيخۇا ئايمىقىنىڭ ئىنانچىخانلىق ئوتۇغاتەغا ئېرىشكەن ئونمۇش (تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئىسمى لى سىجوڭ) نىڭ نەۋرىسى لى يەنتۇ، تاڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جەمەتىدىكى قالدۇق قوۋملىرىنى ئېلىپ، كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ خانى تەيزۇ (جۇۋېن) غا بەيئەت قىلغاندا، تەيزۇ ئۇنىڭغا بىر يۇرۇش قورۇ - جاي ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى، لى يەنتۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئۇنىڭغا قورۇ جايىنىڭ يان تەرىپىگە مانى دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن بىرنى ياسىتىپ بەرگەنىدى، لى يەنتۇ كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تيەنجىڭ 4 - يىلى (929 - يىلى) ياز 4- ئايغا كەلگەندە ئۆلگەنىدى.①

XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنى روناق تېپىشقا باشلىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، سوڭ جېنزوڭنىڭ جىڭدې 4 - يىلى (مىلادىيە 1007 - يىلى) قاغان ياغلاقار راھىب دى داچىڭنى سوڭ سۇلالىسىگە ئارغىماق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئاستانىدا ئىبادەتخانا قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.② بۇ ھەقتە خوڭ خاۋ ئۆزىنىڭ «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئادەملەرگىچە ئومۇملاشقان، ئۇلار ياسىغان بۇت ھەيكەللىرىمۇ ناھايە-

---

① «كىتابلار جەۋھىرى» 976 - جىلدقا قاراڭ.
② «سوڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» 4.

تى ئوبرازلىق ئىدى. ھەر قېتىملىق پەرز بايراملىرىدا ئۇلار قوي
ئۆلتۈرۈپ ياكى ئېچىتىلغان مەيزاپلار بىلەن بۇت ھەيكەللىرىنىڭ
يۈزلىرىنى قىپقىزىل بوياپتى. ئۇلار بۇددا تاۋاپ قىلغاندا،
مەدھىيە ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇددا بولغان ئېھتىرامىنى بىلدۈ-
رەتتى. راھىبلىرى نوم تەپسىر قىلغاندا، ئۇچىسىغا كاساپا ئار-
تىپ، ئەنەتكەك تىلىدا دۇرۇت ئوقۇيتتى».
يايونىيە ئالىمى خانىدا تورۇنىڭ دېيىشىچە، دونخۇاڭ مىڭ
ئۆيلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى-
نىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىنى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن ئوقۇش
ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى.[1] ئۇنداق بولغاندىن ئەينى ۋاقىتتىكى
گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن خەنزۇ مەدە-
نىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشقانلىق تەرەپلىرىمۇ بار دېگەن بولىدۇ.
خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەش دەۋردە ئۆتكەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى ھەرقايسى پادىشاھلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىن-
تايىن قويۇق ئىدى، دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلات-
تى، ھەمدە بەش دەۋردىكى ھەرقايسى پادىشاھلىقلار بەرگەن ئوتۇ-
غات ۋە ئىنئاملارنى قوبۇل قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئول-
چان» نامى ۋە شەكلى ئارقىلىق، سودا پائالىيىتى ئېلىپ باراتتى.
تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر
ئۇچرايدۇ:
«بەش دەۋر مەزگىلىدە گەنجۇ بىلەن غەربىي ئايماقتا تۇرۇپ
قالغانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە قىلىشتا سىناق نەزەرىدە
قاراپ، بىرقانچە يىلنى ئارىسالدىچىلىقتا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى،
ئەمدىلىكتە ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى ئاغا، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكىلەر بولسا ئۇلارنى جيەنىمىز دەپ ئاتىشىدىغان بولۇۋې-

[1] خانىدا تورۇ يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئوچېرىكلار» (1934 - يىل شاڭخەي سودا نەشرىياتى نەشرى، جېڭ يۇەنفاڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخا 87- بەت) گە قاراڭ.

لىشتى». ①

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئاۋۋالقىدەكلا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغانىدى. تەيزۇ (جاۋكۇاڭيىنىڭ) تەختتە ئولتۇرغان 2- يىلى (جيەنلوڭنىڭ 2 - يىلى، مىلادىيە 961 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى جىلىڭ چيۇڭ دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ ئارتۇق تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەيزوڭ، جېنزوڭنىڭ دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلار ئۈزۈلدۈرمەي ئارتۇق ئەۋەتتى، ئەۋەتكەن ئارتۇق بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىدە ئارغىماق، ئېسىل قاشتېشى، تۆگە، پولات، شەمشەر، ئەينەك قاچا قاتارلىقلار بار ئىدى، ئەمما سۇڭ سۇلالىسىمۇ قائىدە بويىچە كۆپ مىقداردا ئىنئام بېرىش بىلەن بىرگە، ئارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرگە مەرتىۋە ئۇنۋانىنى بەرگەنىدى. ②

X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۇڭ، لياۋ دېن ئىبارەت ئىككى سۇلالىنىڭ تىركىشىشىدىن سىرت، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىدە تاڭغۇتلارنىڭ كۈچى باش كۆتۈرۈپ چىقتى، مىلادىيە 1038- يىلىغا كەلگەندە لى يۈەنخاۋنىڭ باشچىلىقىدا «غەربىي شيا» ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، شىڭچىڭنىڭ مەھكىمىسى (ھازىرقى نىڭشيانىڭ يىنچۈەن ناھىيىسى) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنىدى.

تاڭغۇتلار ئۇيغۇر، تۈبۈت ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولغاچقا، سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جەزمەن ئۇيغۇرلارنى يوقىتىپ،

---

① «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن. ئۇنىڭدىن سىرت «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىمۇ «دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق مەلىكە ياتلىق قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى ئاغىمىز، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بولسا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى جيەنىمىز دەپ ئاتىشاتتى. بەش دەۋردىن كېيىن بۇ ئىش يەنە قوللىنىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

تۇبۇتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئاقساقىلى لى جىچيەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، خېلەنشيەنىڭ غەربىي، لوڭيۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتى ھەممە خۇاڭخېنىڭ شەرقىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان «ۋاسسالار» (خېلەنشيەن تاغلىق رايونىغا تارقىلىپ جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) نى بويسۇندۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، مىلادىيە 1001 - يىلىدىن باشلاپ، ھۇجۇم نىشانىنى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ رايونىغا قاراتتى. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«باۋجىنىڭ دەۋرى (يەنى لى جىچيەن بولۇپ، سوڭ تەيزوڭنىڭ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن نامى) دە تاڭغۇتلار شى خې دەرياسى بويىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇلار غەربتە تۇبۇتلەرنىڭ ئارغىماقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شىمالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يارالىق ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئاندىن جەنۇبقا باستۇرۇپ بېرىپ، مال-پادىلىرىنى شۇ يەردە باقماقچى بولدى».①

بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى، قاغان لۇشىڭ دەرھال مۇھىم ۋەزىر، سەييارە ئامبال ساۋفاڭتوڭنى سوڭ سۇلالىسىگە تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ، سوڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، لى جىچيەنگە قارشى تۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ساۋفاڭتوڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ چېگراسى شەرقتە خۇاڭخېدىن غەربتە قارلىق تاغقىچە بارىدۇ، قارىمىقىدا بىر قانچە يۈز كىچىك ئايماق ۋە كەنت بار، قوشۇنلىرىمىز خىل ۋە يارالىق، پادىشاھنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، لى جىچيەننى تۇتۇپ سوۋغا قىلىشقا قوماندانلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەنىدى.② بۇ مەزگىلدە سوڭ سۇلالىسى كۆپ قېتىم قوشۇن

---

① «تاڭغۇتنامە» سوڭ جىنزوڭنىڭ شيەنپىڭ 4 - يىلىدىكى ماددىسى.
② «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

چىقىرىپ لى جىچيەنگە جازا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ غەلىبىگە
ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، تائغۇتلار رايونىغا قارىتا ئىقتىسادىي قامال
(ئاشتۇزىنى تائغۇتلار رايونىغا توشۇشنى مەنئىي قىلغانىدى)
يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنىدى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنى
ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق تائغۇتلارنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. شۇ
سەۋەبلىك سوڭ جىنزوڭ قايتا ـ قايتا يارلىق چۈشۈرۈپ «ئەلچى
ئەۋەتىشنىڭ ئېخىمۇ ھاجىتى يوق، ھەممە ئىشتا قاغاننىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشىدەك بولسۇن» دەپ قاغاننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا بول-
غان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى بىلەن قاغانغا
بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاغانغا
قاچا ـ قۇچا، كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىپ، ماددىي جەھەتتە
ياردەم بەرگەنىدى. بولۇپمۇ ساۋغاتتوڭغا ئالاھىدە ئوتۇغات نامى
بولغان سول قول خىسلەت قۇچقۇچى ئۇلۇغ سانغۇن دېگەن مەرتى-
ۋىنى بەرگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، تائغۇتلار-
غا قارشى تۇرۇشى، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەھدىتتىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتى-
كى پايدا ئۈچۈنمۇ ئىدى. چۈنكى، تائغۇتلار باش كۆتۈرۈپ چىق-
قاندىن بۇيان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە تارتۇق ئېلىپ بارىدىغان
ئەلچىلەر بىلەن ئۇلار ئېلىپ ماڭغان مال ـ مۈلۈكلەر دائىم بۇلاپ
كېتىلگەچكە، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارىدىغان سودا يولى توسى-
لىپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«دەسلەپتە، [... ... گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى] ھەر قېتىم
ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلغاندا، جاۋدېمىڭ تەرىپىدىن
بۇلاپ كېتىلەتتى» (جاۋ دېمىڭ لى جىچيەننىڭ ئوغلى لى دېمىڭ
بولۇپ، سوڭ تەيزوڭنىڭ دەۋرىدە لى جىچيەننىڭ ئاكىسى لى

جىپپىڭغىمۇ جاۋ دېگەن قامىلە ھەدىيە قىلىنغانىدى).①

يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«داجۇڭنىڭ شياڭفۇ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 1016 ـ يىلى) جاۋدېمىڭ سۇ شۇشىننى لياڭجۇ ئايمىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ 7 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى، 5 مىڭدىن ئارتۇق مىنىك ئېتى بار ئىدى، ۋاسسالار ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارتۇق تەقدىم قىلىدىغان يولىمۇ پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالدى.»②

سوڭ سۇلالىسىنىڭ داجوڭ شياڭفۇ يىللىرى (مىلادىيە 1008ـ 1016ـ يىلى) دا ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بەش قېتىم چوڭراق ئۇرۇش يۈز بېرىپ، تاڭغۇتلار بەش قېتىمقىسىنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغانىدى.③

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزىدە ئۇرۇش بولۇپ تۇردى، ئارىلىقتا لياۋ سۇلالىسى بىلەنمۇ توقۇنۇشۇپ قالغان بولسىمۇ، خېشى ئارىلىقىنى ساقلاپ قالالىغانىدى، بىراق تاڭغۇتلار لى دېمىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن سوڭ ۋە لياۋ سۇلالىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتكەچكە، ئىچكى جەھەتتە كۈچى ئاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا سوڭ رېنزوڭنىڭ تيەنشىڭ 6 ـ يىلى (1028 ـ يىلى، دېمىڭنىڭ 26 ـ يىلى) لى دېمىڭ ئوغلى يۈەنخاۋنى قوشۇن بىلەن گەنجۇغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، گەنجۇ شەھىرى تۇيۇقسىز قولدىن كېتىپ، قاغان ياغلا-

---

① «ئەدلىيە ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» 76 ـ جىلد.
② «ئەدلىيە ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» 88 ـ جىلد.
③ «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەدلىيە ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» 88 ـ جىلدقا قاراڭ.

قار توڭشۇن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، يۈەن خاۋ شەھەرنى قوشۇن تۈرغۇزۇپ قوغدىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولدى. كېيىن يۈەن خاۋ يەنە داۋاملىق لياڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ جايىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار يەككە - يېگانە قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچى يەتمەي، شەھەر قولدىن كەتتى، سوڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭيو 3 - يىلى (1036- يىلى) يۈەن خاۋ يەنە گۇا، شىيا، سۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە خېشى ئۇيغۇرلىرى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلدى. ھەر قايسى ئايماقتىكى ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاڭغۇتلارغا بەيئەت قىلغاندىن سىرت، بىر قىسمى چىڭتاڭ (ھازىرقى چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرى)① دىكى تۇبۇتلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ باردى، قالغان قىسمى بولسا تاغ - ئورمانلىقلارغا تاراپ كېتىپ، ئاخىرىدا كىمگە تەۋە بولغىنىنى بىلگىلى بولمىدى.②

قىسقىسى، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان كۆرشى 30 يىل (1001 - 1036) دىن ئارتۇق داۋاملاشقانىدى، 840 - يىلى غەربكە كۆچكەندىن تاكى گەنجۇ قولدىن كەتكىچە، ھاكىمىيىتى 200 يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ، جەمئىي ئون قاغانىنىڭ دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى:

(1) پەزىلەتلىك تۆھپىكار قاغان پان تېگىن (؟)، تاڭ شۈەنزوڭنىڭ دەۋرى (847 - 859) دە ئۇتۇغات نامى بېرىلگەن؛③

(2) ئادالەت قۇچقان قاغان رېنمېي (ئەسلى ئىسمى ئۇماي

① سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ ساۋ يازغان «چىڭتاڭ خاتىرلىرى» دە: «چىڭتاڭ شەھىرى جىنخۇاڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كەڭلىكى 20 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن.
② «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 492 - جىلدكە قاراڭ.
③ «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامىغا قاراڭ.

قۇتلۇق)؛①

(3) ئىتائەتمەن قاغان، بەيئەت قىلغان قاغان رېن يۈ (ئەسلى ئىسمى تېگىن ئاتا)؛②

(4) قاغان جىڭ چيۇڭ؛③

(5) قاغان ياغلاقار مەڭلىك؛

(6) قاغان لۇشىڭ؛

(7) قاغان ياغلاقار؛

(8) قاغان ياغلاقار؛

(9) قاغان ياغلاقار بەيئەنچى، توققۇز بۇيرۇقنىڭ قوۋملىرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان؛

(10) سادىق ئىتائەتمەن قاغان ياغلاقار توگشۇن، سوڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ تۇنجى يىلى (1023 - يىلى) ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئوتۇغان نامى بېرىلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خېشى ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلارغا تەۋە بولدى، 1227 - يىلى تاڭغۇتلار موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقۇتۇلغاندا خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە موڭغۇللار تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىندى.

غەربكە كۆچكەن ئۈچ تارماقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە بىر تارمىقى ئەنشىگە كۆچۈپ بارغانىدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانىنىڭ قانچىلىكلىكى، تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەنمىگەنىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ تارماقتىكى ئۇيغۇرلارنى پان تېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىدىن باشقا قالدۇق قوۋملار دەپ كۆرسىتىلگەن، لېكىن كېيىن غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىرى سوڭ شېنزوڭ-

---

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ.

② «كىتابلار جەۋھىرى» 967 - جىلدتا رېن يۈنىڭ ئەسلى ئىسمى «دىيىن زۇي ئادزىۋە» دەپ تىلغا ئېلىنغان. دىيىن ئەسلى نامى يەنى تېگىننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلى ئىسمى ئاتا ئىدى، بۇنىڭدا دىيىن سۆزىنىڭ ئالدىرىدىكى «卒»، خېتى ئارتۇق، شۇڭا چىقىرىۋېتىلدى.

③ قاغان جىڭ چيۇڭنىڭ ئۆۋەندىكىلىرىنى «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

نىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، ئۆزلىرىنىڭ قوۋمـ لىرىنىڭ نوپۇسىنى تىلغا ئېلىپ، «300 مىڭ نوپۇس، 200 مىڭ يارامىلىق ئەسكەر»①بار دېگىنىدىن، بۇ تارماقتىكى ئۇيغۇرـ لارنىڭ دەسلەپ غەربكە كۆچكەن مەزگىلدە، نوپۇسىنىڭ ئاز ئەـ مەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«گەنشى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى ئىدى، شۇڭا ئاتالمىش گەنشىگە كۆچۈش، گەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمەـ قىدىكى رايونلارغا قارىتىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى غەربىي ئايماق ئىدى، ئەمما غەربىي ئايماقنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قوچۇ (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ناھىيىسى) بولغاچقا، شۇڭا بۇ بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار ئادەتتە غەرـ بىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ياكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغانىدى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان گەنشى ۋە بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى (گەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى دەسلەپ يارغول شەھىرىدە ئىدى، كېيىن كۇسەنگە كۆچۈرۈلگەن؛ بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى جىمىساردا بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمىسار ناھىيىسىدىكى خۇباۋزىدا ئىدى)، دەيزوڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (مىلادىيە 762 ـ 779 ـ يىلى) تۇبۇتلەر خېشى بىلەن لوڭيۇنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى، شۇڭا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ ئىزچىل قايتۇرۇۋېلىنمىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 ـ يىلى

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «شىنزوڭنىڭ تۇنجى يىلى ئۇيغۇرلار تارتۇق ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ شىنزوڭ ئۇلاردىن دۆلىتىڭلاردا قانچىلىك نوپۇس بار؟ دەپ سورىغان، ئۇلار 300 مىڭ دەپ جاۋاب بەرگەن. پادىشاھ يەنە ئەسكەرلىككە يارامىلىقلىرى قانچىلىك؟ دەپ سورىغان. ئۇلار 200 مىڭ دەپ جاۋاب بەرگەن» دېيىلگەن. بۇ ۋەقە مەزكۇر «قىسسە»دە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىسىقىدىكى ۋەقە قىلىپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى سوڭ رېنزوڭنىڭ تيەنشېڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 1028 ـ يىلى) ئاللىقاچان تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەچكە، شۇڭا سوڭ شېنزوڭنىڭ شىنىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1068 ـ يىلى) دا سوڭ سۇلالىسىگە قايتا تارتۇق ئەۋەتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارتۇق ئېلىپ بارغان ئەلچىلىرىگە قارىتىلغان بولۇشى كېرەك.

غەربكە كۆچۈپ، غەربكە ئايماققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىن تاكى 865 - يىلىدىن ئاۋۋالغىچە، ئاساسەن تيانشاننىڭ شىمالىغا ئورۇنلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىق تۇبۇتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنغاچقا، ئۇيغۇرلار كىرىپ ئورۇنلىشىشقا ئامالسىز ئىدى. پەقەت تاڭ رۈيزوڭنىڭ شيەنتوڭ 7 - يىلى (866 - يىلى) باھاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بۆكە تېگىن تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، لۇنساڭرا (تۇبۇت خاندانلىقىدا ئاتامانلار «لۇن» دەپ ئاتىلاتتى، ساڭرا بولسا ئەسلى ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ) نى ئۆلتۈرۈپ، بېشبالىق، غەربىي ئايماق، لۇنتەي (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بۇگۇر ناھىيىسى) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي ئايماق ئەترابى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىشكە باشلىدى.① لېكىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋاسسالارنىڭ تەپرىقىچىلىكى تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ئايماق بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى خېشى ئارىلىقى ئايرىپ تۇرغاچ (كېيىن تاڭغۇتلار مۇشۇنداق قىلدى) قا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارتۇق ئېلىپ بارغۇچى ئەلچىلەرنىڭ يولى توسۇلۇپ قالغانىدى.② شۇڭلاشقا بەش دەۋر مەزگىلىدە غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋا-

① «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى بىلەن «گەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 250 - جىلد، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنتوڭ 7 - يىلى باھار 2- ئايدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

② «گەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 279 - جىلد كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭتەي تۇنجى يىلى كۈز 7- ئايدىكى ماددىسىدا: «[غەربىي ئايماق] تىكى ئۇيغۇرلاردىن تارتۇق ئېلىپ كەلگۈچىلەر كۆپ قېتىم خېشىدىكى ئارىلاشما قوزلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەچكە، پادىشاھ سانغۇن نيۇجىرونى مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى قوغداپ ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا، ھەمدە بىنجو ئايىمىقىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرگە ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارتۇق ئېلىپ بارغان ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچە توسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لىدىن ناھايىتى ئاز خەۋەر تاپقانىدى. تاكى شىمالىي سوڭ سۇلالى-
سى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا،
غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى تەيزوڭنىڭ جيەنلوڭ 3 ـ يىلى (962
ـ يىلى) ياز 4- ئايدا ئاتا تۇتۇق قارلىقلارنى يەرلىك مەھسۇلاتلار-
نى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 ـ يىلى
(981 ـ يىلى)، سوڭ تەيزوڭ تەمىنات بېگى ۋاڭ يەندىنى
قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىشقا ئەۋەتتى، ۋاڭ يەندى يوشىنىڭ تۇنجى
يىلى (984 ـ يىلى) قايتىپ كېلىپ، «قوچۇغا ئەلچىلىككە بې-
رىش خاتىرىسى»نى يازدى،[1] شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى زاتلار غەربىي ئايماقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى
توغرىسىدا بىرقەدەر ئاۋۇن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇرلار قوچۇ ئەتراپىدا مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدىن كېيىنلا، ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانىدى، بۇ ھەقتە «سوڭ
سۇلالىسى تارىخى قوچۇ تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇل-
غان:

«قۇجۇ ... ... تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرىدا، خۇ-
جۇنجى تەرىپىدىن تىنجىتىلغاندىن كېيىن، بۇ جاي غەربىي ئايماق
دەپ ئاتالغان، ئۆكلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى (755 ـ 763)
دا قولدىن كېتىپ، قوچۇ دۆلىتى قايتا ئەسلىگە كەلگەن ۋە
يەرلىكلەرنىڭ تىلىدا قوچۇ دەپ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان، كې-
يىن بۇ جاي پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەچكە، يەنە
ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرى دەپمۇ ئاتالدى.»

بۇ ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ
كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 ـ جىلد
«بارچۇقئارتېكىننىڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق دېيىلگەن:
«بارچۇقئارتېكىن ئىدىقۇت بولۇپ، ئىدىقۇت دېگەن قۇچۇ

---

[1] «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» بىلەن «سوڭ سولالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاتىلىشىدۇر. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلىرىدا ئولتۇراقلاشقان (يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان، بۇ يەردە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ)، ئۇ جايدا قارا قۇرۇم دېگەن بىر تاغ بار، تاغدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىپ تۇرىدۇ. [... ... رىۋايەتلەردىكى ئەجدادى] بۆگۈخان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ناھايىتى باتۇر بولغاچقا، ئۇنىڭ خەلقى ئۇنى گۈزەل-رىگە پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. 30 دىن ئارتۇق پادىشاھنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ، ئورۇن تېگىنىنىڭ دەۋرىگە كەپتۇ. ئورۇن تېگىنمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر قانچىلىرىمۇ تەختكە چىقىپ، ئۇلارمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار داۋاملىق جاۋجۇغا كۆچۈپ بېرىپ تۇ-رۇپتۇ، جاۋجۇ يەنى قوجودۇر. ... ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا 170 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولۇپتۇ.»

دېمەك، بۇنىڭدىن مىلادى 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارمىقىنىڭ قوچۇ ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىشىنىڭ ھەرگىز تاسادى-پىي ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (مىلادى-يە X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى)؛ غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوۋملىرى كۆسەنگىچە بولغان جايلارغا تارقالغانىدى. شەرقتە خېشىدىن غەربتە كۆكتارتقىچە، جەنۇبتا ئۇدۇنغىچە، شىمالدا تىيانشانغىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلغانىدى. ئۇلار بۇ جايلاردا قوچۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، قوچۇ شەھرى (يەنى قوجۇ شەھرى بولۇپ، ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى قاراغوجا شەھرى، ئىدىقۇت شەھرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى پاي-تەخت قىلغانىدى. يۇقىرىدىكى «بارچۇقئارتېگىنىنىڭ تەرجىمھا-لى» دا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«[قوچۇ ئۇيغۇرلىرى] بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قاتار-

لىق جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. شىمالدا ئاسۇ دەرياسى (ھازىرقى ئاچا غول دەرياسى) بىلەن جەنۇبتا جيۇچۇەن (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن ناھىيىسى) بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە خوتۇن قاشقا (ھازىرقى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ئۆگۈنۈش كۆلى) دىن غەربتە تۇبۇتلەرنىڭ غەربىگىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

«سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد «كۇسەن تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«كۇسەنلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم نەسلىدىن بولۇپ، ... بەزىدە غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى، يا بەزىدە غەربىي ئايماق كۇسەنلىكلىرى دېيىلىدۇ، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تيەنشىڭ يىللىرىدىن جىڭيۇنىڭ 4 ـ يىلى (1023 ـ 1037) غىچە جەمئىي بەش نۆۋەت تارتۇق ئەۋەتتى.»

ژاڭ يەندىنىڭ «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«قوچۇ غەربىي ئايماقتۇر. ئۇنىڭ دائىرىسى جەنۇبا ئۇدۇن، غەربىي جەنۇبا ئەرەب، پارسلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، غەربتە تېخىمۇ غەربتىكى بولۇر، قارلىق تاغ، كۆكئارت تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ، نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ.»

غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئىنتايىن نۇرغۇن قەبىلىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، جەنۇبىي تۇرك، شىمالىي تۇرك، چوڭ چۇنۇدا، كىچى چۇنۇدا، ياغما، قارلۇق، قىرغىز، نايمان، كېيت، يۇلۇڭ قاتارلىقلار.①

غەربىي ئايماق رايونىدا، خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا دېھقانچىلىق ئىقتىسادى ئىنتايىن تەرەققىي تاپقان بولغاچقا، خەنزۇلارنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، بۇ جايلارغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

---

① ژاڭ يەندى يازغان «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

بولۇپمۇ قوچۇنىڭ ئەتراپى يەنى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئەڭ ئاۋۋال ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە ئۈستىگە ئەمگەكچى خەلقى ئاچقانىدى. بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئېرىقچىلىق قىلىشقا باپ كېلەتتى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتىلا خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى، شىمالىي سۇلاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئاللىقاچان بىر فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتمۇ بولۇپ قالدى. ئىگىلىكىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭدەك كۆچمەنلىكتىن دېھقانچىلىق ۋە ئولتۇراق تۇرمۇشقا قاراپ ئۆتتى. قوچۇدا «بەش خىل زىرائەتنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق تېرىلاتتى». ئۇلار سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ، يەر سۇغۇراتتى، ھەمدە سۇكۇچىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرىگەنىدى، ئۈزۈم ئۈستىگە «يەرلىرى مۇنبەت بولغاچقا، بۇغدايدىن بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالاتتى»[①] چارۋىچىلىقمۇ روناق تاپقاچقا، ئاتنى كۆپلەپ يېتىشتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ خان، خانىش، تېگىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يىلقا باقاتتى. بۇ يىلقىلار داغرىسى يۈز نەچچە چاقىرىم يەرگىچە سوزۇلغان تۈزلەڭلىكلەردە بېقىلاتتى، «ئۇلار ئۆز خىلى بويىچە توپقا ئايرىلاتتى، سانىنى بىلگىلى بولمايتتى.» بېشبالىق تۈزلەڭلىكىدە يەنە ياۋايى قۇشلاردىن قارچۇغا، قۇرغۇي، بۈركۈت، ئەنقا قاتارلىق قۇشلار چىقاتتى، قول سانائەتمۇ مەسىلەن، توقۇمىچىلىك (سەگەز توقۇش، يۇڭ رەخت توقۇش، كىمخاپ توقۇش)، مېتال ئېرىتىش، قويىمچىلىق، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، قاش - تېشى جابدۇقلىرىنى ياساش كەسپى بىلەن مەيزاپ ئىشلەش كەسپى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.[②] سودىمۇ ئىنتايىن گۈللەنگەنىدى، غەربىي ئايماقلىق ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ئاياغ - ئىزلىرى ھازىرقى

---

① «قىستان دۆلىتى تەزكىرىسى» 26 - جىلد قوچو دۆلىتى ماددىسى.
② ۋاڭ يەندى يازغان «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

شەنشى، خېنەن، شەندۇڭ، بولۇپمۇ ئەينى مەزگىلدىكى بېيەنجىڭ (ھازىرقى خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى)، يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) ۋە لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شاڭجىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى بارىن سول قوشۇنىنىڭ جەنۇبىدىكى بولۇ شەھىرى)، ئۇلار دائىم بېرىپ تۇرىدىغان جايلار ئىدى. چەت ئەللەردە ئۇلارنىڭ ئاياغ - ئىزلىرى تېخىمۇ يىراقتىكى پېرسىيە بىلەن ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغانىدى.①

گەرچە غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يەنىلا گۆش يېيىش ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. ئاقسۆڭەكلەر ئات، قوي ۋە قىرغاۋۇل گۆشىنى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. «چەۋەندازلىقنى ياخشى كۆرۈش» دىن ئىبارەت كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئادىتىنى باشتىن - ئاياغ ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قاغانى پايتەخت قوچۇ شەھىرىدە تۇرغاندىن سىرت، ئۇنىڭ بېشبالىقتىمۇ تۇرىدىغان يازلىق ئارامگاھى بار ئىدى، بۇ شىمالىي چۆللۈكتىكى ۋاقتىدا قاغان ئوردىسىنى جەنۇبىي ئوردا (قىشلىق ئوردا)، شىمالىي ئوردا (يازلىق ئوردا) دەپ ئايرىپ تەسىس قىلىدىغان كونا ئادىتىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك.②

غەربىي ئايماقتىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن باشتىن - ئاياغ قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، ئۇلار ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي تارتۇق نامى بىلەن بېيەنجىڭ شەھىرىگە ئات ئېلىپ باراتتى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ «مۆلچەرى بويىچە ئىنئام بېرىپ»، باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل قايتۇراتتى. ئۇلار يەنە تارتۇق نامى ياكى يەرمەنكە سودىسى ئارقىلىق ئۆز ئارا سودا قىلىپ، ئاق سەگەز، سىپتا يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار،

① فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، 1 - كىتاب تۆتىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى پاراگرافقا قاراڭ.
② ۋاڭ يەندى يازغان «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»گە قاراڭ.

يۇلغۇن تېرىسى، قۇلان تېرىسى، دورا ـ دەرمەك، ئۈنچە ـ مارجان، قاش ـتېشى، كەھرىۋا، ھېقىق نۆشۈدۈر، پولاتتىن ياسالغان قورال ـ ياراق قاتارلىق بۇيۇملارنى كۆپلەپ، سولۇ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە يەنە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىپ سودا قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇپ بېرىلگەندى، ئۇلارىيۇقىرىدىكى ھەر خىل ماللىرىنى سولۇ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن مىس، كۈمۈش پۇللىرى بىلەن مەشئۇت، كىمخاپ، يىپەك، چاي قاتارلىق تاۋارلىرىغا ئالماشتۇراتتى. ①

غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى XII ئەسىردىن باشلاپ، پەيدىنپەي زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. مىلادىيە 1124 ـ يىلى (سولۇ ۋېيـزوڭنىڭ شۈەنخې 6 ـ يىلى)، لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ ھارپىسىدا (1125 ـ يىلى مۇنقەرز بولغان)، قىتانلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن قىتانلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى ئېلىپ غەربكە كۆچتى، 1130 ـ يىلى (گاۋزوڭنىڭ جيەنيەن 4 ـ يىلى) ئۇ سەپەردە غەربىي ئايماقتىن ئۆتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بىلگەدىن يالغاندىن يول ئارىيەت بېرىشنى سورىدى. بىلگەنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچى يەتمىگەچكە، رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇنى مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىپ، خوشلىشىدىغان ۋاقتىدا 600 تۇياق ئات، 100 تۆگە، 3000 تۇياق قوي سوۋغا قىلدى. كېيىن ياللۇغ تاشىن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا قۇدرەتلىك قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭ قېشىغا «بارىمتاي»لىققا ئەۋەتىپ بېرىپ، سىياسىي جەھەتتە قاراقىتان-

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1 ـ كىتاب تۈزگۈچى بلب لىككىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

لارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي ئاي-
ماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قاراقىتانلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ
قالدى، قاراقىتانلارنىڭ قوچۇدا دائىم تۇرۇشقا ئەۋەتكەن «نازا-
رەتچى ئەمەلدارى»، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ
تۇردى.①مىلادىيە 1154 - يىلى (گاۋزوڭنىڭ شاۋشىڭ 24 -
يىلى) غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى يەنە تاڭغۇتلارنىڭ كۈندىن -
كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھ-
سۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى،②بۇنىڭدىن غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھا-
كىمىيىتىنىڭ بۇ مەزگىلدە ھەرىكەت قىلمايمۇ تۇرمىغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، *XIII* ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل-
لار باش كۆتۈرۈپ چىققان مەزگىلگە كەلگەندە، بولۇپمۇ 1209-
يىلى (سوڭ نىڭزوڭنىڭ جىيادىڭ 2 - يىلى) چىڭگىزخان غەربكە
يۈرۈش قىلىپ، تاڭغۇتلارنى سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىل-
غاندىن كېيىن، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىمۇ موڭغۇل قوشۇنلى-
رىنىڭ بېسىمىنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاراقىتانلار-
نىڭ نازارەتچى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، موڭغۇللارغا بەيئەت
قىلدى.③موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دارۇغاچ نامىدىكى ئەمەلدارنى
ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى
نازارەت قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى
مۇستەقىللىق ئورنىدىن مەھرۇم قالدى. بۇ ھەقتە «يېڭى يۈەن
سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن:
«ئۇيغۇرلار قوچۇنىڭ زېمىنىدا تۇرىدۇ، تاڭ سۇلالىسى بۇ
جايدا يارغۇل ئايمىقىنى تەسىس قىلغان. كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر-
لار (خۇيخولار) تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن

---

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 - جىلد «پادىشاھ تىيەنيۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «تارىخىي جاھان كۇشاي» خەنزۇچە تەرجىمىسى 1 - كىتاب 99 - بەتكە قاراڭ.

② «تاڭغۇتلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» سوڭ گاۋزۇڭنىڭ شاۋشىڭ 24 - يىلىدىكى ماددىسىغا قاراڭ.

③ «چىڭگىزخاننىڭ مۇقەددەس يۈرۈشلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر»، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 11 - جىلد بىلەن «تارىخىي جاھان كۇشاي» 1 - كىتاب 49 - بەتكە قاراڭ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەيزۇ (چىڭگىزخان) نىڭ 6-يىلى (1211 - يىلى) ئۇلارنىڭ ئىدىقۇتى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە، ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا دارۇغاچ تەيىن قىلىنغان.»

غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرغاچقا، مۇشۇ ئاساستا پارلاق شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال، ئەسلىدە قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى ئىشلەتكەنىدى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بارا - بارا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىن ۋاز كېچىپ، پەيدىنپەي سوغدى يېزىقىنى قوللىنىپ، ھازىر «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر خىل يېزىقنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل يېزىقنىڭ ھەرپلىرى 20 دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ ۋە ئاخىرى ھەرپلەرگە ئايرىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشتىن بەشى، يېرىم سوزۇق تاۋۇشتىن بىرى بار. ھەرپ ئاز بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدىغىنى كۆپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاسان ئايرىلىشىپ كېتىدۇ، دەسلەپتە ئوڭدىن - سولغا، توغرىسىغا يېزىلاتتى، كېيىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك شەكىلدە يېزىلىدىغان بولدى، باسما شەكلى سۇترالارغا، يازما شەكلى ئادەتتىكى ھۆججەتلەرگە، ھۆسنىخەت شەكلى تامغا - نىشانلارغا ئىشلىتىلەتتى. بۇ يېزىق ئاساسەن ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقالغانىدى، ئەمما ئىشلىتىش دائىرىسى تېخىمۇ يىراقتىكى كۆكئارتنىڭ غەربىگىچە يېتىپ بارغانىدى. XIII ئەسىردە موڭغۇللارمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىپ، موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلىگەنىدى، بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كېيىنكى تەسىرىنىڭ ئىنتايىن زور بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىسلام دىنى ئېلىمىزنىڭ

غەربىي يۇرت رايونىغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى، ئەينى ۋاقىت-تا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى پەيدىنپەي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىل-دى، ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ شاگىرتى لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساس-لانغان، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەلگەندە، ئەينى ۋاقىتتا غەر-بىي يۇرتنىڭ ئايرىم بۆلەك جايلىرىدىن باشقا يەرلىرىدىكى، غەرب-كە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ مۇرۇتلىرى-غا ئايلىنىپ بولغانىدى. XI ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ تەسىرى بىلەن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار پەيدىنپەي يەنە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا ئۆزگەرتتى.

ئارخېئولوگلار تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كۆپلىگەن ئويما باسما بۇيۇملىرىنى تاپقانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاقتى ئەڭ بالدۇر بولغانلىرى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا بېسىلغا-نىدى. دۇنخۇاڭدىكى بىر ئۆڭكۈردىن يەنە بىر چېلەككە قاچىلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچقا ئويۇلغان يېزىقلار تېپىلغانى-دى، ئۇلارنىڭ ياغاچقا ئويۇلغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 1300-يىلى ئەتراپىدا ئىدى. دېمەك بۇ يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئەڭ كېچىككەندىمۇ XII ئەسىردە ئاللىقاچان ئويما مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغانىدى.①

يېقىنقى زاماندا تېپىلغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بارلىققا كەل-تۈرۈلگەن بۇت ھەيكەللىرى بىلەن تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى سەنئەت تەرەققىياتى-نىڭ يۈزلىنىشى شەك - شۈبھىسىزكى، شەرق بىلەن غەربنىڭ

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1 - كىتاب بەشىنچى باب ئىككىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

ئاربلاشما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

1928 - يىلى تۇرپاندىن «ئۇلۇغ تالڭ دەۋرىدىكى بۇتساتىڭۋا نوم ئۇسازىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما نۇسخىسى تېپىلدى.① بۇ ئەسەر X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېڭقۇ سالى تۇتۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان غەربىي ئايماقلىق بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن، خەنزۇ يېزىقىدىكى «ئۇلۇغ تالڭ دەۋرىدىكى ئۇچ ئاغىلىق نوم بىتىك ئۇستازى ئاچاريانىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. تەرجىمانىنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى مەلۇماتى چوڭقۇر، تەرجىمىسىنىڭ تىلى راۋان، ئىشلەتكەن سۆزلىرى توغرا ئىدى. بۇ قول يازما شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى.

---

① بۇ قول يازما ھازىر بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## قوشۇمچە

## تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

قارانىڭ ئوغلى شىتۇ

نىۋار قاغان

تابار بەرگەن ئوتتۇغات

شەرقنى باشقۇرغان

تابارنىڭ ئىنىسى، رۇقۇنىنىڭ ئوغلى

رۇقۇن قاغان ـ بۆرى قاغان

تاباي بەرگەن ئوتتۇغات، غەربتە تۇر-

غان

ئېركىنىنىڭ ئوغلى دارۇبىيەن

ئاپاقاغان

ئىشبارا بەرگەن ئوتتۇغات

تابارنىڭ ئوغلى يانلىغ

ئىككىنچى قاغان

ئىشبارا بەرگەن ئوتتۇغان، تۇغلا

دەرياسى بويىدا تۇرغان

شىتۇنىڭ ئوغلى يولۇغ يۇلۇ

⑦ ئېلتەرىش دانا تۇريان قاغان

587 ـ 599

ئاشىنا تۈمەن

① ئېل قاغان

552 ـ 553

تۈمەننىڭ ئوغلى قارا

② ئىشىگ قاغان

ئاپا قاغان دېمۇ ئاتالغان

553

قارانىڭ ئىنىسى ئېركىن (يەنە

بىر ئىسمى يەندۇ)

③ مۇقان قاغان

553 ـ 572

ئېركىننىڭ ئىنىسى

④ تابارقاغان

572 ـ 581

قارانىڭ ئوغلى شىتۇ

⑤ ئېل كۆلۈگ شادباغا ئىشبارا

قاغان

قاغانلىق نامى ئىشبارا

581 ـ 587

چۇرلۇقغۇرنىڭ ئوغلى رانقان
**تولى قاغان**
چۇرلۇقغۇر يابغۇ قاغان دەپ
ئاتالغاندا، شىمالدا تۇرغان
**نىيلات قاغان**
يابغۇ قاغاننىڭ دەۋرىدە
غەربىي جەنۇبتا تۇرغان

سىۋارنىڭ چوڭ ئوغلى سۇيبە
( ئېلىكنىڭ جىيەنى )
**تولى قاغان**
چۇرلۇق قاغاننىڭ دەۋرىدە سەل
شەرقتە تۇرغان
ئاشىنا سىماۋ
**ئېل ئىشۇ كۆلبىي قاغان**
639 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بەرگەن
ئوتۇغلت. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى
ئېلىكنىڭ بۇرۇنقى قوۋملىرىنى
ئېلىپ خېبېيدا تۇرۇشقا بۇيرىغان

شىغۇننىڭ ئىنىسى چۇرلۇقغۇر
⑥ **يابغۇ قاغان**
يەنە بىر نامى باغا قاغان
587

چۇرلۇقغۇرنىڭ ئىنىسى رانقان
⑧ **يۇمىن قاغان**
ئەسلىدە شىمالدا تۇرغان چېغىدا
تولى قاغان دەپ ئاتىلاتتى، سۇيى
سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئېل دۇچىن
يۇمىن قاغان دېگەن ئوتۇغلت
نامىنى بەرگەن
609 _ 599

يۇمىننىڭ ئوغلى دۇجىش
⑨ **سىۋار قاغان**
619 _ 609

سىۋارنىڭ ئىنىسى ئېلتەبىر شاد
⑩ **چۇرلۇق قاغان**
620 _ 619

چۇرلۇقنىڭ ئىنىسى دۇبى ( يۇمىن
نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى )
⑪ **ئېلىك قاغان**
630 _ 620
تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە
ئېلىنغان، شەرقىي تۈركلەر مۇنقەرىز
بولغان

تۈركلەرنىڭ چوبە قەبىلىسى
**ئېل تۇتۇ چوبە قاغان**
630 ـ يىلى ئېلىك قاغان قولغا
چۈشكەندە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكار-
لىغان

# كېيىنكى تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى

شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغان جەمەتىدىن

**① قۇتلۇق قاغان**

682 ـ 691 يىلىغىچە ئۆزىنى ئېلتېرىش قۇتلۇق قاغان دەپ ئاتىغان

بەگچورنىڭ ئىنىسى

**③ كىچىك قاغان بەگكۆل**

716

قۇتلۇقنىڭ ئىنىسى

**② بەگچور قاغان**

691 ـ 716

قۇتلۇقنىڭ چوڭ ئوغلى، كۆل تېگىننىڭ ئاكىسى بەگلان ( يەنى بەگچور ) ، لەقىمى كىچىك ئاتىل

**④ بىلگە قاغان**

716 ـ 734

بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى

**⑤ ئىنان قاغان**

734

ئىناننىڭ ئىنىسى

**⑥ تەڭرى قاغان**

734 ـ 741

**⑦ قۇتلۇق يابغۇ**

بىلگە قاغاننىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان

741 ـ 742

كۆل تېگىننىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن

باسمىللارنىڭ ئاقساقىلى

**⑧ ئېلتېرىش قاغان**

742 ـ يىلى باسمىل قاتارلىق ئۈچ قەبىلە تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان

744 ـ يىلى باسمىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن

**⑨ ئۆزمۇش قاغان**

742 ـ يىلى تۈرك قوۋملىرى تەختكە چىقارغان

744 ـ يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن

ئېلتېرىشنىڭ ئىنىسى، ئەسلى ئىسمى بولمىش تېگىن

**⑩ بولمىش قاغان**

744 ـ يىلى جەمەتىدىكىلەر تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان

745 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ، كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتى مۇنقەرىز بولغان

# غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى ( 1 )

ئىستەمىنىڭ ئوغلى، ئىشپارا بىلەن ئۆزرە تۇغقان

ئۈلۈغ بابغۇنىڭ ئوغلى تۈمەننىڭ ئىنىسى

② تاردۇش قاغان —— ① ئىستەمى قاغان

كېيىن بۆكە قاغان دەپ ئاتالغان

603 _ 576

576 _ 562

نېيلات قاغاننىڭ ئوغلى تارمان

تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى ياڭسۇ تېگىن

④ نېۋات چۇرلۇق قاغان —— ③ نېيلات قاغان

كېيىن سۈي سۇلالىسى قاسانا قاغان دېگەن ئۇنۋانات نامىنى بەرگەن

611 _ 587

587

تاردۇشنىڭ نەۋرىسى، نېۋات چۇرلۇقنىڭ تاغىسى

شېگىر قاغاننىڭ ئوغلى

⑥ تونيابغۇ قاغان

628 _ 619

⑤ شېگىر قاغان

619 _ 611

تونيابغۇ قاغاننىڭ تاغىسى

⑦ باغادۇر كۆل ئىركىن بىلگە قاغان

تونيابغۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىققان

630 _ 628

تونيابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى تۆرا تېگىن

⑧ ئېل بىلگە ئىشپارا ئىزيابغۇ قاغان

ساداقلىقلار قېبىلىسىدىن نىشۇ باغادۇر تەختكە چىقارغان

632 _ 628

شەرقىي تۈركلەرنىڭ چوڭلۇق قاغانلىقىنىڭ ئىنىسى كۆل تارقان شاد

**كۆل قاغان**

617 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى تۇزاڭ باغا كۆل قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەرگەن

شەرقىي تۈركلەرنىڭ چوڭلۇق قاغانـ ـىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئاشنا شىر

**تابۇ قاغان**

636 ـ يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىـ ـغان

بوقلۇق شاد

**⑪ ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان**

غەربىي قىسىمدا تەختكە چىققان، ئىشپارا ئېلتېرىش قاغان بىلەن غەربىي تۈرۈكلەرنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۇۋالغان، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىي ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا، غەربىي ئېلتېرىش قاغانغا تەۋە بولغان. ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغاننىڭ ئوردىسى قىرغىز تېغىدا ئىدى.

638 ـ 642

ئاشنا قول

**⑭ ئىشپارا قاغان**

651 ـ يىلى تەختكە چىققان، 657 ـ يىلى ئەسىرگە ئېلىنغان، غەربىي تۈركلەر مۇنقەرىز بولغان

ئېلتە بەر ئېركىن قىبىلار خالى

**باغا قاغان**

606 ـ يىلى تېلىلار تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان

سىرتاردۇش ئېركىن ئىلتەر

**كىچىك قاغان**

605 ـ يىلى تېلىلار تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان

تىشۇ باغا شاد

**⑨ تۇغلۇق قاغان**

تاردۇش قاغان دەپمۇ ئاتالغان، جىمتىدىكىلەر تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان؛ تاڭ سۇلالىسى ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەرگەن

632 ـ 634

تۇغلۇقنىڭ ئىنىسى توڭشا شاد

**⑩ ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان**

634 ـ 639

ئېلتېرىش قاغاننىڭ ئىنىسى يوب تېگىن

**⑫ ئىل بىلگە ئىشپارا يابغۇ قاغان**

قاغان ئوردىسى سىردەرياسىنىڭ شىمالىدا

باغۇدۇرنىڭ ئوغلى

**⑬ ئىل بىلگە شىبىر قاغان**

ساداقلىق قەبىلىدىكىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇتۇغات بېرىشىنى تەلەپ قىلغان

642 ـ 651

## غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى ( 2 )

كۈنلىڭ قورۇقچى بەگ مەھكى-
مىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى
بەش تۇغلۇقلار
سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىدە
ئاشنامىش
ئاسايىش تاپقان قاغان
① 657 ـ 662
ئاشنامىشنىڭ ئوغلى يالچىن
② ئاسايىش تاپقان قاغان
685 ـ 692 ياكى 693 ـ يىلى
711 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى
يالچىننىڭ ئوغلى ئاشنا
شىيەننى ئون ئوقلارنى
دالالەت قىلىش ئەلچىسى
قىلىپ تەيىنلىگەن

ھىدايەتنىڭ ئوغلى فۇئات
④ ئون ئوق قاغانى
740 ـ 742
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشنا
جەمەتى ئاخىرلاشقان

تىنىقلىۇر قورۇقچى بەگ مەھكى-
مىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى
بەش سادانقلىقلار
سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىدە
ئاشنا بۇكىن
① تېپىلماس قاغان
657 ـ 666 ياكى 667 ـ يىلى
ئاشنا تۇرچى
ئون ئوق قاغانى
671 ـ 679 يىللاردا ئۆزىنى قاغان
دەپ جاكارلىغان
بۇكىننىڭ ئوغلى قۇبىتار
② تېپىلماس قاغان
686 ـ 690
ئىچكىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن، نامىنى
سادانقەتمەن قاغان دەپ ئاتىغان
قۇبىتارنىڭ ئوغلى ھىدايەت
③ ئون ئوق قاغانى
704 ـ ؟

# تۈرگەش قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى

ئاقساقال ئۈچېلىنىڭ ئوغلى شاھكۆل

① ئون تۆت ئوق قاغان

708 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان. شۇ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئون تۆت ئوق قاغانى دېگەن ئۇنۋان نامىنى بەرگەن، 709 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قايتا يەنە بېيئەتچى قاغان ( ساداقەتمەن نامىمۇ بېرىلگەن ) دېگەن ئۇنۋان نامىنى بەرگەن

714 ـ 708

شاھكۆلنىڭ قوۋمىسكىلىرى سۇلۇنى قاغان قىلماق بولغان

② ساداقەتمەن قاغان

تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ساداقەتمەن قاغان دېگەن ئۇنۋان نامىنى بەرگەن

738 ـ 716

سۇلۇنىڭ ئوغلى قۇتچۇر

③ تۇغشاد قاغان ( سېرىق تۈرگەش )

739 ـ 738

سۇلۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاقساقال

④ باغا تارقان ( سېرىق تۈرگەش )

تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان

739 ـ 704

ئىرۋ تېگىن

قارا تۈرگەش قاغان

739 ـ 738

قۇتلۇق بىلگە

ئون ئوق قاغان ( قارا تۈرگەش )

753 ـ 744

تەڭرى ئەتمىش قاغان( قارا تۈرگەش)

753 ـ ؟

---

① ئىزاھات: يۇقىرىدىكى نەسەبنامە جەدۋەللىرى «جۇنامە»، «سۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى» ۋە «كىككى تاڭنامە» لەرنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ماددىلىرىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

# كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى (خەنزۇچە قىسمى)

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە قىسمى تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 20 - يىلى (مىلادىيە 730 - يىلى) يېزىلغان تەزىيەنامە بولۇپ، مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈستى تەرىپىدە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دېگەن بەش خەت بار، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئاشۇ تەڭرى «زېمىننى» قاپلاپ ئىنسانلارنى جەم قىلىپ، پۈتكۈل ئالەمنى بىر قىلغان ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۈن - ئاينى يارىتىپ، بۆلەك - بۆلەك پادىشاھلىقلارنى ئاپىرىدە قىلغان، ئاشۇ پادىشاھلىقلارمۇ ئەسلىدە ××× لارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يارىتىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا سەلتەنەت سۈرگەنىدى. گەنچۈەن قەسرىدە خاننىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ، كېڭەش سارىيىدا تۇرۇپ قېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. شۇڭا ئىككى ئوتتۇرىدا مېھرى شەپقەتنىڭ بولغانلىقىغىمۇ ئۇزۇن زامان بولغانىدى. بۈزرۈكۋارىمىز گاۋزۇ شاھلىق سەلتەنەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تەيزۇڭ خانىمىز شاھلىق سەلتەنىتىنى روناق تاپقۇزغاندا، ئەدەب قائىدىلىرىمىز تۆت ئەتراپقا تارالغانىدى. يەتتە خىل ئەخلاق پەزىلىتىمىزنىڭ ھەيۋىلىرى بىلەن يېڭىلىقلىرىمىزغا، شانۇ-شەۋكەتلىرىمىزگە توختىماي مەدھىيىلەر ئوقۇلغانىدى. ئاقىۋەت يەنە دەي ××× (ئايىمقى) دە ئولپان سودىسىغا يول قويۇلغانىدى. مىنىڭ دەۋرانىمغا يەتكەندە ئاتا - بالىدەك بولۇشۇپ، بۆلەك - تالاڭلار قايتا سادىر بولمىغاچ، قورال - ياراغ جابدۇقلار ئامبارلاردا ساقلانغانىدى. سىزلەر بىزگە، بىز سىزلەرگە ئالىكۆڭۈل قىلمىغاچ چېگرىدا ئىككىنچىلەپ ئۇرۇشمۇ سا-

دىن بولمىغاندى، بۇنىڭ ھەممىسى ×× (رەھمەتلىك) گە
ئايانغانلىقتىن بولغاندى، مۇھتەرەم كۆل تېگىن ئاشنا قۇتلۇق
قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ھازىرقى بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى-
دۇر. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى بىلەن دوسلۇقنى قەدىرلەيدىغانلىقى يى-
راقلارغا پۇر كەتكەندى، باتۇرلۇقى ئەل ئىچىگە تاراپ كەتكەن-
دى، ئەجابا بۇ ئاتا - بوۋىلاردىن ئەتمىش بەگنىڭ پەزىلىتىنىڭ
ياخشىلىق بىلەن تولغانلىقى، قۇتلۇق ئېركىننىڭ ئۇنى راۋاج
تاپقۇزۇپ پەرزەنتلىرىنى رەھمەتلىككە ئۇندىگەنلىكى ئەمەسمۇ؛
ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولمىسا (كۆل تېگىن) قانداقسىگە
شۇنداق ئەقىللىق بولالايتتى؟ شۇڭا ئۇ دوستلۇقنى ئەلا بىلىپ،
پىلان ۋە تەدبىرنى ئايىمىغاچقا، شىمالغا شۇەنلىيلارنىڭ زېمىنى-
دىن غەربتە چۇنۇدالارنىڭ زېمىنىغىچە بولغان خەلقلەر بىلەن
ئىناق ئۆتتى، بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خوپ كەلگەچكە، دانىش-
مەنلەرنىڭ تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولدى. بىز تابغاچلار بىلەنمۇ
تۇغقان ئۇستىگە تۇغقان بولدى. شۇڭا مەن سىزنىڭ ساداقىتىڭىز
بىلەن تۆھپىلىرىڭىزنى تارتۇقلاش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىشەنچ قۇچە-
شىمىز ئۈچۈن، يىراق چېگرىدا قىسقىغىنا ئۆتكەن ھاياتىڭىزنى
تەرىپلەش ئۈچۈن چوڭقۇر مۇھاببەت ئىچىدە ياد ئەتمەكتىمەن،
دىلىمىز ئازابلانماقتا، تېگىن دېگەنلىك قاغاننىڭ ئىنىسى دېگەن-
لىكتۇر، قاغان بولسا مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، ئاتا - بالىلىق ئىخلاسى
دېگەن ئالىيجاناپتۇر. ئاكا - ئۇكىلارنىڭ تۇغقاندارچىلىقى ئۇزۇل-
مەستۇر، پۇتۇنلەي مېھرى شەپقەت بىلەن تولغاندۇر، ئۇ مېھرى
مۇھەببەتنى تېخىمۇ تونۇتقايدۇر، شۇڭا مەن بۇرۇنقى يوسۇنىمىز
بويىچە سىزنىڭ پەزىلەت ۋە تۆھپىلىرىڭىزنى خاتىرىلەپ تېخىمۇ
يىراقلارغا تارقىتىش ئۈچۈن بۇ تاش - پۈتۈكنى ئويدۇرۇپ، تې-
كىستكە مۇنداق سۆزلەرنى يازدۇردۇم: چېگرىدىكى قومۇلۇق ئېلى
ئەسلى دىڭلىڭلارنىڭ زېمىنلىرى ئىدى، ئۇلار بۇ جايلاردا سەلتە-

نەت سۇرگەندى، سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن قېرىنداشلىرىڭىز مۇشۇ جايلاردىن باشقا جايلارغا تەرەققىي قىلدى. مۇبادا سىلەر ئىتائەت يولىنى تاللاپ، بىز تابىغاچلار بىلەن تۇغقان ئۈستىگە تۇغقان بولساڭلار، كىممۇ سىلەر شۇنداق بولغاچقا، داۋاملاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالمىدىڭلار دېيەلىسۇن؛ راستتىنلا شۇنداق بولسىدى، ئۇ چاغدا تاش پۈتۈكنىڭ ئېگىزىنى تىكلەپ تۆھپە ۋە نام-ئاتاقلارنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 20 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تىكلەندى.

(چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى ۋېنتيەن يازغان «قارا قۇرۇم مېتال ۋە تاش پۈتۈكلىرى» بىلەن لوجېنيۇ ئىزاھلىغان نۇسقىغا ھەمدە ئايرىم خەتلىرىنى سېن جوڭمىيەننىڭ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» دىكى تەكشۈرۈپ تۈزەتكەنلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلاندىم.)

# قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەرجىمىسى

گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان

بۇ يەردە ئېلان قىلىنغان تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان بەش دانە مەڭگۈ تاش بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان بىر دانە مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئەسلىدىكى تېكىستكە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان. دەسلەپكى ئورىگىنالى 50 - يىللاردىلا تەرجىمە قىلىنغانىدى. 1977-، 1978- يىللاردا مەن مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق» دەرسىنى ئۆتۈۋاتقان چېغىمدا، قايتا يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇياتقى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇ ھەقتىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈزىتىپ، «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق» دەرسلىكىنىڭ بىرىنچى قىسمى (شاپىگىراف نۇسخا) غا كىرگۈزگەنىدىم. سەھىپە چەكلىمىلىكى ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستنى لاتىن يېزىقى ھەرپى بىلەن يېزىشقا ھەمدە ئىزاھلارنى قىسمەن قىسقارتىشقا توغرا كەلگەنىدى. تەرجىمىدە ئىشلىتىلگەن لاتىن يېزىقى ھەرىپى خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان لاتىن يېزىقىنى ئىپادىلەشتە يازىدىغان بەلگىلەردۇر، - گېڭ شىمىن قوشۇمچە قىلغان ئىلاۋە.

(1) تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى

(بىرىنچى قۇر) مەنكى بىلگە تونيۇقۇق، ئۆزۈم تابغاچ ئېلى-
دە ئۆستۈم.
[ئۇ چاغلاردا] تۈرك ئېلى تابغاچقا قارايتتى.
(ئىككىنچى قۇر) تۈرك خەلقىنىڭ قاغانى بولمىغانلىقى (تا-
پالمىغانلىقى) ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى؛ قاغانلىق بولدى، يەنە
قاغانىنى تاشلاپ تابغاچقا تەۋە بولدى. تەڭرى مۇنداق دېگەن:
[مەن سىلەرگە] قاغان بەرگەن،
(ئۈچىنچى قۇر) [بىراق] سىلەر قاغانىڭلارنى تاشلاپ،
[تابغاچقا] تەۋە بولدىڭلار. تابغاچقا يەنە تەۋە بولغىنىڭلار ئۈچۈن
تەڭرى [سىلەرگە] جازا بەردى (ئۇدۇل تەرجىمىسى: ئۆلۈم
بەردى). تۈرك خەلقى ئۆلدى، ھالەك بولدى، يوقالدى. تۈرك
sir خەلقى يېرىدە.
(تۆتىنچى قۇر) [دۆلەتتىن] ئەسەر قالمىدى، دالىلاردا
قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز ئادەم بولدى. بۇلارنىڭ ئىككى
ئۆلۈشى ئاتلىق، بىر ئۆلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى
باشلاپ يۈرگۈچى.
(بەشىنچى قۇر) قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى. ئۇ ماڭا:
[قوشۇنىمىزغا] قوشۇلغىن دېدى. قاتناشقىنى مەنكى - بىلگە
تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى قاغان قىلاي دېدىم. مەن مۇنداق
ئويلىدىم: مۇبادا ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا
(ئالتىنچى قۇر) بىرى - بىرى بىلەن ئۇسۇشسە كىشىلەر
قايسىسىنىڭ ئورۇق بۇقا، قايسىسىنىڭ سېمىز بۇقا ئىكەنلىكىنى
ئايرىۋالالمايدۇ، مەن شۇنداق ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى
(ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن (ئۇنى) قاغان بولۇشقا
دەۋەت قىلدىم بىلگە تونيۇقۇق، بويلا باغا تارقان.
(يەتتىنچى قۇر) ئېلتىرىش قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇبتا
تابغاچلارنى، شەرقتە قىتانلارنى، شىمالدا ئوغۇزلارنى كۆپ ئول-

تۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئەقىلچىسىگە، تامغىچىسىگە ئايلانغاندىم:
بىز چوغاي غۇزى ۋە قارا قۇرۇم (دېگەن جاي) دا ئولتۇراقلاشقان
ئىدۇق.

(سەككىزىنچى قۇر) بىز كىيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن
كەچۈرەتتۇق، خەلقىنىڭ قارنى (ئۇدۇل تەرجىمىسى: گېلى) توق
ئىدى، ئەتراپىمىزدىكى دۈشمەنلىرىمىز قۇشلاردەك [كۆپ]
ئىدى، بىز جانسىز هايۋانلاردەك ئىدۇق (؟). بىز شۇنداق
تۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى كەلدى.

(توققۇزىنچى قۇر) چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى:
توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ ئۈستىدە قاغان ئولتۇرۇپتۇ. ئاڭلاشلارغا
قارىغاندا، تابغاچلارغا quni سانغۇنىنى، قىتانلارغا tongra sam نى
ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزنى ئېلىپ بېرىپتۇ:
ئازغىنە تۈرك خەلقى

(ئونىنچى قۇر) هەرىكەتلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ قاغانى
باتۇر، ئەقىلچىسى دانىشمەن ئىكەن، مۇبادا ئۇ ئىككىسىلا تىرىك
بولىدىكەن، ئۇلار سەن تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە
قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىز

(ئونبىرىنچى قۇر) ئوغۇزلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. تابغاچلار
سىلەر جەنۇبتىن تېگىڭلار! قىتانلار سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار!
بىز شىمالدىن تېگەيلى! تۈرك خەلقىنىڭ يېرىدە قاغانىنىڭ بولۇشى-
غا يول قويمايلى مۇمكىن بولسا ئۇلارنى يوقىتايلى!

(ئون ئىككىنچى قۇر) بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ تۈنلىرى
ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزلىرى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن قاغانىمغا ئېيتتىم. قاغانىمغا مۇنداق دېدىم: تابغاچ، ئو-
غۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا.

(ئون ئۈچىنچى قۇر) بىز قوتۇلۇشقا ئامالسىز قالىمىز،
بىز ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن دۈشمەنگە تۇتىلىمىز. كونىلار يوقا

نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي، يۇقا قېلىن بولۇپ كەتسە، ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ؛ ئەگەردە ئىنچىكە

(ئون تۆتىنچى قۇر) توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە، چۈشىدۇ دەپ ئېيتقان. مەن شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچلاردىن، غەربتە qurdan (غەربىي تۈركلەر؟) دىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن ئىككى - ئۈچ مىڭچە قوشۇن كېلىشى مۇمكىن دەپ پەملىدىم، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم.

(ئون بەشىنچى قۇر) قاغانىم مەن ئۆزۈم - تونيوقۇقنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلۈڭچە [قوشۇنغا] قوماندانلىق قىلىڭەر! kök öng دىن ئۆتۈپ، قوشۇننى ئۆتۈكەن تېغىغا باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك كۆلۈكلىرى بىلەن تولا [دەرياسى] دىن كەلدى.

(ئون ئالتىنچى قۇر) ئۇلارنىڭ ئەسكىرى ئۈچ مىڭ، بىزنىڭ ئەسكىرىمىز ئىككى مىڭ ئىدى، بىز ئۇرۇشتۇق. تەڭرىم ساقلىدى، بىز ئۇلارنى تارمار قىلدۇق، ئۇلار دەرياغا چۈشتى. تارمار بولۇپ قايتىش يولىدا يەنە (نۇرغۇنلىرى) ئۆلۈپتۇ. كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى (يەنى بويسۇندۇرۇلدى.)

(ئون ئالتىنچى قۇر) [تۈرك قاغانىنىڭ]، تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى - بىلگە تونيوقۇقنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەنۇبتىكى، غەربتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ بارلىقى كېلىپ [بەيئەن] قىلدى.

(ئون سەككىزىنچى قۇر) بىز ئىككى مىڭ كىشى ئىدۇق، ئىككى قوشۇنىمىز بار ئىدى. تۈرك خەلقى تارىختىن بۇيان، تۈرك قاغانى تەختتە ئولتۇرغاندىن تارتىپ، Santung شەھەرلىرى بىلەن دېڭىزغا تېگىپ باقمىغانىدى. قاغانىمغا ئۆتۈنۈپ قوشۇن تارتتىم.

(ئون توققۇزىنچى قۇر) [قوشۇنىمنى] ئېلىپ santung
شەھەرلىرى بىلەن دېڭىزغا يەتتىم، [قوشۇنۇم] 23 شەھەرنى
ۋەيران قىلدى، شەھەرلەر خارابىغا ئايلاندى، تابغاچ پادىشاھى
دۈشمىنىمىز ئىدى، ئون ئوق قاغانى دۈشمىنىمىز ئىدى.

(يىگىرمىنچى قۇر) بۇنىڭدىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك قاغا-
نىمۇ دۈشمىنىمىز ئىدى. ئۇ ئۈچ قاغان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتاي
تېغىدا ئۇچراشماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ:
بىز شەرق تەرەپتىن ئەسكەر چىقىرىپ تۈرك قاغانىغا [ھۇجۇم
قىلايلى] ئەگەر ئۇلارغا ئەسكەر چىقارمىساق، ئۇلار بەربىر بىز-
نى يوقىتىدۇ.

(يىگىرمە بىرىنچى قۇر) ئۇلارنىڭ قاغانى باتۇر، ئەقىلدارى
دانىشمەنىكەن، بىز ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرايلى!
ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتايلى! تۈرگەش قاغانى مۇنداق
دەپتۇ: بىزنىڭ ئېلىمىز ئۇ يەرگە بارىدۇ.

(يىگىرمە ئىككىنچى قۇر) تۈرك خەلقى قالايمىقانلىشىپ
كەتتى، ئۇلارنىڭ ئوغۇز [خەلقىمۇ] تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپلەر-
نى ئىشىتىپ، تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەل-
مىدى. شۇ چاغدا مەن:

(يىگىرمە ئۈچىنچى قۇر) ئالدى بىلەن قىرغىزلار بىلەن
ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولارمىكىن دەپ ئويلىدىم. كۆگمەن
تېغىغا [بارىدىغان] بىرلا يول بار، ئۇنى [قار] قاپلىۋاپتۇ دەپ
ئاڭلىدىم. بۇ يول بىلەن ماڭسا بولمايتتى. يولچى ئىزدىدىم.
چۆلدىكى ئاز پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم.

(يىگىرمە تۆتىنچى قۇر) ئاز يېرىگە بارىدىغان يولنىڭ ani
دەرياسىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا
بولىدىغان يول، ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ بۇ يولدا ماڭغان-
كەن. مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىسام ئۇ بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بۇ

يول بىلەن ماڭغانلىقىنى ئېيتتى، گويىلىنىپ بولۇپ، مۇنداق دېدىم:

(يىگىرمە بەشىنچى قۇر) بۇ يول بىلەن ماڭسا بولىدىكەن قاغانىمدىن ئۆتۈندۇم. قوشۇن چىقارتتىم، مەن دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈڭلار دېدىم. aq tarmal دىن كېچىپ ئۆتتۇق، قوشۇنلارنى توختاتتىم، ھەممە ئاتلىق يول ئېچىپ ، مىڭلار دېدىم، ئاتلارنى يېتەكلىگۈزۈپ، ئاياقلارغا تايانغۇزۇپ، پىيادە (تاغقا) چىقارغۇزدۇم، ئالدىدىكىلەر [تۇرشاۋۇللار]

(يىگىرمە ئالتىنچى قۇر) [قار مۇزلارنى] بېرىپ يول ئاچتى، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق. ناھايىتى مۇشكۇلدە تاغدىن چۈشتۇق. ئون كېچە كۈندۈز تاغنىڭ يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ يۈرۈپ ماڭدۇق. يولچى ئاداشقاچقا، ئۆلتۈرۈلدى، ئەھۋال خەتەرلىك بولغاچقا، قاغانىمىز: تېز مېڭىڭلار دېدى.

(يىگىرمە يەتتىنچى قۇر) بىز ani دەرياسىغا يېتىپ باردۇق، دەريانى ياقىلاپ تۆۋەنگە ماڭدۇق. ئاتلارغا بوغۇر بېرىشكە بۇيرۇدۇم. بىز ئاتلارنى دەرەخكە باغلاپ قويدۇق، تۈنى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي تېز يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق.

(يىگىرمە سەككىزىنچى قۇر) بىز نەيزى بىلەن ... نى ئاچتۇق، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن قوشۇنلىرى توپلىنىپ بولۇپتىكەن. بىز ئۇرۇشتۇق، قاغانىنى ئۆلتۈردۇق. قىرغىز خەلقى قاغانىمىزغا بويسۇندى. [شۇنىڭ بىلەن] بىز قوشۇنلارنى ياندۇردۇق، كۆگمەن [تېغىدىن] ئايلىنىپ ئۆتتۇق.

(يىگىرمە توققۇزىنچى قۇر) قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق. تۈرگەش قاغانىدىن چارلىغۇچى كەلدى، ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: بىز شەرقىي [تۈرك] قاغانىغا قوشۇن چىقارمىساق،

ئۇلارغا يۈرۈش قىلمىساق، ئۇلار بەربىر بىزنى يوقىتىدۇ،
ئۇلارنىڭ قاغانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەنىكەن.
(ئوتتۇزىنچى قۇر) تۈركەش قاغانى يولغا چىقىپ بوپتۇ،
ئون ئوق خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ بوپتۇ، [ئۇلارنىڭ ئىچىدە]
تابغاچلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئىشتكەندىن
كېيىن قاغانىم: مەن ئۆيگە [بىر] بېرىپ كېلەي.
(ئوتتۇز بىرىنچى قۇر) [سەۋەبى] خا تۇنۇم قازا قىپتۇ،
ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەي. سىلەر قوشۇن
بىلەن ئىلگىرىلىۋېرىڭلار! ئالتاي تېغىغا ئورۇنلىشىڭلار! inal
qaghan بىلەن تاردۇش شاد قوشۇن بېشى بولۇپ، ئىلگىرىلىسۇن
دېدى. ئۇ مەنكى بىلگە تونيوقۇققا مۇنداق دېدى:

(ئوتتۇز ئىككىنچى قۇر) سەن بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق
قىل، ئۆز كۆڭلۈڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا يەنە نېمە
دەي؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا خەۋەرچىلەرنى كۆپەيتكەن، كەل-
مىسە ئۆزلۈكسىز خەۋەر توپلاپ (ئۇدۇل تەرجىمىسى: تىل تۇ-
تۇپ) تۇرغۇن. بىز ئالتاي تېغىغا ئورۇنلاشتۇق.

(ئوتتۇز ئۈچىنچى قۇر) ئۈچ چارلىغۇچى قايتىپ كەلدى.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئوخشاش ئىدى: ئۇلارنىڭ قاغانى قوشۇن
چىقىرىپتۇ، ئون ئوق قوشۇنلىرى پۈتىنلەي قوزغىلىپتۇ. ئۇلار
yaris تۈزلەڭلىكىدە توپلىنايلى دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىشى-
تىپ قاغانىمغا مەلۇم قىلدىم. قانداق قىلسام بولار دەپ تۇرغى-
نىمدا جاۋاب

(ئوتتۇز تۆتىنچى قۇر) كەلدى: ئورنۇڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار،
ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم-
دىن ئېھتىيات قىلىڭلار دېگەن سۆزنى bögü قاغان ماڭا يەتكۈزۈپ-
تۇ. لېكىن ئۇ [تەڭلا يەنە] ئاپاتارقانغا مەخپىي گەپ ئەۋەتىپ
بىلگە تونيوقۇق يامان ئادەم، كۆڭلىدە قارا نىيىتى بار.

(ئوتتۇز بەشىنچى قۇر) ئەگەر ئۇ قوشۇن چىقىرىمىز!،
دېسە سىلەر ئۇنىماڭلار دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ قوشۇن
چىقاردىم. بىز ئالتاي ئېغىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق،
ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز جايلىرىدىن ئۆتتۇق. بىز تۈن
بويى ئىلگىرىلىدۇق، سەھەردە bolču غا يېتىپ باردۇق.
(ئوتتۇز ئالتىنچى قۇر) كىشىلەر تىل تۇتۇپ كەلتۈردى،
ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: yaris تۈزلەڭلىكىدە ئون تۈمەن
ئەسكەر توپلاندى. بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن بەگلەرنىڭ
ھەممىسى:
(ئوتتۇز يەتتىنچى قۇر) بىز يانايلى، ساپ نومۇس ئەلا
(يەنى «شەرەپلىك مەغلۇبىيەت» دېگەن مەنىدە) دېدى. مەنكى
بىلگە تونيۇقۇق مۇنداق دېدىم: بىز [بۇ جايغا] ئالتاي ئېغىدىن
ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەلدۇق.
(ئوتتۇز سەككىزىنچى قۇر) ئۇلار [بۇ يەرگە] كەلمەك
قىيىن دەپ بىلىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ [بۇ جايغا] كەلگىنىمىزنى
تۇيمىدى. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، ئۇماي ۋە مۇقەددەس سۇ، يەر
[بىزگە] مەدەت بېرىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن كەتكىدەكمىز؟
(ئوتتۇز توققۇزىنچى قۇر) ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكى-
دىن نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقى تۇ-
پەيلى ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالاتتۇققۇ؟ بىز ھۇجۇم قىلايلى! —
دېدىم. بىز ھۇجۇم قىلدۇق ھەمدە [دۈشمەننى] تارمار قىلدۇق.
ئىككىنچى كۈنى ئۇلار [يەنە] كەلدى.
(قىرىقىنچى قۇر) ئۇلار ئوتتەك باستۇرۇپ كەلدى. بىز
ئۇرۇشتۇق، ئۇلارنىڭ ئىككى قاناتتىكىلىرى بىزنىڭكىلەردىن يې-
رىم ھەسسە كۆپ ئىدى. تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلار-
دەك كۆپ بولمىساقمۇ
(قىرىق بىرىنچى قۇر) قورقۇپ كەتمىدۇق. بىز ئۇرۇش-

تۇق. تاردۇش شاد جەڭگە قاتناشتى. بىز [ئۇلارنى] مەغلۇپ
قىلدۇق. قاغاننى تۇتتۇق. يابغۇسى ۋە شادى
(قىرىق ئىككىنچى قۇر) شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەللىكچە
ئادەمنىنى ئەسىر ئالدۇق. شۇ كېچىسى ھەر قايسى خەلقلەرگە
[ئەلچى] ئەۋەتتۇق. بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ ئون ئوق بەگلىرى
بىلەن خەلقى يۈتۈنلەي
(قىرىق ئۈچىنچى قۇر) كەلدى، تېز پۈكتى. ئەل بولغان
بەگلەر بىلەن خەلقلەرنى تەشكىللىۋاتقىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىر قىس-
مى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاشقا ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى
چىقارتتىم.
(قىرىق تۆتىنچى قۇر) بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق! ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق، يىنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ،
تەڭرى ئوغلى دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ak — tagh تاغدىن
ئاشتۇق...
(قىرىق بەشىنچى قۇر) تاكى تۆمۈر [قاپقىغىچە] باردۇق.
قوشۇننى شۇ يەردىن ياندۇردۇق. تەزىك، توخار
(قىرىق ئالتىنچى قۇر) ۋە بۇ جايدا [تۇرۇشلۇق ]asuq
باشچىلىقىدىكى سوغدى خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئەل بول-
دى. ئىلگىرى تۈرك خەلقى تۆمۈر [قاپقىغا]
(قىرىق يەتتىنچى قۇر) ۋە تەڭرى ئوغلى دەپ ئاتىلىدىغان
تاغقا ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغانىدى. مەنكى بىلگە تونيوقۇق ئاشۇ
جايلارغا بارغانلىقىم ئۈچۈن
(قىرىق سەككىزىنچى قۇر) ئۇلار سانساناقسىز سېرىق ئال-
تۇن ئاق كۈمۈش، قىز - ئاياللارنى، ئېسىل ئىگەر جابدۇقلارنى،
ئۈنچە - مەيرۋايىتلارنى كەلتۈردى. ئېلتېرىش قاغان دانا بولغان-
لىقى
(قىرىق توققۇزىنچى قۇر) ۋە باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ

بىلەن 17 قېتىم، قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم، ئوغۇزلار بىلەن
بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەقىلدارى

(ئەللىكىنچى قۇر) يەنىلا مەن ئىدىم، قوشۇن قوماندانى
يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتېرىش قاغانغا. . . تۈرك بۆگۈ (bogu)
قاغانغا، تۈرك بىلگە قاغانغا. . .

(ئەللىك بىرىنچى قۇر) قاپاغان (qapaghan) قاغان يىگىر-
مە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە
ئولتۇرغۇزدۇم، تۈنلىرى ئۇخلىمىدىم.

(ئەللىك ئىككىنچى قۇر) كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇر-
مىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاققۇزدۇم.
[دۆلەت] ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ھەم يۈرۈشكە [قوشۇن]
چىقارتتىم.

(ئەللىك ئۈچىنچى قۇر) مەن ئوردا قاراۋۇللىرى (؟) نى
كېڭەيتتىم، يېنىپ - يېنىپ؟ ئىسيان كۆتۈرگەن دۈشمەنلەرنى
بويسۇندۇرۇم. قاغانىم بىلەن بىرگە [كۆپ قېتىم] يۈرۈشكە قات-
ناشتىم. تەڭرى ساقلىدى،

(ئەللىك تۆتىنچى قۇر) مەن تۈرك خەلقىنىڭ ئارىسىدا تولۇق
قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. تامغىسى بار ئاتلارنىڭ
ھەممىسىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشكە يول قويمىدىم. ئەگەر ئىلتېرىش
قاغان تىرىشمىغان بولسا.

(ئەللىك بەشىنچى قۇر) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلى-
قىم ئۈچۈن

(ئەللىك ئالتىنچى قۇر) دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى، خەلق
يەنىلا خەلق بولدى. مەن ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم، ھەر
قانداق جايدىكى قاغانلىق خەلقتە

(ئەللىك يەتتىنچى قۇر) پەقەت [مەندەك] ئادەملا بولىدى-
كەن، نېمە غەم قايغۇ بولسۇن!

(ئەللىك سەككىزىنچى قۇر) مەنكى بىلگە تونيوقۇق تۈرك بىلگە قاغان ئېلى ئۈچۈن [بۇ تاشتىكى سۆزلەرنى] يازدۇردۇم.
(ئەللىك توققۇزىنچى قۇر) ئەگەر ئېلتىرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا، مۇھىمى ئۇ بولمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم بىلگە تونيوقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام.
(ئاتمىشىنچى قۇر) قاپاغان (qapaghan) قاغان ۋە تۈرك سىر (sir) خەلقىنىڭ زېمىنىدە پۈتۈنلەي [دۆلەت]، خەلق ۋە ئىنسان بولمىغان بولاتتى.
(ئاتمىش بىرىنچى قۇر) ئېلتىرىش قاغان ۋە مەنكى بىلگە تونيوقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن قاپاغان (qapaghan) قاغان ۋە تۈرك سىر (sir) خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى.
(ئاتمىش ئىككىنچى قۇر) تۈرك بىلگە قاغان تۈرك سىر (sir) خەلق بىلەن ئوغۇزلارنى باقماقتا.

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى:
تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى 1897 ـ يىلى كلېمېنتس (D. E. Klements) ئەر ـ خوتۇنلار تەرىپىدىن هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوقتۇ (Bayin tsokto) رايونىدىن تېپىلغان. مەزكۇر مەڭگۈ تاش هازىرمۇ تېپىلغان ئورنىدا، جەمئىي 62 قۇر خەت بار، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 712 ـ، 716 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان.
مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلىدىكى تېكىستلىرىنىڭ رەسىملىرىنى ۋ. رادلوۋ ئېلان قىلغان:
Atlas der Alterthümer der mongolei.
Vierte Lieferung, 1899 رەسىم cv — cxvIII
(«موڭغۇلىيە ئارخېئولوگىيىسىنىڭ رەسىملەر مۇندەرىجىسى» 4 ـ قىسىم) دىن كۆرۈڭ.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر بار:

1. W. Radloff: Die Alttürkischen Inshcriften der Mongolei. Zweite Folge. 1899.
(«موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» 2 - نەشرى)

2. V. Thomsen: Altürkische Inschriften aus der Mongolei, ZDMG, t: 78, Leipzig (1924 — 1925)
(«موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى»، دانىيە تىلىدىكى ئەسلى نۇسقىسىنى
V. Thomsen: Samlede Afhandlinger, II, Kopenhagen, 1922 دىن كۆرۈڭ.

3. Huseyin Namik Orkun: Eski Turk Yazit lari. I, Istanbul. 1936. («قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»)

4. Ross E. Denisson: The Tonyukuk Inscrip tions. BSOS. London, t, VI, 1930—1932
(«تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا تەتقىقات»)

5. ئونگاۋا خېدىمى «تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھات»
(مانجۇ، مۇڭغۇل تارىخىغا ئائىت مەجمۇئەسى IV ) 1943 - يىل.

6. S. E. Malov: Pamyatniki Drevnetyurks koy Pis'mennosti, Moskva — Leningrad, 1951.
(«قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»)

7. G. J. Ramstedt, J. G. Grano und Pentti Aalto: Materialien zu den alttürkis chen Inschriften oer Mongolei, JSFOU, 60, 1958.
(«موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ماتېرىياللار»)

8. Giraud R. :L'inscription de Bain Tsokto. Edqtion Critique, Paris, 1961.
(«بايىن چوقتۇ مەڭگۈ تېشى - سېلىشتۇرۇلغان نۇسخىسى»)
9. Talat Tekin: A Grammar of Orkhon Turkic, 1968.
(«ئورقۇن تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»)

## (2) كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى

### (جەنۇب تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان، بۇ چاغدا [تەختتە] ئولتۇردۇم. سىلەر سۆزۈمنى تولۇق ئاڭلاڭلار، ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم، ئاندىن قالسا جەمەتىم ۋە خەلقىم، ئوڭ تەرەپتىكى شادىپىت (sadapit) بەگلەر، سول تەرەپتىكى تارقانلار، بۇيرۇق بەگلەر، ئوتتۇز...

(ئىككىنچى قۇر) توققۇز ئوغۇز بەگلىرى ۋە خەلقلىرى، سىلەر ياخشى ئاڭلاڭلار، ئىسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار، ئالدى بىلەن (شەرق) تىن كۈن چىقىشقىچە، ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تىن كۈن ئوتتۇرىسىچە، ئارقا تەرەپ (غەرب) تىن كۈن پېتىشقىچە، سول تەرەپ (شىمال) دىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەر

(ئۈچىنچى قۇر) نىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مەن مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى ئويۇشتۇردۇم، ئەمدى ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق يوق. تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسە، ئەلدە غەم قايغۇ بولمايدۇ. ئالدى (شەرق) تەرەپتىن سەنتۇڭ (santung) تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز [ساھىلى]غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم؛ ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تا توققۇز ئەرسەن (toquzarsan) گىچە قوشۇن تارتتىم. تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا تەرەپ (غەرب) تە يىنچۈ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ،

(تۆتىنچى قۇر) تۆمۈر (قاپقىغىچە) تارتتىم؛ سول تەرەپ
(شىمال) تە بايىرقۇ (yir bayirqu) زېمىنىغىچە يۈرۈش قىل-
دىم. مەن مۇشۇنداق كۆپ جايلارغا [قوشۇن] تارتىپ باردىم.
ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە
قىلىدىغان جاي ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ،
تابغاچ خەلقى بىلەن
(بەشىنچى قۇر) ياراشتىم. ئۇلار [بىزگە] ئالتۇن - كۈ-
مۈش، هاراق - شاراپ، يىپەك ماللارنى غەم قىلماي بېرىدۇ؛
تابغاچ خەلقىنىڭ سۆزلىرى چۈچۈك، سوۋغىللىرى ئېسىل (ئەس-
لى تېكىستە «يۇمشاق» دېيىلگەن) ئىكەن، ئۇلار تاتلىق سۆزى،
ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ [ئۆزلىرىگە]
شۇنچە يېقىنلاشتۇرالايدىكەن، يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
يامان هىيلىلىرى چىقىدىكەن.
(ئالتىنچى قۇر) ئۇلار ھەقىقىي بىلىملىك كىشىلەرنى،
ناھايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن. بىر كىشى
خاتالاشسا ئۇنىڭ جەمەتى، قوۋمى ۋە بۆشۈكىدىكىگىچە روناق
تاپقۇزمايدىكەن. ئۇلارنىڭ چۈچۈك سۆزى، ئېسىل سوۋغىللىرىغا
ئالدىنىپ، تۈرك خەلقى سىلەردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. تۈرك
خەلقى سىلەردىن بىر قىسىملار ئۆتۈك تەرەپ (جەنۇب) تىكى
چۇغاي (čughay) تېغىدا ئولتۇرغان ھەمدە تۈن (tun) تېغىدى-
كى
(يەتتىنچى قۇر) تۈزلەڭلىكتە ئولتۇرغان ۋاقتىڭلاردا يامان
نىيەتلىك كىشىلەر ئاراڭلاردىكى بىر بۆلۈم تۈرك خەلقىنى قۇتىر-
تىپ: ئەگەر يىراق ئولتۇرساڭلار ناچار سوۋغا بېرىدۇ، يېقىن
ئولتۇرسۇڭلار ياخشى سوۋغا بېرىدۇ دېدى. نادان كىشىلەر ئاشۇ
گەپلەرگە ئىشىنىپ، يېقىن بېرىپ، نەتىجىدە سىلەردىن نۇرغۇن
ئادەم ئۆلدۇڭلار.

(سەككىزىنچى قۇر) ئەگەر ئۇ يەرگە بارساڭلار، تۈرك
خەلقى ئۆلىسىلەر، ئۆتۈكەن زېمىنىدە ئولتۇرۇپ،[بۇ جايدىن]
كارۋانلارنى ئەۋەتسەڭلار ئۇندا غەم - قايغۇ بولمايدۇ. ئاۋادا ئۆتۈ-
كەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار ئەلنى مەڭگۇ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر.
[لېكىن] تۈرك خەلقى سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ توق قالىدى-
غانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالىدىغان-
لىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغىنىڭلار
(توققۇزىنچى قۇر) ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان قاغانىڭ-
لارنىڭ سۆزىنى ئالماي، ھەر تەرەپكە پېتىراپ كەتتىڭلار،
[نەتىجىدە] ئۇ يەرلەردە ھالەك بولدىڭلار، قالغىنىڭلار تەرەپ -
تەرەپتە[ سەرسان] بولۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدىڭلار،
تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بەختىم بولغانلىقى
ئۈچۈن قاغان بولدۇم. قاغان بولۇپ،
(ئونىنچى قۇر) يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇل خەلقنى
باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، ئەجابا مېنىڭ بۇ سۆزلە-
رىمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟
تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى سىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن
بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ ئەل تۇتقانلىقىڭلارنى ئويدۇردۇم،
[يەنە] سىلەرنىڭ [قانداق] خاتالىشىپ، ئۆلگەنلىكىڭلارنىمۇ ئوي-
دۇردۇم.
(ئون بىرىنچى قۇر) مەن بارلىق سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى-
نى بۇ مەڭگۇ تاشقا ئويدۇردۇم. بۇ سۆزلەرنى كۆرسەڭلار ھەممە-
نى بىلىسىلەر، ھازىرقى تۈرك خەلقى [ۋە] بەگلىرى، تەختكە
قارايدىغان بەگلەر [يەنە] خاتالىشامسىلەر؟! مەن [مەڭگۇ تاش
ياساتتىم]، تابغاچ خانىدىن نەققاشچى كەلتۈرۈپ، [قەبرىنى]
زىننەتلەتتىم، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ياندۇرمىدى.
(ئون ئىككىنچى قۇر) ئۇلار تابغاچ خانىنىڭ ئوردا نەققاشچى-

لىرىنى ئەۋەتتى، مەن ئۇلارغا ھەيۋەتلىك ئىمارەت سالدۇردۇم،
ئۇلارغا [ئىمارەت]نىڭ ئىچى ۋە تېشىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدى-
غان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم. مەڭگۈ تاش ياساتتىم، ئۇلارغا
كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم. ئون ئوق ئەۋلادلىرى ۋە
يات قوۋىم پۇقرالىرى (tat) غىچە ھەممىڭلار بۇنى كۆرۈپ بىلى-
گەيسىلەر.

(ئون ئۈچىنچى قۇر) مەن مەڭگۈ تاش ئورناتتىم. بۇ يەر
ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈ تاشنى
تۇرغۇزدۇم. [سۆزلىرىمنى] ئۇنىڭ [ئۈستىگە] يازدۇردۇم. كۆ-
رۈپ بىلگەندە ئۇ تاشنى مېنىڭ . . . . . . بۇ مەڭگۈ تاشقا خەت
يازغۇچى جيەن ئوغلى يوللىغ تېگىن.

(شەرق تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستى-
مىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىن-
سان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا بوۋام
بۇمىن قاغان بىلەن ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە
ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپ، قانۇن تۈزۈمىنى
تۈزۈپ بېرىپتۇ.

(ئىككىنچى قۇر) [بۇ چاغدا] ئەتراپىدىكىلىرىنىڭ ھەممى-
سى دۈشمىنى ئىكەن، ئۇلار قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپىدىكى
خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، بارلىقىنى [ئۆزلىرىگە]
بويسۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرى-
نى تىزلاندۇرۇپتۇ، ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قادىرقان تاغلىرى،
غەربتىن تا تۆمۈر [قاپقىغىچە] بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇ-
رۇپتۇ.

(ئۈچىنچى قۇر) ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا قاغانسىز قالغان
كۆك تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئۇلار دانا قاغان ئىكەن،
باتۇر قاغان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ دانا، باتۇر بولسا كېرەك.

ئۇلارنىڭ بەگلىرى بىلەن خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار
دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ، ئەلنى باشقۇرۇش-
نىڭ قانۇن تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ. [كېيىنچە] ئۇلار

(تۆتىنچى قۇر) قازا قىلىپتۇ. تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر،
قايغۇ بىلدۈرگۈچىلەر كۈن چىقىشتىكى بۆكلى (bokli) چۆللۈك
ئېلىدىن، تابغاچلاردىن، تۈبۈتلەردىن، ئاپارلاردىن (apar)، پۇ-
رۇملاردىن (purum)، قىرغىزلاردىن، ئۈچ قورىقانلاردىن،
ئوتتۇز تاتارلاردىن، قىتاتلاردىن، تاتابىلار (tatabi) دىن بولۇپ،
شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتۇ. ئۇلار
ئەنە شۇنداق داڭلىق قاغانلاردىن بولغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن

(بەشىنچى قۇر) ئىنىلىرى قاغان بولۇپتۇ. ئوغۇللىرىمۇ
قاغان بولۇپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى
ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ-
زۇق قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىم-
سىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك.

(ئالتىنچى قۇر) ئۇلارنىڭ بەگلىرى ۋە خەلقىدە ساداقەت
بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچلارنىڭ ھىيلىسى ۋە ئالدامچىلىقى ھەم
ئازدۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ
قويغانلىقى ئۈچۈن بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغاقچىلىق
سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلە-
تىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ.

(يەتتىنچى قۇر) قاغان دەپ ئاتالغان قاغانىدىن ئايرىلىپ
قاپتۇ، ئېسىلزادە ئوغۇللىرى تابغاچلارنىڭ قۇللىرىغا، ئېپەتلىك
قىزلىرى دېدەكلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ. تۈرك بەگلىرى تۈرك
دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، تابغاچ پەرەس بەگلەر تابغاچ دېگەن
ناملارنى قوللىنىپ، تابغاچ خانىغا بېقىنىپتۇ.

(سەككىزىنچى قۇر) [ئۇلار ئۈچۈن] ئەللىك يىل كۈچ

چىقىرىپ ئىشلەپتۇ. ئۇلار ئوڭ تەرەپ كۈن چىقىشتىن تا بۆكلى
خاقان يۇرتىغىچە، غەربىتىن تا ئۆمۈر [قاپقىغىچە] ئۇلارنىڭ
دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى تابغاچ خانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بارلىق
تۈرك پۇقرالىرى:
(توققۇزىنچى قۇر) ئىلى بار خەلق ئىدۇق، ھازىر ئېلىمىز
قېنى؟ كىمنى ئەل قىلدۇرىمىز؟ قاغانلىق خەلق ئىدۇق، ھازىر
قاغانىمىز قەيەردە؟ قايسى قاغانغا خىزمەت قىلىمىز؟ دەپتۇ.
مۇشۇنداق دېيىشىپ تابغاچ خانىغا دۈشمەن بولۇپتۇ.
(ئونىنچى قۇر) دۈشمەن بولۇپ، [ئەمما] قائىدە تۈزۈملە-
رىنى تۈرغۇزالمىغانلىقتىن يەنە بېقىنىپتۇ. [تاپغاچ خانى تۈرك
خەلقىنىڭ] ئۈنچىۋالا كۆپ ئىشلەپ بەرگەنلىكى ۋە كۈچ چىقارغان-
لىقىغا قارىماي، «تۈرك خەلقىنى يوقۇتاي، ئۇرۇقىنى قويماي»
دەپتۇ. ئۇلارنى يوقىتىشقا ئاتلىنىپتۇ. [لېكىن] ئۈستىمىزدىكى
تۈرك تەڭرىسى، [تۆۋەندىكى] تۈرك مۇقەددەس يەر سۈيى
(ئون بىرىنچى قۇر) مۇنداق دەپتۇ: «تۈرك خەلقى يوقالمى-
سۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن! » [شۇنىڭ بىلەن] ئاتام ئېلتېرىش
قاغاننى، ئانام ئېلبىلگە قاتۇننى تەڭرى تۆپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز
كۆتۈرۈپتۇ. ئاتام قاغان 17 ئەر بىلەن سىرتقا
(ئون ئىككىنچى قۇر) چىقىپتۇ. [ئۇلارنىڭ] سىرتتا يۈر-
گەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەردىكىلەر تاغقا چىقىپ-
تۇ. تاغدىكىلەر پەسكە چۈشۈپتۇ، يىغىلىپ 70 ئەر بوپتۇ.
تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەر-
لىرى بۆرىدەك، [ئەمما] ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن،
شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان
(ئون ئۈچىنچى قۇر) ئادىمى يەتتە يۈز بوپتۇ، يەتتە يۈز
ئادەم بولغاندىن كېيىن
[ئاتام قاغان] ئاتا - بوۋامنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بويىچە دۆلەتە-

دىن، قاغاندىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل
بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ، ئۇ يەردە تۆ-
لىس، تاردۇش خەلقىنى تەشكىللەپتۇ.

(ئون تۆتىنچى قۇر) ھەممە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە
شاد [دېگەن ئۇنۋانىنى] بېرىپتۇ. ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تە تابغاچ-
لار دۈشمىنى ئىكەن، سول تەرەپ (شىمال) تە باز قاغان ۋە
توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن، قىرغىز، قورىقان، ئوتتۇز
تاتار، قىتان، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن. ئاتام
قاغان بۇنچە كۆپ.......

(ئون بەشىنچى قۇر) ئۇ قىرىق يەتتە قېتىم ئەسكەر چىقى-
رىپتۇ، يىگىرمە قېتىم جەڭ قىپتۇ، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى
ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ. قاغانى
بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىپتۇ. دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ.
تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ،
ئاتام.

(ئون ئالتىنچى قۇر) قاغان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان ۋە
قانۇن تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتام
قاغاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باز (baz) قاغاننى بالبال
(balbal) قىلىپ تىكلەپتۇ. كېيىن قانۇن تۈزۈمگە ئاساسەن تاغام
[تەختكە] چىقىپ قاغانلىققا ئولتۇرۇپتۇ. تاغام قاغان بولغاندىن
كېيىن تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە بېقىپ تەربىيىلە-
دى. يوقسۇللارنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى.

(ئون يەتتىنچى قۇر) تاغام قاغانلىققا ئولتۇرغان ۋاقىتتا
مەن تاردۇش خەلقى ئۈستىدىكى شاد ئىدىم. مەن تاغام قاغان
بىلەن بىرلىكتە ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن تا يېشىل دەريا (yasil
uguz) بىلەن سەنتۇڭ (san tung) تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن
تارتتۇق، ئارقا تەرەپ (غەرب) تىن تا [تۆمۈر] قاپىقىغىچە قوشۇن

تارتتۇق ھەممە كۆكمەن تېغىدىن ئېشىپ قىرغىزلارنىڭ زېمىنى-
غىچە قوشۇن تارتىپ باردۇق.

(ئون سەككىزىنچى قۇر) جەمئىي يىگىرمە بەش قېتىم قوشۇن چىقاردۇق، ئون ئۈچ قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشتۇق. دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلدۇق، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن ئايرىدۇق، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇق، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇق، تۈرگەش قاغانى تۈركلىرىمىزدىن ئىدى، كۆز خەل-
قىمىز ئىكەنلىكىنى

(ئون توققۇزىنچى قۇر) بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا خاتا ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قاغانى ئۆلدى. بۇيرۇقلىرى، بەگلىرىمۇ ئۆلدى، ئون ئوق خەلقى زۇلۇم چەك-
تى. ئاتا - بوۋام ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلار ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن ئاز خەلقىنى تەشكىللىدىم...

(يىگىرمىنچە قۇر) ئۇ ئەسلىدە بارس بەگ (bars bag) ئىدى، بىز ئۇنىڭغا قاغان دېگەن نامنى بەردۇق ھەممە ئۇنىڭغا مەلىكە سىڭلىمنى ياتلىق قىلدۇق. ئۆزلىرى خاتا ئىش قىلدى، قاغانى ئۆلدى، خەلقى قول ۋە دېدەككە ئايلاندى. كۆكمەن زېمىنى ئىگىسىز قالمىسۇن دەپ ئاز ۋە قىرغىز خەلقىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن باردۇق، ئۇرۇش قىلدۇق،

(يىگىرمە بىرىنچى قۇر) يەنە [دۆلىتىنى] ئۆزلىرىگە بەر-
دۇق، شەرق تەرەپتىن قادىرقان تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. غەربتىن تاكەنگۇ تارمان (kangu tarman) غىچە بېرىپ، تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. ئۇ چاغدا قۇللار قۇللۇق بولدى، دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى، ئىنىسى ئاكىسىنى تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس ئىدى.

(يىگىرمە ئىككىنچى قۇر) بىز قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇن

تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى ۋە خەلقى ئىشىتىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، تۈرك خەلقى دۆلىتىڭلار ۋە قانۇني تۈزۈمىڭلارنى كىم بىت - چىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر خاتالىقىڭلارغا ئۆكۈنۈڭلار.

(يىگىرمە ئۈچىنچى قۇر) سىلەر باشباتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان دانا قاغانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلارنىڭ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدىڭلار [بۇنداق بولمىسا] قوراللىقلار قەيەردىن كېلىپ [سىللەر]نى ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قەيەردىن كېلىپ [سىللەرنى] قوغلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر كەتتىڭلار، شەرققە كەتكىنىڭلار شەرققە

(يىگىرمە تۆتىنچى قۇر) كەتتىڭلار، غەربكە كەتكىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار؛ سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا [ئېرىشكىنىڭلار]: سۇدەك ئاققان قېنىڭلار، تاغدەك دۆۋىلەنگەن سۆڭەكىڭلار بولدى، بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل، پاك قىزىڭلار دېدەك بولدى، [سىللەر]نىڭ بىلمەسلىكىڭلاردىن، ساداقەتسىزلىكىڭلاردىن تاغام قاغان ئالەمدىن ئۆتتى.

(يىگىرمە بەشىنچى قۇر) مەن دەسلەپتە قىرغىز قاغانىنى [بالبال] قىلىپ تىكلىدىم. تۈرك خەلقىنىڭ نام ئابرويىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتامنى قاغان، ئانامنى خاتۇن قىلىپ كۆتۈرگەن تەڭرى، ئەل بەرگەن تەڭرى، تۈرك خەلقىنىڭ نام شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ، مېنى

(يىگىرمە ئالتىنچى قۇر) قاغانلىققا ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، يېگىلى ئېشى، كەيگىلى كىيىمى يوق، يوقسۇل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام، تاغام قولغا كەل-

تۇرگەن خەلقلەرنىڭ نام ئابرويىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،
(يىگىرمە يەتتىنچى قۇر) تۈرك خەلقى ئۈچۈن تۈنلىرى
ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇرمىدىم. ئىنىم كۆل تېگىن ۋە ئىككى شادىم بىلەن بىرلىكتە ئۆلە - تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم. ئاشۇنداق ۋە تىرىشىپ يۈرۈپ، خەلقنى ئوت سۇ قىلمىدىم. مەن قاغانلىققا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا
(يىگىرمە سەككىزىنچى قۇر) ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتكەن خەلق ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي، پىيادە قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى تەرەپكە، جەنۇبتا تابغاچقا، زور قوشۇن باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم.
(يىگىرمە توققۇزىنچى قۇر) ئاندىن كېيىن تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. [ئۇلارنى] كۈچلۈك دۆلىتى بار، كۈچلۈك قاغانى بار [خەلقلەردىنمۇ] ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى
(ئوتتۇزىنچى قۇر) خەلقنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم، ياۋسىز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى، ھەمدە (ماڭا) ئىش كۈچىنى بەردى. ئىنىم كۆل تېگىن مۇشۇنچە قانۇنىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ تۈيۇقسىزلا قازا تاپتى. ئاتام قاغان دۇنيادىن ئۆتكەندە ئىنىم كۆل تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى. [ئۇ] . . . .
. . ياشتا
(ئوتتۇز بىرىنچى قۇر) ئۇمايدەك (umay) ئانام خاتۇننىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆل تېگىن ئەر ئاتالدى. ئۇ ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا تاغام قاغان دۆلەت ۋە قانۇنىي تۈزۈمنى ئەنە شۇنداق قولغا

كەلتۈردى. بىز ئالتە جۇپ (alti cub) سوغداق (soghdaq) قا
يۈرۈش قىلدۇق. تابغاچنىڭ ۋاڭ تۇتۇقى (Ong tutuq) بەش
تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، ئۇرۇشتۇق.
(ئوتتۇز ئىككىنچى قۇر) كۆل تېگىن پىيادە ھۇجۇمغا ئۆت-
تى، ۋاڭ تۇتۇقنىڭ قېينى ئىنىسىنى قوراللىق پېتى ئەسىرگە
ئېلىپ [ئۇنى] قاغانغا تەقدىم قىلدى. [بىز] ئۇ قوشۇننى شۇ
يەردە يوقاتتۇق. ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا، بىز چاچا
(caca) سەنگۈن بىلەن ئۇرۇشتۇق. دەسلەپتە [ئۇ] كۆل تېگىن
تادىقىن (tadiqin) چور (čur) نىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە
كىردى. بۇ ئات ئۇ يەردە
(ئوتتۇز ئۈچىنچى قۇر) ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا
(išbara) يامتار (yamtar) نىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىر-
دى. بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ
(yagin silig) بەگنىڭ يوپقلۇق تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە
كىردى. بۇ ئاتمۇ ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دوبۇلغۇسى،
يەلمەسىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى. [لېكىن] ئۆزىنىڭ يۈزى
ۋە بېشىغا بىر تال ئوقمۇ تەگكۈزمىدى...
(ئوتتۇز تۆتىنچى قۇر) تۈرك بەگلىرى سىلەر ھەممىڭلار
ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلغىنىنى بىلىسىلەر. بىز بۇ قوشۇننى ئۇ يەردە
يوقاتتۇق. ئاندىن كېيىن يىر بايىرقۇنىڭ ئۇلۇغ ئىركىنى
(ulugh irkin) [بىز] بىلەن دۈشمەن بولدى. ئۇنى چېكىندۈ-
رۈپ، تۈرگى - يارغۇن (turgi yarghun) كۆلى بويىدا تارمار
قىلدۇق. ئۇلۇغ ئىركىن ئازغىنە ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى.
كۆل تېگىن يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىدا
(ئوتتۇز بەشىنچى قۇر) قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدۇق. نەي-
زە بويى قېلىنلىقتىكى قارنى بۆسۈپ، كۆگمەن تېغىدىن ئېشىپ،
قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن

سۇڭا (sunga) تېغىدا ئۇرۇش قىلدۇق. كۆل تېگىن بايىرقۇنىڭ
ئاق ئايغىرىنى مىنىپ

(ئوتتۇز ئالتىنچى قۇر) جەڭگە كىردى. ئۇ بىر ئەرنى ئوق
بىلەن ئۆلتۈردى. [ھەمدە] ئىككى ئادەمگە [نەيزە] سانچىدى.
ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا، بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنىڭ يوتىسى چېقىپ
تاشلاندى. بىز قىرغىز قاغانىنى ئۆلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ ئېلىنى
ئالدۇق. شۇ يىلى ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ

(ئوتتۇز يەتتىنچى قۇر) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈر-
گەشلەرگە يۈرۈش قىلدۇق. تۈرگەشلەرنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق،
تۈرگەش قاغانىنىڭ قوشۇنى بولچۇ (bolču) دىن ئوتتەك، بوران-
دەك كەلدى، بىز ئۇرۇشتۇق. كۆل تېگىن باشغۇ (basghu)
[دېگەن] بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. باشغۇ [دېگەن] بوز
ئات. . .

(ئوتتۇز سەككىزىنچى قۇر) ئىككىسىنى ئۆزى ئەسىرگە
ئالدى، ئاندىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تۈرگەش
قاغانىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئازلارنىڭ تۇتۇقىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يەردە
ئۇلارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈردۇق، ئېلىنى ئالدۇق. ئاددىي تۈرگەش
خەلقىنىڭ ھەممىسى بىزگە بويسۇندى. بىز بۇ خەلقلەرنى تاپار
(tabar) غا ئولتۇراقلاشتۇردۇق.

(ئوتتۇز توققۇزىنچى قۇر) سوغداق خەلقىنى تەرتىپكە سې-
لىش ئۈچۈن، يىنچۈ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تا تۆمۈر [قاپقىغىچە]
يۈرۈش قىلدۇق. [ئاندىن كېيىن] ئاددىي تۈرگەش خەلقى بىزگە
دۈشمەن بولۇپ، كەنگەرەس (kangaras) كە باردى. ئۇ چاغدا
بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئورۇق، ئوزۇقىمىز يوق ئىدى، بۇزۇق ئا-
دەملەر. . .

(قىرىقىنچى قۇر) بىزگە ھۇجۇم قىلغانلار باتۇر ئەرلەر
ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئۆكۈنۈپ، كۆل تېگىنگە ئاز ئادەمنى ئەگەش-

تۇرۇپ ئەۋەتتۇق، ئۇ [بىر قېتىم] چوڭ ئۇرۇش قىلىپتۇ. ئۇ باتۇر شالچى (salči) نىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىرىپتۇ، ئاددىي تۇركەش پۇقرالىرىنى ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئەل قىپتۇ. يەنە يۈرۈش قىلىپ....

(شىمال تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر)...... بىلەن (ھەمدە) قوشۇ (qušu) تۇتۇق بىلەن ئۇرۇش قىپتۇ. ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۆيى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى پۈتۈنلەي كەلتۈردى. كۆل تېگىن يىگىرمە يەتتە يېشىدا، قارلۇقلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولدى ۋە [بىز بىلەن] دۈشمەنلەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ (tamagh) ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇق.

(ئىككىنچى قۇر) كۆل تېگىن بۇ قېتىمقى جەڭدە ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچى (salči) نىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ، جەڭگە كىردى. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئەرگە [نەيزە] سانچىدى. قارلۇقلارنى ئۆلتۈردۇق، ئۇلارنى بويسۇندۇردۇق. ئاز (az) خەلقى [بىزگە] دۈشمەن بولدى، بىز قارا كۆلدە (qara kol) جەڭ قىلدۇق. [ئۇ چاغدا] كۆل تېگىن ئوتتۇز ياشتا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچى (salci) نىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ،

(ئۈچىنچى قۇر) جەڭگە كىردى. ئۇ ئازلارنىڭ ئېلتەبىرى (altabar) نى تۇتتى، ئاز خەلقى شۇ يەردە يوقىتىلدى. تاغام قاغاننىڭ دۆلىتى قالايمىقانلاشقان، خەلق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئىككىگە بۆلۈنگەن چاغدا، بىز ئىزگىل (izgil) خەلقى بىلەن ئۇرۇشتۇق. كۆل تېگىن باتۇر شالچى (salči) نىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ،

(تۆتىنچى قۇر) جەڭگە كىردى. ئۇ ئات شۇ يەردە ئۆلدى. ئىزگىل خەلقى يوقىتىلدى. توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن [بىز بىلەن] دۈشمەنلەشتى. بىر يىلدا بەش قېتىم ئۇرۇشتۇق. دەسلەپتە بىز

توغۇ (toghu) شەھىرىدە ئۇرۇشتۇق.

(بەشىنچى قۇر) كۆل تېگىن ئازمان (azman) دېگەن ئاق [ئېتىنى] مىنىپ جەڭگە كىردى، ئالتە ئەرگە [نەيزە] سانچىدى. [ئىككى] قوشۇن ئۇرۇش قىلىشۋاتقاندا، بەشىنچى ئەرنى چېپىپ تاشلىدى. ئىككىنچى قېتىم قۇشلاغاق (quslaghaq) دا ئەدىز (adiz) بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. كۆل تېگىن ئازلارنىڭ تورۇق [ئېتىنى] مىنىپ جەڭگە ئېتىلىپ كىردى بىر ئەرگە [نەيزە] سانچىدى.

(ئالتىنچى قۇر) توققۇز ئەرنى ئەگىپ يۇرۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئاز خەلقى شۇ يەردە يوقىتىلدى. ئۈچىنچى قېتىم بىز بولچۇدا (bolču) ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق، كۆل تېگىن ئازمان (azman) دېگەن ئاق [ئېتىنى] مىنىپ [نەيزە] سانچىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى [نەيزە] سانچىپ ئۆلتۈردۇق ھەممە ئېلىنى ئالدۇق. تۆتىنچى قېتىم بىز چۇش (cuš) دېگەن بۇلاق بويىدا ئۇرۇشتۇق، تۇرك

(يەتتىنچى قۇر) خەلقى تەۋرىنىپ قالدى (؟) ئەھۋال ياماندلاشتى. كۆل تېگىن باستۇرۇپ كەلگەن [دۈشمەن] قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ، توڭرا تېگىن (tongra tegin) مازىرىدا توڭرا ئۇرۇغىدىكى بىر باتۇر بىلەن ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى. بەشىنچى قېتىم بىز ئەزگەنتى قاداز (azganti qadaz) دا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كۆل تېگىن.

(سەككىزىنچى قۇر) ئازلارنىڭ تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، ئىككى ئەرگە [نەيزە] سانچىدى ھەممە ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇردى. ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتى. بىز ئامغى (amghi) قورغىنىدا قىشلىدۇق. ئەتىيازدا ئوغۇزلارغا قوشۇن چىقاردۇق، كۆلتېگىننى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردۇق (؟) دۈشمەنلىرىمىز ئوردىغا بېسىپ كەلدى، كۆل تېگىن

(توققۇزىنچى قۇر) ئۆگسىز (ogsiz) دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ، توققۇز ئەركە[نەيزە] سانچىدى. گوردىنى بەرمىدى، [شۇنداق قىلمىغان بولسا] ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار، جەسەتىڭلار بولسا خارابىلىقتا، يولدا قالغان بولاتتى!

(ئونىنچى قۇر) كۆل تېگىن بولمىغان بولسا ھەممىڭلار ئۆلەتتىڭلار! ئىنىم كۆل تېگىن قازا تاپتى، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم، كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى، ئەقىل ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم، ئۆمۈرنى تەڭرى بەلگىلەيدۇ. ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن.

(ئون بىرىنچى قۇر) شۇنداق ئويلىدىم، كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزۈمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم. ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم، بالىلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم يىغلىۋېرىپ، كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم. تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن

(ئون ئىككىنچى قۇر) قىتان ۋە تاتابى خەلقىدىن ئۇدار (udar) سەنگۈن كەلدى. تابغاچ خانىدىن ئىسىي ( 御史 ) لىكەڭ ( 吕向 ) كەلدى، ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كەلتۈردى. تۈبۈت خانىدىن بولۇن (bolon) كەلدى. غەربتىن كۈن پېتىش تەرەپتىكى سوغداق، بەرچەكەر (barcakar)، بۇقاراق (buqaraq) ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن نەڭ (nang) سەنگۈن ۋە ئوغۇل (Oghul) تارقان كەلدى.

(ئون ئۈچىنچى قۇر) ئون ئوق ئوغلۇم تۈرگەش قاغانىدىن ماقراچ (maqrac) تامغىچى ۋە ئوغۇز بىلگە (oghuz bilga) تامغىچى كەلدى؛ قىرغىز قاغانىدىن تاردۇش ئىنانچۇچور (tarduš inančučur) كەلدى. ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈك تاش

ياسايدىغان ئۇستىلارنى [باشلاپ]، تابغاچ خاننىڭ مۇئەررىرىخى (؟) جاڭ سەنگۇن كەلدى.

(شەرقىي شىمال تەرىپى) كۆل تېگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدۇق. قەبرىسى، نەققە-شى، تاش پۈتۈگى مايمۇن يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى. كۆل تېگىن قىرىق يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى. تاش...... بۇ ئۇستىلارنىڭ ھەممىسىنى تويغۇن (toyghun) ئەلتەبىر كەلتۈردى.

(شەرقىي جەنۇب تەرىپى) كۆل تېگىننىڭ جيەن ئوغلى مەنكى يوللىغ (yollugh) تېگىن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى يېزىپ چىقتىم. مەن يىگىرمە كۈن سىرىپ قىلىپ، مەڭگۈ تاش ۋە تامدىكى خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يازدىم، سىز [خەلقنى] ئۆز باللىرىڭىز ۋە ئەۋلادلىرىڭىزدىن ئارتۇق كۆرەتتىڭىز. سىز قازا تاپتىڭىز. سىز كۆكتە خۇددى تىرىك ۋاقتىڭىزدىكىدەك...

(غەربىي جەنۇب تەرىپى) كۆل تېگىننىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر، مال - مۈلكى ۋە تۆت مىڭ يىلقىسىغا قارىغۇچى تۈيغۇن (toyghun?) ...... بېكىم تېگىن [يۇقىرى] تەڭرى. ...... مەنكى يوللىغ تېگىن مەڭگۈ تاشقا خەت پۈتتۈم.

(غەرب تەرىپى) غەربتىكى سوغداقلار ئاسىيلىق قىلدى. ئى-نىم كۆل تېگىن كۈچىنى ماڭا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەنكى تۈرك بىلگە قاغان ئۆزۈمنىڭ قوغدىغىچى (ayuq?) لىرى بىلەن ئىنىم كۆل تېگىننىڭ [مازىرىنى] گۈزەت قىلدۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا ئىنانچۇ ئاپا يارغان تارقان دېگەن نامنى بەردىم. ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇتتۇم.

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى:

بۇ مەڭگۈ تاش 1889 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆكشىن ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىكى قوشۇ سەي-

ـدام دېگەن جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش ھازىرمۇ ئەسلىدىكى ئورنىدا. مەڭگۈ تاش چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە خەنزۇ يېزىقى بىلەن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان، مەڭگۈ تاش مىلادىيە 732- يىلى ئورنىتىلغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست قىسمى جەمئىي 66 قۇر.

مەڭگۈ تاش پۈتۈكى چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە تاشقا ئويۇلغان، كىچىك تاشنىڭ بىر تەرىپىگە 13 قۇر خەت يېزىلغان، ئۇ مەڭگۈ تاشنىڭ باش قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قالغان قىسىملىرى چوڭ تاشنىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىگە ئويۇلغان، ئارقا تەرىپى خەنزۇچە تېكىست قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر مەڭگۈ تاش پۈتۈكىنىڭ رەسىملىرىدىن رادلوۋنىڭ «رەسىملەر مۇندەرىجىسى» (XCV I—XCIX — C I—CIV) دىن باشقا، فىنلانچە نۇسخىسىمۇ بار:

Inscription de 1' Orhhon recueilles par l'expedition finnoise 1890 et publiées parlea Societé Finno — ougrienne. Helsingfors, 1892. I, plates 2—12.

بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى، تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن كۆرۈڭ.

### (3) بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى

(شەرق تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە قاغان مېنىڭ سۆزۈم. ئاتام تۈرك بىلگە قاغان . . . . . . تى سىر (sir)، توققۇز ئوغۇز، ئىككى ئەدىز مەشھۇر بەگلىرى ۋە خەلقى تۈرك تەڭرىسى. . . . . .

(ئىككىنچى قۇر) ئۈستىدە مەن قاغان بولۇپ ئولتۇردۇم، مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا، ئۆلگىدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى. ئۆزۈم تەختكە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپتىكى [خەلقلەر] ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇنىي تۈزۈملەرنى[ ئورنىتىپ بەردىم] .

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىلاۋەسى: 3 ـ قۇرى بىلەن 23 ـ قۇرىغىچە بولغان تېكىست كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 1 ـ قۇردىن 30 ـ قۇرغىچە بولغان مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، قىسقارتىلدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرەپ 14 ـ قۇرى (كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرەپ 16 ـ قۇرىغا توغرا كېلىدۇ) دىكى تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئارتۇق: "[ . . . . . . ئالدى بىلەن باز قاغاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ] . ئاتام قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندە، مەن سەككىز ياشتا ئىدىم. [قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاساسەن تاغام قاغان بولۇپتۇ. تاغام قاغان بولغاندىن كېيىن تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە بېقىپ تەربىيىلىدى، يوقسۇللارنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى. تاغام قاغانلىقتا ئولتۇرغاندا] مەن تېگىن ئاتىلىپ تاغام قاغان ئۈچۈن كۈچ چىقاردىم. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئون تۆت يېشىمدا تاردۇش خەلقى ئۈستىگە شاد بولدۇم [مەن تاغام قاغان بىلەن بىرلىكتە ئالدى تەرەپتىن تاكى ياشىل ئۆگۈزگىچە قوشۇن تارتتۇق......] .

ئۇنىڭدىن باشقا، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرەپ 21 ـ قۇرى (كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرق تەرەپ 26 ـ قۇرىغا توغرا كېلىدۇ) دا يەنە بىر جۈملە بار: "ئىككى شاد ۋە ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق" (ھالبۇكى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدا "ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق"

دېيىلگەن). قالغانلىرىدىمۇ سەل - پەل ئوخشىماسلىقلار بولسى- مۇ، مەزمۇنلىرىدا چوڭ پەرق بولمىغاچقا، بىر - بىرلەپ كۆرس- ىتىپ ئولتۇرمىدۇق.

(يىگىرمە تۆتىنچى قۇر) ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. [ئۇلارنى] قۇدرەتلىك دۆلىتى بار، كۈچلۈك قاغانلىقى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممى- سىنى بويسۇندۇردۇم. ئۇلارنى دۈشمەنسىز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى. ئون يەتتە يېشىمدا تاڭغۇت (tangut) قا قوشۇن ئەۋەتتىم، تاڭغۇت خەلقىنى تارمار قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى ۋە مال - مۈلكىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئون سەككىز يېشىمدا ئالتە جۇپ سوغداققا،

(يىگىرمە بەشىنچى قۇر) قوشۇن ئەۋەتتىم. [سوغداق] خەلقىنى تارمار قىلدىم. تابغاچتىن ۋاڭ تۇتۇق بەش تۈمەن ئەس- كەر [باشلاپ] كەلدى. بىز ئىدۇق باش (iduq bas) دېگەن بۆلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇق، بۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتۇق. يىگىرمە يېشىمدا، باسمىل ئىدىقۇت (basmil iduqqut) ئۆز ئۇرۇقىمىز- دىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقچىلارنى ئەۋەتمىدى دەپ [ئۇلارغا] يۈرۈش قىلدىم. [ئۇلارنى] بويسۇندۇردۇم. نۇرغۇنلىغان (ئول- جىلارنى) ئۆيگە كەلتۈردۈم. يىگىرمە ئىككى يېشىمدا،

(يىگىرمە ئالتىنچى قۇر) تابغاچقا يۈرۈش قىلدىم. چاچا سەنگۈننىڭ سەككىز تۈمەن لەشكىرى بىلەن ئۇرۇشتۇم، بۇ قو- شۇننى شۇ يەردە يوقاتتىم. يىگىرمە ئالتە ياشۋاقتىمدا چىك (cik) خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە [بىزگە] دۈشمەن بول- دى. كەم (kam) دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، چىكلارغا يۈرۈش قىلدىم. ئورپەن (orpan) دا ئۇرۇشتۇق، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى- نى مەغلۇپ قىلدۇق. ئاز خەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم . . . . . بويسۇندۇردۇم. يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش

قىلدىم. ئەيزە بويى قېلىن قارنى
(يىگىرمە يەتتىنچى قۇر) بۆسۈپ، كۆكمەن تېغىدىن ئې-
شىپ، قىرغىزلارنى ئۆيقۇدا باستىم. قاغانى بىلەن سوڭا
(songa) تېغىدا ئۇرۇشتۇم. قاغاننى ئۆلتۈردۈم. ئېلىنى ئال-
دىم. شۇ يىلى تۈرگەش خەلقىگە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېر-
تىش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، يۈرۈش قىلدىم. تۈرگەش خەل-
قىنى ئۆيقۇدا باستىم. تۈرگەش قاغانىنىڭ قوشۇنى ئوت بوراندەك
كەلدى.
(يىگىرمە سەككىزىنچى قۇر) بولچو (bolču) دا ئۇرۇش-
تۇق. قاغانىنى، يابغۇسىنى، شادىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم،
ئېلىنى ئالدىم. ئوتتۇز يېشىمدا بېشبالىق (biš baliq) قا يۈرۈش
قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم. . . . . . قوشۇنىنى پۈتۈنلەي
يوقاتتىم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەم يوقىتىلاتتى. . . . .
. . ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بېشبالىق
[ۋەيرانچىلىقتىن] ساقلىنىپ قالدى. ئوتتۇز
(يىگىرمە توققۇزىنچى قۇر) بىر يېشىمدا قارلۇقلار غەم-
قايغۇسىز، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغانلىقتىن بىزگە دۈشمەن بول-
دى. مەن تاماغ (tamagh) ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇش-
تۇم. قارلۇق خەلقىنى ئۆلتۈردۈم ھەمدە ئېلىنى ئالدىم. [مەن
ئوتتۇز ئىككى] يېشىمدا، قارلۇق خەلقى يىغىلىپ [بىزگە قارشى
تۇردى.] مەن [ئۇلارنى] يوقاتتىم. توققۇز ئوغۇزلار [ئەسلىدە]
مېنىڭ خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈ-
چۈن.
(ئوتتۇزىنچى قۇر) ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى
ئۈچۈن [بىزگە] دۈشمەن بولدى. بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم
ئۇرۇشتۇم. دەسلەپتە توغۇ (toghu) بالىقتا ئۇرۇشتۇم. قوشۇ-
نۇم توغلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى.

ئىككىنچى قېتىم ئاندارغۇ (antarghu) دا ئۇرۇشتۇم. قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم. ئۈچىنچى قېتىم چۇش (čus) دېگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇم. تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى،
(ئوتتۇز بىرىنچى قۇر) ئەھۋال يامانلاشقانىدى. مەن بۇسۇپ كەلگەن [دۈشمەن] قوشۇننى چېچىۋەتتىم. جېنىدىن ئايرىلىشقا ئاز قالغان نۇرغۇن كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى، شۇ چاغدا توڭرا-تېگىن (tongra tegin) مازىرىدا توڭرا باتۇرلىرىدىن [تەشكىل تاپقان] بىر ئۇرۇققا ئايلىنىپ يۈرۈپ زەربە بەردىم. تۆتىنچى قېتىم ئەزگەندى قاداز (azgan di qadaz) دا ئۇرۇشتۇم، قوشۇننى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. يوقاتتىم . . . . . . يېشىمدا ماغا (maggha) قورغاندا قىشلىغىنىمىزدا جۇت بولدى. ئەتىياز-دا.
(ئوتتۇز ئىككىنچى قۇر) ئوغۇزلارغا يۈرۈش قىلدىم. بىرىنچى قوشۇن سىرتتا ئىدى. ئىككىنچى قوشۇن ئوردىدا ئىدى. ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلدى، ئۇلار بىزنى پىيادە قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى دەپ [ئەسىرگە] ئالغىلى كەلدى. ئۇلار-نىڭ قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئوردىدىكى مال بايلىقنى بۇلىغىلى ماڭ-دى، [قالغان] يېرىمى ئۇرۇشقىلى كەلدى. بىز ئاز ئىدۇق، قېيىن ئەھۋالدا ئىدۇق. ئوغۇز . . . دۈشمەن . . . تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇ يەردە ئۇلارغا زەربە بەردىم.
(ئوتتۇز ئۈچىنچى قۇر) تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن تۈرك خەلقى غەلىبە قازاندى، مەن ئىنىم بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ تىرىشمىغان بولساق، تۈرك خەلقى ئۆلگەن بولاتتى، يوقالغان بولاتتى. تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى سىلەر شۇنداق ئويلاڭلار ۋە شۇنداق بىلىڭلار! ئوغۇزلار [تارتۇقچىلارنى] ئەۋەتمىدى دەپ [ئۇلارغا] يۈرۈش قىلدىم.
(ئوتتۇز تۆتىنچى قۇر) ئۇلارنىڭ ئوردىسىنى ئالدىم، ئوغۇز

خەلقى توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.
ئاغۇ (aghu) دا ئىككى قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇنىنى
مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم. مەن شۇنداق تىرىشتىم...
تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈم ئوتتۇز ئۈچ يېشىمدا .
.. ئۇلار ئۆدىسىگ ئۆتۈلۈگ (od sig otulug) ... ...
(ئوتتۇز بەشىنچى قۇر) بىقىۋاتقان ... ... باتۇر قاغانى
ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى، ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، مۇقەددەس
يەر سۇ ۋە ئەجدادىم، قاغانىمنىڭ روھى خۇشال بولمىغان بولسا
كېرەك، توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى.
ئۇلار تابغاچتىن يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى. مەن [ئۇلارنى]
باقاي دەپ ئويلاپ، ... خەلق... ...
(ئوتتۇز ئالتىنچى قۇر) جەنۇبتا ... ... تابغاچتا نام
شۆھرىتى يوق بولدى. بۇ يەردە ماڭا قۇل بولدى. مەن ئۆزۈم
قاغانلىقتا ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن تۈرك خەلقى ... ... قىلمى-
دىم، مەن دۆلەتنى، قانۇنىي تۈزۈملەرنى ياخشى باشقۇرۇشقا تى-
رىشتىم ... بىرلىشىپ ... ...
(ئوتتۇز يەتتىنچى قۇر) ئۇ يەردە ئۇرۇشتۇم. قوشۇنىنى
مەغلۇپ قىلدىم. بوي سۇنغانلىرى بويسۇندى، [مىنىڭ] خەلقىم
بولدى، ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. سېلىنگا دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ
مېڭىپ، قاراغىن (qaraghin) دېگەن قىستاڭدا ئوردىسىنى ۋەي-
ران قىلدىم ... ... ئۇلار تاغقا چىقىۋالدى. ئۇيغۇر ئېلتەبىر
(uyghur altabar) يۈزچە ئەر بىلەن شەرققە قېچىپ كەتتى .
..
(ئوتتۇز سەككىزىنچى قۇر) ... ... تۈرك خەلقى ئاچ
ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۈرك خەل-
قىنى باقتىم. ئوتتۇز تۆت يېشىمدا، ئوغۇزلار قېچىپ بېرىپ
تابغاچقا قوشۇلدى، مەن ئۆكۈنۈپ ئەسكەر چىقاردىم ... ...

. ئوغۇل ـ قىزلىرىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئىككى ئېلتەبىرلىك خەلق. . . . . .

(ئوتتۇز توققۇزىنچى قۇر) تاتابى خەلقى تابغاچ خانىغا قارىدى. ئەلچى ئەۋەتمىگەنلىكى، ھال ـ ئەھۋال سورىمىغانلىقى ئۈچۈن يازدا [ئۇلارغا] قوشۇن چىقاردىم، خەلقىنى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. ئۇلارنىڭ يىلقىسىنى . . . . . . قوشۇنى يىغىلىپ كەلدى، قادىرقان تېغىدا

(قىرىقىنچى قۇر) . . . . . . ئۇلار يۇرۇتقى ماكانلىرىغا ئورۇنلاشتى. جەنۇبتىكى قارلۇق خەلقىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يامتار تۇدۇن (yamtar tudun) نى ئەۋەتتىم. ئۇ باردى . . .

[قارلۇق] ئېلتەبىر يوقىلىپتىمىش، ئىنىسى بىر . . .

(قىرىق بىرىنچى قۇر) . . . . . . تارتۇقچىلار كەلمىدى، ئۇلار جازالاي دەپ يۈرۈش قىلدىم. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىككى ـ ئۈچ كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئاددىي خەلق: «قاغانىمىز كەلدى» دەپ مەدھىيە ئوقۇدى . . . مەن نام مەرتىۋە بەردىم. ئەسلى كىچىكلەرنى . . .

(جەنۇب تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) بىرىنچى كۈنى تابغاچنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم (ئەسلى تېكىستتە «ئادەم» دېگەن سۆز «ئەسكەر» دەپ يېزىلىپ قالغان)، ئىككىنچى كۈنى پىيادە ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم . . . . . . ئۇلار . . . دىن كېشىپ . . . كەتتى.

(ئىككىنچى قۇر) . . . . . . قېتىم ئەسكەر چىقاردىم، ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا، قىشتا قىتانغا يۈرۈش قىلدىم. . . .

. . ئوتتۇز توققۇز يېشىمدا تاتابىلارغا يۈرۈش قىلدىم.

(ئۈچىنچى قۇر) مەن يوقاتتىم . . . . . . ئوغۇل قىزلىرى، ئاياللىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى . . . . . .

(تۆتىنچى قۇر) بۇ . . . . . . ئاياللىرىنى يوق قىلدىم.

(بەشىنچى قۇر) .... بار ..... ....

(ئالتىنچى قۇر) ئۈچۈن ... ... ئۇرۇش قىلدىم ...

......

(يەتتىنچى قۇر) ... ... بەردىم (؟) باتۇرنى ئۆلتۈ-رۈپ بالبال قىلىپ تىكلىدىم، ئەللىك يېشىمدا، تاتابى خەلقى قىتاندىن ئايرىلدى ... تۆڭكەر (tüngkar) تېغىدا ئولتۇردى.

.. ....

(سەككىزىنچى قۇر) قۇغ سەنگۈن تۆت تۈمەن ئەسكەر باش-لاپ كەلدى. تۆڭكەر تېغىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىم، ئۈچ تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم، بىر تۈمەن ئەسكىرى ...... تاتابى

... ...

(توققۇزىنچى قۇر) ئۇلار يوقىتىلدى. چوڭ ئوغلۇم ئاغرىپ ئۆلگەندە، قۇغ سەنگۈننى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. مەن ئون توققۇز يىل شاد بولدۇم. ئون توققۇز يىل قاغان بولدۇم. دۆلەتنى باشقۇردۇم. ئوتتۇز بىر ... ...

(ئونىنچى قۇر) تۈركلىرىمگە، خەلقىمگە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەردىم. مۇشۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى قازىنىپ ئاتام قاغان ئىت يىلى ئونىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قازا تاپتى. چوشقا يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. بۇقاغ تۇتۇق ........

(ئون بىرىنچى قۇر) ئاتىسى لىسۇن دېگەن چوڭ سەنگۈن بەش يۈز ئەرنى باشلاپ كەلدى. خۇش پۇراق ... ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن كەلتۈردى. دەپنە مۇراسىمى ئۈ-چۈن [ئىشلىتىلىدىغان] ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەدى. ساندال ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ ..

. ...

(ئون ئىككىنچى قۇر) مۇنچىۋالا كۆپ خەلق چېچىنى كەس-

تى، قۇلىقىنى تىلدى. (ئۇلار مىنىشكە ئىشلىتىدىغان) نەسىل-لىك ئات، قارا بولغۇن، كۆك تىيىنلەرنى ھەددى - ھېسابسىز كەلتۈرۈپ قويدى.
(ئون ئۇچىنچى قۇر) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە [قاغان] مېنىڭ سۆزۈم؛ ئاتام تۈرك بىلگە قاغان تەختتە ئولتۇر-غان ۋاقىتتا، تۈرك ھازىرقى بەگلىرى، ئارقا تەرەپ (غەرب) تىكى كۆلچۈر (kulčur) باشچىلىقىدىكى تاردۇش بەگلەر ۋە شادا-پىت (šadapit) بەگلەر، ئالدى تەرەپ (شەرق) تىكى ئاپا (apa) تارقان باشچىلىقىدىكى تۆلىس بەگلەر
(ئون تۆتىنچى قۇر) ۋە شاداپىت بەگلەر، ئوڭ تەرەپ (جە-نۇب تەرەپ)تىكى تامان (taman) تارقان، تونيوقۇق بويلا باغا تارقان ۋە بۇيرۇق . . . . . . بۇيرۇق سەبەگ كۆل ئىركىن (sabagkül irkin) باشچىلىقىدىكى ھەر قايسى بۇيرۇق بەگلەر، ھازىرقى بەگلەر ئاتام قاغانغا ئىنتايىن . . . . . .
(ئون بەشىنچى قۇر) ئىنتايىن مەدھىيە ئوقۇدى. . . . . . تۈرك بەگلىرى، خەلقى (بىرلىكتە) ئىنتايىن مەدھىيە ئوقۇدى. . . . . . ئاتام قاغان [قازا تاپقاندا]، تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئېغىر تاش ۋە يوغان ياغاچلارنى ئەكەلدى، . . . . . . ئۆزۈم شۇنچە
(شىمالىي تەرىپى)
(1 - 8 قۇرلىرى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنىڭ 1 - 11 - قۇرلىرى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا قىسقارتىل-دى.
(سەككىزىنچى قۇر) (ئاتام)
(توققۇزىنچى قۇر) قاغان بىلەن ئاغام قاغان تەختتە ئولتۇر-غاندا، ئۇلار تۆت ئەتراپتىكى شۇنچىۋالا كۆپ خەلقنى تەشكىللە-گەن ئىكەن، . . . . . . تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا تۆت تەرەپتىكى خەلقنى تەشكىللىدىم، تەر-

تىپكە سالدىم . . . . . . . قىلدىم . . . . . . . ئىنتايىن داغدۇغى-
لىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىمنى تۈرگەش قاغانىغا ياتلىق
قىلدىم.

(ئونىنچى قۇر) ( [يەنە] ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرە-
كىسى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم . . .
. . . بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇم، تىزى بارلارنى تىزلاندۇر-
دۇم، ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، ئاستىمىزدىكى يەر - زېمىن ساقلى-
غانلىقى ئۈچۈن،

(ئون بىرىنچى قۇر) كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان، قۇلى-
قى بىلەن ئاڭلاپ باقمىغان خەلقلىرىمنى شەرقتە كۈن چىقىشقى-
چە، جەنۇبتا [تابغاچقىچە] غەربتە كۈن پېتىشقىچە، شىمالدا تۈن
ئوتتۇرىسىغىچە بولغان [مۇشۇنداق كەڭ زېمىنگە]. ئالتۇن، ئاق
كۈمۈش، مەشۇتلىق يىپەك، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك،
نەسىللىك يۈگۈرۈك ئات - ئايغىر، قارا بۆلغۈن ، كۆك تىيىنلەر-
نى تۈركلىرىمگە خەلقىمگە قازىنىپ بەردىم.

(ئون ئىككىنچى قۇر) [ئۇلارنى] غەمسىز قىلدىم. ئۈستى-
مىزدىكى تەڭرى كۈچلۈك. . . . . .

(ئون ئۈچىنچى قۇر) بېقىڭلار، ئازابلىماڭلار، قىينىماڭ-
لار. تۈرك بەگلىرى، تۈرك خەلقىم . . . . . . قازىنىپ . .
. . . . [سىلەر] بۇ قاغانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلاردىن،

(ئون تۆتىنچى قۇر) ۋە [يەر] سۇيىڭلاردىن ئايرىلمىساڭ-
لار، سىلەر ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، غەمسىز ياشىيالايسىلەر،
قايغۇسىز بولالايسىلەر، . . . . . . [شۇنىڭدىن] كېيىن تابغاچ
قاغانىدىن نۇرغۇن نەققاشلارنى كەلتۈردۈم. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمە-
نى قايتۇرمىدى، ئوردىدىكى نەققاشلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا ھەي-
ۋەتلىك قۇرۇلۇش سالدۇردۇم، ئىچى - تېشىنى ئاجايىپ نەقىش-
لەتتىم. مەڭگۈ تاش تىكلەتتىم، كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئوي-

دۇردۇم. . .

(ئون بەشىنچى قۇر) ئون ئوق ئەۋلادلىرىمدىن تارتىپ يات ئورۇقلىرىغىچە، بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار! مەڭگۈ تاش ياساتتۇردۇم. . . . . . سۆزلۇرىمنى ئويدۇردۇم. . . ئۇ تاش قۇرۇلۇش

. . .

(غەربىي جەنۇب تەرىپى) بىلگە قاغان مەڭگۈ تاش تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ (yolugh) تېگىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، نەقىش، ۋە سەنئەت بۇيۇمىنى بىلگە قاغاننىڭ جيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېگىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم. . . . . .

(شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى) كۆك ئۆڭ (ŏng) نى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، كېچە . كۈندۈزلەپ [مېڭىپ] يەتتە كېچە - كۈندۈزدە مەن سۇسىز [چۆللەرنى] كېسىپ ئۆتۈپ، چوراق (čoraq) غا يېتىپ باردىم. تاكى كەچىن (kačin) گە......

(غەرب تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) . . . . . . ئۇستىدە.

(ئىككىنچى قۇر) بىلگە قاغان قازا تاپتى . . . . . .

(ئۇچىنچى قۇر) مەن ياز بولسا ئۇستىمىزدىكى تەڭرى

(تۆتىنچى قۇر) دۇمبىغى گۈلدۈرلىگەندەك.

(بەشىنچى قۇر) تاغدىكى بۇغىلار ۋارقىرىغاندەك ھەسرەت چەكتىم.

(ئالتىنچى قۇر) ئاتام قاغاننىڭ تېشىنى ئۆزۈم

(يەتتىنچى قۇر) ئورناتتىم.

**خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى:** بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان، هازىرمۇ ئۆز ئورنىدا، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا هەم خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان، چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان بولۇپ، جەمئىي 80 قۇر خەت بار، مىلادى 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان.

بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى، تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى بىلەن كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدىكى خەن-زۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھىدا كۆرسىتىلگەن پايدىلى-نىش ماتېرىياللىرىدىن كۆرۈڭ.

### (4) ئۆنگىن مەڭگۈ تېشى
### (ئالدى تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) ئەجدادىمىز يامى (بۇمىن؟) قاغان قۇدرى-تىنى تۆت ئەتراپقا تاراتقان ئىكەن. ئۇ قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلى يوقۇلۇپتۇ . . . . . .

(ئىككىنچى قۇر) [تۈرك خەلقى] قاغان ئاتالغان قاغانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. تۈرك خەلق ئىلگىرى شەرقتە كۈن چىقىشتىن، غەربتە تاكى كۈن پېتىشقىچە، شىمالدا تاكى تاغ ئورمانلارغىچە بولغان [مۇشۇنداق كەڭ جايلارنى] بويسۇندۇرغانىكەن.

(ئۈچىنچى قۇر) [ھەمدە] باتۇر ئادەملىرىنى بالبال قىلىپ تىكلىدى. [لېكىن كېيىن] تۈرك خەلقىنىڭ نام ئابرويى كۈندىن - كۈنگە يوقالدى، [ئاندىن كېيىن] ئۈستىدىكى تەڭرى: تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن . . . . . . دەپتۇ.

(تۆتىنچى قۇر) مەن قاپاغان (qapghaņ)، ئېلتىرىش قا-غانلارنىڭ ئېلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، بىز ئەلئەتمىش يابغۇنىڭ ئوغلى [ۋە] ئىشپارا تامغان چور (išbara tamghančur) ياپغۇنىڭ ئىنىسى، مەن بىلگە ئىشپارا تامغان تارقان (bilga išbara tamghan tarqan) ئاتام مەرتىۋىلىك . . . . . . ئەلئەتمىش

(بەشىنچى قۇر) ئۇ چاغدا تابغاچنىڭ شىمالىدا، ئاتىغ بىلەن ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە ئادەم [بىزگە] دۈشمەن بولدى. ئاتام . . . تەڭرىكەن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆچىنى بارلىقى-نى ئايىماپتۇ. . . . . . . . .

(ئالتىنچى قۇر) تەڭرىكەن ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىما-

خاچقا، [ئاتامغا] شاد (šad) نامى بېرىلىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا توققۇز
ئوغۇزلار بىلەن ئاتىغلار [بىزنىڭ] دۈشمىنىمىز بولدى. ئۇلار
ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. تەڭرىكەن [ئۇلارغا] يۈرۈش قىلىشقا
ئاتلىنىپتۇ.

(يەتتىنچى قۇر) ئۇ چاغدا [ئاتام] سەن بىزنى ئەھۋالى
قىيىن، ئادىمى ئاز، [ئۇلارنىڭ] ئادىمى كۆپ دېمە، [شۇنداق
بولسىمۇ][بىزنىڭ ئادەملىرىمىز باتۇر] بولغانلىقتىن، ئۇلارغا
تېگىش قىلايلى دەپتۇ. بەگلەرگە: بىز ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقىدىن
ئۇلاردىن قورقۇپ قالاتتىقمۇ دەپتۇ . . . . . .

(سەككىزىنچى قۇر) ئاتام شاد يەنە مۇنداق دەپتۇ: تەڭرى-
كەننىڭ تۇغى تۇغلۇق بولسۇن، تۈرك خەلقى بەختسىزلىككە
ئۇچرىمىسۇن! . . .

(ئوڭ تەرىپى)

(توققۇزىنچى قۇر) مەن قامىل (qamil) شەھىرىگە تەگ-
دىم، ئەنتىمنى ئالدىم، ئىشغال قىلدىم، ئۇلارنىڭ قوشۇنى كەل-
دى. خەلقىنى يەڭدىم، بىراق بەگلىرى قاچتى، مەن . . . تابغاچ
خەلقىنى . . . يەڭدىم. . . . . .

(ئونىنچى قۇر) كەلدۇق، ئىككىسىنىڭ ئارىسىغىچە، ئاتىغ
(atig) لار [بىزگە] دۈشمەن بولدى. [دەسلەپتە] ئۇلارغا تەگمەي
دەپ ئويلىدىم. تەڭرى بىلگە قاغاننى ئويلاپ، بارلىقىمنى، كۈ-
چۈمنى بەردىم، ئۇلار [بىزگە] تەگكەنلىكى ئۈچۈن [ئۇلارغا]
زەربە بەردىم. تەگكەندىن كېيىن،

(ئون بىرىنچى قۇر) ئۆيگە قايتىپ، ئىنىم بىلەن ئوغلۇمغا
مۇنداق نەسىھەت قىلدىم: بىزنىڭ ئاتىمىز ئەزەلدىن ئېلتېرىش
قاغاندىن ئايرىلغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئەمەس. بىزمۇ
تەڭرى بىلگە قاغاندىن ئايرىلمايلى ۋە يۈز ئۆرىمەيلى دەپ ئاشۇنداق
دېدىم. كېتمىدىغانلار كەتتى. بىلگە قاغاننىڭ خەلقى . . . . .
. باردى. بىلگە قاغاننىڭ نام ئابرويى ئۈچۈن ئايىمىدى.

(ئون ئىككىنچى قۇر) ئۈستىكى تەڭرى قاغان قوي يىلى (بۇنى ئالات تېكىنىنىڭ تەرجىمىسى بويىچە ئالدۇق، ئىلگىركى-لەرنىڭ ھەممىسى "ئەجدىھا" يىلى دەپ ئالغان) نىڭ 7 - ئېيىدا بىز كۈچلۈك، باتۇر قاغانىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، مېھرىبان بىلگە ئاتامدىن، دەپنە - مۇراسىمىڭىزنى ئۆتكۈزدۈم، مۇقەددەس يەر - سۇغا كىرەتتى . . . . . .

(ئوڭ تەرەپنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان خەت)

(ئون ئۈچىنچى قۇر) ئاتامغا تاش پۈتۈك

(ئون تۆتىنچى قۇر) ئورناتتىم. بۇ مەڭگۈ تاشقا خەت

(ئون بەشىنچى قۇر) پۈتتۈم،

(ئون ئالتىنچى قۇر) بىلگە ئاتام.

(ئون يەتتىنچى قۇر) ئەجدىھا يىلى(؟)[بۇ مەڭگۈ تاشقا] خەت پۈتتۈم،

(ئون سەككىزىنچى قۇر) نام شۆھرىتى تۆت ئەتراپقا تارالسۇن دەپ، مەدھىيە ئوقۇدۇم.

(ئون توققۇزىنچى قۇر) ياخشى خان (؟)

تاش بالبالنىڭ ئۈستىدىكى خەت

(يىگىرمىنچى قۇر) [بۇ] ئىشپارا تارقاننىڭ بالبالى.

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى:

ئۆنگىن مەڭگۈ تېشى 1891 - يىلى يادرىنتسېۋ تەرىپىدىن ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قوشۇ سايدامىنىڭ جەنۇبىدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆنگىن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى ئەتراپىدىن تېپىلغان، ھازىرمۇ ئەسلىدىكى ئورنىدا. مەڭگۈ تاشتىكى يېزىقلار مەڭگۈ تاشنىڭ ئىككى يان تەرىپى بىلەن بىر دانە تاش بالبالنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان، جەمئىي 20 قۇر خەت بار، تەخمىنەن مىلادى 731 - يىلى ئەتراپىدا ئورنىتىلغان.

مەڭگۈ تاشنىڭ رەسىملەر مۇندەرىجىسى ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار:

1. رادىلوۋنىڭ رەسىملەر مۇندەرىجىسى XXVI ، 1 ـ 5 ـ بەت.
2. رادىلوۋ «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» 7 ـ 11 ـ بەتلەر.
3. ئورقۇن «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى I ، 128 ـ 132 ؛ II ، 216 ـ ، 217 ـ بەتلەر.
4. مالوۋ «موڭغۇل ۋە قىرغىزىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى».
5. G. Clauson : The Ongin Inscription, JRAS, 1957 p. 177 — 192.
6. ئونگاۋا خېدىمى «ئۆنگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ» ، «دوكتور تورۆنى خاتىرىلەش شەرقىي ئوكيان تارىخى مەجمۇئەسى» گە بېسىلغان، 341 ـ، 447 ـ بەت.
7. تالات تېكىن «ئورقۇن تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 255ـ 256 ـ ، 291 ـ 292 ـ بەت.

## (5) كولىچۇر مەڭگۈ تېشى

(غەرب ئەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) بولغاچقا . . . . . . . [ئۆنىمگا] سىقان تونيوقۇق ( ciqan tonyuquq ) دېگەن نام بېرىلگەنىدى. . . .

. .

(ئىككىنچى قۇر) دەل . . . چاغدا [شۇنىڭدەك] مەرتىۋىسى ئۆستى. [بۇنىڭ بىلەن] ئۇ ئىشپارا سىقان كۆلىچۇر (išbara ciqan kuličor) دېپ ئاتالدى . . . . . .

(ئۈچىنچى قۇر) [ئېلتېرىش] قاغاننىڭ ئېلىدە ياشاپ ھەمدە [ئىزچىل] ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق بولۇپ كەلگەن نام شۆھرىتى يۇقىرى كۆلىچۇر سەكسەن يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

. . . . .

(تۆتىنچى قۇر) ئۇ دائىم بوز ئېتىنى مىنەتتى، ئۇنىڭ،

ئىگىنى (تۈرقى؟) بىلەن پەزىلىتىگە كىشىلەر مەدھىيلەر ئو-قۇيتتى. ئۇ تۈرك خەلقى ئۇچۇن . . . . . .

(بەشىنچى قۇر) لار. . . . . . . [بىز بىلەن]
دۇشمەنلەشكەندە . . . . . .

[كۆلىچۇر] ئۆلتۈردى . . . . . . ھەمدە ئۇنىڭ خاتۇنى بىلەن ئوغلىنى قولغا چۈشۈردى. . . . . .

(ئالتىنچى قۇر) ئۇ ئاز خەلقىنىڭ زېمىنىنى بويسۇندۇردى.
. . كۆلىچۇر، تۈرك خەلقى ۋە بەگلىرى . . . . . .

(يەتتىنچى قۇر) دانا، باتۇر ۋە نام ئاتىقى يۇقىرى بولغانلىق-تىن ئۇ

(سەككىزىنچى قۇر) ئىشپارا بىلگە كۆلىچۇر [نامىغا] ئېرىشتى.

(توققۇزىنچى قۇر) ئۇ بىلەن . . . ئۇرۇش قىلغان ۋاقتى-دا، شىكار قىلغاندا خۇددى بۆركۈتتەك . . . . . .

(ئونىنچى قۇر) ئۇ . . . . . . چېپىپ تاشلىدى، ئۇ كە-چىن زېمىندا تۇمەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى، كۆلىچۇر بېسىپ كىردى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى. . .

(ئون بىرىنچى قۇر) . . . ئالتە . . . . . . . بېشبالىقتىكى تۆت قېتىملىق ئۇرۇشتا، كۆلىچۇر [دۇشمەنلەرنى] پاتپاراق قى-لىۋەتتى.

(ئون ئىككىنچى قۇر) ئۇ تابغاچلار بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق، قەيسەرلىك كۆرسەتكەچكە نام شۆھرىتى چىقتى.

(شەرق تەرىپى)

(ئون ئۈچىنچى قۇر) . . . . . . . (ئىشپارا بىلگە كۆلى-چۇر) ئۇنىڭ خاتۇنى بىلەن قىزىنى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلدى.

(ئون تۆتىنچى قۇر) ئىشپارا بىلگە چور تاردۇش خەلقىنى

باشقۇردى . . .

(ئون بەشىنچى قۇر) ئۇ ئۆزىنىڭ . . . ئىتىنى مىنىپ، ئۈچ ئەرگە [نەيزە] سانچىدى. . . . . . . ئۇرۇشتا كۆلىچور ئۆزىنىڭ چىلان تورۇق ئىتىنى مىنىپ (يۇسۇپ كىردى)......

(ئون ئالتىنچى قۇر) . . . . . . . ئۇ يەردىن غەربتە يىنچۈ دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ تاكى تۆمۈر [قاپقا] بىلەن تەزىك (tazik) گىچە باردى. ئۇ توققۇز گوغۇزلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يەتتە قېتىملىق ئۇرۇشتا

(ئون يەتتىنچى قۇر) (قان؟) تۆكتى. قىتان، تاتابىلار بىلەن بولغان بەش قېتىملىق ئۇرۇشتا كۆلىچۇر قاغانىنىڭ مەسلەھەتچىسى، قوماندانى ۋە باتۇرى بولغانىدى.

(ئون سەككىزىنچى قۇر) . . . . . . كۆلىچۇر يەتتە ياش چېغىدا . . . ئۇ . . . ئۇ. . . ياش ۋاقتىدا [دۇشمەنىنىڭ] توققۇز باتۇرىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. قارلۇقلار [بىز] بىلەن دۇشمەن بولغاندا، ئۇ ئاتىز (atiz) لارنىڭ زېمىنىدا ئىدى.

(ئون توققۇزىنچى قۇر) . . . . . . دىن كېيىن بىلگە كۆلىچۇر يەنە قارلۇقلاغا [يۈرۈش قىلدى]، ئۇ ئۆزىنىڭ . . . . . . ئىتىنى مىنىپ، [دۇشمەنىنىڭ قوشۇنىنى] تارمار قىلدى.

. . . . . .

(يىگىرمىنچى قۇر) ئۇ داۋاملىق زەربە بەردى . . . ئۇ قارلۇقلارغا كەڭچىلىك قىلدى، ئۇلارنى يوقاتمىدى، ئۇ قارلۇقلارغا . . . . . . بىراق ئۇلار ئۇرۇشنى يۇرتلىرىغىچە سۈرەپ باردى. قارلۇقلار قوزغىلىپتۇ.

(يىگىرمە بىرىنچى قۇر) ئاشۇ قېتىم قارلۇقلار ئۇنىڭ تورۇق ئىتىنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋەتتى، قارلۇقلار . . . . . . ئۇلارنىڭ ئېلتەبىرى كەلدى، سىرئېركىنىنىڭ ئوغلى يىغان چۇرمۇ كەلدى.

(يىگىرمە ئىككىنچى قۇر) ئۇ . . . ئۈچۈن جەڭ قىلىپ،

ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېلىنى ئالدى، ئوغلى بىلەن خاتۇنىنى ئەسىرگە ئالدى. شۇڭا ئىشپارا بىلگە كۆل چور [ئاتىنىپ] . . . . . .

(يىگىرمە ئۈچىنچى قۇر) . . . . . . ئۇنىڭ ھاياتى مۇشۇدـ داق ئۆتتى. ئۇ تەنھا ئۆزى دۈشمەن قوشۇنىغا بېسىپ كىرىپ [بەختسىزلەرچە] ھالەك بولدى.

(يىگىرمە تۆتىنچى قۇر) . . . . . . قاغانىنىڭ ئىنىسى ياك (yak) چورتېگىن [ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۆت نەپەر] تېگىن ئىشپارا بىلگە كۆلىچۇرنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا كەلدى. [ئۇنىڭغا ئاتاپ] سۈرەت سىزدۇرۇپ، [مەڭگۈ تاش] تىكلىدى.

(يىگىرمە بەشىنچى قۇر) ئۇ . . . . . . غا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاتلىرى بار ئىدى.

(جەنۇب تەرىپى)

(يىگىرمە ئالتىنچى قۇر) . . . . . . ياك تىگىن كەلدى، . . . . . . چۇرنىڭ ئوغلى يىغان چورمۇ كەلدى. . . . . . .

(يىگىرمە يەتتىنچى قۇر) . . . . . . ئۇنىڭغا . . . . . . مۇشۇنداق كۆپ خەلق يىغىلىپ ماتەم تۇتتى. [مەڭگۈ تاش تېكىستىنى] مەن پۈتتۈم.

(يىگىرمە سەككىزىنچى قۇر) مېنىڭ . . . . . . بىلىمىم چوڭقۇر بولمىسىمۇ، پۈتۈن بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ [بۇ مەڭگۈ تاشنى] پۈتتۈم.

(يىگىرمە توققۇزىنچى قۇر) ئاھ دەردىما! . . . . . . .

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى:

كۆلىچۇر مەڭگۈ تېشى 1912 ـ يىلى پولشا ئالىمى كوتۋىزىچ تەرىپىدىن ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇلانباتوردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئىخى خوشۇتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. مەڭگۈ تاش ھازىرمۇ ئەسلىدىكى ئورنىدا، مەڭگۈ تاش تېكىستى مەڭگۈ تاشنىڭ تۆت تەرىپىگە ئويۇلغان، جەمئىي 29 قۇر خەت بار، كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن، مىلادىيە 721 ـ يىلى (؟) ئورنىتىلـ

غان.

رەسىملەر مۇندەرىجىسى ۋە بۇ مەڭگۈ تاش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار:

1. W. Kot wicz et A . Samoil owitch ,le monn ment turc d Ikhe — khuchtu en Mong olie centrale, Ro, IV, 1928. pp . 60 — 107.

2. ئورقۇن «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» I, 133-، 151- بەت.

3. مالوۋ «موڭغۇل ۋە قىرغىزىيىدىكى قەدىكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» 25 ـ 30 ـ بەت.

4. تالات تېكىن «ئورقۇن تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» 257- 258 ـ؛ 293 ـ، 295 ـ بەتلەر.

(6) بايانچۇر مەڭگۈ تېشى (ئۇيغۇر)

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ چۈشەندۈرىشى

بۇ مەڭگۈ تاشنى 1909 ـ يىلى فىنلاندىيە ئالىمى رامستېد (G. T. Ramsted) ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن شىنە ئۇسۇ (xine—usu) كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆرگۈتۈدىن تاپقان. بۇ مەڭگۈ تاش تەخمىنەن 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان، جەمئىي 50 قۇر خەت بار، كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن.

فوتو نۇسخىسى ۋە بۇ مەڭگۈ تاش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار:

1. Ramstedt, G. J.: Zwei uigurische Runenins schriften inder Nord - Mongolei, JSFOu, XXX, 3, 1913. (موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت رونىك يېزىقىدىكى ئىككى پارچە مەڭگۈ تاش).

2. S. E. Malov: Pamyat niki Drevnet yurksoy Pis'menos ti
Mongolii i kirgizii. M. L. 1959, str. 30 - 44.

(موڭغۇل ۋە قىرغىزىيدىكى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى).
3. H. N. Orkun : Eski turk yazit lari I. s. 114—185
(قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى)

## بايانچۇر مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسى

(شىمالىي تەرىپى)

(بىرىنچى قۇر) تەڭرىدىن بولغان ئەلئەتمىش بىلگە قاغان، . . . تۆلىس . . .

(ئىككىنچى قۇر) ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن. سۈيى سېلىنگا [دەرياسى] ئىكەن. ئۇ يەردە قالغان خەلق. . . . . .

(ئۈچىنچى قۇر) ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇرلازنىڭ ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ، . . . . . . ئورقۇن دەرياسى . . . . . .

(تۆتىنچى قۇر) ئەللىك يىل ئولتۇرغانىكەن . . . . . . تۈرك ئېلىگە يىگىرمە ئالتە يېشىمدا . . . . . . ئۇ چاغدا بويىلا . . . . . .

(بەشىنچى قۇر) ئۇلار [ئۇ جايدىن] قايتىپ كەلدى، توققۇز ئوغۇز خەلقنى تېرىپ يىغىپ ئالدىم. ئاتام كۆل بىلگە قاغان . . . . . .

(ئالتىنچى قۇر) قوشۇن بىلەن ئاتلاندى، مېنى مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى، ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ كەيرە (kayra) نىڭ شەرقىدىن يانغىچە . . . . . .

(يەتتىنچى قۇر) . . . بويسۇندۇرۇپ يەنە يۈرۈش قىلدىم. كەيرى بېشىدا (ياكى تاغ چوققىسى؟) ياكى ئۈچ بۈركۈ

(bürkü) دېگەن جايدا قاغاننىڭ قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر ... ...

(سەككىزىنچى قۇر) قوغلىدىم. ئۇلار قارا قۇمدىن ئۆتۈپ كۆگۈر (kogur) دە، كۆمۈر تاغ (komur tagh) دا يار (yar) دەرياسىدا ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى ... ...

(توققۇزىنچى قۇر) ئۆزمىش تېگىن (ozmiš tigin) قاغان بولۇپتۇ، قوي يىلى (يەنى 743 ـ يىلى) دا مەن يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى قىلىپ، ئۆزمىش تېگىننى ... ...

(ئونىنچى قۇر) تۇتتۇم. خانىشىنى ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم، تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى. كېيىن توخۇ يىلى (يەنى 745 ـ يىلى) دا ... ... خەلق... تۈيۈپ. ..

(ئون بىرىنچى قۇر) ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەربتىكى ئون ئوق [خەلقىگە] (يەنى غەربىي تۈركلەرگە) قوشۇلدى.

توڭگۇز يىلى (يەنى 747 ـ يىلى) دا تارمار قىلدىم ... ... تاي بىلگە تۇتۇقنى ... ...

(ئون ئىككىنچى قۇر) يابغۇ دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاتام قاغان قازا تاپتى، ئاددىي خەلق قىلىنغان ... ... سانچىدىم. ..

(شەرقىي تەرەپ)

(ئون ئۈچىنچى قۇر) تۇتتۇم ... ... [ئۇ چاغدا] مەن بۆكە گۈك (bükagük) دېگەن [جايغا] يېتىپ باردىم. كەچقۇرۇن كۈن پاتقاندا ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانچىدىم. ئۇلار كۈندۈزى قېچىپ كېتىپ، كېچىسى توپلاندى. بۆكە گۈكتە سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتالارنى قالدۇرمىدۇق. ئىككىنچى كۈنى كۈن چىققاندا،

(ئون تۆتىنچى قۇر) ئۇرۇشتۇم. قول دېدەكلىرىم، خەلـ.
قىمنى تەگرى ۋە زېمىن ساقلىدى. ئۇ يەردە [نەيزە] سانچىدىم.
گۇناھكار مۆتىۋەرلىرىنى تەگرى [ماڭا] تۇتۇپ بەردى. لېكىن
ئاددىي خەلقنى يوقاتمىدىم. ئۆي - بىساتىنى مال - مۈلكىنى
يىلقىلىرىنى بۇلىۋالمىدىم. [ئۇلارنى] جازالىدىم. [لېكىن]
ئۇلارنى [بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىشكە] يول قويدۇم. سىلەر ئۆز
خەلقىم دېدىم، ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋېرىڭلار دېدىم. مەن ئۇلارنى
قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم. ئۇلار كەلمىدى. مەن يەنە
(ئون بەشىنچى قۇر) قوغلىدىم، بۇرغۇ (burghu) دا يېتىـ.
شىۋېلىپ زەربە بەردىم. تۆتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى [كۈنى]
ئۇرۇشتۇم، شۇ يەردە سانچىدىم. يىلقىلىرىنى، مال - مۈلۈكلىـ.
رىنى، قىزلىرىنى، خاتۇنلىرىنى كەلتۈردۈم. بەشىنچى ئايدا
ئۇلار ئەگىشىپ كەلدى. سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنىڭ
ھەممىسى كەلدى. سېلىڭگا [دەرياسىنىڭ] غەربىي، يىلۇن دەريا.
سىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ، شىپ بېشىغىچە قوشۇن ئورۇنلاشـ.
تۇردۇم.
(ئون ئالتىنچى قۇر) ئۇلار كەرگۇ، ساقىش ۋە شىپ بېشى
ئارقىلىق كەلدى. . . . . . قوشۇنلارنى سېلىڭگا دەرياسىغىچە
ئورۇنلاشتۇردۇم. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇرۇشتۇم. ئۇ يەردە
سانچىدىم. [ئۇلارنى] سېلىڭگا دەرياسىغا قىستاپ زەربە بەردىم.
ئۇلارنى تارمار قىلدىم. كۆپچىلىكى سېلىڭگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنـ.
دىكى ئېقىنىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. مەن سېلىڭگا دەرياسىدىن
كېچىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇرۇشتا ئون ئەرنى قولغا
چۈشۈردۈم. [ئۇلارنى بېرىپ مېنىڭ يارلىقىمنى جاكارلاشقا]
ئەۋەتتىم:
(ئون يەتتىنچى قۇر) "تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيـ.
لىدىن، بىر ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن مېنىڭ

ئاددىي خەلقىم سىلەر ھالەك بولدۇڭلار. ماڭا بېقىنساڭلار ھالەك بولمايسىلەر» دېدىم. «قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار» دېدىم. ئىككى ئاي كۈتتۈم، كەلمىدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قوشۇن چىقىرىپ زەربە بېرەي دېدىم. قوشۇن يولغا چىقىدۋاتقاندا، بىر ئاتلىق چارلىغۇچى كېلىپ: «دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇلار باشلىقى بىلەن دۈشمەنلىك نىيەتتە كەلدى، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاچىغ ئالتىر كۆلدە قاسۇيدىن ئۆتۈپ ئۇرۇشتۇم. ئۇ يەردە[نەيزە] سانچىدىم. داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردىم. شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كەيرە باشى ۋە ئۈچ بىر كۆدە تاتارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم، خەلقىنىڭ يېرىمى

(ئون توققۇزىنچى قۇر) بويسۇندى، يېرىمى. . . . . . غا كىردى. ئۇ يەردىن يەنە قايتىپ كەلدىم. ئۆتۈكەن تېغىدا قىشلىدىم، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ ئەركىن [تۇرمۇش] كەچۈردۈم. ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. ئۇلارنى تاردۇش، تۆلىس خەلقىگە ھۆكۈمران قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (يەنى 750 - يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا ئۇرۇش قىلدىم.

(يىگىرمىنچى قۇر) شۇ يىلى . . . . . . بويسۇندى، . . . . . . بېشىدا ئاق ئوردىنى ياساتتىم، ئوردا تېمىنى ياساتتىم. يازدا شۇ يەردە يازلىدىم. بەلگەمنى، پۈتۈگۈمنى ئويدۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە، شەرققە يۈرۈش قىلدىم، تاتارلارنى سوراققا تارتتىم. توشقان يىلى (يەنى 751 - يىلى)

(يىگىرمە بىرىنچى قۇر) بەشىنچى ئايغىچە . . . . . . ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىڭىز (ingiz) بېشىدا، مۇقەددەس بۇلاق بېشىنىڭ غەربىدە، باش ۋە توقۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم. ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم، ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن

مىڭ يىللىق تۇمەن كۈنلۈك (يەنى مەڭگۈلۈك) پۈتۈك ۋە بەلگە-
نى يېسى تاشقا يازدۇردۇم، مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم.
(يىگىرمە ئىككىنچى قۇر) توققۇز ئوغۇز . . . . . . . بەگلە-
رى كەلدى . . . . . . دۈشمەنلەشتى. ئۆكۈنبەگ ۋە قارا بۇلۇقتا
تۇرۇشلۇق قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ”سىلەر قوشۇن تارتىپ
چىقىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار“ دەپتۇ. ”دىققەت قىلىڭلار،
ئورمانلىقتا
(يىگىرمە ئۈچىنچى قۇر) ئۇچرىشايلى“ دەپتۇ. ئۆتۈكەن .
. . . . . دەپتۇ. . . . توققۇزىنچى كۈنى قوشۇن چىقاردىم.
تۇتۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلارنىڭ
ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ بېرىگە ئاز ساندىكى ئادەملەرنى ئەۋەتتىم.
”سىلەر پەخەس بولۇڭلار“ دېدىم. قىرغىز خانى كۆكمەن
[تېغى]
(يىگىرمە تۆتىنچى قۇر) ئىچىدىكى چېدىرىدا ئىكەن، ئات-
لىق پايلاقچىسىنى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ، [لېكىن]
مېنىڭ ئادەملىرىم يېتىپ، تىل قىلىپ تۇتۇپتۇ. ئۇ (تۇتۇلغان
تىل):
(جەنۇب تەرىپى)
(يىگىرمە بەشىنچى قۇر) قاغانغا ئىتتىپاقداشلىرى كەلدى،
[لېكىن] قارلۇقلار كەلمىدى دەپتۇ. قارلۇقلار كەم (دەرياسى)
. . . . . . ئېرىتىش دەرياسىنىڭ ئارقار باش دېگەن يېرىنى مۇز
قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئارقامىشنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال
سېلىپ ئۆتتۇم. ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە[ئۇلارغا]
ئۇچرىدىم. ، بولچۇ (bolču)[دېگەن جايدا] ئۈچ قارلۇقلارنى
(يىگىرمە ئالتىنچى قۇر) مەغلۇپ قىلدىم. ئۇ يەردىن قاي-
تىپ كەلدىم، مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەل-
دى. . . . . . . سىز بېشىمدىكى پاسىلىم ئىچىدە [ئۆيۈمدە]
يازلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم. چىك خەلقىگە تۇتۇق

ئەر . . . . . . ئەۋەتتىم ۋە ئىشپارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم
كۆلىدە (qazluq) كەلدى. قازلۇق
. . . . دۈشمەن [تاغدا] ئۇلار (يىگىرمە يەتتىنچى قۇر)
. . . . گۈن بەشىنچى كۈنى كەلدى. سىلىپ چۇقان دەپ . .
. . تايغان (tayghan) كۆلىدە [قوشۇنلارنى] توپلىدىم. ئالدىن
قارا بوتالىقتىن كەلدى. ئەرلەر ئەۋەتتىم. قىسىملىرىنى يۈرەر
ئۆتۈپ [دۈشمەننى كېلىشكە] مەجبۇر قىلدى. مەن ئالدىدا يۈ-
رۈش قىلدىم . . . . . . بولدى. ئۇ [باسمىللاردىن بولغان
ئادەمنى كۆرسىتىدۇ] قارلۇقلارغا
(يىگىرمە سەككىزىنچى قۇر) ئادەم ئەۋەتىپتۇ. "ئىچكى ۋە
سىرتتىن قاپسايلى" دەپتۇ. باسمىللار [بىز بىلەن]
دۈشمەنلىشىپ، تۇرالغۇيىمغا بېسىپ كەلدى، ئۇلارنى بويسۇندۇ-
رىۋالمىدىم، سىرتتا ئۈچ قارلۇق، ئۈچ تاتار . . . . . . تۇرگەش
. . . . . . ئۆتۈكەندە . . . مەن
(يىگىرمە توققۇزىنچى قۇر [ئۇلارغا] زەربە بەردىم. بەشىن-
چى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى سوقۇشتۇم، ئۇ يەردە سانچىدىم.
ئىچۇي (ičuy) دەرياسىدىن ئۆتۈپ . . . . . . كۈن چىققاندا
سانچىدىم، ئاندىن كېيىن تۇرگەشلەر قارلۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ
مال - مۈلكىنى بۇلۇۋېلىپ تۇرار جايلىرىغا قايتىپتۇ. مېنىڭ
تۇرار جايىمغىمۇ بېرىپتۇ . . . . . . .
(ئوتتۇزىنچى قۇر) . . . . . . دۈشمەن بولدى. . . . .
. . تۇرۇپ يېرىگە باردى. ئۇلارنى قوغلاپ ...... سەككىزىنچى
ئايدا يولغا چىقتىم. مەن ئۆيۈمنى ئەرسەگۈن (arsagun) دە يۇلار
(yula) كۆلى بويىدا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ يەردىن قوغلاپ ماڭ-
دىم. . . . . . .
(ئوتتۇز بىرىنچى قۇر) باسمىللارنى قالدۇرۇپ، . . . .
... ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى قارلۇقلارنى . . . . . . يوغرا

(yoghra) تۇزلەڭلىكىدە، ئەسكەرلىرىگە نەيزە سانچىدىم، ئۇيى ئۈن كۈن ئىلگىرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن قوشۇنلىرىمنى قايتۇرۇپ كەلدىم .... ....

(ئوتتۇز ئىككىنچى قۇر) ئون بىرىنچى كۈنى ..... سانچىدىم. مەن ئۆز خەلقىم ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم، ئىرلۈن (irlün) ۋە تالاقىمىن (talaqimin) دا قوغلاپ يەتتىم. بۇرۇن تابغاچتىكى ئوغۇز ۋە تۈرك خەلقى [ئۇلاردىن ئايرىلىپ] يولغا چىقىپتۇ، ئۇ يەردە قوشۇلدى. ئۇ يەردە بەگلەر ..... ....

(ئوتتۇز ئۈچىنچى قۇر) مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ ...... . تۈغ .... .... بەش يۈز كىشىلىك تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەر بىر ئىككى قېتىم بېسىپ كەلدى. ئۇ جاغدا تەڭرى ۋە يەر دېدەك قۇللىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى، ئۇ يەردە [نەيزە] سانچىدىم.

(ئوتتۇز تۆتىنچى قۇر) ئۇ يەردە خەلقلەر بويسۇندى ... ... قېچىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئورقۇن (دەرياسى) بىلەن بالىقلىق (baligligh) [دەرياسى] نىڭ قوشۇلۇش جايىدا قاغان ئوردىسى سالدۇردۇم، ئوردىنى .... .

..

(ئوتتۇز بەشىنچى قۇر) ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسى قارا بۇلاقنىڭ شەرقىدە، سوقاق يولىدا چىگىل (čigil) تۇتۇق

... ... ...

(ئوتتۇز ئالتىنچى قۇر) توغۇرغۇ [دەرياسىدىن] ئۆتۈپ، [نەيزە] سانچىدىم. قارلۇق، باسمىللار ... ... ... يىغىلىپ .

... ...

(ئوتتۇز يەتتىنچى قۇر) چۈشتۇم ... ... باسمىلغا .

... ...

(ئوتتۇز سەككىزىنچى قۇر) ئاپا ... ... . توسۇلۇپ قاپتۇ

. . . . . . . بىلمەس . . . . . . . . ھەممىسى قېچىپ يېتىراپ .

. . . . . .

(ئوتتۇز توققۇزىنچى قۇر) . . . مەن سالدىم. بۇنچە كۆپ

پۇتۇكلەرنى . . . . . . مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى يازدۇردۇم.

(غەربىي تەرىپى)

(قىرىقىنچى قۇر) كەلدى . . . . . . قارلۇقلار قايتا مۇس-

تەقىل . . . . . . شۇنداق قىلىپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىند-

چى يۇرۇش قىلدىم، قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۇر-

گەشلەرگە كەلدى. قايتىپ كەتكەندىن كېيىن.

(قىرىق بىرىنچى قۇر) ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم.

. . . . . . . . دېگىنى ئۈچ . . . . . . زەربە بەردىم. [قايتىپ]

كەلدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى.

قوي يىلى (يەنى 755 ـ يىلى) دا

(قىرىق ئىككىنچى قۇر) يازلىدىم . . . . . . تابغاچ خانى

. . . قاغان بېرىپتۇ. بىرى قىزى، سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە

ئالدىم. قايتىپ كەلدىم. . . ئىككى [قىسمىم] خەلقىنى ئېلىپ

. . . ئۆتۈكەندە . . . زەربە بەردىم . . . . . . ئۇ يەردە ئولتۇ-

راقلىشىپ، مىڭدەك ئەسكەرنى (؟) ئەۋەتتىم. بەخت يارىتىدى-

غان تۇغىنى . . . . . . . .

. . . . . . . . . . ئۇ يەردە . . . . . . . . . (قىرىق ئۈچىنچى قۇر)

خەلقنى . . . . . . . ئىككىنچى ئاينىڭ ئالتىسى ئۆيۈمگە چۈشتۇم،

توخۇ يىلى (يەنى 757 ـ يىلى) دا بېرىپتۇ . . . . . . . يوقىتىپتۇ

شۇنداق قىلىپ كەلدى. ئىككى قىزىنى [سوۋغا] (قىرىق تۆتىند-

چى قۇر) قىلىپ بەردى . . . . . . بېرىپتۇ . . . . . . . .

"كېيىنكىزنى يىرماي" دېدى. "خاتا ئىش قىلماي" دېدى. [لېكىن]

بويسۇنمىدى، . . . . . . سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەريا-

سىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم.

(قىرىق بەشىنچى قۇر) . . . . . . [يىگىرمىسى؟] ئۇ

. . . . . . . . ئۇچ تۇغنى . . . . . . . . . . . .

يەردىن قايتىپ بېرىپ، . . . . . . . يىگىرمە ئۇچى

بىرلەش . . . . . يىگىرمە بىرى ئوردىنى . . . يىگىرمە ئۇچى

ئۇ يەردە [نەيزە] سانچىدىم. يارىش (yaris) ۋە ئاغۇلىغ (aguligh) ئارىلىقىدا

(قىرىق ئالتىنچى قۇر) . . . . . . ئۇچ تۇمەن . . . . .

. . نەيزىلىگەن يەردە . . . . . . ئويلاپتۇ . . . . . . ئىككىنچى

ئاينىڭ ئون ئالتىسى ئۇچ تۇغلۇق

(قىرىق يەتتىنچى قۇر) تۈرك خەلقى . . . . . . سەككىز

ئوغۇز، توققۇز تاتار . . . . . . خاتۇن جيەنى ئۆزبىلگە . . .

. . .

(قىرىق سەككىزىنچى قۇر) مىڭ يىلقىنى قالدۇرۇپتۇ. بىر تۇمەن قوينى قالدۇرۇپتۇ.

(قىرىق توققۇزىنچى قۇر) . . . . . .

(ئەللىكىنچى قۇر) [قوشۇن قوماندانى] مەن . . . . . .

ئېلتەبىر، مەن مىڭ يىلقا، بىر تۇمەن قوينى تۇتتۇم . . . .

. . كەلتۇردۇم . . . . . .

# تۈرك تارىخىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يېقىنقى 60 يىل (1919 ـ 1984) دىن بۇيانقى تەتقىقات ئەھۋالىغا باھا

دۆلەت ئىچىدىكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى خادىملار 1919ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە بولغان يەنى بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرلىشىش چېكىگىچە بولغان 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق بىرقانچە يۈز پارچە ماقالە يازدى، بۇ ماقالىلەردە مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئاساسلىق تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**(1) تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئىرقىي تەۋەلىكى توغ-رىسىدىكى تەتقىقاتلار**

تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن ئېرقىي تەۋەلىكى توغ-رىسىدا نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ پىكىرى بىردەك ئەمەس. دۆلەت ئىچىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزگەن ئالىم ۋاڭ رىۋبي ئىدى. ئۇ 1935 ـ يىلى «تىيانشان مەجمۇئەسى» نىڭ بىرىنچى جىلد ئالتىنچى سانىدا «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى تارىخى» نامىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ماقالىدە دىڭلىڭلار بىلەن ھۇنلار بىر مىللەت، ھەر ئىككىلىسى تۈرك سىستېمىسىدىن؛ قاڭقىل، تېلى، ئۇيغۇرلار-نىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، ھالبۇكى بۇ ئۇچى يەنە كېلىپ خەن دەۋرىدىكى دىڭلىڭلاردۇر. شۇڭا دىڭلىڭلار تۈرۈك مىللىتى ھېسابلىنىدۇ، ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ تۈرك مىللىتىدىن بولغاچقا،

دىڭلىڭلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى دەپ دەلىللەشكە بولىدۇ دەپ قارىدى. ماقالىدە يەنە دىڭلىڭلار شىمالىي ۋېي دەۋرىدە قاڭقىل دەپ ئاتالغانىدى، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر بولسا دىڭلىڭ ياكى بەزىدە چىلى دەپ ئاتىغانىدى، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تارىخ كىتابلاردا تېلى دەپمۇ ئاتالدى دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەنىدى، دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ رىۋېينىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى سەل-پەل پەرقلىنىدىغان ئالىملاردىن يەنە لى فۇتۇڭ بار ئىدى.①

لېكىن ئالىملارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقىدەك نۇقتىئىنەزەرگە قارىتا گۇمانىي پوزىتسىيە بىلەن قارايدىغانلارمۇ، پۈتۈنلەي قارشى پوزىتسىيە تۇتىدىغانلارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، فېڭ چېڭجۈن، جوۋلىيەنكۇن، جۇباۋلۇڭ قاتارلىقلار شۇنداق قاراشتا ئىدى.

فېڭ چېڭجۈن «قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قۇس، پىشامشانلىقلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشى توغرىسىدا»② ناملىق ماقالىسىدا قاڭقىللار دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل يوق. قاڭقىل دەپ ئاتىلىپ قېلىشى بولسا پەقەتلا ئۇلارنىڭ «ھارۋىسىنىڭ چاقىنىڭ ئېگىز، شادىسىنىڭ كۆپ» لىكىدىن، ھارۋا ياساشقا ماھىرلىقىدىن بولغان، بۇ تاڭ، دەۋرىدىكى قارا ھارۋىلىقلار، يۈەن دەۋرىدىكى قاڭلى (ھاراۋا دېگەن مەنىدە) لارنىڭ نامىنىڭ، كېلىپ چىقىشى بىلەن ئوخشاش، يەنى باشقا ئىرىقتىكىلەرنىڭ بۇ ئىرقنى ئاتاشتىكى نامىدەك قىلىدۇ؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتاشتىكى نامىنىڭ ئورنىنىمۇ قاڭقىل دېگەن نام ئىگىلەپ كەتكەندەك قىلىدۇ دەپ قارىدى.

---

① لى فۇتۇڭ «تېلى قوۋمى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «شېنياڭ مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى مەجمۇئەسى» نىڭ 1947 - يىللىق 10 - ئايدىكى 1 - سانىغا بېسىلغان.

② «فۇرېن ئىلمىي مەجمۇئەسى» نىڭ 1942 - يىللىق 12 - ئايدىكى 11 - جىلد بىرىنچى ئىككىنچى بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان.

جوۋليەنكۇن «دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقىي بىلەن تىلى ۋە ئۇلار-
نىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قوۋملار بىلەن مۇناسىۋىتى»[1] نام-
لىق ماقالىسىدە گەرچە "چىلى يەنى تېلىدۇر" دەپ قارىغان
بولسىمۇ، "چېلىلار قاڭقىل ئەمەس" دەپ ھېسابلاپ، "تېلىلار
تۈرك ئىرقىدىن" دېگەن قاراشقا قارىتا تېخىمۇ باشقىچە قاراشتا
بولغانىدى ھەمدە «جىنىنامە، مورۇڭجۇن ھەققىدە خاتىرە» دىن
جىن دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن چىلىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم
مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يېقىنقى زامان شەرق
ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ دىڭلىڭلار يەنى تېلىلاردۇر ياكى دىڭلىڭ
بىلەن تېلى ئوخشاش بىر خىل نامنىڭ پەرقلىق تەرجىمىسى،
شۇڭا ئىككىسى ئوخشاش دېگىنىنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس
دېگەنىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەش خىل سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، دىڭلىڭلار قاڭقىللار ئەمەس دەپ چۈشەندۈرگەنىدى، ماقالى-
دە يەنە «دىڭلىڭلارنى تۈرك ئىرقىدىن دەپ قاراشقا بولامدۇ»
دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە، ئەگەردە تۈرك ئىرقىنى ياۋروپا
ئىرقىي بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئارىلاشمىسى بولغان ئالاھىدە
بىر خىل تىپ دېيىلسە، ئۇ ھالدا يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ-
كى، ھەرگىز دىڭلىڭلار تۈرك ياكى تۈركلەر دىڭلىڭ ئەمەس،
مەسىلەن، كۆپلىگەن كىشىلەر ئاددىي ھالدا بۇ ئىككىسىنى ئارى-
لاشتۇرۇۋېلىپ، "ئوخشاش بىر خىل نامنىڭ پەرقلىق تەرجىمى-
سى" دەۋالغان ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككى ئىرقنىڭ ھەر قايسىسى-
نىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بۆشۈك ماكانى، تەرەققىيات يولى بار،
گەرچە ئىككىسىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانى ئوخشىشىپ كەت-
تىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى قەتئىي ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ
دەپ كۆرسەتكەنىدى.
جۇباۋلۇڭ «خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي

---

[1] «جۇڭشەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1957 - يىللىق 2- سانىغا بېسىلغان.

ژۇرنىلى» نىڭ 1958 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «دىڭلىڭلار توغرىسىدا
يېڭى ئىسپات» ناملىق بىر پارچە قىسقا ماقالە ئېلان قىلىنغانىدى،
ماقالىدىكى نۇقتىئىنەزەر ۋە دەلىللەر ئاساسەن جوۋلىيەنكۇنىڭكى
بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىلا سوۋېت ئالىملىرىنىڭ
كۆز قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ، دىڭلىڭلار تۈرك ئەمەس، بەلكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى تۈركلەر-
نىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئىرقىي تەۋەلىكى توغرىسىدىكى خاتىرى-
لىرىمۇ ئىنتايىن ئۆزگىچە: (1) «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە» دە «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى بولۇپ،
ئاشنا جەمەتىدىكى باشقا بىر قەبىلە ئىكەن» دېيىلگەن. (2)
يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» سىدە يەنە «بە-
زىدە تۈركلەرنىڭ ئەجداتلىرىنى ھونلارنىڭ شىمالىدىكى سەك دۆ-
لىتىدىن دەپمۇ قارىلىدۇ» دېيىلگەن. (3) «سۇينامە، تۈركلەر
ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى پىڭلياڭلىق ئارى-
لاشما غۇزلار بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ نامى ئاشنا ئىدى» دېيىلگەن.
(4) ھالبۇكى «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 197 ـ جىلد «تۈركلەر»
دە يەنە پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئايرىم
ئۇرۇقىنىڭ ئارىلاشمىسى دېگەننى تىلغا ئېلىپ، «تۈركلەرنىڭ
ئەجدادلىرى پىڭلىباڭلىق ئارىلاشما غۇزلار بولۇپ، ھۇنلارنىڭ
ئايرىم ئۇرۇقى ئىدى، جەمەتىنىڭ نامى ئاشنا ئىدى» دېيىلگەن.
(5) «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەرنىڭ
ئاشنا جەمەتى قەدىمكى دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان»
دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى بىرقانچە خىل قاراشتا، پەقەت «جۇنامە»
دە تۈركلەر ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى، تۈركلەر غەيرى ھۇن
مىللەتتىدىن ئەمەس دەپ ئېنىقلىما بەرگەندىن تاشقىرى، قالغانلى-
رىنىڭ ھەممىسىدە ئېنىق بىرنەرسە دېيىلمىگەنىدى، بولۇپمۇ

تۈركلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقى ئارقىلىق قالدۇرۇلغان خا-
تىرىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىدا چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قەدىمكى
تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە
قاغان مەڭگۈ تېشى» گە ئاساسلانغاندا، «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ
ئۆز خەلقىم ئىدى» دېيىلگەن. بۇ تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە
ئېيتقان قاراشلىرى بولۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك قارش ھېسابلىنى-
دۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تېلىلارنى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق قىسىم
ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر مىل-
لەت، بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ تېلىلار سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئى-
كەنلىكىنى يەنى تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. ھالبۇكى تېلىلار يېغىلىق، جېن، خەن دەۋرلىر-
دىكى دىڭلىڭ، ۋېي، جىن جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدى-
كى قاڭقىل (چېلى) لار ئىدى.

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا باش كۆتۈرۈپ
چىققاندى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇلار بىلەن بىر مىللەت بولغان
تېلىلار زور بىر مىللەت سىستېمىسى بولۇپ تەرەققىي قىلىپ،
چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغانىدى، شەرقتە
ھازىرقى بايقال كۆلىدىن غەربتە تاكى مەركىزىي ئاسىيادىكى كەڭ
رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «سۇينامە تېلىلار ھەققىدە قىس-
سە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تېلىلار نۇرغۇنلىغان تار-
ماقلارغا ئايرىلغان بولۇپ، جەمئىي 41 قەبىلە ئىدى، «گەرچە
ئۇرۇق جەمەتلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تېلى
دەپ ئاتىلاتتى»، ھالبۇكى تۈركلەردىن ئىبارەت بۇ تارمىقى
«سۇينامە، تېلىلار ھەققىدە قىسسە» گە كىرگۈزۈلمىگەنىدى.
تۈركلەرنىڭ كىرگۈزۈلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، تاڭ دەۋرىدە
«سۇينامە» نى تۈزگەندە، تۈركلەر ئاللىقاچان باش كۆتۈرۈپ چە-

قىلىپ، قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت (تۈرك خانلىقىنى) قۇرۇپ چىققان ئىدى، تىللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى بويسۇندۇرۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولۇپ، تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغانىدى. شۇڭا «سۈينامە» نىڭ ئاپتورى تۈركلەر بىلەن تىللارنىڭ ئېتنىك ۋە ئىرقىي تەۋەلىكى مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋالالماي، شۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ماددىسىدا تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرىنى خاتا ھالدا پىڭلەياڭلىق ئارىلاشما غوزلاردىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىغانىدى. پەقەت قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» تېپىلغاندىن كېيىنلا تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مىللەت ئىكەنلىكى، تىللارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. لېكىن ئاشنا جەمەتىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بىلەن تۈرك مىللىتىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى يەنىلا ئېنىقسىز تۇرماقتا. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى» نىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانى بىلەن 1983 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان شۆزوڭجىڭنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغانىدى، ماقالىدە تۈركلەرنىڭ يادرو ئۇرۇقى بولغان ئاشنا جەمەتىنىڭ بىراق ئەجدادى غەربىي دېڭىز (ھازىرقى كاسپىي دېڭىز) بويىدىكى ساكلار دىن كېلىپ چىققان، كېيىن شەرققە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ، خەن دەۋرىدە خۇزخۇر، خۇدات دەپ ئاتالغان، ئېلى مۇتەئەرز بولغاندىن كېيىن ھۇنلار تەرىپىدىن قول (زىلو) قىلىنغان، ھۇنلار زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، جەنۇبقا قېچىپ بېرىپ، شەرقىي جىن دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ئارىلاشما غوزلارغا ئايلانغان، دېمەك تۈركلەرنىڭ يېقىن ئەجدادلىرى مانا مۇشۇ جۇرچى ئۇرۇقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان شىمالىي لياڭ

دەۋرىدىكى پىشقىلىقلىق ئارىلاشما غوزلاردىن كېلىپ چىققان، شۇ-
ڭا «سۇينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەرنىڭ ئەجدات-
لىرى پىشقىلىقلىق ئارىلاشما غوزلار بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ نامى
ئاشنا ئىدى» دېيىلگەن. كېيىن ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي
تېغى) غا قېچىپ بېرىپ، «تۈرك» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا
باشلىغان، ئالتۇن تاغنىڭ ئەتراپىدا تېلى قوۋملىرى كۆپ بولغاچ-
لىقتىن، ئاشنا ئۇرۇقى تېلىلارنىڭ دېڭىز قايىنىمىغا كىرىپ كەت-
كەن، ۋە ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈنلەي تېلىلىشىپ كەتكەن، مىلادى
516 ـ ، 552 ـ يىلى مەزگىلىدە ئاشنا ئۇرۇقى پەيدىن پەي
تۈركلىشىشنى تاماملاپ بولغان، ھالبۇكى تۈرك مىللىتىنىڭ ئاڭ
ئاخىرقى قېتىم شەكىللىنىشى بولسا ئاشنا ئۇرۇقى بىلەن قاڭ-
قىل، تېلىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭلاشقا VI
ـ VII ئەسىرلەردە چۆللۈكنىڭ شىمالىي بىلەن غەربىي يۇرتتا
مەيدانغا كەلگەن تۈرك خانلىقى، ماھىيەتتە تېلىلاشقان ساكلار
تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق ھېسابلىنىدۇ دەپ كۆرسەتكەنىدى.
شۆزوڭجىڭنىڭ ماقالىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر توغرىسىدا خەنزۇ-
چە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ھېچقانداق دېرەك تاپقىلى بولمايدۇ.
چۈنكى «جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «تۈركلەر ھۇنلار-
نىڭ ئايرىم بىر ئۇرۇقى» دېيىلگەندىن باشقا، يەنە تۈركلەرنىڭ
رىۋايەتتىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تۆت نەپىرى خاتىرلەنگەن: «ئۇ-
لارنىڭ بىرى ئاق ياۋغازغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، بىرىنىڭ ئېلى
ئابۇقان دەرياسى بىلەن كېم دەرياسى (ھازىرقى يەنىسەي دەرياسى-
نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۇلۇكېم دەرياسى) ئارىلىقىدا بولۇپ،
نامى قىرغىز ئىكەن، يەنە بىرسىنىڭ ئېلى چاۋكېمىش دەرياسى
بويىدا ئىكەن، قالغان بىرسىنىڭ ئېلى چاۋكېمىش تېغىدا ئى-
كەن» ، تۈركلەرنىڭ يىراق ئەجداتلىرىنىڭ غەربتىن شەرققە كۆ-
چۈپ بارغان كونكرېتنى جەريانى توغرىسىدا، شۆزوڭجىڭ ئۆزى

يازغان «تۈركلەرنىڭ ئەجداتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئازغىنە يېڭىچە پىكىر» ناملىق ماقالىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. لېكىن شۈزوگجاڭ ئۈزرىنىڭ ئاشۇ «ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى قايسى جايدا ئېلان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئامالسىزمىز.

خېلى بۇرۇن 1958 ـ يىللاردىلا سېن جوڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» (جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشرى) ناملىق ئەسىرنىڭ ئىككىنچى قىسمى (962 ـ 963 ـ بەتلەر) دىكى «تۈرك ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراش» دېگەن بايانىدا تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئالتۇن تاغدا تۆرغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، تۈركلەر بىلەن هۇنلارنىڭ ھەرگىز بىر ئىرىق ياكى پىگلىياڭلىق ئارىلاشما غۇزلاردىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ «تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە تۆرغانلىقى راستتىنلا ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىت ھېسابلىنىدۇ.» ئاتالمىش تۈركلەر ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى ياكى پىگلىياڭلىق ئارىلاشما غۇزلار دېگەنگە كەلسەك، «قەدىمكىلەرنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى دېگىنى كۆپىنچە باشقا قەبىلىسى دېگەن بىلەن مەنىداش بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن كەڭ، شۇڭا ئۇنى ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشنىڭ ئورنىغا دەستىقلىشكە بولمايدۇ. بەش غۇزلارنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىدىن كېيىن شىمالدىكى خەلقلەر كۆپ قېتىم جەنۇبقا كۆچكەن، ۋېي تەيۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چېلىلار يۈنجۇڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتۇ ناھىيىسى ئەتراپى) غا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. خېشى ئارىلىقىدىكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ پىگلىياڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىششى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس،

ھالبۇكى ئۇلارنىڭ بۆشۈك ماكانىنى گوبىلوك (پېنگلىيالىڭ) دەپ، كېيىن شىمالغا كۆچكەن دېيىش ئىشەنچلىك تارىخى بولمىسا كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ساكلارنىڭ قايسى خىل ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارشى بىردەك ئەمەس، بەزىلەر گىرىك ئىرقى دېسە، بەزىلەر ئىران ئىرقى، ياكى سلاۋيەن ئىرقى دەيدۇ ھەتتا بەزىلەر بولسا تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. گەرچە شۆزوڭجىڭنىڭ ماقالىسىدىمۇ تۈركلەرنىڭ يىراق ئەجدادىنى غەربىي دېڭىزدىكى ساكلاردىن كېلىپ چىققان دەپ تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ ساكلار ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگەنلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمىگەنىدى.

قىسقىسى، تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن ئىرقى تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدا داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**(2) تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار**

تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىر بوشلۇق ئىدى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىبۇرۇن 1946 ـ يىللاردىلا، موسكۋا ۋە لېنىنگرادتا برنشتام (ئا. ن. برنشتام) نىڭ «VI — VII ئەسىرلەردىكى ئورقۇن ۋە يەنسەي ۋادىلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسى» ناملىق كىتابى بىرلا ۋاقىتتا نەشىر قىلىنىپ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەخسۇس مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن ئىدى. دۆلىتىمىزدە جاڭ جېيى 1950 ـ يىلى «ئىلىم ـ پەن خەۋەرلىرى» نىڭ 1 ـ جىلد 8 ـ سانىدا «كۆچمەن فېئوداللىق جەمئىيەت» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، برنشتامنىڭ كىتابىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تونۇشتۇر-

غانىدى. برنىشتام تۈركلەر Ⅵ ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇرۇقداشلىق كوممۇنا تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرەتتى، Ⅵ — Ⅷ ئەسىرلەرگە كەلگەندە پەيدىن ـ پەي بىر خىل دەسلەپكى فېئوداللىق جەمئىيەت (قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتمىگەن) كە قەدەم قويدى، لېكىن بۇ جەمئىيەت يەنە ئاز ساندىكى چارۋىچى قۇللارنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى دەپ كۆرسەتكەنىدى.

1952 ـ يىلى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ماچاڭشۇ يازغان «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» ناملىق ئەسەرنى نەشىر قىلدى، بۇ كىتابتىمۇ تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى توغرىسىدا بايانلار بار ئىدى. بىراق كىتابتىكى بايانلار قىسقارتىپ بايان قىلىنغاچقا، ماچاڭشۇ ئىككىنچى يىلى (1958 ـ يىلى) «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ 4 ـ سانلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى» ناملىق بىر پارچە ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىتابىدا تولۇق شەرھىيلىمىگەن قارىشىنى تولۇقلاپ ئۆتتى. ماقالىدە ئۇ مىلادىيە Ⅵ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى، يەنى ئاشىنا تۇمەن تۈرك خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىنكى تۈرك جەمئىيىتى بولسا قۇلدارلىق جەمئىيەت ئىدى، Ⅶ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە يەنى ئاشىنا قۇتلۇق 682 ـ يىلى قايتا قوزغىلىپ چىققان كېيىنكى تۈرك ھاكىمىيىتىدىن كېيىن ئاندىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى؛ غەربىي تۈركلەر بولسا قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بىۋاسىتە فېئوداللىق جەمئىيەتكە سەكرىگەن دەپ قارىغانىدى.

1959 ـ يىلى، خۇشياڭجى «لەنجۇ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۈرك خانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى — قوشۇمچە ماچاڭشۇ ئە-

پەندىگە مەسلىھەت» ناملىق ماقالىسىدە ئوخشىمىغان قارشىنى ئوت-
تۇرىغا قويىدى. ماقالىدە ئۇ تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت باسقۇچىنى باش-
تىن كەچۈرمىگەن، ئۇلار VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىخ سەھ-
نىسىگە چىققاندىن تارتىپ، تاكى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى
قىسمىغا بۆلۈنگەندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى پۈتۈنلەي
فېئوداللىزملىق خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولۇپ قالغان دەپ يازدى.
1983 ـ يىلى جالىڭ گۇاڭجى «چىڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتې-
تى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 ـ سانىدا «تۈركلەر ۋە قۇلدارلىق
تۈزۈم» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈنلەي بۇ قاراشقا
قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1965 ـ يىلى، سەي خوڭشىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى-
نىڭ 5 ـ سانىدا «تۈركلەرنىڭ قانۇنى توغرىسىدا دەسلەپكى
ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ماقالىدە «ئۈلۈش
يەر» بىلەن «مال چارۋىلارنىڭ ئەن ـ تامغىسى» ، «قۇل» بىلەن
«غۇلام» ، «ئائىلە ۋە نىكاھ» ھەم مىراس قانۇنى، جىنايى ئىشلار
قانۇنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندىن سىرت،
تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈم مەۋجۇت، لېكىن
قۇللارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئائىلە نىسبىتىدە ئىگىلىگەن سانى چوڭ
ئەمەس، بەلكى «ئاسراندى مۇلازىم» ياكى ئائىلە ئەزاسى دېگەن
سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاتتى، شۇڭا ئۇلاردا پەقەت ئاتىلىق
ھوقۇقىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈم شەكىللەنگەنىدى دەپ كۆرسەتكەنى-
دى.

1981 ـ يىلى، مەنمۇ «تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى
توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» نامىدىكى بىر پارچە ماقالىنى
يېزىپ، «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان
قىلغانىدىم. ماقالىدە تۈركلەردىكى قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەئ-

يى، سالاھىيىتى، ئورنى ۋە باشقا تەرىپىتىكى ئەھۋاللىرىنى
مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتى، مەيلى
شەرقىي تۈركلەر، كېيىنكى تۈركلەر ياكى غەربىي تۈركلەر بول-
سۇن ھېچقايسىسى فېئوداللىق تۈزۈمگە تەرەققىي قىلمىغانلىقى
ئۈستىگە، بەلكى باشتىن ئاياغ قۇلدارلىق تۈزۈم باسقۇچىدا تۇر-
غان دەپ ھېسابلىغانىدىم. يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان شۆزوڭجىڭ-
نىڭ «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىي ئۈستىدە
ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدىمۇ تۈركلەرنىڭ جەمئىيىتىنى قۇل-
دارلىق تۈزۈم دەپ تەشەببۇس قىلىنغانىدى.
قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان تۈرك قاتارلىق (يەنە
ھۇن، موڭغۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆچمەن مىللەتلەر-
نىڭ جەمئىيىتىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمنى بېسىپ ئۆتكەن ياكى
ئۆتمىگەنلىك مەسىلىسى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار-
نىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۈزمەي تالاش - تارتىش قىلىپ
كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە ھەل بولمىغان مەسىلە-
لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تالاش -
تارتىشقا چېتىشلىق بولغان مەزمۇنلارنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن
كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسلىق قىلىپ، قۇلدارلىق
تۈزۈمدە قۇل جەزمەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ
ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغۇچىلىرى يەنى مۇقەررەر ئىشلەپچىقىرىش
قۇللىرى دېگەندىن ئىبارەت دېگەن بۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى،
ھالبۇكى تۈرك قاتارلىق (يەنە ھۇنلار بىلەن موڭغۇللارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) كۆچمەن مىللەتلەر قۇلدارلىق تۈزۈمنى بېسىپ
ئۆتمىگەن دەپ قارىغۇچىلار بولسا بۇ مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى پۈ-
تۈنلەي دېگۈدەك ئائىلە قۇللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى ئە-
مەس دېدى. بۇ دېگەنلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى-
نىڭ ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغۇچىلىرى ئەمەس دېگەنلىكى ئىدى.

لېكىن تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۈرك قاتارلىق (ھۇن، مۇڭغۇللارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قۇللىرى پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بەزى كىشىلەر كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، كۆپىنچە قۇللارنىڭ شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى خاتا ھالدا ئائىلە ئەمگىكى دەپ ھېسابلىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، چۈنكى كۆچمەن مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چارۋا - ماللار تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بولغاندىن سىرت، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىدى، شۇڭا چارۋا - ماللارنى بېقىش، سۇغۇرۇش، قوتانغا سولاش، كۈزەت قىلىش، تۆل ئېلىش، يۇڭ قىرقىش، سۈت سېغىش ۋە ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئائىلە ئەمگىكى بولغىنى بىلەن ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىدى. بۇ خىل ئەمگەك بىلەن قولىغا قامچا ئېلىپ مال ھەيدەش، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈش، پەقەت چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ ئىش تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بىراق ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بىر ئىش تەرتىپىگە مەنسۇپ، يەنە كېلىپ، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش تەرتىپى ئىدى. شۇڭا بۇ خىل ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللار دەل ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل ئەھۋالنى خاتا چۈشىنىۋېلىش ئارقىلىق ئاتىۋالغان ئائىلە قۇلدارلىق تۈزۈمى ياكى ئائىلە باشلىقلىق قۇلدارلىق تۈزۈمىمۇ ئەمەلىيەتتە دەل قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئۆزى ئىدى. تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغانمۇ ياكى قويمىغانمۇ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرىدىكى دەلىل ۋە باشقا تەرەپلەردىكى دەلىللەرنى، ئىچكى مۇڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرى-

پىدىن نەشر قىلىنغان قاملاشمىغان ئەسىرىم «ھۇن تارىخى»
بىلەن «مۇڭغۇللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئايرىم - ئايرىم شەر-
ھىيلەپ ئۆتكەنىدىم.

(3) غەربىي تۈركلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار

دۆلەت ئىچىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقى-
قات ئېلىپ بارغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى
بۇ ھەقتە بىرەر پارچە ماقالىمۇ يوق ئىدى. ماتېرىيال تۈزۈش
جەھەتتە جۇڭخۇا نەشرىياتى 1958 - يىلى سېن جوڭمىيەن يازغان
«تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نى نەشر قىلغان
بولسىمۇ، پۈتۈنلەي شەرقىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا تەۋە ئىدى،
غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى چەت ئەل
ئالىملىرى توپلاپ، نەشرگە تەييارلىغانىدى. 1903 - يىلى
فرانسىيىلىك چاۋانس ئېلىمىزنىڭ يازما ماتېرىياللىرى ئاساسىدا
ھەمدە غەربلىكلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «غەربىي
تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ماتېرىياللار» ناملىق ئەسەرنى تۈزۈپ نەشر
قىلغانىدى. 1932 - يىلى فېڭ چېڭجۈن بۇ كىتابنى خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىپ، سودا نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى (1958 -
يىلى جۇڭخۇا نەشرىياتى قايتا نەشر قىلدى). بۇ كىتابقا كىرگۈ-
زۈلگەن ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمى-
غان چۈشۈپ قالغان ئورۇنلار ۋە خاتالىقلار بولغاچقا، كېيىن
سېن جوڭمىيەن «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال-
لارغا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» (1958 - يىلى جۇڭخۇا نەشرىياتى
تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، «غەربىي
تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دىكى كەمتۈكلەرنى تو-
لۇقلاپ، چاۋانسىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىنى تۈزەت-
تى. ئۇنىڭدىن باشقا، جاڭ شىڭلياڭ 1930 - يىلى ئىزاھلاپ
نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا
ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (ھازىر جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ

1979- يىللىق قايتا نەشىر نۇسخىسى بار) غىمۇ غەربىي تۈركلەر-
نىڭ تارىخىغا ئائىت ئاز بولمىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ
خاتىرىلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن مەخسۇس غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا
ئاتاپ يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تۇنجىسى، خۇجۇيىڭ بىلەن جاۋيوڭ-
فۇ بىرلىشىپ يازغان «غەربىي تۈركلەر توغرىسىدا»[1] ناملىق ما-
قالە ئىدى، ماقالىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى
ۋە غەرب، شەرق دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى، غەربىي تۈرك-
لەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، غەربىي تۈرك
ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەررەر بولۇشى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەر-
بىي تۈركلەرنىڭ زېمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى
سىياسىي تەدبىرلىرى بايان قىلىنغانىدى. كېيىن ۋاڭ جىژلەي
يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»[2] بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈل-
گەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»[3] ناملىق ئىككى كىتابتىمۇ
غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك باب پاراگرافلار بار
ئىدى، گەرچە يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ
ئۆز ئالدىغا قىممىتى بولسىمۇ، بىراق قوللانغان قاراشلىرى ئوخ-
شاش بولمىغانلىقتىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ مىللەت قىياپەتلىرى
بىلەن جەمئىيەت قىياپەتلىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىمۇ كۆپ
ئەمەس ئىدى.

1982 - يىلى «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا،
ۋاڭ خۇەنىڭ «ئاپاقاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇرغۇچىسى —
قۇشۇمچە تۈرك خانلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى-

---

① 1977- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا بېسىلغان.
② 1980 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.
③ 1980 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

نىڭ شەكىللىنىشى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى، ماقالىدە غەربىي تۈرك خانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى قىسىملار-نىڭ كۆچلىرىنى غەرب تەرەپ قاغان قىسمى ۋە غەرب تەرەپ قاغانى دەپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنى غەرب تەرەپ قاغانى بىلەن غەرب قاغانىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىغانىدى. ئەمما مەزمۇن جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق دەلىللەر ئۈستىدە قىياسلار يۈر-گۈزگەنىدى، مەسىلەن، مۇنداق دېگەنىدى: «غەرب تەپ قاغانى-دىكى تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پەقەت قىياسلا قىلىشقا بولىدۇ»؛ «ئاپا قاغانىنىڭ بۆرى قاغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى غەرب تەرەپ قاغانى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» (يەنىلا پەرەز)؛ «ئاپاقاغانىنىڭ ئوردىسى توغرىسىدا جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خاتىرى-لەردىن ھېچقانداق دەلىل تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ ھەقتىمۇ پەقەت قىياسلا يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ»؛ «غەربىي تۈرك خانلىقىنى ئاپا قاغان قۇرغان، مىلادى 585 يىلى 5 ـ ئايدا سۈي ۋېندىنىڭ يەن چىنى ئاپاقاغانىنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىشى ئېھتىمال سۈي سۇلالى-سىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە غەربىي تۈركلەرنى دالالەت قىلى-شىغا ۋەكىللىك قىلسا كېرەك، بۇ باسقۇچتىكى ئەھۋاللار توغرى-سىدىمۇ، تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرە يوق، شۇڭا پەقەت مۇشۇن-داق قىياس قىلىشقىلا بولىدۇ»؛ «تاردۇش قاغان بىلەن ئاپاقاغا-نىڭ زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىمۇ، تارىخنا-مىلەردە ھېچقانداق دەلىل يوق، بۇنىڭدىمۇ پەقەت قىياسلا يۈرگۈ-زەلەيمىز» قاتارلىقلار. ئومۇمەن ۋاڭ خۇەنىڭ ماقالىسىدە قى-ياس ھەددىدىن كۆپ، دەلىللەرنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى يېتەرسىز بولغاچقا، كىشىنى قايىل قىلىشى قىيىن ئىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مەن 1984 ـ يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا «غەربىي تۈركلەرگە ئائىت خاتىرىلەر» ناملىق ماقالە-نى ئېلان قىلىپ، مۇنداق تۆت نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: (1)

غەربىي تۈركلەرنىڭ بۈزرۈكۋار بوۋىسى ئىستەمى بىلەن تاردۇشنىڭ شەرق ۋە غەربىي تۈركلەرگە قاراتقان قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلتۈرۈشى؛ (2) غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە بۆلۈنۈشى؛ (3) غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى؛ (4) ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى غەربىي تۈركلەرنىڭ كونكرېتنى تارىخىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭ خۇەن ماقالىسىدا يەنە تۈركلەرنىڭ غەرب شەرق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈش سەۋەبى توغرىسىدا، كونا قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇنى خانلىقنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى زىددىيەت بىلەن سۈي سۇلالىسى يولغا قويغان ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىغانىدى. ئەمما مەن بۇنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەب دەپ قارايمەن. ھەل قىلغۇچى ئاساسلىق سەۋەب دېيىلسە، يەنى تۈركلەرنىڭ كۆچمەن ئىگىلىكىنىڭ تارقاقچانلىقى، ئاجىز ۋە مۇقىمسىز خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتىن ئەكس ئەتكەن تەشكىلىي جەھەتتىكى بوشاڭلىقى، ھاكىمىيەتنى ئۇزاققىچە مۇستەھكەملەشتىكى پايدىسىزلىقى، دۆلەت كۈچىنىڭ تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، تۇيۇقسىز ئاجىزلىشىشى، بەزىدە روناق تېپىپ، بەزىدە زاۋالغا يۈز تۇتۇشى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ كۈچى رەھبەرلىك مەركىزىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئايرىلغان، ھەر قايسىسى بىر تەرەپنى ئىگىلىگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى؛ بۇنىڭغا توختىماي ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆچۈش بىلەن ئوقيا ئاسقان چەۋەندازلارنىڭ يۆتكىلىش خاراكتېرىنىڭ زور بولۇشىنى قوشقاندا، قۇدرەت تېپىپ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىپ، زېمىنى مىسلىسىز كېڭەيگەن چېغىدىمۇ، قويۇق ئىقتى-

سادىي ئالاقە بىلەن مۇستەھكەم سىياسىي تەشكىللىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئەڭ ئالىي يولباشچىنى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ كۈچىگە نىسبەتەن چامى يەتمەس قىلىپ قوياتتى، نەتىجىدە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەماللىقتا بىرەر ماجىرا (ھەتتا بەزىدە ماجىرا يۈز بەرمىگەندىمۇ) يۈز بېرىپ قالسا، ئەڭ ئالىي يولباشچىنىڭ ئۇنى تىزگىنلەشكە قۇربى يەتمىگەنلىكى ئۈستىگە، بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيەت ناھايىتى ئاسانلا مەيدانغا كېلەتتى. دې- مەك بۇ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئامىللار توغرىسىدا ۋاڭ خۇەن- نىڭ ماقالىسىدا بىرنەرسە دېيىلمىگەنىدى. بۇ ھەقتە مەن 1982- يىلى «جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان قاملاشمىغان ماقالەم «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارى- خىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە» دە ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى مەسىلەم «تۈركلەرنىڭ غەرب شەرق دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىشىدىكى سەۋەبلەر» دە بەزى دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم، ماقالەمدىكى ئىككىنچى مەسىلىدە — «غەربىي تۈركلەرنىڭ قوۋملىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى» (غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى)؛ «غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىن دائىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ قارام ئەللىرى»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈرك- لەرنىڭ زېمىنلىرىدا تەسىس قىلغان مەھكىمە، ئايماق، قورغان- لىرى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلدىم.

ئەگەر ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە غەربىي تۈركلەرگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى ئىنتايىن ئاز دېيىلسە، ئۇ ھالدا غەر- بىي تۈركلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقا قوۋملىرىدىن بولغان تۈرگەشلەرگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى تېخىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. تاكى يېقىندىلا - 1984 - يىلى «تارىخ تەتقىقا-

تى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا شۆزوگجىڭ يازغان «تۈرگەش خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى» ناملىق ماقالە (تەخمىنەن 30 مىڭ خەت) ئېلان قىلىندى. ماقالىدە (1) تۈرگەشلەرنىڭ ئۈچ چوڭ جەمەتى (يەنى تۈرگەش، چەبىش، چۇموكۇن) نىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى؛ (2) ئاقساقال ئۈچېلىنىڭ دەسلەپكى تۈرگەش ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشى؛ (3) ئۈنىڭ ئوغلى شاھكۆلنىڭ دەۋرىدە تۈرگەش خانلىقىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشى؛ (4) چەبىش سۇلۇنىڭ تۈرگەش خانلىقىنى قايتا قۇرۇشى؛ (5) قارا جەمەت (سۇلۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن سېرىق جەمەت (شاھكۆلنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئۆز ئارا ھاكىمىيەت تالىشىشى ۋە خانلىقنىڭ مۇقەررز بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. ماقالىدە كۆپىنچە ئىلگىرىكىلەر بايقىمىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ دۆلەت ئىچىدە يېقىنقى 60 يىل ئىچىدە تۈرگەشلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بىردىنبىر سالمىقى بار مەخسۇس ماقالە ھېسابلىنىدۇ.

**(4) سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار**

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئۈچرىشىشى كۆپ بولغاچقا، مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، بەزىدە ئىككى ئارىدا ئۇرۇش بولغان بولسا، بەزىدە تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالاقىمۇ بار ئىدى، شۇنداق بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى ماقالىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋاڭ توڭلىگنىڭ «خەن تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ قۇدۇلىشىش سىياسىتى»① ناملىق ماقالىسى بىلەن كۇاڭ پىڭجاڭنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى

① 1929 - يىلىدىكى «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى»نىڭ يىللىق دوكلاتى 1 - سان.

مەلىكىلەر ئارقىلىق قۇدۇلىشىش توغرىسىدا تەھسىل»[①]ناملىق
ئىككىلا ماقالە بار ئىدى. ۋالې توگلىگىنىڭ ماقالىسىدە خەن، تاڭ
سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قۇدۇلىشىش توغرىسىدا كۆپلەپ توختال-
غان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
توغرىسىدا مەخسۇس توختىتىلىپ ئۆتمىگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ
ماقالىسىدە تۈركلەرگە چېتىشلىق بولغان مەزمۇنلارمۇ ئانچە كۆپ
ئەمەس ئىدى. كۇاڭ پىڭجاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىدى-
كى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان قۇدۇلىشىشى
توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك توختىتىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ
مەقسىتى خۇددى ئۆزى ئېيتقانداق «لى جەمەتىنىڭ تاڭ خاندانى-
نىڭ قۇدۇلىشىش ئىشى، پۈتۈنلەي ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئى-
دى». شۇ سەۋەبلىك بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول
بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرك، تۈرگەش، ئۇيغۇرلار بىلەن
بولغان قۇدۇلىشىشى تىلغا ئېلىنغاندىن تاشقىرى، سىرتاردۇشلار
بىلەن غەربىي تۈركلەرگە دائىر مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. ئازادلىق-
تىن كېيىن چېن يۈەنكې «تاڭ گاۋزۇڭنىڭ تۈركلەرگە بەيئەت
قىلغانلىقىغا ئائىت ۋەقەسى ھەققىدە»[②]ناملىق بىر پارچە ماقالە
يېزىپ ماقالىدە تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن تەييۈەندە قوشۇن باشلاپ
چىققاندا، تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان، ھالبۇكى تاڭ تەيزوڭ لى
شىمىنىڭ بۇ ۋەقەگە قارىتا باشقىچە سىياسىتى بولغاچقا، كېيىن
مۇئەررىخلەر قەستەنگە چۇشۇرۇپ، ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى كېيىن-
كىلەرگە ئاشكارا قىلمىغان، بىراق غەيرى رەسمىي تارىخلار بە-
لەن باشقا تارىخىي كىتابلاردا بۇ ۋەقە توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇ-
رۇلۇپ، ئوچۇق ھالدا «تاڭ خاندانىنىڭ گۈللىنىپ مۇنەقەرز بول-
غۇچە بولغان ئىشلىرىنى بايان قىلغاندا، بۇ مۇھىم دېلونى ئاشكارا

① 1935 - يىلىدىكى «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى»نىڭ 2 - جىلد 2 - سانى.
② «لېنىن ئىلمىي ژۇرنىلى» 1951- يىل، 11- جىلد 2- سان.

قىلغان» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

سۈي سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر مەخسۇس ماقالىلەردىن 1981 - يىلى سالىڭ رۇڭ يازغان «تۈركلەر بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە»① ناملىق ماقالە بار ئىدى. ماقالىدە ئاساسلىق قىلىپ تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ خاراكتېرىنى «ۋەتەننى پارچىلاش جىنايىتى» دەپ قاراشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنىدى. ئاپتور تۈركلەر ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت، تۈركلەر بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەتلا «ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە ئائىلە ماجىراسى» دىنلا ئىبارەت. چۈنكى بەزىلەر باراۋەرلىك نەزىرى بىلەن تۈركلەرنى ۋەتىنىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركلەر بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان بەيئەت قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېتنى جەريانىنى توغرا كۆزدىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈركلەرنىڭ دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك «يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى» دېگەن ئەنئەنىۋى كونا رامكىغا سېلىۋالغاچقا، شۇڭا ئۇنى خاتا ھالدا «ۋەتەننى پارچىلاش جىنايىتى» دەپ ئاتىۋالغان دەپ كۆرسەتكەنىدى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ماقالىلەردىن جەمئىي تۆت پارچىسى بار: ئۇنىڭ بىرى ۋۇ يى گۇجۇڭ

① «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىللىق 4 - سان.

يازغان «تاڭ تەيزوڭنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە»① ناملىق ماقالىسى؛ ئىككىنچىسى، جاڭ شيۇلىڭ يازغان «تۈركلەرنىڭ ئىچكىي جايلارغا كۆچۈشىدىن تاڭ تەيزوڭنىڭ مىللىي سىياسىتىگە نەزەر»② ناملىق ماقالە؛ ئۈچىنچىسى، رېن چوڭيۇ بىلەن لوشىنيۇ بىرلىشىپ يازغان «تاڭ دەۋرىنىڭ قۇدۇلىشىش سىياسىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە»③ ناملىق ماقالە؛ تۆتىنچىسى، شۈي پېيكۈن يازغان «تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»④ ناملىق ماقالە ئىدى.

ۋېي گوجوڭنىڭ ماقالىسىدە تاڭ تەيزوڭنىڭ ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا قوللانغان سىياسىتى كەڭ كۆلەمدە بايان قىلىنغان، مەزمۇنى يالغۇز تۈركلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

جاڭ شيۇڭنىڭ ماقالىسىدە تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەننىڭ 4-يىلى (مىلادىيە 630 - يىلى) تۈرك ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن يوۋجۇ ئايمىقىدىن لىڭجۇ ئايمىقىغىچە بولغان جايلاردا شۈن، يۇ، خۇا، چاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماقتا تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ئىچكىرىگە كۆچكەن تۈركلەرنى ئورۇنلىشتۇرغانلىق ۋەقەسى ئارقىلىق، تاڭ تەيزوڭنىڭ مىللىي سىياسىتىنى بىر خىل تەرەققىپەرۋەر ۋە ئۇتۇقلۇق سىياسەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى، رېن چوڭيۇ بىلەن لوشىنيۇ بىرلىشىپ يازغان ماقالىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، يالغۇز تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى قۇدۇلىشىش سىياسىتى تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، بەلكى تاڭ سۇلا-

---

① «شىمال مەجمۇئەسى» 1979 - يىللىق 5- سان.
② «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1980 - يىللىق 3 - سان.
③ «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىللىق 1 - سان.
④ «تارىخشۇناسلىق ئايلىق مەجمۇئەسى» 1984 - يىللىق 1- سان.

لىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەر، كېيىنكى تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك-
لەر، ئۇيغۇرلار، تۈيخۇنلار، تۈبۈتلەر، نەنجاۋلار بىلەن بولغان
قۇدۇلىششىمۇ تىلغا ئېلىنغانىدى. ماقالىدە فېئوداللىق دەۋردە-
كى قۇدۇلىشىش بىر خىل سىياسىي ھەرىكەتتۇر، شۇڭا تاڭ
سۇلالىسىنىڭ قۇدۇلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئىككى
خىل مەقسەتكە ۋە ئىككى خىل رولغا ئىگە: بىرى، ئۇنى قارشى
تەرەپنىڭ ئېلىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ، كۈچلۈك دۈشمەننى يو-
قىتىشنىڭ قورالى قىلغان (مەسىلەن، شەرقىي تۈركلەر بىلەن
غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان قۇدۇلىشىش)؛
ئىككىنچىسى، ئۇنى ياتلارنى ئۆزىگە تارتىپ پارچىلاشنىڭ، ھۆ-
كۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ۋاسىتىسى (مەسىلەن، ئەسكەر
ئارىيەت ئېلىپ ئۆچلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن
ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قۇدۇلىشىش) قىلىۋالغان. ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن
قۇدۇلىشىش تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام - ئاتىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز-
لىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
بايلىقى بىلەن باشقا پايدىلارغا ئېرىشىشنى كۆزلەش ئۈچۈندۇر.
لېكىن قۇدۇلىشىش ئوبيېكتىپ جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئوتتۇر-
سىدىكى ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرغان دەپ كۆرسەتكەنىدى.

غەربىي تۈركلەر بىلەن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ مۇناسى-
ۋىتى بايان قىلىنغان ماقالىلەردىن پەقەت چېن گوشەن يازغان
«غەربىي تۈركلەرنىڭ قوۋملىرى بىلەن سۈي، تاڭ سۇلالىلىر-
نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»[①] ناملىق ماقالىلا بار ئىدى. ماقالى-
دا شەرق، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ تاماملىنى-

① «تارىخ ئوقۇشلۇقى» 1981 - يىللىق 7 - قايلىق سانى.

شى، سۇي سۇلالىسى يولغا قويغان بۆلۈۋېتىش، ئارىغا بۆلگۈنچە-
لىك سېلىش سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى؛ غەربىي تۈرك ھاكىمىيە-
تى سۇي سۇلالىسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا قۇرۇلغان، شۇڭا ئۇ
دەسلەپ قۇرۇلغان ۋاقتىدىلا، سۇي سۇلالىسىغا بېقىنىپ بەيئەت قىلغانى-
دى، كېيىن تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، غەربىي تۈركلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىرى تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن ئولپان ۋە ئەلچىلەرنى ئۈزمەي ئەۋەتىپ، سۇي
سۇلالىسىغا قاراتقان ئولپان تەقدىم قىلىش ئەنئەنىسىنى داۋاملاش-
تۇرغانىدى. جېنگۇەننىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 633 - يىلى)
تاڭ تەيزوڭ غەربىي تۈركلەردىن بولغان نېيشۇاتقا ئىشپارا تۇغلۇق
قاغان دېگەن ئۇتۇغاتنى بەردى ھەمدە دۇمباق، تۇغ ھەدىيە قىل-
دى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي تۈركلەر بىرەر چوڭ ئىشقا
دۇچ كەلگەندە پۈتۈنلەي تاڭ سۇلالىسىدىن «يولىيورۇق» سورايدى-
غان بولۇپ قالغان، يېڭى قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ
جەزمەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئۇتۇغاتى»غا ئېرىشكەندىن كېيىنلا
ئاندىن قانۇنلۇق بولۇپ، رەسمىيلىشەتتى؛ بۇ شۇنىڭدىن دېرەك
بېرىدۇكى، غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتتۇر؛ «يولىيورۇق سوراش»
بىلەن «ئۇتۇغاتقا ئېرىشىش» قەدىمكى جۇڭگودىكى فېئوداللىق
دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكىنىڭ سىمۋولى، ھوقۇق مەركەزلەشكەن پا-
دىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئىپادىسى دەپ كۆرسەتكەن. ماقالىنىڭ ئا-
خىردا يەنە مىلادىيە VI — VII ئەسىرلەردىكى غەربىي تۈركلەر بىلەن
سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى شۇنى
تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، غەربىي تۈركلەر جۇڭگونىڭ قەدىم-
كى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت، غەربىي تۈركلەرنىڭ پائالى-
يەت ئېلىپ بارغان رايونلىرى بولسا جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى
زېمىنىنىڭ بىر تەشكىلى قىسمىدىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتكەنىدى.

(5) ئەنشىدىكى تۆت قۇرغان توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بۇنىڭدا ئاساسلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنشىدە تەسىس قىلىنغان تۆت قۇرغاننىڭ سۇيابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالمايدىغانلىقى بىلەن سۇياب قۇرغىنىنىڭ ئاگنى مەھكىمىسى دائىرىسىدە ئىكەنلىك ياكى ئەمەسلىك مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى.

دۆلەت ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ماقالە 1934 - يىلى جۇ يىلىياڭ تەرجىمە قىلغان ياپونىيە ئالىمى داگۇشېڭجېن 1925 - يىلى يازغان «ئەنشىدىكى تۆت قۇرغاننىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر»[1] ناملىق ماقالە ئىدى. ماقالىدە ئەنشىدىكى تۆت قۇرغاننىڭ نامى ئىككى «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى سۇياب دەپ خاتىرىلەنگەن؛ ھالبۇكى شۇ ئەسەرنىڭ «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە بولسا كۇسەن، ئۇدۇن، ئاگنى، سۇلى دەپ كۆرسىتىلگەن، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدە بىرىدە سۇيابنى تۆت قۇرغاننىڭ بىرى دەپ كۆرسەتكەن، يەنە بىرىدە ئۇنىڭ ئورنىنى ئاگنى ئىگىلىگەن، مانا بۇ ئەڭ كۆرۈنەرلىك پەرق دەپ ئاتىغانىدى. ماقالىدە ئاپتور يەنە تەيزوڭنىڭ دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى تېخى سۇيابقا يېتىپ بارمىغانىدى، سۇياب ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى توقماقنىڭ ئەتراپىدا بولغانلىقتىن، يەنىلا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مۇھىم بىر جاي ئىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شۇەنزاڭ بۇ جايغا بارغان، ئۇ ئەزەلدىن «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە ئېيتىلغاندەك «سۇياب شەھىرى ئاگنى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دائىرىسىدە» دەپ قارىمىغانىدى. ئەمەلد-

① ئەسلىي تېكىستى 1925 - يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان «دوكتور شىراتورى كوراكىچىنى خاتىرىلەش شەرقىي ئوكيان تارىخ مەجمۇئەسى»دە بېسىلغان، تەرجىمىسى «يۈيگوڭ مەجمۇئەسى»نىڭ 1934 - يىلىدىكى 1 - جىلد 11 - سانىغا بېسىلغان.

يەتتە سۇياب تۆت قورغاننىڭ بىرىدۇر، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشنا قۇلىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، سۇيابنى ئىشغال قىلىشى ئۇنىڭ ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە بېقىنەت قىلغانلىقىدىن خېلى كېيىنكى ئىش ئىدى. شۇڭا «كونا تاڭنامە. غەربىي روڭلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ كۆسەن دۆلىتى ماددىسىدىكى كۆسەنگە «قوشۇپ ئودۇن، سۇلى، سۇيابتىن ئىبارەت تۆت قورغانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دېگىنى گاۋزوڭنىڭ دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ھەرگىزمۇ تەيزوڭنىڭ دەۋرىدىكىسىگە قارىتىلغان ئەمەس دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ۋېي چۈەن «تارىخ ئوقۇشلۇقى»نىڭ 1964- يىللىق 11 - ، 12 - بىرلەشمە سانلىرىدا، «تارىخىي مەنبەلەردە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ نامىنىڭ قانداق خاتىرلەنگەنلىكى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلىرى جۈيلياڭنىڭ تەرجىمە ماقالىسىدىكى قاراشلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

1974 - يىلى يىن مېڭلۇنىڭ «مەدەنىيەت تارىخ پەلسەپە» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇياب شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى» ناملىق ماقالىسىدە سۇيابنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شەنچىڭ 3 - يىلى (658 - يىلى) ئاشنا قۇلىنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن قورغان بولۇپ تەسىس قىلىنغانلىقى، ئاگىنىنىڭ سۇيابنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ تۆت قورغاننىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ بولسا تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى (719 - يىلى) ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە تارىخنامىلەردە خاتىرلەنگەن «سۇياب ئاگنى تو-

تۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇيابتىن باشقا، ئاگنىدىمۇ بىر سۇياب بار» دېگەن خاتا قاراشلار-مۇ پەرقلەندۈرۈلگەنىدى. ھالبۇكى ئاپتورنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكۇ-نى «سۇياب ئاگنى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئە-مەس، ئۇنىڭ ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ، ئاگنىمۇ سۇياب ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ماقالە سۇيابنىڭ قۇرغان بولۇپ تەسىس قىلىنىشى جەھەتتىكى بىرقەدەر مۇھىم ماقالە بولۇپ، ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلىرىمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدۇ.

1977 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابنى نەشر قىل-دى، ئۇنىڭغا سۇياب توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىرى، جۇۋېيجۇ يازغان «سۇياب شەھىرى-نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئەنشىدىكى تۆت قۇرغاننىڭ بىرىگە ئايلىنىشىغا ئائىت تارىخىي پاكىتلار توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالە، يەنە بىرى، ۋۇجېن يازغان «تاڭ دەۋرىدى-كى سۇياب شەھىرى توغرىسىدىكى گۇمانلار ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 1983 - يىلى شەنشى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تاڭ سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غىمۇ لى بى-جوڭ يازغان «ئەنشىدىكى تۆت قۇرغان توغرىسىدا ئېنىقلىما» ناملىق ماقالە كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ ئۈچ پارچە ماقالىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلار، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلەردىكى قا-راشلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنشىدىكى تۆت قۇرغاننىڭ ئىچىدە سۇياب يوق ئىدى دېگەن قاراشنىڭ پەيدىن - پەي كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ.
1975 ـ يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 8ـ سانىدا ۋۇجېن يازغان «تۇرپاندىن تېپىلغان سى دېدانىڭ مەنسەپكە تەيىنلىنىش يارلىقىدىن تاڭ سۇلالىسى دەرىدىكى سۇياب شەھىرىگە نەزەر» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى بېسىلدى، ماقالىدە تاڭ سۇلالىسى دەسلەپ تەسىس قىلغان تۆت قورغاننىڭ ئىچىدە سۇياب بار، ئۇنىڭ ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئاگنى دائىرىسىدە ئەمەس دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. يۇقىرىدىكى قاراش بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلاردىن «فۇدەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 ـ يىلىلىق 8 ـ ئايدىكى كۆپەيتىلگەن سانىدىكى «تارىخى جۇغراپىيىگە دائىر مەخسۇس ماقالىلەر توپلىمى» غا بېسىلغان زۇ يىنلىن بىلەن جاۋ يوڭفۇ بىرلىشىپ يازغان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇياب شەھىرى» ناملىق ماقالە بار ئىدى. ماقالىدە سۇياب بىلەن ئاگنىنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ قورغانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ئەھۋالىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەنىدى:

| | |
|---|---|
| مىلادىيە 648 ـ يىلى (جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى) | كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، ئاگنى |
| 658 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى) | كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، سۇياب |
| 679 ـ يىلى (دياۋلۇتىڭ 3 ـ يىلى) | كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، ئاگنى |
| 719 ـ يىلى (كەييۈەننىڭ 7 ـ يىلى) | كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، سۇياب |

1979 ـ يىلى «بېيجىڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 5 ـ سانىدا

ئېلان قىلىنغان جاڭ گۇاڭدا يازغان «سۇياب شەھىرىنىڭ ھازىر-
قى ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىدىمۇ، سۇيابقا
ئائىت مەسىلىلەر تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. ماقالىدە تاڭ
سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدە توت قورغانىنىڭ ئىچىدە سۇياب يوق ۋە
ئاگىنىنىڭ دائىرىسىدە ئەمەس دەپ قارىلغاندىن باشقا، ئاساسلىق
قىلىپ، سۇيابنىڭ ھازىرقى ئورنى ئۈستىدە دەلىللەش ئېلىپ
بارغانىدى. ماقالىدە كۆپلىگەن خەنزۇچە مەنبەلەر بىلەن غەرب
مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنى نەقىل كەلتۈ-
رۈش ئارقىلىق، سۇياب شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنىنىڭ ھازىرقى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى توقماق
شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 8 ـ 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى
ئاقپېشىم خارابە شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئۇنىڭ
ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′ بىلەن شىمالىي كەڭلىك 42°50′
ئارىلىقتا ئىدى.

(6) تابغاچ توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ياۋرۇپا
ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونى تابغاچ دەپ ئاتىغان
ئىدى، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۇزاقتىن بۇيان چۈ-
شەنچە بېرىلمەي، داۋاملىق تۈرك تارىخىدىكى بىر سىر بولۇپ
كەلگەنىدى. 1944 ـ يىلى «چېگرا سىياسىتى مۇنبىرى» نىڭ
3 ـ جىلد 4 ـ سانىدا لياڭ يۈەندوڭ يازغان «تابغاچ دېگەنلىك
پەغپۇر دېگەنلىك، تابغاچ خان دېگەنلىك تەڭرى قاغان دېگەنلىك-
تۇر» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدە تابغاچنىڭ بال-
دۇرقى مەنىسى جۇڭگونىڭ پەغپۇرى دېگەننى كۆرسىتەتتى، كې-
يىن غەربىي شىمالدىكى قوۋملار تاڭ تەيزوڭنى ھۆرمەتلەپ
«تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان، يەنى بۇ «تابغاچ» بىلەن «قاغان»
دېگەن ئىككى نامنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاتىلىشى بولۇپ، تەدرى-
جىي غەربىي شىمالىي ئەتراپىدا ساقلىنىپ قېلىنغان، ۋە ئاقىۋەت-

تە تابغاچخان دېگەن بۇ نام جۇڭگو پادىشاھىنى ئاتايدىغان مۇقىم نامغا ئايلىنىپ قالغان، تابغاچ دېگەن بۇ نام ئەڭ بالدۇر قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دا كۆرۈلىدۇ، مەڭگۈ تاشتا جۇڭگو پادىشاھىنى تابغاچخان دەپ ئاتىغانىدى. ھازىر كىشىلەر بۇنىڭدىكى Tabgač دېگەن سۆزنىڭ «تابغاچ» ( 花石桃 ) دېگەن نامنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. ماقالىگە ئاپتور يەنە تۈركلەر دەسلەپ جۇڭگونى تابغاچ دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئارىسىغىمۇ تارقىلىپ بارغان. بۇ سۆز توغرىسىدا چەت ئەل ئالىملىرىمۇ ئاز بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان، ئالايلۇق «ئۇلۇغ ۋېي» (فرانسىيىلىك دېگۈيگىنىس)، «تالڭ جەمەتى» (گېرمانىيىلىك ھىرت)، «توغبات جەمەتى» (ياپونىيىلىك شىرا تورى كۇراكىچى بىلەن فرانسىيىلىك پېللىئوت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى قاتارلىقلار، ئىلىمىز ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار، مەسىلەن بەزىلەر «داخې جەمەتى» (خوڭ جۈن) ياكى «دۈنخۇاڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (سېن جوڭمىيەن) دېسە، يەنە بەزىلەر «بۈيۈك خەن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (جاڭ شىڭلياڭ) دەيدۇ دەپ كۆرسەتكەن. ماقالىدە يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېنىقلانمىغان، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى Tabgač دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «پەغپۇر» دېگەنلىك بولۇپ، «تابغاچخان» بولسا يەنى «تەڭرى قاغان» دېگەنلىكتۇر دېيىلگەن.

لياڭ يۈەندوڭنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سېن جوڭمىيەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى «تابغاچ يەنى دۈنخۇاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى» دېگەن قارشىنى ئۆزگەرتىپ، 1957 ـ يىلى

«تابغاچنىڭ يېڭى يەشىمىسى» دېگەن يەنە بىر پارچە ماقالىسىنى يېزىپ، ئۆزى تۈزگەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 ـ قىسمىغا قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزگەنىدى. سېن جوڭمىيەن لياڭ يۈەندوڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تۈركلەر دەسلەپ جۇڭگونى تابغاچ دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ياۋروپالىقلارنىڭ ئارىسىغىمۇ تارقىلىپ بارغان» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلىسىمۇ، بىراق «تاپغاچنىڭ مەنىسى پەغپۇر دېگەنلىكتۇر» دېگەنگە داۋاملىق قايىل بولمىدى. سېن جوڭمىيەن تابغاچ دېگەن بۇ سۆز چەت ئەل مەنبەلىرى Twyač, Tavyač, Tabyač دەپ بىر قانچە خىل يېزىلسىمۇ، كۆپ جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدە ئۇنىڭ مۇناسىپ ئېتىمولوگىيىسى بولۇش كېرەك، مەسىلەن، Tavgač تەيىۋ ( 太岳 ) گە توغرا كېلىدۇ؛ تەيىۋ يەنى گەنيۇن مىللىتىدۇر دەپ كۆرسەتكەنىدى.

1945 ـ يىلى «شەرق ژۇرنىلى» نىڭ 14 ـ جىلد 16 ـ سانىدا لويىجى يازغان «تاڭ دەۋرىدىكى تەڭرى قاغان توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالە بېسىلدى، ماقالىدىكى «تابغاچ» ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى لياڭ يۈەندوڭنىڭ قارشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن «جياڭخەن مۇنبىرى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ۋۇجېگىن يازغان «تابغاچ توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى، ماقالىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ئىچىدە فرانسىيە ئالىمى پېللىئوت تەشەببۇس قىلغان «تابغاچ يەنىلا توغبات دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى ئاپتور تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئاۋال ئۇچرىشقىنى دەل توغبات ھاكىمىيىتى ئىدى. شۇڭا تۈركلەرنىڭ «توغبات» بىلەن جۇڭگونى ئىپادىلىگىنى ئىنتايىن تەبىئىي دەپ قارىدى.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە گەرچە تابغاچ دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولو-
گىيىسى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
تۈرك تىلىدىكى جۇڭگونى ئاتايدىغان مەخسۇس نام ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت بۇ نۇقتىنىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ
ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

يۇقىرىقىلار دۆلەت ئىچىدىكى تۈرك تارىخىنىڭ يېقىنقى 60
يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات ئەھۋالى بولۇپ، ئۇلاردىكى ئاساسلىق
تەرەپلەرنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى
تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ تەپ-
سىلاتى «غەربىي شىمالنىڭ تارىخى جۇغراپىيىسى» نىڭ 1983-
يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان قاملاشمىغان ماقالەم «قەدىم-
كى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار توغرىسىدا خاتىرە» نىڭ تۆ-
تىنچى قىسمى بولغان «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار-
نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» دا بولغاچقا، بۇ
يەردە قىسقارتىلدى. سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تۈرك تارى-
خىغا ئائىت قالغان ماقالىلارمۇ بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ
ئولتۇرۇلمىدى، ئۇلارنىمۇ «مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» نىڭ
1983-يىللىق 3-سانىغا بېرىلگەن قاملاشمىغان كاتالوگىم
«تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر كاتالوگى»
(1919 - 1982) دىن كۆرۈشكە قالدۇردۇم.

— «تۈرك تارىخى» ئاخىرلاشتى —

بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ 1988- يىل 5- ئاي 1- نەشرى، 1988- يىلى 6- ئاي 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据内蒙古人民出版社 1988 年 5 月第 1 版，1988 年 6 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەنىپە ئابدۇللا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# تۈرك تارىخى

ئاپتورى: لىن گەن
تەرجىمە قىلغۇچى: يۈنۈسجان ئېلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇاچىلىك پەن - تېخنىكا باسما كەسپى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 18.375
2002- يىل 1- ئاي 1- نەشرى
2002- يىل 1- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—06833—5/K · 971
باھاسى: 30.00 يۈەن

责任编辑：艾尼帕．阿布都拉
封面设计：艾克拜尔．沙力

ISBN 7-228-06833-5
9 787228 068333 >

ISBN 7-228-06833-5
K·971(民文) 定价:30.00元